دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# جان قوزام

تونى موررىسون (ئامېرىكا)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



تونى موررىسون (ئامېرىكا)

# جان قوزام

تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار بارات ئۆزباش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# بىرىنچى بۆلۈم

124 ـ نومۇرلۇق ئۆي شۇملۇق چىللايدۇ. ئۆي ئىچىدە بىر بوۋاقنىڭ ئۆچمەنلىكى ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ ھال ئۆيدىكى خوتۇنلارغىمۇ، بالىلارغىمۇ ئايدىڭ. ئۇزاقتىن بېرى بۇ ئائىلىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى بۇ خىل ئۆچمەنلىككە ئۆزى بىلگەن ئۇسۇلدا بەرداشلىق بېرىپ كەلگەنىدى. ئەپسۇس، 1873 ـ يىلىغا كەلگەندە سېس بىلەن ئۇنىڭ قىزى دەنۋېر ئاداققى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ چاغدا بالىلارنىڭ موممىسى بېيبىي ساگس كۆز يۇمغان، نەۋرىلەردىن خوۋارد بىلەن بۇگلار ئاكا ـ ئۇكا ئون ئۇچ يېشىدا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا بۇگلارنىڭ قولىدىن ئەينەك چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى، تورت ئۇستىدە ئۇنىڭ ئاكىسى خوۋاردنىڭ بارماق ئىزى قېپقالدى (مانا بۇ ئىككى ئىش ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى). بالىلاردىن ھېچقايسىسى بېشىنى ئېگىپ، پولدىكى ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر كورا نوقۇتقا قاراشقا تاقەت قىلالمىدى. سودا پىرەنىكنىڭ ئۇۋاقلىرى ئىشىك بوسۇغىسىنىڭ سىرتىغىچە چېچىلغانىدى. بىر نەچچە ھەپتىلەردىن ۋە ياكى بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئارامخۇدا بولۇپ قالىدىغان ۋاقىتلارمۇ كېلەر بولغىيدى، ئەمما بالىلارنىڭ ئۆيدىكى رىيازەتلەرگە ئەمدى بەرداشلىق بەرگۈچىلىكى قالمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن كۈتۈپ ئولتۇرمايلا ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن باش

ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ قېتىم چىقىپ كېتەي دېگەن مەزگىل ئىدى، ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ مومىسى بېيبىي ساگىس، ئاپىسى سىس ۋە سىڭلىسى دەنۋېر بىلۇستون كوچىسىدىكى ئاق ۋە كۆل رەڭ رەڭدە سىرلانغان ئۆيدە قېلىپ قالدى. ئەينى چاغدا سىنسىنناتى رايونى بۇ مەھەللىگىچە كېڭەيمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە نومۇر چاپلانمىغانىدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى يوتقاننىڭ پاختىلىرىنى شەپكىلىرىگە تىقىپ، ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۆزلىرىنى ئارام تاپتۇرمايۋاتقان شۇملۇقتىن قېچىش ئۇچۇن ئۆيدىن ئايرىلغان شۇ چاغلاردا، ئۇخشىمىغاتەنلىك مۇستەقىل بولغىنىغا ئەمدىلەتىن يەتمىش يىل بولغانىدى.

كېيىن كارىۋتىدا ياتقان بېيبىي ساگىس موماي نەۋرىلىرىنىڭ ئۆيدىن قېچىپ ماڭغاندىكى تىۋىشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالدىمۇ مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېتىشى ھەرگىزمۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەس ئىدى. نەۋرىلىرىنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئائىلىنىڭ بىلۇستون كوچىسىدىكى ھېچبىر ئائىلىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى تېخى ئەمدىلەتىن، تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلىپ يەتكەنلىكى مومايغا غەيرىي تۇيۇلۇۋاتاتتى. تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق رىيازەتلىرى ۋە سەكراتنىڭ دەھشىتى ئارىسىدا قىينىلىۋاتقان مومايغا نىسبەتەن ھاياتلىق ۋە ياكى ئۆلۈمنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق ئىدى، شۇڭىمۇ ئۆيدىن قاچقان ئىككى نەۋرىسىدىن ئەنسىرەشكە ھەپسىلىسى يەتمەيتتى. مومايىنىڭ ئۆتمۈشىمۇ ھازىرىغا ئوخشاش چىدىغۇسىز ئىدى. گەرچە ئۇ ئۆلۈمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ۋۇجۇدىدىكى ئازغىنا مادارىنى يىغىپ رەڭلەرنى كۆزىتىشنى ئۇنتۇمىغانىدى.

— سىزدە بار بولسا ماڭا بىنەپشە رەڭلىكىنى ئەكىرىپ بېرىڭ، بولماي قالسا ھال رەڭ بولسىمۇ بولىدۇ.

سىس موماي ئۇچۇن ھېچنېمىنى ئايىمايتتى. رەخت پارچىسىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ تىلىغىچە — بارلىق نەرسىلىرىنى

سەرپ قىلىپ ئۆنىڭ ئۈچۈن پايپېتەك بولاتتى. سىزنىڭ سۆزۈك ئاسمانغا ئالاھىدە زوقىڭىز بولسا، ئوخشىمۇ ئىشتاتنىنىڭ قېشىغا چىداپ بولالماسلىقىڭىز ئېنىق. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەن ئەقىدە بىلەن سىنىسىنىناتىنىڭ ھاۋاسىغا چىداش ۋە ئۇنى ئاساسىي خۇشاللىق ھېسابلاش تولىمۇ بىمەنىلىك.

شۇڭا، سىس ۋە ئۇنىڭ قىزى دەنۋېر بېيىبىي ساگىس موماي ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە، چامىسىنىڭ يېتىشىچە خىزمەت قىلدى. خورلۇق ۋە بىئارامچىلىقلارغا ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ كەلدى. ئۈستىگە كۆمتۈرۈلگەن يۇندى چېلەكلىرى، كاسىلىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان شاپىلاقلار ۋە ۋۇجۇدىنى ئارامىدا قويمايدىغان يېقىمسىز ھاۋا بىلەنمۇ كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلارغا نىسبەتەن خورلۇقنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى يورۇقلۇقنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىغا ئوخشاشلا چۈشىنىشلىك ئىدى.

ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بېيىبىي ساگىس موماي جان ئۈزدى. سىس بىلەن دەنۋېر ئاكا ـ ئۇكىلاردىن ۋە بېيىبىي ساگىستىن ئايرىلىپ قالغىنىدىن ھەسرەتلىنىپ يۈرسىمۇ، يەنىلا بىر ئامال قىلىپ ئۆزلىرىنى قىيناۋاتقان ئاشۇ ئەرۋاھنى چاقىرىپ كېلىپ، رىيازەتلىك بۇ كۈنلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئۇلار «ئەرۋاھ بىلەن پاراڭلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى بار» دەپ ئويلايتتى. شۇنداق قىلىپ، سىس ۋە دەنۋېر ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتقىنىچە ئەرۋاھنى چاقىردى:

— كېلە، كېلە، بۇ ياققا چىققىن.

چىنە ـ قاچا ئىشكاپى بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىدى. باشقا نەرسىلەر ئىلگىرىكىدەكلا جىمجىت ئىدى.

— چوقۇم بېيىبىي مومام ئۇنى توسۇۋالدى، — ئون ياشقا كىرگەن دەنۋېر شۇنداق دېدى. ئۇ مومىسىنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن

تېخىچە خاپا يۈرەتتى.

— ئىشەنمەيمەن، — سىپس كۆزلىرىنى ئاچقىنىچە شۇنداق دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئۇ نېمىشقا بۇياققا چىقمايدۇ؟

— سىڭلىڭنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قانچىلىك كىچىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ جان قوزام ئۆلگەن چاغدا ئاران ئىككى ياشتا ئىدى، ئىش ئۇقمايتتى، بىرنەچچە ئېغىز گەپنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايتتى، — ئاپىسى دەنۋېرگە شۇلارنى دېدى.

— بەلكىم ئۇ ئىش ئۇقۇشنى خالىمىغاندۇ.

— بەلكىم. ئۇ چىققانلا بولسا، مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قوياتتىم.

سىپس دەنۋېرنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى. ئىككىسى بىرلىكتە چىنە ـ قاچا ئىشكاپىنى ئىتتىرىپ ئەسلىي ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى. سىرتتا ھارۋىكەش ئاتنى قامچىلىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. يەرلىك كىشىلەر 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، دەپ ھېسابلايتتى.

— شۇنچىلىك كىچىك بالىنىڭمۇ سېھرى مۇشۇ دەرىجىدە يامان بولىدىكەن دېسە، — دېدى دەنۋېر.

— سىڭلىڭنىڭ سېھرى ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھرىمدىن كۈچلۈك ئەمەس، — سىپس شۇنداق دېدى. شۇئان ئاشۇ مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم زاھىر بولدى. نەقىشلەنمىگەن قەبرە تېشى كىشىگە راھەتبەخش تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ ئاشۇ قەبرە تېشىغا يۆلەنگىنىچە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇردى. ئۇنىڭ ئىككى تىزى گۆرنىڭ ئاغزىغا ئوخشاش ئېچىلغان. ئۇ تىرناقتەك ھال رەڭ، ئۇششاق پارقىراق دانىچىلەرگە تولغانىدى. «ئون مىنۇت، — دېدى نەققاش، — ئون مىنۇت ۋاقىت چىقارسىڭىزلا مەن سىز ئۈچۈن ھەقسىز ئويۇپ بېرىمەن.»

يەتتە ھەرپنى ئويۇش ئۆچۈن ئون مىنۇت كېتىدۇ (ئىنگلىزچىدىكى «جان قوزام» سۆزى جەمئىي يەتتە ھەرپ). يەنە ئون مىنۇت چىقارسا، ئۇمۇ «جان قوزام » غا ئېرىشەلەرمۇ؟ ئۇ بۇنى نەققاشتىن سوراپ بېقىشنى ئويلاشمىدى. بىراق، مۇنداق بىر خىل مۇمكىنچىلىك تاكى بۇگۈنگىچە ئۇنى ئازابلايتتى — يىگىرمە مىنۇت ياكى ئوتتۇز مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، قىزىنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا پوپ ئاتىغان ھەر بىر ھەرپنى — «جان قوزام» دېگەن خەتنى نەققاشقا بىر ـ بىرلەپ ئويدۇرغۇسى بار ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئويدۇرالىغىنى يەنىلا شۇ بىرلا سۆز بولدى. ئۇ شۇ ئىشلارنى يېتەرلىك بولدى دەپ ئويلايتتى: قەبرە تېشى ئالدىدا نەققاش بىلەن يېقىنچىلىق قىلغىنىدا، نەققاشنىڭ كىچىككىنە ئوغلى بىر چەتتە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا بۇ ئىشلارغا يەنە بىر تۇرلۇك قىزىقىشمۇ بار ئىدى. بۇلار يېتەرلىك بولدى. پوپلار، قولدارلىق تەرەپدارلىرى ۋە شۇملۇق بىلەن قاپلانغان بۇ شەھەر ئۈچۈن بۇ بىر يېتەرلىك جاۋاب ئىدى.

ئۇ ئۆز روھىنىڭ ئارام تېپىشىنىلا ئويلاپ، يەنە بىر روھنى — ئۆلگەن قىزىنىڭ روھىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. كىچىككىنە بىر بوۋاقنىڭ بۇنچىۋالا كۆپلىگەن ئىچ پۇشۇقىنى كۆڭلىدە ساقلاپ يۇرەلەيدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن؟ قەبرە تېشى ئالدىدا، نەققاشنىڭ ئوغلىنىڭ كۆزىدىلا بىراۋ بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشمۇ يېتەرلىك بولمىسا. ئۇنىڭ ئۈچۈن بوغۇزلانغان قىزىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە تولغان ئاشۇ ئۆيدە كۈن كەچۈرۈش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، مۇدۇر ـ چوقۇر قەبرە تېشىغا يۆلىنىپ، تىزلىرىنى گۆردەك كەڭرى ئېچىپ بەرگەن ئاشۇ ئون مىنۇت ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھاياتىدىنمۇ ئۇزاق، ئارامبەخش، ئۆز قىزىنىڭ بارماقلىرىغا يۇققان قىپقىزىل قانلىرىدىنمۇ بەك ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.

— ئۆي كۆچىسەك بولامدىكىن، — بىر نۆۋەت ئۇ قېيىنئاپىسىغا شۇنداق دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى.

— نېمە ھاجىتى بار؟ — بىبىبى ساگىس موماي شۇنداق دەيتتى، — بۇ دۆلەتتە پۇلىدىن تارتىپ لىممىغىچە ئۆلگەن نېگىرلارنىڭ ئازابلىق روھىغا تولمىغان بىرمۇ ئۆي يوق. بىز تېخى خېلى بەختلىك ئىكەنمىز، ئۆيىمىزدىكىسى بىر بوۋاقنىڭ ئەرۋاھى. مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئەرۋاھى بۇ يەرگە كېلمۇالدىمۇ ياكى سىزنىڭ ئېرىڭىزنىڭ ئەرۋاھىمۇ، بۇلارنى ماڭا دەپ يۈرمەڭ. سىز بەكلا تەلەيلىك، بالىلىرىڭىزدىن ئۈچى بولسىمۇ ھايات قالدى ئەمەسمۇ. ھايات قالغان ئۈچى پېشىڭىزگە ئېسىلىپ يۈرىدۇ، پەقەت بىرىلا ئاخىرەتتىن قايتىپ كېلىشكە ئۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. شۈكۈر قىلماسىز؟ مەن سەككىزنى تۇغدۇم، ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالدىم، تۆتى قولغا ئېلىنىپ كەتتى، تۆتى قېچىپ يۈرىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەم - ئەندىشە بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ، — بىبىبى ساگىس قاشلىرىنى سىلىدى، — تۇنجى بالام قىز ئىدى، ئۇنىڭ بولىكىنىڭ كۆيۈپ كەتكەن قاسىرىقىنى يېيىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلەيمەن. سىزنى ماڭا سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ سەككىزىنىڭ ئىچىدە مەن پەقەت شۇنىلا ئەسلىيەلەيمەن.

— سىز پەقەت شۇنچىلىك دەرىجىدە ئەسلەش بىلەنلا بولىدى قىلىسىز، — دېدى سېس. بىراق، بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆزىمۇ بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتاتتى. ئوغلى بۇگلار ھايات بولسىمۇ، سېسنىڭ بۇگلار توغرىسىدىكى خاتىرىسى تېز سۈرئەتتە غۇۋالاشماقتا ئىدى. خوۋاردنىڭ باش شەكلىنى بولسىمۇ ھەرھالدا ھېچكىم ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. سېسنىڭ باشقا ھېچانداق ئىشنى ئەسلىگۈسى يوق، چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندىلا ھەممىدىن بىخەتەر ھېسابلىناتتى.

چاتاق يېرى، ئۇنىڭ كاللىسى جىرىڭ - جىرىڭ ئەمەس. مەسىلەن، ئۇ ئېتىزلىقتا تېز - تېز مېڭىپ، ھەتتا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىدا، قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈنلا پاچىقىدىكى ئانتېمىس شىرنىسىنى يۇيۇۋەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا

بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ھېلىقى ئىككى ئەبلەخ ئۇنىڭ سۈتىنى ئېمىۋېلىۋاتقاندىكى مەنزىرىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كىر يۇيۇش تاختىسىنىڭ يۈزىدەك ئېگىز - پەس بولۇپ كەتكەن دۈمبىسىدىكى سېزىمىنى يوقاتقان نېرۋىلاردەكلا ھاياتىي كۈچى يوق. ئۇنىڭ كالىلىسىدا ھېچبولمىغاندا سىياھنىڭ ئەڭ ئاجىز پۇرىقىمۇ ياكى سىياھ ياساشتا ئىشلىتىدىغان گىلاس دەرىخى يىلىمىنىڭ ۋە دۇب دەرىخى قوۋزىقىنىڭ پۇرىقىمۇ يوق. ھېچنېمە يوق. بار بولغىنى پەقەتلا ئۇ قۇدۇق تەرەپكە يۈگۈرگەندە يۈزىگە ئۇرۇلغان مەيىن شامال. ئۇ بىر پارچە لاتىنى قۇدۇق سۈيىگە چىلاپ ئانتېمىسنى ھۆللىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل زېھنى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ئانتېمىس شىرنىسىنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشكە مەركەزلەشكەن. ئۇ يېرىم ئىنگلىز چىسى يولنى تېجەش ئۈچۈن يېقىن يول بىلەن ئېتىزلىقنى كېسىپ ئۆتكەن، بىخەستەلىكىدىن ياۋا ئوتلار تىزلىرىنى تىلىۋەتكەنىدى. ئۇ تىزلىرىنىڭ ئېچىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىلا، ئاندىن ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ شۇنچىۋالا ئۆسۈپ كەتكىنىنى بايقىدى. ئاندىن نېمە ئىش بولدى. بەلكىم ئۇنىڭ زېھنىگە چۈشكىنى سۇنىڭ بۇژغۇنلاۋاتقان ئاۋازى، يول بويىغا تاشلاپ قويغان پايپىقىنىڭ قىڭغىر - قىيسىق ھالىتى ياكى پۇتى يېنىدا تۇرۇپ سۇ ئىچىۋاتقان «جىنتەك» (ئىتنىڭ ئىسمى) بولۇشى مۇمكىن. ئاندىن توساتتىن ئۇ ئون سەككىز يىل ئىلگىرى ئايرىلغان ئېكىنزارلىق — «شېرىن ئۆي» ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بارا - بارا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. «شېرىن ئۆي» ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. «شېرىن ئۆي»دىكى دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپلەردىن بىرىمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇرماي قالمىدى، «شېرىن ئۆي»نىڭ مەنزىرىسى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نومۇسسىزلارچە زاھىر بولۇپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ جاي ئەزەلدىن ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەستەك تۇراتتى. بۇ ھالدىن سېس دوزاخمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق جايمىدۇ، دەپ ئويلاپ

قالدى. زەھەرلىك يالقۇن بىلەن گۈڭگۈرت ئەلۋەتتە بار، ئۇلار ئەتراپىغا گۈل تىكىلگەن دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان. يىگىتلەر دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل چىنار دەرەخلىرىگە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. سىپس بۇلارنى «شېرىن ئۆي»دىن قېچىپ ماڭغاندا بايقىغان. ئۇنىڭ يىگىتلەر توغرىسىدىكى خاتىرىسىگە قارىغاندا شىلدىرلاپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرغان بۇ گۈزەل دەرەخلەر توغرىسىدىكى خاتىرىسى ئېنىقراق ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇ نومۇس ھېس قىلدى. ئۇ يىگىتلەر توغرۇلۇق ئەسلەپ بېقىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا شۇ چىرايلىق چىنار دەرەخلىرى يىگىتلەر ئۈستىدىن غالىب كەلمەكتە ئىدى. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ھەرگىزمۇ كەچۈرۈۋەتكۈسى يوق.

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ئانتىبىس شىرنىسىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، يول ئۈستىدىكى ئاياغ ۋە پايپاقلىرىنى ئېلىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنى ئۇنتۇغاق كاللىسى تۈپەيلى جازالاش ئۈچۈن بولسا كېرەك، قىرىق ئىنگلىز چىسى يىراقلىقتىكى كارىدورنىڭ پەشتىقىدا «شېرىن ئۆي» دىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەر پائۇل . D ئولتۇراتتى. سىپس ئۇنىڭ چىرايىنى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ سىزمۇ؟

— ئۆلمەي قالغىنى شۇ، — ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى ئۇ، — يالىڭاچ پۇتلىرىڭىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز، قىزچاق؟

سىپس كۈلدى. ياش قىزلاردەك شادىمانلىق بىلەن كۈلدى:

— ئۇ تەرەپتە پۇتۇمنى مەينەت قىلىۋالدىم، ئانتىبىس شىرنىسىنىڭ كاساپىتى.

پائۇل . D ئازابلىق بىر ھېسسىياتتا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— گېپىڭىزنى ئاڭلاپ مەنمۇ بىئارام بولۇپ كەتتىم، ئۇ

نەرسىدىن ئەزەلدىن سەسكىنەتتىم.
سىبىس پايپىقىنى يوملاپ يانچۇقىغا سالدى:
— ئۆيگە كىرەيلى.
— كارىدور ياخشى، سىبىس. بۇ يەر سالقىن، — پائۇل . D ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ ئۆز ھىبىس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىپ چىقمۇاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى چىملىققا قاراپ قويدى.
— ئون سەككىز يىل بولدى، — دېدى سىبىس بوش ئاۋازدا.
— ئون سەككىز يىل بولدى، — تەكرارلىدى پائۇل . D، — مەن ھەر يىلى ئۇ ياقتىن بۇياققا كۆچۈپ يۈرۈۋاتقىنىمغا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن. سىزگە ھەمراھ بولسام باشقا پىكرىڭىز يوقتۇ؟ — ئۇ سىبىسنىڭ پۇتلىرىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتقاچ، ئايىغىنىڭ شوينىسىنى يەشتى.
— پۇتىڭىزنى يۇيۇۋالغۇڭىز بارمۇ؟ سىزگە سۇ ئەكېلىپ بېرەي.
سىبىس ئۆيگە كىرىشكە تەمشەلدى.
— ياق، بولدى. ماڭا چىرايلىق پۇتلار بولمىسىمۇ بولىدۇ. مېنىڭ يەنە مېڭىشقا تېگىشلىك يولۇم ئۇزاق.
— ھازىرلا كەتسىڭىز بولمايدۇ، پائۇل . D، ئۇزاقراق تۇرۇڭ.
— بوپتۇ، بېيىبىي ساگىسنى بولسىمۇ كۆرۈۋالارمەن. ئۇ قېنى؟
— ئۆلۈپ كەتتى.
— ئاھ، خۇدا. قاچان؟
— سەككىز يىلدىن ئاشتى، توققۇز يىل بولاي دېدى.
— قىينالدىمۇ، ئۇنىڭ قىينالماي ئۆلگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
سىبىس بېشىنى چايقىدى:
— ئۇ ناھايىتى ئاسانلا جان ئۈزدى. ھايات يۈرگەن بولسا قىينىلىپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، سىز ئۇنىڭ ئىچىنارلىق

هالىتىنى كۆرمىدىڭىز. سىز ئۇنىڭ ئۇچۇن كەلمىگەن بولغىيتتىڭىز؟

— ئۇنىڭ ئىشى كېلىشمىدىكى بىر سەۋەب، ئۇنىڭدىن كېيىن سىزنى دەپ كەلدىم. راستىنى ئېيتقاندا بۇگۇنگىچە ھەممە يەرگە بېرىپ باقتىم. بېشىم پاتقۇدەكلا جاي بولسا، ماڭا نە بولسا بولۇۋېرەتتى.

— قارىماققا ناھايىتى ئوبدان تۇرغاندەك كۆرۈنىسىز.

— قىزىق ئىش. كەيپىياتىم ئوساللاشسىلا، شەيتان مېنى ياخشى تۇرغاندەك كۆرسىتىدىكەن، — ئۇ سېپسقا قارىدى. ئۇنىڭ «كەيپىياتىم ئوساللاشتى» دېگىنى باشقا مەنىنى بىلدۈرەتتى.

سېس كۈلۈمسىرىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئۇسۇلى ئىدى. خالىلىغا ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، «شېرىن ئۆي» دىكى ئەرلەر ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى مۇلايىملارچە مۇئامىلە قىلىشىپ، ئىچ پەش تارتىشىپ، كەيىپ - ساپا قىلىشاتتى. بۇلارنى سېزىۋېلىشىڭىز تەسكە توختىمايتتى.

بىر قۇچاق چېچى ۋە كۆزلىرىدىكى تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پائۇل . D نىڭ تۇرقى كېنتاكىدىكى چېغىدىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ياڭاق رەڭ تېرە، بېجىرىم قامەت. يۈز مۇسكۇللىرى قېتىپ كەتكەن بىر ئەرنىڭ كۈلۈمسىرەشكە بۇنچە خۇشتار بولۇشى، ھاياجانلىنىشى، بىراۋنىڭ ھەسرىتىگە ھەمنەپەس بولۇشنى خالىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلسىڭىزلا، ئۇ سىز بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتقا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. كۆزىڭىزنى قىسىپ قويسىڭىزلا، ھاياتىي كۈچكە تولغان چىرايى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

— بۇ يەرگە چوقۇم سىزدىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى كەلمىدىم، شۇنداققۇ؟ دېيىشكە تېگىشلىك ئىشلار بولسا دېسىڭىز بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — سېس ئۆزىنىڭ پۈتىغا تىكىلگىنىچە ھېلىقى چىنار دەرەخلىرىنى يەنە كۆرۈپ قالدى.

— سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن، سىزگە ئەلۋەتتە ئېيتىپ بېرىمەن. ھازىر بىلىدىغانلىرىم ئىلگىرى بىلىدىغانلىرىمدىن كۆپ ئەمەس، — پائۇل . D سۇت قوچۇش ماشىنىسىنىڭ ئىشى بىلەن، — پائۇل . D سۇت قۇچۇش ماشىنىسىنىڭ ئىشى بۇنىڭ سىرتىدا ، لېكىن سېنىڭ ئۇ ئىشنى بىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلايتتى، — سىز خالىنىڭ ئۆلمىگەن بولۇشىنى ئارزۇ قىلامسىز؟

— ياق، ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلايمەن. ئۆز خاھىشىم بويىچە بولغاندىمۇ، ئۇنىڭ ھايات يۈرۈشىگە يول قويمىغان بولاتتىم.

— بېيىبي ساگىس قانداق ئويلىغان؟

— ماڭا ئوخشاش. بىراق، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالىسىز. ھە دېسىلا قايسى بالىسىنىڭ قايسى كۈنى قانداق ۋاقىتتا كېتىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپلا يۈرىدۇ.

— ئۇ خالىنى قاچان كەتتى دېگەن؟

— 1855 ـ يىلى. بالام تۇغۇلغان ئاشۇ كۈنى.

— ئۇ بالىنى تۇغدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭ ئۇتۇقلۇق تۇغالىشىڭىزنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، — ئۇ قاقاھلاپ كۈلدى، — ئېغىر ئاياغ پېتى قېچىپ كەتتىڭىز...

— ئامال يوق. ساقلاشقا تاقىتىم قالمىغانىدى.

سېس بېشىنى ساڭگىلىتىپ، پائۇل . D بىلەن ئوخشاش ئويلاۋاتتى. ئۇنىڭ غەلىبىسى راستلا ئىشەنگۈسىز. ھېلىقى ماۋۇق ئىزدەپ كەلگەن قىزچاق بولمىغان بولسا، سېس ھەرگىزمۇ ئۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايتتى.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆزىڭىزگىلا تايىنىپسىز، — پائۇل . D سېستىن ئېپتىخارلاندى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭلى غەش بولدى. ئېپتىخارلىنىشى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغانلىقىدا؛ كۆڭلى غەش بولۇشى ئۇنىڭ خالىغا ياكى ئۆزىگە ئېھتىياجى يوقلۇقى ئۇچۇن ئىدى.

— پۈتۈنلەي ئۆزۈمگە تاياندىم دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىر ئاق

تەنلىك قىز ماڭا ياردەم قىلدى.

— ئۇنداقتا، ئۇ ئۆزىگىمۇ ياردەم قىپتۇ. تەڭرى ئۇنى پاناھىدا ساقلىسۇن.

— كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزسىڭىز بولىدۇ، پائۇل . D

— بۇ گېپىڭىز تازا كەسكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ.

سېس ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەچ يېپىق تۇرغان ئىشىككە قاراپ قويدى.

— ۋوي مەن چىن دىلىمدىن شۇنداق دېدىم، پەقەت ئۆيىمىزنى ياراتماي قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن. كىرىڭە، دەنۋېر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، سىزگە تاماق قىلىپ بېرەي.

پائۇل . D بىر جۈپ ئايىغىنى مورىسىگە ئارتىپ سېسقا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى. ئۇ ئۇدۇل ماڭغىنىچە تەۋرىنىپ تۇرغان بىر دەستە قىزغۇچ نۇرغا يېقىنلاپ بېرىپ، جايىدا چېپىپىدە توختىدى.

— سىزنىڭ ھەمراھىڭىز بار ئىكەن ـ دە؟ — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئاستا ئاۋازدا.

— بەزىدە بار، بەزىدە يوق، — دەپ جاۋاب بەردى سېس.

— ئاھ، تەڭرىم... — ئۇ ئۆي ئىچىدىن كارىدورغا چىقىۋالدى، — بۇ جايدىكىسى قايسى خىلدىكى رەزىللىك؟

— ئۇ رەزىللىك ئەمەس، قايغۇ ـ ھەسرەت. كىرىڭە، ئۆيگە كىرىڭ.

بۇ چاغدا پائۇل . D سېسقا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. بايا ئۇنىڭ بىر قولىدا پايپىقىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولى بىلەن يوپكىسىنى تۈرمەللەپ، پاچاقلىرى ھۆل بولۇپ پارقىراپ كەتكەن ھالدا ئۆيىنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ كەلگەندىكى ھالىتىگە نەزەر سالغاندىكىدىنمۇ بەك سىنچىلاپ قارىدى. خالىنىڭ نەزەر سېلىۋاتقىنى تۇمۇر كۆزلۈك، تۇمۇر ئومۇرتقىلىق ناتىۋان. پائۇل. D كېيىنكىدا سېسنىڭ چېچىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇن سەككىز يىللىق بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي، ئۇنىڭ يۈزلىرى پائۇل . D غا

ئون سەككىز يىل ئىلگىرى كۆرگەندىكىدىنمۇ بەك يېقىملىق بىلىنەتتى. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ چېچى سەۋەبىدىن. ئۇنىڭ يۈزى شۇنچىلىكمۇ ئارامبەخش. ئۇنىڭ ئۆڭى بىلەن بىر خىل رەڭدىكى يۈز تېرىلىرى پائۇل . D غا پات ــ پاتلا ئۇنىڭ كۆيۈمچانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ خالىنىڭ خوتۇنى. ئۇ ھەر يىلى قورساق كۆتۈرىدۇ. مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پائۇل . D غا ئۆزىنىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئاشۇ يىلىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇ ئۈچ بالىسىنى باشقىلارنىڭ ماشىنىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نېگىرلارنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە ئەگەشتۈرۈپ دەريادىن ئۆتكۈزگەن. ئۇلار خالىنىڭ سىنىسىنناتىغا يېقىن جايدا تۇرىدىغان ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىلماقچى بولغان. ئاشۇ كىچىككىنە ياغاچ ئۆيدە مەشكە قانچىلىك يېقىن تۇرغان بولۇڭ، سىز سېسىنىڭ كوپتىسى ئاستىدىن كېلىۋاتقان ھارارەتنى سېزەلەيسىز ، سېسىنىڭ يۈزلىرىدە تېخىچە ھاياجان جىلۋىلەنمىگەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى تەگسىز قۇدۇققا ئوخشاش تىنىق، پائۇل . D نىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىغا يول قويمايدۇ. بۇ كۆزلەر ناكار بولغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەرنى ئاشۇ مەنىسىزلىككە يوشۇرۇنغان بارچە نەرسىلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى يېپىپ قويۇش، ئۇلارغا بەلگە سېلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ پائۇل . D غا گەپ قىلغاندا، پائۇل . D نەزەرىنى ئوتقا يۆتكىدى، چۈنكى سېس ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىۋاتقاندا ئېرى بۇ يەردە يوق ئىدى. گارنېر ئەپەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ گېلىدا تاتلىقياڭيۇ چوڭلۇقىدا بىر پارچە ئىششىق پەيدا بولۇپ، ئۇنى گەپ قىلغىلى قويمىدى. سېس يوغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ ئوتقا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ــ «شېرىن ئۆي» دىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەر پائۇل . D غا گەپ قىلماقتا ئىدى.

ئېكىنىزارلىقتا ئالتە قۇل بار. سېس ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر دىنىبىر ئايال زاتى. گارنېر خانىم تۇل قېلىپلا بوغۇلۇپ

كەتكەن قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن پائۇل . D نىڭ ئاكىسىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئاڭغىچە ئېكىنزارلىق غوجايىنى گارنېر ئەپەندىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى ــ مەكتەپ مۇئەللىمى يېتىپ كېلىپ، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا چۈشتى. ئۇنىڭ قىلغانلىرى شۇ بولدىكى، «شېرىن ئۆي» دىكى ئۈچ ئەرنى نابۇت قىلدى. سېنىڭ پولاتتەك چاقنايدىغان شەھلا كۆزلىرىدىكى نۇرنى يوقىتىپ، ئۇنى ئوتنىڭ يالقۇنىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەلمەيدىغان چوڭقۇر ئىككى قۇدۇققا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ھازىر سېسىنىڭ كۆزى قايتىدىن چاقناشقا باشلىدى. چاچلىرى بىلەنلا يېقىشلىق تۇرغان يۈزى سەۋەبلىك پائۇل . D ئۇنىڭغا ئىشەنچ قويۇپ، ئىشىكىدىن ئاتلاپ كىردى، تەۋرىنىپ تۇرغان قىزىل نۇرنىڭ ئىچىگە قەدەم تاشلىدى.

سېسىنىڭ دېگەنلىرى توغرا. بۇ قايغۇ ـ ھەسرەت. قىزىل نۇردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا پائۇل . D ئۇزۇل ـ كېسىل ھالدا قايغۇ ـ ھەسرەت دولقۇنىغا شۇڭغۇدى، ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئاچچىق نىدادىن ھۆكىرەپ يىغلىغۇسى كەلدى. ئۇستەل ئەتراپىدىكى يورۇقلۇق ناھايىتى يىراق كۆرۈنەتتى. يىراق، ئۇ يىغلاپ تاشلىماستىن، ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆتۈپ كەتتى.

ــ سىز ئۇنىڭ ناھايىتى ئاسانلا جان ئۈزگىنىنى، ھېچقانچە قىينالمىغىنىنى ئېيتتىڭىز، ــ پائۇل . D بۇنى سېسىنىڭ سەمىگە سالدى.

ــ ئۇ بېيبىي ساگىس ئەمەس.

ــ ئۇنداقتا كىم؟

ــ مېنىڭ قىزىم. ئىككى ئوغلۇم بىلەن بىللە ئەۋەتىۋەتكىنىم.

ــ ئۇ ھايات قالدىمۇ؟

ــ ياق. ھازىر يېنىمدا مەن قېچىپ چىققان چاغدا تېخى تۇغۇلمىغان ئاشۇ قىزىم بار. ئوغۇللىرىممۇ كېتىپ قالدى. ئۇلار بېيبىي ساگىس جان ئۈزۈشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرىلا كېتىپ

قالغان.
پائۇل . D ئۆزىنى قايغۇ ـ ھەسرەت قوينىغا تارتقان بايىقى يەرگە قارىدى. قىزىل نۇر يوقالغان، بىراق ئۆكسۈپ يىغلىغان بىر ئاۋاز ئۆي ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەنىدى.
بىر نېگىر ئايىغى چىقىپ، پۇتلىرى ھەرىكەتلەنگەندىن باشلاپلا ئىشقا يارايدىغان بولىدۇ. ئولتۇرغان ۋاقىت بەك ئۇزاق بولۇپ كەتسە، بىراۋ ھەرخىل ئاماللارنى ئىشلىتىپ بۇ پۇتلارنى باغلىۋالماقچى بولىدۇ. ھەر نېمە بولسا ... سېنىڭ بالىلىرى كېتىپ قاپتۇ... پائۇل . D نىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن مۇشۇ ئويلار كەچتى.
— بۇ يەردە ئەر كىشى يوقمۇ، يالغۇز تۇرۇۋاتامسىز بۇ يەردە؟
— دەنۋېر بىلەن تۇرىمەن.
— بۇ بەك ياخشى بوپتۇ.
سېپس پائۇل . D نىڭ ئويىنى سېزىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— مەن شەھەردىكى بىر ئاشپۇزۇلدا تاماق ئېتىمەن، يەنە يىپ ـ يىڭنە ئىشىمۇ قىلىپ قويىمەن.
پائۇل . D بۇ چاغدا ھېلىقى خوتۇنچە ئۇخلاش كىيىمىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. سېپس «شېرىن ئۆي» گە كەلگەن چېغىدا ئاران ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. تۆمۈر كۆزلىرى بار ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ گارنېر خانىمغا نەق ۋاقتىدا سوۋغا قىلىنغان بۇيۇم بولۇپ قالدى. چۈنكى گارنېر ئەپەندىنىڭ ئۇلۇغ پىرىنسىپى بويىچە (گارنېر ئەپەندى خالىغىنىڭ يەكشەنبە كۈنى يېقىن ئەتراپتىكى ئېكىنزارلىقتا بېرىپ ئىشلەپ پۇل تېپىشىغا رۇخسەت قىلىغان، بۇنىڭ بەدىلىگە خاللى ئاپىسى بېيبىي ساگسىنىڭ ئەركىنلىكىنى سېتىۋالغانىدى)، گارنېر خانىم بېيبىي ساگستىن ئايرىلغانىدى. «شېرىن ئۆي» دىكى بەش ئەر كىشى يېڭى كەلگەن بۇ قىزچاقنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چېقىلماسلىقنى قارار قىلىشتى. كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان

بۇ ئەركەكلەر ئايال كىشى بولمىسا غەيرىي شەكىلدىكى قىلىقسىز ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايتتى. گەرچە ئۇلار سىپسقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىدىن باشقا ھەمراھلىرىنى ئۇرۇپ يىقىتىشقا تامامەن قادىر بولسىمۇ، سىپسىنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىدىن بىرىنى تاللىشى ئۈچۈن يەنىلا كۆزلىرى تۆمۈرگە ئوخشايدىغان بۇ قىزچاقىقا چېقىلمىدى. سىپس ساق بىر يىل تاللىمىدى. ئۇزاق، چىدىغۇسىز بىر يىلدا ئۇلار سىپسىنىڭ نەزەرىگە ئىلىنىش ئۈچۈن تىرىشتى، شېرىن خىيال ئىلكىدە پاخال كۆرپە ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ قىينالدى. زارىقىشقا تولغان بىر يىل، باسقۇنچىلىق قىلىش ھاياتىنىڭ بىردىنبىر سوۋغىسى بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بۇنداق قىلىشتىن يېنىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇلار «شېرىن ئۆي» نىڭ ئەركەكلىرى — ئايال قۇللارنىڭ لايىق تاللىشىغا باشقا ئېكىنزار غوجايىنلىرى كەسكىن قارشى تۇرغان چاغدا، گارنېر ئەپەندى ئەر قۇللىرىم شۇنداق بولۇشقا تاقەت قىلىپ تۇرالايدۇ، دەپ لاپ ئاتقان ئادەملەر مۇشۇ ئىدى.

— ھەممىڭلارنىڭ قۇلى بار بولىدۇ، — گارنېر ئەپەندى ئاشۇ غوجايىنلارغا شۇنداق دەيتتى، — يېشى كىچىكلىرى، يېشى چوڭلىرى، چاتاقچىلىرى، ھىيلىگەرلىرى، «شېرىن ئۆي»دە بۈگۈنگىچە بولغان نېگىر قۇللىرىمنىڭ ھەممىسى ئەزىمەتلەر. مەن ئۇلارنى ئاشۇ ھالىتىدە سېتىۋالغان، ئۇلارنى ئاشۇنداق يارامىلىق تەربىيەلىگەن. ھەممىسى ئەزىمەتلەر.

— خىجىلمەن، گارنېر. نېگىرلاردا ئەزىمەت يوق.

— سەن قورقۇنچاق بولساڭ، ئۇلار ئەزىمەت بولالمايدۇ، — گارنېر قاقاھلاپ كۈلدى، — سەن ئۆزۈڭ ئەزىمەت بولساڭ، ئاندىن نېگىر قۇللارمۇ ئەزىمەت بولالايدۇ.

— خوتۇنۇمنىڭ ئەتراپىنى ئەر نېگىر قۇللار قاپلاپ كېتىشىنى ياقتۇرمايمەن.

بۇ جاۋاب گارنېر قىزىقىپ كۈتۈۋاتقان ئىنكاس ئىدى:

— مەنمۇ خالىمايمەن، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ خالىمايمەن.
كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى قوشنا بولسۇن، يات كىشى بولسۇن، ئۇششاق تىجارەتچى بولسۇن ۋە ياكى قېيىنئىنىسى بولسۇن، بىر هازادىن كېيىنلا بۇنىڭدىكى مەنىنى چۈشىنىۋالالايتتى. ئاندىن بىر هازا كەسكىن تالاش ـ تارتىش بولاتتى. بەزىدە مۇشتلىشىپ كېتىمدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرەتتى. بىراق، گارنېر ھەر قېتىم باش ـ كۆزى يېرىق ھالدا ئۆيگە قايتىۋاتقىنىدا، ئۇ كىشىلەرگە ھەقىقىي كېنتاكىينىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولاتتى: مەردلىك ۋە چېچەنلىك ئۇنىڭ نېگىز قۇللىرىنى ئەزىمەتلەر دەپ ئاتىشىغا يېتىپ ئاشاتتى.
ئۇلار: پائۇل . D . گارنېر، پائۇل . F . گارنېر، پائۇل . A . گارنېر، خاللى ساگېس ۋە ياۋايى سىكسو، ھەممىسى يىگىرمە نەچچە ياشلاردا، ئايال زاتىغا يېقىن بېرىپ باقمىغان، قىلىقسىز ئىشلارنى ۋە باسقۇنچىلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن يىگىتلەر. كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەستىن، پاخال كۆرپىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتى كەلگەن قىزچاقنى — خاللى بەش يىل ئىچىدىكى ھەر يەكشەنبە كۈنى ئىشلەش بەدىلىگە قۇللۇقتىن ئازاد قىلغان بېيىبىي ساگىسنىڭ ئورنىغا كەلگەن قىزچاقنى كۈتۈشىدۇ. بۇ ئىش بەلكىم سېسنىڭ خاللىنى تاللىشىغا سەۋەب بولغاندۇ. يىگىرمە ياشلىق بىر يىگىتنىڭ ئاپىسىنى شۇنچىلىكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇدا بەش يىل ھەر يەكشەنبە كۈنىدىن ۋاز كېچىپ، ئاپىسىنىڭ يېڭى ھالەتتە ئولتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىشى سېسنىڭ ئۇنى تاللىشىدىكى سەۋەب ئىكەنلىكى ئېنىق.
سېس بىر يىل ساقلىدى. «شېرىن ئۆي»دىكى يىگىتلەرمۇ ئۇنى ساقلىغان ئاشۇ بىر يىل ئىچىدە ئىچ پۇشۇقىنى ئىنەكتىن چىقاردى. سېس خاللىنى تاللىدى. سېس ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قوشۇلۇش ئۈچۈن، ئوغرىلىقچە ئۆزىگە بىر كۆڭلەك تىكتى.
— يەنە بىر مەزگىل ساقلىسىڭىز بولماسمىدى. ھېچكىممۇ

بىر كۈننى ئون سەككىز يىلدەك ئۆتكۈزەلمەيدۇ.

ئۇلار ئولتۇرغان ئۆي قاراڭغۇ، ئاق رەڭلىك پەلەمپەي ئىكككىنچى قەۋەتتىكى كۆكۈچ رەڭلىك تام قەغىزىگىچە سوزۇلغان. پائۇل . D پەلەمپەي تۈتاشقان تام قەغىزىنى دەللا كۆرەلىدى: كۆك رەڭلىك كۆرۈنۈش ئۈستىدىكى شىۋىرغانلىق كۆرۈنۈشكە سىرىق رەڭلىك توچكىلار ئۈستىلىق بىلەن كىرىشتۈرۈۋېتىلگەنىدى، پارقىراپ تۇرغان ئاق پەلەمپەي ۋە ئاق رېشاتكا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. پائۇل . D شۇنداق ھېس قىلدىكى، پەلەمپەي تەرەپتىكى ھاۋا كىشىنى مەستخۇش قىلاتتى، شۇنداقلا سەل شالاڭ ئىدى. بىراق، پەلەمپەي تەرەپتىن كەلگەن قوڭۇر تېرىلىك سېمىزغىنە قىزچاقنىڭ تۇرقىدىن سەزگۈرلۈك چىقىپ تۇراتتى.

پائۇل . D قىزچاقنى كۆرۈپ سېسقا قاراپ قويدى. سېس كۈلگىنىچە:

— مانا بۇ مېنىڭ دەنۋېرىم. بۇ بولسا «شېرىن ئۆي» دىكى پائۇل . D، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى.

— خەيرلىك سەھەر، D ئەپەندى.

— گارنېر، قوزام. پائۇل . D . گارنېر.

— بىلدىم، ئەپەندى.

— سىزنى كۆرگىنىمدىن خۇشالمەن. ئالدىنقى قېتىم ئاپىڭىزنى كۆرگىنىمدە سىز تېخى قورساقتا ئىدىڭىز، ھەدەپ ئاپىڭىزنىڭ قورسىقىنى تېشىغا ئىتتەرگىلى تۇرۇۋېتىكەنسىز.

— بۈگۈنگىچە شۇنداق. ئەگەر ئۇ قايتىپ كىرەلىگەن بولسا يەنە شۇنداق قىلاتتى، — سېس كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

ئەڭ تۆۋەنكى پەشتاقتا تۇرغان دەنۋېر توساتتىن قىزىرىپ - تاتىرىپ كەتتى. ئۇزاقتىن بېرى ھېچكىم (ياخشى كۆڭۈللۈك ئاق تەنلىك ئايال، پوپ، ناتىق ۋە ياكى گېزىتخانا مۇخبىرى قاتارلىقلاردىن ھېچقايسىسى) مۇشۇ ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى بىزارلىق ئۇلارنىڭ

ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدىكى گەپلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بېيىبىي موماي ئۆلۈپ كېتىشتىن ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرى، ئۇن ئىككى يىلدىن بېرى ھېچكىممۇ ئۇلارنى يوقلاپ كېلىپ باقمىغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ دوست ـ يارەنلىرى يوق ئىدى، نېگىرلارمۇ يوق ئىدى. بۇنداق ئۇزۇن چاچلىق، قوڭۇر رەڭلىك ئەر، خاتىرە دەپتەر، كۆمۈر، ئاپېلسىن ۋە بىر قۇچاق مەسىلىلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى پاراڭلىشىشنى خالايدىغان بىرمۇ ئادەم، ھەتتا ئۇ پۇتلىرىنى يالىڭاچلىغاندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئەمدىلىكتە ئاپىسى قارىماققا ئۇزاقتىن بېرى دەڭۋېر كۆنۈپ كەتكەن خانىش سۇپەت ئېغىر ـ بېسىق ئايالدىن ئۆزگىرىپ، ياش قىزچاقلارغا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى. ئۇ ئېغىر ـ بېسىق ئايال بىر نەرسىلەردىن كۆزىنى ئېلىپ قاچمايدىغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى ــ خانىش سۇپەت بۇ ئايال ساۋېيىر رېستورانىنىڭ ئالدىدا بايتال بىر كىشىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنىنى؛ مېكىجىنىنىڭ ئۆز بالىسىنى يەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەندىمۇ يۈزىنى ئېلىپ قاچمىغانىدى. ئاشۇ قېتىم «جىنتەك» (سېسىنىڭ ئۆيىدىكى ئىت) بوۋاقنىڭ ئەرۋاھى تەرىپىدىن تامغا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئىككى پۇتى سۇنغاندا كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ، پۈتۈن بەدەنلىرى تارتىشىپ، تىلىنى چىشلەپ يارا قىلىۋەتكەندىمۇ ئۇنىڭ ئاپىسى شۈركۈنمەستىن قاراپ تۇرغانىدى. ئاپىسى ئىتنى بازغان بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ، ئىتنىڭ ئاغزىدىكى كۆپۈك ۋە بەدەنلىرىدىكى قاننى سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىپ، كۆزىنى جايىغا سېلىپ، پۇتلىرىنى تېڭىپ قويدى. كېيىنچە ئىت ساقايغان بولسىمۇ ئاۋازى چىقمىدى. جايىغا چۈشمىگەن ئەگمەچ پۇتلىرى سەۋەبىدىن ئەمەس، ياخشى كۆرەلمەيدىغان كۆزلىرى سەۋەبلىك يول ماڭسا تىترەپ ئاران ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن، ھاۋا ياخشى ياكى جۇدۇنلۇق بولسۇن،

ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدىكى گەپلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بېيىبىي موماي ئۆلۈپ كېتىشتىن ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرى، ئۇن ئىككى يىلدىن بېرى ھېچكىممۇ ئۆلارنى يوقلاپ كېلىپ باقمىغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۆلارنىڭ دوست ـ يارەنلىرى يوق ئىدى، نېگىرلارمۇ يوق ئىدى. بۇنداق ئۇزۇن چاچلىق، قوڭۇر رەڭلىك ئەر، خاتىرە دەپتەر، كۆمۈر، ئاپېلسىن ۋە بىر قۇچاق مەسىلىلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى پاراڭلىشىشنى خالايدىغان بىرمۇ ئادەم، ھەتتا ئۇ پۇتلىرىنى يالىڭاچلىغاندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئەمدىلىكتە ئاپىسى قارىماققا ئۇزاقتىن بېرى دەنۋېر كۆنۈپ كەتكەن خانىش سۇپەت ئېغىر ـ بېسىق ئايالدىن ئۆزگىرىپ، ياش قىزچاقلارغا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى. ئۇ ئېغىر ـ بېسىق ئايال بىر نەرسىلەردىن كۆزىنى ئېلىپ قاچمايدىغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى — خانىش سۇپەت بۇ ئايال ساۋېيىر رېستورانىنىڭ ئالدىدا بايتال بىر كىشىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنىنى؛ مېكىجىنىنىڭ ئۆز بالىسىنى يەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەندىمۇ يۈزىنى ئېلىپ قاچمىغانىدى. ئاشۇ قېتىم «جىنتەك» (سېسىنىڭ ئۆيىدىكى ئىت) بوۋاقنىڭ ئەرۋاھى تەرىپىدىن تامغا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئىككى پۇتى سۇنغاندا كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ، پۇتۇن بەدەنلىرى تارتىشىپ، تىلىنى چىشلەپ يارا قىلىۋەتكەندىمۇ ئۇنىڭ ئاپىسى شۈركۈنمەستىن قاراپ تۇرغانىدى. ئاپىسى ئىتنى بازغان بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ، ئىتنىڭ ئاغزىدىكى كۆپۈك ۋە بەدەنلىرىدىكى قاننى سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىپ، كۆزىنى جايىغا سېلىپ، پۇتلىرىنى تېڭىپ قويىدى. كېيىنچە ئىت ساقايغان بولسىمۇ ئاۋازى چىقمىدى. جايىغا چۈشمىگەن ئەگمەچ پۇتلىرى سەۋەبىدىن ئەمەس، ياخشى كۆرەلمەيدىغان كۆزلىرى سەۋەبلىك يول ماڭسا تىترەپ ئاران ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن، ھاۋا ياخشى ياكى جۇدۇنلۇق بولسۇن،

«جىنتەك» ئىككىنچىلەپ ئۆيگە كىرمىدى، ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزگىلى بولمىدى.

ئەينى چاغدا ئاغرىق ئازابىدىن ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن ئىتنى سەللىمازا ساقايتىشقا ئۇرۇنغان بۇ ئايال پۇتلىرىنى ئالمىغىنىچە تەۋرىنىپ ئولتۇرماقتا، ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىنىڭ تەقى ـ تۇرقى سىغمىغاندەك، كۆز چېنىنى قىزىدىن يۆتكىۋالدى. سېپىس بىلەن پائۇل . D ئىككىلىسى ئاياغ كىيمىگەن؛ ئۇلار ھەم قىزىقسىنغان، ھەم خىجىل بولۇشقان ھالەتتە. ئەمدىلىكتە دەنۋېر يالغۇز قالدى. ئاشۇ ئايرىلىشلار — باشتا ئاكىلىرى، ئاندىن مومىسىنىڭ كېتىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۇچۇن بەكمۇ ئېغىر يوقىتىش بولدى. ئەمدىلىكتە ئۇنى چۆرىدىۋېلىپ ئويۇن ئوينىشىدىغان، كارىدورنىڭ رېشاتكىسىنى تېقىمى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ يۇلاڭشىپ ئويناي دىغان بالىلاردىن ھېچقايسىسى يوق. شۇنداقتىمۇ، ئاپىسى ھازىرقىدەك يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىۋېلىپ دەنۋېرنى تەلپۈندۈرمىسە، بوۋاقنىڭ ئەرۋاھىدىكى نەپرەتنىڭ ئىپادىسى بولغان زارىقىش ئىلكىدىكى تەلپۈنۈشتىن يۈزىنى ئۆرۈۋالمىسىلا، بۇلارنىڭ كارايىتى چاغلىق.

— ئۇ چىرايلىق قىز بوپتۇ، — دېدى پائۇل . D، — مەڭزىلىرى دادىسىنىڭلا تارتىپتۇ.

— دادامنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن، ئوبدان تونۇيمەن.

— شۇنداقمۇ، خانىم، — دەنۋېر ئۆز قىزىقىشىنى زورىغا بېسىۋېلىپ شۇنداق دېدى.

— ئۇ ئەلۋەتتە دادىڭىزنى تونۇيدۇ، ئۇنى «شېرىن ئۆي» نىڭ ئادىمى دېمىگەنمىدىم سىزگە.

دەنۋېر بىرىنچى پەشتاقتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى ئۇچۇن بۇنىڭدىن ياخشىراق جاي يوق. ئۇلار — سېپىس بىلەن پائۇل . D بىر جۈپ بولدى، «سىزنىڭ دادىڭىز»، «شېرىن ئۆي» دېگەنگە ئوخشاش — دەنۋېرگە ئەمەس، ئۆزلىرىگىلا مۇناسىۋەتلىك

گەپلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دادىسىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى دەنۋېر بىلەن مۇناسىۋەتسىز. يوقىلىپ كېتىش ئەڭ ئاۋۋال مومىسى بىيىبىي ساگىسقا تەۋە بولۇشى كېرەك — مومىسى ئۆزىنى ئاشۇ يەردىن سېتىۋېلىپ ئازاد قىلغان ئوغلى ئۈچۈن ئەڭ چوڭقۇر ماتەم تۇتۇشى كېرەك. ئىككىنچى قەدەمدە ئاندىن خالىلى سېسىنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ئېرى. مانا ھازىر دەنۋېرنىڭ دادىسى خاللى مۇنۇ قوڭۇر تېرىلىك ناتونۇش ئادەمنىڭ يوقىلىپ كەتكەن دوستى بولۇپ چىقتى. پەقەت ئاشۇ «شېرىن ئۆي» دىكى كىشىلەرلا ئۇنىڭ دادىسىنى ئەسلىيەلەيدىغاندەك تۇرىدۇ، مانا ھازىر بۇلار پەس ئاۋازدا ئۇنىڭ دادىسى توغرۇلۇق سۆزلىگەچ، بىر - بىرىگە تىكىلىشىپ كۆزلىرىنى ئارام تاپتۇرماقتا. دەنۋېر بوۋاقنىڭ ئەرۋاھىغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالدى. ئىلگىرى ئۇنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان بۇ ئەرۋاھنىڭ نەپرىتى ئەمدىلىكتە ئۇنى روھلاندۇرماقتا.

— بىزنىڭ ئۆيدە جىن بار، — دەنۋېرنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ بەردى. ئەمدى سېس بىلەن پائۇل . D بىر جۈپ بولماي قالدى. ئاپىسىمۇ پۇتلىرىنى لىڭشىتىش ۋە قىزلارچە ناز قىلىشتىن توختىدى. «شېرىن ئۆي» توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر ئاپىسى قىزلارچە ناز قىلىۋاتقان ئاشۇ ئەر كىشىنىڭ خىيالىدىن ئاستا - ئاستا غايىب بولدى. ئەر كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ دەنۋېرنىڭ كەينىدىكى پارقىراق ئاق پەلەمپەيگە قاراپ قويدى.

— مەن بۇنى ئاپىڭىزدىن ئاڭلىدىم. ئاپىڭىزنىڭ دېيىشىچە، ئۇ رەزىللىك ئەمەس، ھەسرەت ئىكەن.

— ئۇنداق ئەمەس، ئەپەندى. ئۇ رەزىللىكمۇ ئەمەس، ھەسرەتمۇ ئەمەس.

— ئۇنداقتا ئۇ نېمە؟

— ئادالەتسىزلىك. تەنھالىق ۋە ئادالەتسىزلىك.

— راست شۇنداقمۇ؟ — پائۇل . D بېشىنى بۇراپ سېستىن سورىدى.

— غېرىبلىقمۇ، ئەمەسمۇ، مەن بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. غەزەپ ـ نەپرەت بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ھەر دائىم بىز بىلەن بىرگە تۇرسا، مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ غېرىب دەپ ئويلىمايمەن.
— سىزدە چوقۇم ئۇنىڭغا كېرەكلىك بىر نەرسە بار.
— ئۇ پەقەتلا بىر بالا، خالاس، — دېدى سېس مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ.
— ئۇ مېنىڭ ھەدەم، — دېدى دەنۋېر، — ئۇ مۇشۇ ئۆيدە ئۆلگەن.
پائۇل . D ساقىلىنى سىلاپ قويدى:
— «شېرىن ئۆي» نىڭ ئارقىسىدا مېڭىپ يۈرىدىغان بېشى يوق كېلىنچەك ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئېسىڭىزدە بارمۇ، سېس؟ ئۇ ھەرقاچان ئاشۇ ئورماندا ئايلىنىپ يۈرەتتى.
— قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟ ئادەمنى بەكمۇ بىزار قىلاتتى...
— نېمە ئۈچۈن «شېرىن ئۆي» دىن قېچىپ چىققان ھەممىڭلار «شېرىن ئۆي» نى ئاغزىڭلاردىن چۈشۈرمەيسىلەر؟ ئۇ راستىلا «شېرىن» بولىغاندىكىن، سىلەرنىڭ شۇ يەردە تۇرۇۋەرگىنىڭلار ياخشى ئىكەنتۇق.
— قىزچاق، كىمگە گەپ قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى سېس.
پائۇل . D قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— شۇنداق، توغرا. ئۇنىڭ دېگىنى توغرا، سېس. ئۇ جاي «شېرىن» مۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئۆيمۇ ئەمەس، — پائۇل . D شۇنداق دەپ بېشىنى چايقىدى.
— بىراق، ئۇ ئىلگىرى بىز تۇرغان جاي، — دېدى سېس، — كۆپچىلىك بىرگە بولساقلا، خالاش ـ خالىماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى تىلغا ئالىمىز، — سېس بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. بىلىكىنىڭ تېرىسى غۇژمەكلەشتى، ئاندىن ئالدىراپ ـ سالدىراپلا تۈزەشتۈرۈۋالدى.
— ئۇچاققا ئوت يېقىڭ، دەنۋېر. دوستىمىز كەلگەندە ياخشى

كۆتمىسەك بولمايدۇ.

— مەن ئۇچۇن ئاۋارە بولماڭلار.

— بولكا پىشۇرغانغا ئاۋارىچىلىك كەتمەيدۇ. قالغانلىرى مەن ئاشپۇزۇلدىن ئالغاچ كەلگەن نەرسىلەر. تاڭ سەھەردىن چېڭقىچۇشكىچە ئىشلەپ، ئارانلا تاماق ئالغاچ كېلەلەيمەن. موكا بېلىقىغا ئۆچ ئەمەسسىز؟

— ئۇ ماڭا ئۆچ بولمىسىلا، مەن ئۇنىڭغا ئۆچ ئەمەس.

يەنە كەلدى، دەپ ئويلىدى دەنۋېر. ئۇ ئۇلارغا دۇمبىسىنى قىلىپ ئوتۇنغا ئوت ياقتى. ئوت ئۆچۈپ قالغىلى تاس قالدى.

— نېمىشقا بۇ يەردە قونۇپ قالمايسىز، گارنېر ئەپەندى؟ بۇنداق بولغاندا ئىككىڭلار كېچىچە «شېرىن ئۆي» توغرۇلۇق قانغۇچە پاراڭلىشالايسىلەر ئەمەسمۇ.

سىپس شۇ ھامان ئىككى ـ ئۈچ قەدەم چامداپ ئوچاق بېشىغا باردى، دەنۋېرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇشتىن ئىلگىرىلا قىزچاق يىغلىۋەتتى.

— سىزگە نېمە بولدى، سىزنىڭ بۇنداق بىغەرەزلىك قىلغانلىقىڭىزنى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، مەن بىر ناتونۇش ئادەم.

— مەن دەل شۇنى دەۋاتىمەن. ناتونۇش كىشىلەرگە نەدىمۇ بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلغان بار. ۋاي، قوزام، نېمە ئىش بولدى؟ سىزگە زادى نېمە بولدى؟

— چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

— نېمىگە؟ نېمىگە چىدىغۇچىلىكىڭىز قالمىدى؟

— بۇ يەردە تۇرۇشقا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. بارىدىغانغا يېرىم، قىلىدىغانغا ئىشىم يوق. بۇ يەردە تۇرۇشقا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ھېچكىم بىز بىلەن كەپلەشمەيدۇ. بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ. ئوغۇللار ماڭا ئۆچ، قىزلارمۇ ماڭا ئۆچ.

— ۋاي، جېنىم بالام.

— ئۇنىڭ ھېچكىم بىزگە گەپ قىلمايدۇ، دېگىنى نېمە ئىش؟
— مۇشۇ ئۆي سەۋەبلىك. كىشىلەر....
— ياق. بۇ ئۆي ئەمەس. بىز! ياق، سىز!
— دەنۋېر!
— بولدى قىلىڭ، سېس. كىچىككىنە بىر قىزنىڭ جىنلىق ئۆيدە تۇرمىقى ئاسان ئەمەس، ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس.
— بەزى ئىشلاردىن ئاسانراق تېخى.
— ئويلاپ بېقىڭ، سېس. مەن جىق ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم. ماڭا نىسبەتەن ھېچبىر ئىش يېڭىلىق ئەمەس. لېكىن، سىزگە نىسبەتەن بۇنى ئاسان ئەمەس دەۋاتىمەن. بەلكىم كۆچۈپ كېتىشىڭلار كېرەكتۇ. بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟
سېس نەزىرىنى دەنۋېرنىڭ دولىسىدىن يۆتكەپ پائۇل . D غا سوغۇققىنە تىكلىدى:
— بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭىز؟
— ئۇلار سىزنى كەتكىلى قويمامدۇ؟
— ياق.
— سېس.
— كۆچمەيمەن. كەتمەيمەن. مۇشۇ يەر ھەممىدىن ياخشى.
— بۇ بالا ھېلى سارالىڭ، ھېلى ئوك بولۇپ، ئېلىشىپ قالغاندەك يۈرسە، سىز ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس، شۇنداقمۇ؟
ئۆي ئىچىدە بىر نەرسە قوزغىلىپ كەتكەندەك بولدى. بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن سېس گەپ باشلىدى:
— دۈمبەمدە بىر تۈپ دەرەخ بار، ئۆيىمىزدە جىن بار. باغرىمدىكى قىزىمدىن بۆلەك ھېچنېمەم يوق. ئەمدى قاچمايمەن، ھېچ يەرگە قاچمايمەن. ئەمدى ھەرگىزمۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر يەردىن قاچمايمەن. قېچىپ بىردەمدىن كېيىنلا بىلەت ئېلىشىم كېرەك. سىزگە شۇنى دەپ قوياي، پائۇل . D . گارنېر، كىرا ھەققى بەك قىممەت. ئاڭلاۋاتامسىز؟ بىلەت بەك قىممەت.

ئەمدى ئولتۇرۇپ بىز بىلەن بىللە تاماق يەڭ، بولمىسا كېتىڭ.

پائۇل . D جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر تاماكا خالتىسىنى چىقاردى، پۈتۈن دىققىتى بىلەن خالتا ئىچىدىكى تاماكىغا ۋە خالتىنىڭ ئېغىزىنى بوغىدىغان يىپقا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. سىپس دەنۋېرنى ئۇ ئولتۇرغان دالان ئۆيدىن ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. پائۇل . D دا تاماكا ئورايدىغان قەغەز قالمىغانىدى. ئۇ تاماكا خالتىسىنى ئوينىغاچ ئېچىق تۇرغان ئىشىك تەرەپكە زەن قويۇپ، سىپسنىڭ دەنۋېرنى پەيلىشىگە قۇلاق سالدى. سىپس قايتىپ چىققىنىدا پائۇل . D نىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇدۇل ئوچاق بېشىدىكى كىچىك ئەمبەلنىڭ يېنىغا باردى، ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سىپسنىڭ چىرايىدىكى غەم - ئەندىشىگە نەزەر سېلىشتىن توختاپ، ئۇنىڭ چاچلىرىغا قاراپ ھۇزۇرلىنىشقا باشلىدى.

— دۈمبىڭىزدىكىسى نېمە دەرەخ؟

— ھە... — سىپس ئەمبەل ئۈستىگە بىر چىنىنى قويۇپ، ئەمبەلنىڭ ئاستى تەرەپتىن ئۇن ئېلىشقا تەمشەلدى.

— دۈمبىڭىزدىكى نېمە دەرەخ؟ دۈمبىڭىزگە بىرەر نەرسە ئۆسۈپ قالدىمۇ؟ لېكىن، مەن دۈمبىڭىزدە بىرەر نەرسىنىڭ ئۆسۈپ قالغىنىنى بايقىمىدىم.

— قانداق بولسا ئوخشاشقۇ.

— دۈمبىڭىزدە دەرەخ بار دەپ كىم دېدى؟

— ھېلىقى ئاق تەنلىك قىزچاق. ئۇ شۇنداق دېگەن. ئىلگىرى ئۇنى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغانىكەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇچرىتىشىپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس. بىراق، ئۇ شۇنداق دېدى. بىر تۈپ قاقشال گىلاس دەرىخى. غولى، شاخلىرى، يەنە يوپۇرماقلىرىمۇ بار. كىچىككىنە قاقشال گىلاس دەرىخى. بىراق، ئۇ ئون سەككىز يىل ئىلگىرىكى ئىش. ھازىر بەلكىم گىلاسلارمۇ پىشىپ كەتكەندۇ.

سېس كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ نەمدىدى ـ دە، تېزلىك بىلەن بارمىقىنى ئۇچاققا تەگكۈزۈپ قويدى، ئاندىن ئۇنىنى زومچەك ـ زومچەك دۆۋىلەرگە بۆلۈپ، ئارىسىدىن قۇرت ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ھېچنېمە تاپالمىدى. ئالىقىنىغا سودا ۋە تۇز تۆكۈپ، ئۇلارنى ئۇنغا ئارىلاشتۇردى. ئۇ يەنە بىر كونسېرۋا قۇتىسىنى تاپتى. ئۇنىڭدىن چاڭگىلىغا يېرىم كەلگۈدەك ماي ئېلىپ ئۇنغا ئارىلاشتۇردى. ئاندىن سول قولى بىلەن سۇ قۇيدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىنى خېمىرغا ئايلاندۇردى.

— ئۇ چاغدا سۈتۈم سوغۇلمىغانىدى، — دېدى سېس، — دەۋېرغا ئېغىرئاياغ بولسامۇ جان قوزامنى ئېمىتمىشكە سۈتۈم بار ئىدى. جان قوزامدىن ۋە خىۋارد بىلەن بۆگلاردىن ئايرىلغان شۇ چاغقىچە مەن ئىزچىل جان قوزامنى ئېمىتىپ كەلگەنىدىم.

سېس نوغۇچ بىلەن خېمىرنى يېيىشقا باشلىدى.

— ئۇ (سېسنىڭ سۈتىنى ئېمىۋالغان يىگىتلەردىن بىرسى) بۇنى بىلىپ قېلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ سۈتىنىڭ كېيىملىرىمگە سىرغىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. مېنىڭ ھېچقانداق ئامالىم يوق ئىدى. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ يۈرەك پارەم ئۇچۈن سۈتۈمنى بېرىۋاتقانلىقىمنى بىلەتتىم، ھېچكىممۇ ئۇنى ماڭا ئوخشاش ئەمدۈرەلمەيتتى، ھېچكىممۇ ماڭا ئوخشاش ئۇ ئېمىپ تويغاندا ئەمچەكتىن ئاستا ئايرىۋېلىشنى بىلمەيتتى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ قۇچىقىمدا ياتقاندىلا كېكىرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەگەر ئۇنى دولىمىزغا مىندۈرۈۋالسىڭىز ھەرگىزمۇ كېكىرەلمەيتتى. مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، مەندىن باشقا ھېچكىم ئۇنى ئەمگۈزۈپ باقمىغان، ئۇنىڭغا سۈت بېرىپ باقمىغان. مەن ھارۋىغا ئولتۇرۇپ قاچماقچى بولغان خوتۇنلارغا رەختكە شېكەر سۈيىنى تەگكۈزۈپ ئۇنىڭغا شورىتىشنى تاپىلاپ قويغان، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ مېنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى، سۈتۈم كەلگەندە ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم.

— بىز ئەرلەر ئۇنچىۋالا كۆپ ئىشلارنى بىلمىسەكمۇ، لېكىن ئەمچەكتىكى بىر بوۋاقنىڭ ئاپىسىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز، — پائۇل . D شۇنداق دېگەچ تاماكا خالتىسىنى جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

— ئەرلەر كۆكسى سۇتكە تولغان خوتۇننى بالىسىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى.

— بايا بىز بىر توپ دەرەخنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق، سېس.

— سىز بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىن ھېلىقى ئىككىسى يېنىمغا كېلىپ سۇتۇمنى بۇلاپ كەتتى. ئۇلار شۇنىڭ ئۇچۇن كەلگەنىكەن، مېنى بېسىپ تۇرۇپ سۇتۇمنى شوراپ كېتىشتى. ئۇ ئىككىسى ئۈستىدىن گارنېر خانىمغا ئەرز قىلدىم. گارنېر خانىم گەپ قىلالمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئىككىسى مېنىڭ گارنېر خانىمغا شىكايەت قىلغىنىمنى بىلىپ قاپتۇ. «مۇئەللىم» بىر ئەبلەخكە دۈمبەمنى يارا قىلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. يارا ساقايغاندىن كېيىن دۈمبەمدە بىر دەرەخ پەيدا بولدى. ھازىر ئۇ دەرەخ ئۆسۈۋاتىدۇ.

— ئۇلار سىزنى قامچا بىلەن ئۇردىمۇ؟

— يەنە مېنىڭ سۇتۇمنى بۇلاشتى.

— ئېغىرئاياغ تۇرسىڭىزمۇ ئۇردىمۇ؟

— سۇتۇمنى بۇلاپ كېتىشتى.

خېمىرلار ساپلىق قازانغا تىزىلدى. سېس يەنە بىر قېتىم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ھۆل قىلىپ ئوچاققا تەگكۈزۈپ قويدى. ئۇ دوخوپكىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ خېمىرلارنى ئىچىگە سالدى. دوخوپكىنىڭ ئوتتەك قىزىق تەپتىدىن ئەمدىلا ئۆزىنى تارتىپ تۇرۇشىغا، كەينىدىكى پائۇل . D نىڭ قوللىرىنىڭ كۆكسى ئاستىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. سېس قەددىنى رۇسلىدى. پائۇل . D نىڭ يۇزى ئۆزىنىڭ دۈمبىسىدىكى دەرەخلەرگە سۈركىلىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭدا ھېچقانداق سېزىم بولمىدى.

بىلىپ بىلمەستىن، پائۇل . D ئۆيگە كىرىپلا خوتۇنلارنى يىغلىتىۋېتىدىغان ئەرلەردىن بولۇپ قالدى. پائۇل . D ھەمراھ بولغان خوتۇنلار ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان زامانلا يىغلىشاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر مۇقەددەس نەرسە بار ئىدى، خوتۇنلار ئۇنى كۆرسىلا يىغلىغۇسى كېلەتتى — كۆكسى ۋە تىزىدىكى يارىلارنى ئۇنىڭغا دەپ بېرەتتى. غەيرەتلىك ۋە پاراسەتلىك خوتۇنلار ئۇنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭغا خوتۇنلار ئارىسىدىلا دېيىلەيدىغان مەخپىي گەپلىرىنى — ھەيز كېسىلىش دەۋرىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى، ھېسسىياتىنىڭ ئون بەش ياش چېغىدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچىيىپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن ھەم نومۇس قىلىدىغىنىنى، ھەم ئازاب ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتاتتى. ئۇلار قۇتۇلۇش مەقسىتىدە مەخپىي ھالدا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشاتتى، ئۇلارغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ ئويغاق تۇرغاندىكى ھەرقانداق ۋاقىتلىرىدىكىدىن قىممەتلىك ئىدى. ئاق كۆڭۈل قىزچاقلار ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتاتتى ياكى ئۇنىڭغا چۈشلىرىدە كۆرگەن چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چىرايلىق كېيىنىۋالغىنىنى تەسۋىرلىشىپ بېرەتتى. شۇڭا، گەرچە نېمە ئىشلار بولغىنىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، دەنۋېر يېگانىلىك ھېس قىلىپ، ياشلىرىنى ئوتقا ئېقىتىپ يىغلىغاندا، پائۇل . D قىلچىكىمۇ ھەيران قالمىدى. ئۇ سېسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، قەددىنى ياي شەكلىدە ئەگكىنىچە سېسىنىڭ كۆكسىنى سىلىدى، مەڭزىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە سۈركىدى. مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەسرىتىنى، سېسىنىڭ دۈمبىسىدىكى دەرەخنىڭ يىلتىزىنى، غايەت زور غولىنى ۋە بۈك - باراقسان شاخ - شۇمبىلىرىنى ھېس قىلالماقچى بولاتتى. ئۇ قولىنى سېسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىگە يۆتكىدى. ئۇ كۆزدىن ئاققان ياشلارنى كۆرمەي، ئاھ چەككەن ئاۋازلارنى ئاڭلىماي تۇرۇپمۇ ياشلارنىڭ چاناقلاردىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى.

كۆڭلەكنىڭ ئۈستى تەرىپى سېسنىڭ ساغرىسىغا چۈشكىنىدە، پائۇل . D سېسنىڭ دۈمبىسىنىڭ ھەيكەلگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ دۈمبىسى خۇددى بىر تۆمۈرچىنىڭ ياخشى كۆرۈپ كەتكەنلىكتىن خەققە كۆرسىتىشنى خالىمىغان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. «ۋاي خۇدا، قىزچاق». ھەر بىر تال يوپۇرماقنى لەۋلىرى بىلەن سۈرتۈپ چىقمىغۇچە ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. ھالبۇكى، بۇلارنى سېس ھەرگىزمۇ سېزەلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دۈمبە تېرىلىرىنىڭ سېزىمىنى يوقاتقىنىغا ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتتى. ئۇ پەقەت ئىككى كۆكسىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمدى باشقا بىر كىشىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى.

كىچىككىنە بىر بوشلۇق بولۇشى كېرەكمۇ. سېس بىر ھازا ئويلىنىپ قالدى. دىشۋارچىلىقتىن ئازاد بولۇپ، غەم ـ ئەندىشىلەرنى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا چۆرۈۋېتىپ، يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە كۆكسىنىڭ ئېغىر مەجبۇرىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، سۈتتى بۇلاپ كېتىلگەن ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىغا قايتىش، بولكا پىشۇرۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش كېرەكمۇ؟ بەلكىم مۇشۇ قېتىم، تاماق ئېتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ باشقا ياققا يۆتكەلمەي، ھەتتا ئوچاق بېشىدىن ئايرىلماي، دۈمبىسىنىڭ ئەسلىدىنلا ھېس قىلىشقا تېگىشلىك ئاغرىقنى سېزىشى كېرەكتۇ. چۈشكۈنلەشكەن مۇشۇنداق پەيتلەردە «شېرىن ئۆي»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئادىمىدىن بىرسى ئۆزى بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۇنى چۈشكۈنلۈكتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشىنىشى ۋە شۇنداق ئويلىشى كېرەكتۇ؟

ئوچاق ئۆزىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسىغا يەتكىنىدە سىگنال بەرمىدى. ياندىكى ئۆيدىكى دەنۋېردىن شەپە بولمىدى. قىزىل نۇر تەۋرىنىپ قايتىپ كەلمىدى. 1856 ـ يىلىدىن بېرى پائۇل . D ئۇدا سەكسەن ئۈچ كۈن تىترىگەندىن كېيىن قايتا تىترەپ باقمىغانىدى (پائۇل . D «مۇئەللىم» تەرىپىدىن

سىتمۇېتىلگەندىن كېيىن تىترەشكە باشلىغانىدى. كېيىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدى. تاش تېرىش مەيدانىدا سەكسەن ئۈچ كۈن تاش چېقىپ، بۇ تىترەش كېسىلىدىن قۇتۇلغانىدى). ئۇ چاغدا پۇت ـ قولىغا ئىشكەل سېلىنغان، بەدەنلىرى لاغىلداپ تىترىگەن، قاتتىق تىترىگەنلىكتىن تاماكىسىنىمۇ چېكەلمىگەن، ھەتتا قىچىشقان يېرىنىمۇ قاشلىيالمىغانىدى. بۇ قېتىم تىترەۋاتقىنى ئۇنىڭ پاچىقى ئىدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن پاچاقلىرىنىڭ غەم ـ ئەندىشە سەۋەبىدىن ئەمەس، پولنىڭ تەۋرىنىشى سەۋەبىدىن، سىلىق پولنىڭ تەۋرىنىشىدىن پاچاقلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۆينىڭ ھەممە يېرى تەۋرىنىۋاتاتتى. سېس تېيىلىپ كېتىپ يەرگە يىقىلدى، كىيىملىرىنى كىيىۋېلىشقا جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇندى. پولغا پاقىچىلاپ چاپلاشتى. بۇ ئارقىلىق ئۆينى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشتىن ساقلىماقچى بولغاندەك قىلاتتى. بۇ چاغدا دەنۇېر ياتاق ئۆيدىن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىنى قورقۇنچ قاپلىغان، لەۋلىرىدە يوشۇرۇن بىر تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

— ئۆلگۈر، توختاپ قال، — پائۇل . D شۇنداق دەپ تۈۋلىغاچ دەلدەڭشىگىنىچە بېرىپ تۇتقۇچقا ئېسىلىۋالدى.

— يوقال! تولا بۇ يەردە ئۆكتەملىك قىلما !

ئۇستەل ئۇنىڭغا قاراپ سۈرۈلۈپ كەلدى، ئۇ ئۇستەلنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن ئاران تەستە بۇلۇڭ تەرەپتە ئورنىدىن نۇرۇۋالدى. ئۇستەلنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەر يانغا قالايمىقان چۆرگىلى تۇردى، ھەربىر نەرسىنى ھالاك قىلدى، گۇلدۇرلەۋاتقان ئۆيگە قارشى ۋارقىراپ ـ جارقىرىدى:

— ئۇرۇشقۇڭ بارما؟ كېلە! ئاناڭنى!

قالدۇق يەر تەۋرەپ، ئۆي ئىچى سۇس تەۋرىنىۋاتقان بولسىمۇ، تەۋرىنىش بېسىققانغا قەدەر پائۇل . D قولىدىكى ئۇستەلنى قالايمىقان چۆرۈۋەردى. ئۇ شۇرقىراپ تەرلەپ، قاتتىق نەپەس

ئېلىپ، قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىدىن بوشىغان تامغا يۆلەندى. سېس جىددىي قۇتقۇزۇشتىن چىققان ئىككى ئايىغىنى كۆكسىگە چاپلىغىنىچە، ئوچاق يېنىدا تۇگۇلۇپ تۇراتتى. سېس، دەنۋېر، پائۇل · D ئۈچى ھېرىپ كەتكەن بىرلا ئادەمدەك، ئوخشاش رىتىمدا نەپەس ئالماقتا. باشقا بىر نەپەسمۇ ناھايىتى ھېرىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ئۇ كەتتى. دەنۋېر تىمتاسلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئوچاق يېنىغا كەلدى. ئوچاقتىكى ئوتنى كۈل بىلەن كۆمۈپ، دۇخوپكىدىن بولكىلارنى ئالدى. مېۋە مۇراببالىرى بىلەن تولغان چىنە ـ قاچا ئىشكاپى يەردە ياتاتتى، ئىچىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەر بۇلۇڭغا دۆۋىلىنىپ قالغانىدى. ئۇ بىر كونسېرۋا قۇتىسىنى ئالدى، ئاندىن تەخسە ئىزدىدى. ئاران دېگەندە تەخسىنىڭ پۇچۇقىدىن بىرنى تاپتى. بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كارىدورنىڭ پەشتىقىدا ئولتۇردى.

ئۇ ئىككىسى ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. دەنۋېرنى پەسكە تاشلاپ قويۇپ، يېنىك قەدەملەر بىلەن، تېنەپ ـ تەمتىرىمەستىن ئاق پەلەمپەي بىلەن چىقىپ كەتتى. دەنۋېر قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. قۇتىنىڭ ئاغزىدا رەخت، رەختنىڭ ئاستىدا نېپىز بىر قەۋەت موم بار ئىدى. ئۇ ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ، مېۋە كونسېرۋاسىنى پۇچۇق تەخسىگە تۆكتى. بىر تال بولكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى قارا ـ قۇرا قاسىراقلارنى چىقىرىۋەتتى. ئاپپاق ۋە يۇپيۇمىلاق بولكىدىن پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئاكىلىرىنى ئەسلىدى. بۇگلار بىلەن خوۋارد ھازىر ئايرىم ـ ئايرىم يىگىرمە ئىككى ۋە يىگىرمە ئۈچ ياشلاردا. ئۇنىڭ قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان مەزگىلدە (ساۋاقداشلىرى دەنۋېردىن سېسنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن مۇناسىۋەتتى بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ تۇرۇۋالدى. ئاپىسىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى

ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماي قۇلىقى تەبىئىيلا ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. كېيىن ئالۋاستىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن قۇلىقى ساقىيىپ قالدى) ئاكىلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغان، ئۈستۈنكى كارىۋاتنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن بەرگەنىدى. ئاشۇ مەنزىرە ھېلىغىچە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ: ئۇلار ئاق رەڭلىك پەلەمپەيدە غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرغان، دەنۋېر خوۋاردىنىڭ ياكى بوگلارنىڭ تىزى ئارىسىدا. شۇ چاغدا ئاكىلىرى كۆپلىگەن «پىرىخون ئۆلتۈرۈش» ھېكايىلىرىنى توقۇپ چىقىپ، ئىشىنىشكە بولىدىغان ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پىرىخون ئۆلتۈرەتتى (دەنۋېر ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى سېستىن ناھايىتى قورقاتتى، ئۇنى مەخسۇس كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرىدىغان پېرىخون، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى). دەنۋېر بېيىبىي ساگىسىنىڭ ياتاق ئۆيدە ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسىنى ئېسىگە ئالدى. مومىسى كۈندۈزدە دۇب دەرىخى قوۋزىقىنىڭ، كېچىسى دۇب دەرىخى يوپۇرمىقىنىڭ پۇرىقىنى سېزەتتىكەن. ئاكىلىرى ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەنۋېر مومىسىنىڭ بۇ كونا ئۆيدە ئۇخلىماس بولغانىدى.

ئۇنىڭ ئاپىسى ھازىر ئاشۇ ئەركىشى بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتتە. بۇ ناتونۇش ئەر كىشى ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھىنى قوغلىۋەتتى. دەنۋېر كىچىك بىر پارچە بولكىنى مۇرابباغا مىلىدى، ئالدىرىماي چايناپ، ئاستا - ئاستا، ھەسرەتلىك ھالدا يەپ تۈگىتىۋەتتى.

سىپس بىلەن پائۇل . D ئالدىراپىمۇ كەتمەي، ۋاقىتتىنى قىلچىمۇ ئىسراپ قىلماي ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقماقتا. پائۇل . D سىپسنىڭ ئۆيىنى ۋە سىپسنى تولىمۇ ئوچۇقلۇق تىپىۋالدى، يەنە تېخى ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشماقچى. پائۇل . D نىڭ كاللىسى پۇتۇنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتتى، خاتىرىسىدىكى يىگىرمە بەش يىللىق ئەسلىمىلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. پائۇل . D دىن بىر باسقۇچ ئالدىدا پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنى بېيىبىي ساگىسىنىڭ ئورنىغا كەلگەن قىز ئىدى. باشقىلارنى كېچىلىرى شېرىن خىيالدا تولغىنىپ، تاڭ ئاتقاندا ئاچچىقىنى ئىنەكتىن ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان، بىر يىل ساقلاتقان قىز شۇ ئىدى. پائۇل . D ئۇنىڭ چويۇندەك قېتىپ كەتكەن دۇمبىلىرىنى سۆيۈۋاتقاندا ئۆي تەۋرەپ كېتىپ، ئۆينى تەۋرىتىۋاتقان نەرسىنى ئۇرۇپ پارە - پارە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدىلىكتە ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلماقچى.

سىپس ئۇنى ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقتى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسى تامغا ئەمەس، ئۆينىڭ يانتۇ تورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن، كۈن نۇرى ئۆي ئىچىگە بىۋاستە چۈشۈپ تۇراتتى. ئىككىنچى قەۋەتتە ئىككى ئېغىز ئۆي بار ئىدى. سىپس ئۇنى بىرىگە باشلاپ ئەكىردى، ئالدىن تەييارلىق قىلىۋالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ خاپا بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. گەرچە ئۇ ھېسسىياتىنى قوزغىتالايدىغان

بولسىمۇ، لېكىن ھېسسىياتلىنىشنىڭ قانداق رولى بارلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. پۇت ـ قوللىرى جانسىز، ھېس ـ تۇيغۇلىرى قالايمىقان، كۆزىگە ياتقىلى بولغۇدەك يەردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئىشىكنىڭ تۇتقۇچى، كەمەر، ئىلمەك، بۇلۇڭدا تۇگۇلۇپ تۇرغان نادامەت، ئۆتۈۋاتقان ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بولۇۋاتقان ئىشلارغا توسالغۇ بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئىككىسى كىيىملىرىنى تولۇق سېلىپ بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئىشنى تۈگەتتى، ھەر ئىككىسى يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ھاسىرىغىنىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى، بىر ـ بىرىگە، ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان نۇرغا نەپرەتلەنمەكتە ئىدى. پائۇل . D نىڭ سېنى ئارزۇ قىلىپ يۈرۈشى تولىمۇ ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. سېس بولسا ئارزۇ قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. ئەمدىلىكتە ھەر ئىككىلىسى ئازابلاندى، بىر ـ بىرى بىلەن گەپلىشىشتىنمۇ خىجىل بولدى.

سېس بېشىنى ئۇنىڭدىن بۇراپ ئۆگدىسىغا ياتتى. پائۇل . D نىڭ كۆزى سېسنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكسىگە چۈشكىنىدە بىئارام بولۇپ كەتتى. ئاستىنقى قەۋەتتە پائۇل . D نىڭ قوللىرى سېسنىڭ كۆكسىنى بەئەينى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى تۇتۇۋاتقاندەك تەرزدە سىلىغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ھەم دۆگىلەك، ھەم يۇمىلاق بۇ نەرسىلەرگە پائۇل . D نىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئاشخانىدا رۇدىلار ئارىسىدىن ئالتۇن ئىزدەۋاتقاندەك ئۆزىنى سۇركىگەن چويۇندەك سىرلىق قەسىر ئەمەلىيەتتە كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرىدىغان سەت تارتۇقلار ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ سېسنىڭ دېگىنىدەك ئاللىقانداق بىر دەرەخكە ئوخشىمايتتى. بەلكىم شەكلى ئوخشىشى مۇمكىن، لېكىن پائۇل . D ھازىرغىچە ئۇچراتقان دەرەخلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. چۈنكى، ئۇ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى دوستانە، ئىشەنسىگىز بولاتتى،

خالىسىڭىز ئۇلارغا يېقىن بىرىپ كۆڭلىڭىزدىكى گەپلىرىڭىزنى دىيىسىڭىز بولاتتى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى «شىرىن ئۆي» نىڭ ئىچىزلىقىدا چۇشلۇك تاماق يەيدىغان چاغلاردا، پائۇل . D ھەر دائىم شۇنداق قىلاتتى. ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ئوخشاش بىر جايدىلا بولاتتى، جاي تاللىماقمۇ تەسكە چۇشەتتى. چۇنكى «شىرىن ئۆي»نىڭ ئەتراپىدىكى چىرايلىق دەرەخلەر باشقا ھەرقانداق ئىككىنزارلىقلارغا قارىغاندا كۆپ ئىدى. ئۇ ئۆزى تاللىغان دەرەخنى «بۇرادەر» دەپ ئاتايتتى. دەرەخنىڭ ئاستىدا بەزىدە ئۆزى يالغۇز، بەزىدە خاللى ۋە باشقا پائۇللار بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا سىپسىنىڭ دۇمبىسىگە يىپىشقاندىكىدىنمۇ مۇلايىم ھالدا دەرەخكە يۆلىنىپ سىكسو بىلەن مۇڭدىشاتتى. ئۆڭى قارا كۆك كەلگەن سىكسونىڭ تىللىرى قىپقىزىل ئىدى. ئۇ كىچىلىرى بەرەڭگە قاقلاپ پىشۇرۇپ تەجرىبە قىلاتتى. قىزىپ، پۇرقىراپ ئىس چىقىۋاتقان تاشنى قانداق ۋاقىتتا ئورەككە سېلىپ، ئۈستىنى شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ئوراپ، بەرەڭگە بىلەن قوشۇپ مەھكەم چۇمكىۋەتسە بولىدىغانلىقىنى مەشىق قىلاتتى. بۇنداق بولغاندا، ئۇلار مال ـ چارۋىلارنى باغلاپ قويۇپ، ئىچىزلىقتىن ئايرىلىپ «بۇرادىرى»نىڭ يىنىغا كېلىپ، ئارام ئالغاچ تامىقىنى يەپ قايتقاندا، بەرەڭگىلەر پىشىپ تەييار بولۇپ تۇرۇشقا پايدىسى بار ئىدى. سىكسو بەزى چاغلاردا يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، بىر ھازا يول مېڭىپ بەرەڭگە كۆمىدىغان يەرگە باراتتى ـ دە، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئاستىدا ئورەك كولاشقا كىرىشىپ كېتەتتى. تاشنى بەكمۇ قىزىتىۋەتمەستىنلا، تامىقىنى يەپ بولۇپ ئىككىنچى كۈنىنىڭ بەرەڭگىلىرىنى كۆمۇشكە باشلايتتى. ئۇ دائىملا ۋاقىتنى خاتا ھېسابلاپ قوياتتى. بىراق، ئۇلار پىشماي قالغان، كۆيۈپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بەرەڭگىلەرنى كۆلۈشۈپ تۇرۇپ يېيىشەتتى. بىر تەرەپتىن قۇسۇپ، بىر تەرەپتىن سىكسوغا ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بىرەتتى.

ۋاقىت ئەزەلدىن سىكسوننىڭ پەرەز قىلغىنى بويىچە ماڭمىغانلىقتىن، ئۇ دائىم ۋاقىتنى خاتا ھېسابلاپ قوياتتى. بىر قېتىم ئۇ ۋاقىتنى بارمىقى بىلەن سانىغاچ ئوتتۇز ئىنگلىز مىل مېڭىپ بىر قىزنى كۆرگىلى بارغاندا ۋاقىتنى مىنۇت ـ سېكۇنتقىچە ھېسابلىغانىدى. ئۇ بىر شەنبە كۈنى ئاي چىقىپ بەلگىلەنگەن جايغا كەلگەندە يولغا چىقتى، يەكشەنبە كۈنى قىزچاقنىڭ چېركاۋنىڭ ئالدىغا جايلاشقان ئۆيىگە يېتىپ باردى. قىزغا پەقەتلا «خەيرلىك سەھەر» دېگۈچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا دەرھال كەينىگە قايتتى. دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى ئېتىزلىقتا ئىلىپ بېرىلىدىغان يوقلىمىغا ئۈلگۈرۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئون يەتتە سائەت يول مېڭىپ بىر سائەت ئولتۇردى، ئاندىن كەينىگە قايتىپ يەنە ئون يەتتە سائەت يول يۈردى. خاللى ۋە پائۇللار پۈتۈن بىر كۈن ئىچىدە سىكسوننىڭ مۈگدەپ قالغانلىقىنى گارنېر ئەپەندىدىن يوشۇرۇپ يۈردى. شۇ كۈنى ئۇلار بەرەڭگىمۇ يېيەلمىدى، تاتلىقياڭيۇمۇ يېيەلمىدى. تاماق ۋاقتى بولغاندا سىكسو «بۇرادەر»نىڭ يېنىدا قىپقىزىل تىللىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرغىنىچە، چىرايى ھېچبىر ئىپادىسىز ھالدا ئۆلۈك يولۋاستەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئۇخلاپ ياتتى. ئەمدى بۇ يەردە بىر ئەر كىشى ۋە بىر تۈپ دەرەخ بار. كارىۋاتتا ياتقىنى پائۇل . D، ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان بىر تۈپ «دەرەخ» نېمىگە ئەرزىيتتى.

پائۇل . D ئىككى قولىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ، پۈتىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان تورۇستىكى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ياتتى. ئۇنىڭ جەينىكى سېسىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇلۇپ كەتتى، بىر پارچە رەخت سېسىنىڭ مۈرىسىگە سۈركەلدى. سېس قورقۇپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىكىنى سېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. كاساپەت، ئۇ ئۆزىگىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ كۆڭلىكىنى سېلىشقا ۋاقىت بەرمىگەنلىكىنى ئويلىدى. بىراق، سېس كارىدور ئالدىدا ئۇنى كۆرۈشتىن ئىلگىرىلا كىيىملىرىنى

سىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. پايپىقى قولىدا، كىيىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن. ئاندىن پائۇل . D سېسىنىڭ ھۆل پۇتلىرىغا نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى، سېس تاماق ئېيتىۋاتقاندا سېسىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشە ــ كۆرۈشمەيلا بۇنچىلىك تېزلىك بىلەن كىيىم سېلىشقىنىنى ئويلىغاندا، ئۇلار بۇ چاغقىچە كىيىملىرىنى پاك ــ پاكىز سېلىپ بولغان بولسا توغرا بولاتتى. ئەركىشى دېگەن يەنىلا ئەر كىشى ــ دە. بېيبىي ساگىس دائىملا شۇنداق دەيتتى. ئۇلار سىزنى چوڭ ۋەزىپىلىرىڭىزدىن بىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۆزىڭىزنى شۇنچىلىك ياش، ئوماق ھېس قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئۇلار سىزنىڭ يارىڭىزنى ۋە ئازابلىق ھېس ــ تۇيغۇلىرىڭىزنى تەتقىق قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئىشتىن ئىلگىرى پائۇل . D بايىقىدەك قىلدى: بالىسىنى قوغلىۋەتتى، پۈتۈن ئۆيىنى ئوڭدا ــ دۈمدە قىلىۋەتتى.

سېس ئەمدى كارىۋاتتىن تۇرۇپ، پەستىكى نەرسىلەرنى جايلاشتۇرۇشى كېرەك. پائۇل . D سېسقا بۇ ئۆيدىن ئايرىلىشنى ئېيتمىۋاتىدۇ. بۇ شۇنچىۋالا ئاسان ئىشتەك. بۇ دېگەن بىر ئۆي تۇرسا، خالىغان ۋاقىتتا خەققە بېرىۋېتىمدىغان ياكى قولدىن چىقىرىۋەتسە كارايىتى چاغلىق بولغان كۆڭلەك ياكى يىپ ــ يىڭنە سېۋەتتى ئەمەس ــ دە. بىراق، سېسىنىڭ تېخى ئۆزىنىڭ ھېسابلانمايدىغان بۇ ئۆيدىن بۆلەك ھېچنېمىسى يوق. ئۇنىڭ ئاشۇ زېمىندىن ئايرىلىشى مۇشۇ ئۆيگە كىرىشى ئۈچۈن بولغان تۇرسا. ئۇ ھەر كۈنى گارنېر خانىمنىڭ ئاشخانىسىغا بىر باغلام تېكىساقالنى ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئاشخانىدا ئىشلىيەلەيتتى. شۇندىلا ئاشخانىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى كۆرۈشنى ئويلايتتى. رەزىللىككىلەردىن نېرىراق تۇرۇش ئۈچۈن، ئاشۇنىڭدەك چىرايلىق گۈل ــ

گىياھلارنى ئۈزۈپ يېنىغا ئېلىۋالغان چاغدىلا، ئۇ جايىنىڭ «شېرىن ئۆي»لىكىنى ھېس قىلالايتتى. ئۇ گۈل ئۈزۈشنى ئۇنتۇپ قالغان كۈنلىرى بىر بولسا قايماق يەتكۈزۈپ بېرىلمەيتتى، بىر بولسا چېلەكتىكى تۇزلۇق سۇ ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن سۇلۇق قاپارتما ئۆرلىتىۋېتەتتى.

ھېچبولمىغاندىمۇ قارىماققا شۇنداقراق كۆرۈنەتتى. ئۈستەل ئۈستىگە بىر نەچچە باغلام گۈل قويۇلغان. تۇتقۇچىغا قىزىل پۆپۈك باغلانغا دەزمال سېسىنىڭ سالقىنىداش ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپ، سالقىن ھاۋادىن ھۇزۇر ئېلىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. بۇنداق بولغاندا، ئۇ گارنېر خانىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چوشقا تۈكى يۇڭدىغان ياكى سىياھ ياسىغاندا ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا يىراقتىكى ئەرلەردىن قورقمايتتى. بەش ئەر سېسقا يېقىنلا يەردە ئۇخلايتتى، لېكىن ئاخشاملىرى ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەيتتى. ئۇلار سېسنى كۆرگىنىدە كونا شلەپىلىرىنى قولى بىلەن بېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىشاتتى. سېس ئېتىزلىقتا تاماق توشۇغاندا، ئۇلارغا پاكىز لاتىغا ئورالغان چوشقا پاچىقى ۋە بولكا ئاپارغاندا، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ھەرگىزمۇ بىۋاستە سېسنىڭ قولىدىن ئالمايتتى. ئۇلار يىراقتىراق تۇرۇپ سېسنىڭ بوغچىنى يەرگە قويۇپ قويۇپ كېتىپ قېلىشىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بىر بولسا سېسنىڭ قولىدىن نەرسە ئېلىشنى خالىمايتتى، بىر بولسا ئۆزىنىڭ تاماق يەۋاتقاندىكى تۇرقىنى سېسقا كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. سېس ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۈچقات دەرىخىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ، ئۇلارنى ئوغرىلىقچە كۆزەتكەنىدى. سېس يوق چاغدا ئۇلار باشقىچىلا ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالاتتى، قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ، سۈرەن سېلىشاتتى، خالىغان يەرگە تەرەت قىلىشاتتى، ناخشا توللىشاتتى. سېكسودىن باشقا ھەممىسى شۇنداق قىلىشاتتى. سېكسو ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم ــ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىسىدىلا قاقاھلاپ كۈلۈپ باققانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

ئەڭ ياخشىسى بىبىي ساگىسنىڭ سەككىزىنچى — ئەڭ كىچىك ئوغلى خاللى ئىدى. ئۇ ئاپىسىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈنلا ناھىيەگە بېرىپ ھەممە يەردىن ئىش تېپىپ قىلاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇمۇ ئوخشاش، بىر ئەركىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«ئەر كىشى دېگەن پەقەتلا ئەر كىشى، خالاس، — دەيتتى بىبىي ساگىس، — بىراق بىر ئوغۇل بالىچۇ؟ شۇنداق، ئۇ ھەقىقىي قەھرىمان».

بىبىي ساگىسنىڭ بۇنداق دېيىشىدە ناھايىتى نۇرغۇن سەۋەب بار ئىدى. سېسقا نىسبەتەنمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. ئەر - ئايال ھەممىسى شاھماتنىڭ ئۇرۇقلىرىدەك باشقىلار تەرىپىدىن كونترول قىلىناتتى. بىبىي ساگىسنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىلا ئەمەس، ئۇ تونۇيدىغان بارلىق كىشىلەر ئىجارىگە بېرىلەتتى، ئۆتنە بېرىلەتتى، سېتىلاتتى، ئالماشتۇرۇلاتتى، زاپاس ساقلاپ قويۇلاتتى، گۆرۈگە قويۇلاتتى، ئۇتتۇرۇلاتتى، بۇلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن، بىبىي ساگىسنىڭ سەككىز بالىسى ئالتە دادىدىن بولغانىدى. ئۇ شۇنى بايقاپ بەكمۇ چۆچۈپ كەتكەنىدى: ئۆزلىرىنىڭ شاھمات ئۇرۇقى بولۇشىغا خاتىمە بېرىشنى، شاھمات تاختىسىنىڭ يىغىشتۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى ھېچكىم ئويلاپمۇ باقمايتتى، ئۇنىڭبالىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. مانا مۇشۇ ئىش ئۇ تىلغا ئالىدىغان ئىپلاسلىق ئىدى. ئۇ خاللىنى يېنىدا ھەممىدىن ئۇزاق ئېلىپ قالالىدى. يىگىرمە يىل. بىر ئۆمۈر. شۇبھىسىزكى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن تولۇقلىما ئىدى. سېسىنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىشىچە، ئۇنىڭ تېخى ئىككىنچى قېتىملىق چىشى ئالمىشىش يېشىغا توشمىغان ئىككى قىزى سېتىۋېتىلگەنىكەن، شۇ چاغدا بىبىي ساگىس قىزلىرىغا خوشمۇ دېيەلمىگەنىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تولۇقلىما. چۈنكى، ئۇ بىر ئىشبېشى بىلەن تۆت ئاي بىرگە تۇرۇش بەدىلىگە ئۇ ئۈچ بالىسىنى يېنىدا ئېلىپ قېلىشقا پۈتۈشكەن. كىم بىلسۇن، ئىشبېشى كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ياغاچقا تېگىشىۋېتىلدى.

ھېلىقى ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان كاززاپ ئەبلەخ بولسا ئۇنىڭ قورسىقىنى يەنە تويمايتتىپ قويدى. بىچارە ساگىس ئۇ بالىنى ياخشى كۆرسە بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا بالىلىرىنىمۇ ياخشى كۆرەلمەيتتى.

«تەگرى كىمنى ئېلىپ كېتىشنى ئىرادە قىلغان بولسا شۇنى ئېلىپ كېتىدۇ،» دەيتتى ئۇ. تەگرى بالىلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ كېتىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا خالىنى بەردى. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا خالىنى بېرىلگەندە ئۇنىڭ قىلچىلىكمۇ ئەركىنلىكى يوق ئىدى.

سېپ چەكسىز بەختلىك ھالدا ھېلىقى «قەھرىمان» ئوغۇل خاللى بىلەن تولۇق ئالتە يىل ئۆي تۇتتى، ھەربىر بالىسىنى ئۇنىڭغىلا تۇغۇپ بەردى. ئۇ ئېرەنسىز ھالدا بەخت ئۆزىگە بىر ئۆمۈر قۇچاق ئاچىدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن «شېرىن ئۆي» ئىسمى - جىسمىغا لايىق شېرىنىدەك بىلىنەتتى. تۇتقۇچىغا قىزىل مىرتا چاتقىلى باغلانغان دەزمالنى ئاق تەنلىك خوتۇنىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇتۇپ تۇرسىلا، ئاشخانا ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى؛ ئاغزىدىكى يالپۇز نەپەس ھىدىنى ۋە ئېغىزدىكى پۇراقنى يوقىتىدۇ دەپ ئويلايتتى. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر ھاماقەتلىك بولسۇنمۇ.

سېپ ئۆرۈلۈپ دۆم ياتماقچى بولدى - يۇ، بۇنداق قىلماسلىقنى لايىق كۆردى. ئۇ يەنە بىر قېتىم پائۇل D نىڭ دىققىتىنى تارتىشنى خالىمىدى. شۇڭا، ئىككى پاچىقىنى جۈپلىۋالدى.

بىراق، پائۇل D بۇ ھەرىكەتنى ۋە ئۇنىڭ نەپىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بايقىۋالدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى، ئەمدى ئاستىراق كېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ھېسسىياتى كەلمەي قويدى. ئەمەلىيەتتە، سېسقا ھاجىتى چۈشمەسلىك ناھايىتى ياخشى ئىش ئىدى. يىگىرمە بەش يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ قېتىمدا سېكسو بۇلار قىلغاندەك ئىشنى قىلماقچى بولغانىدى.

شۇ قېتىم ئۇ «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» پەتىسى بىلەن ئۈچرىششقا دېيىشىپ قويدى. ئۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىككى قېتىم ئوتتۇز چاقىرىم يول بېسىپ، ئۇ قىزنى ئاران دېگەندە يولنىڭ ئۈچتىن بىرىگىچە بولغان، سېكسو بىلىدىغان جايغا كەلگەچ تۇرۇشقا كۆندۈردى. ئۇ جاي تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تاشلاندۇق قۇرۇلۇش ئىدى. قىزىل تەنلىك كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، بۇ جاي ئۇلارغا تەۋە ۋاقىتتا ئۇلار مۇشۇ قۇرۇلۇشنى ئىشلەتكەنىكەن. سېكسو بۇ قۇرۇلۇشنى تۇنجى قېتىم يىرىم كېچىدە بۇ ياققا كېلىشىدە بايقىغان چاغدا قۇرۇلۇشتىن كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ئۆي ئىچىدە قىزىل تەنلىكەرنىڭ ئەرۋاھلىرى سەزگۈرلۈك بىلەن ئۈچۈشۈپ يۈرەتتى. سېكسو قۇرۇلۇشتىن ئۇنىڭ ئىچىگە ئايال كىشىنى باشلاپ كىرسە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق يوليورۇق سورىدى. قۇرۇلۇش ماقۇل بولدى. سېكسو ئۇ يەرگە قانداق بارىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىسقىرىقىنى قانداق پەرقلەندۇرۇشنى قىزغا بەكمۇ تەستە ئۆگەتتى. ھېچكىمگە قېچىپ چىقىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئون تۆت ياشلىق قىزچاقنىڭ چاي ئىچۈرۈپ قويغان لايىقى بولغانلىقتىن، بۇ ئىشنىڭ خەتىرى بەكمۇ چوڭ ئىدى. سېكسو يېتىپ كەلگىنىدە قىزچاق تېخى كەلمىگەنىكەن. ئۇ ئىسقىرىتتى، قىزچاقتىن ھېچقانداق سادا بولمىدى. ئۇ قىزىل تەنلىكلەردىن قالغان تاشلاندۇق ئۆيگە كىردى. قىزچاق بۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. ئۇ كۆرۈشمەكچى بولغان جايغا قايتتى، قىزچاق بۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. يەنە بىر ئاز كۈتتى، قىزچاقتىن يەنىلا شەپە بولمىدى. ئۇ قورققىنىدىن جان - پېنى چىقايلا دەپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، قىزچاق كېلىدىغان تەرەپكە قاراپ چوڭ يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۈچ - تۆت چاقىرىم مېڭىپ قەدىمىنى توختاتتى. يەنە ئازراق مېڭىپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا

ھېچقانداق شەپە بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شاماللىق يولدا تۇرۇپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى. قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىغاندىن كېيىن، يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. تاشلاندۇق ئۆي تەرەپكە بۇرىلىپ يەنە تىڭشىدى. يىغلىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. ئۇ ئەمدى زەن سېلىپ تىڭشاشتىن توختاپ، قىزچاقنىڭ ئىسمىنى بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى. قىزچاقنىڭ جاۋاب بەرگەن ئاۋازى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆلۈم ئەمەس، ھاياتلىقتەك بىلىنىپ كەتتى.

— مىدىرلىماڭ! كۆچەپ نەپەس ئېلىڭ، سىزنى تاپالايمەن.

ئۇ قىزچاقنى تاپتى. قىزچاق شۇ يەرنى كۆرۈشۈشكە پۈتۈشكەن جاي دەپ ئويلاپ، ساقلاپ ـ ساقلاپ، ئۇ كەلمىگەنلىكتىن، ئۇنى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى، دەپ يىغلاۋاتاتتى. ئەمدى بولغاندا تاشلاندۇق ئۆيگە قايتىپ بېرىپ مەخپىي ئۇچرىشىشقا ۋاقىت يار بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار شۇ يەردىلا ئىشنى باشلىۋەتتى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن سىكسو قىزچاقنىڭ پاچىقىنى يىلان چېقىۋالغاندەك كۆرۈنىسۇن دەپ يارىلاندۇرۇپ قويدى. بۇنداق بولغاندا، قىزچاق ۋاقىتىدا بېرىپ كۆك تاماكىغا ئولاشقان ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرەلمىگىنىگە پاچىقىدىكى شۇ يارىنى باھانە قىلالايتتى. سىكسو قىزچاققا ئېرىقنى بويلاپ يېقىن يول بىلەن قايتىشنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇردى. يولغا چىققان ۋاقىتتا تاڭ خېلىلا سۈزۈلۈپ قالغانىدى. سىكسو كىيىملىرىنى قولىغا ئېلىۋالدى. تۇساتتىن، يولنىڭ ئەگمىسىدىن بىر يوغان ھارۋا ئۇنىڭغا قاراپ گۈركىرەپ كەلدى. ھارۋىكەشنىڭ ئۆڭسۈلىدە قان دىدارى يوق، قولىدا قامچا تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئايال تېزلىك بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. بىراق، قامچا سىكسونىڭ قارا كۆك كاسىسىغا تېگىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئۆزىنى ئورمانغا ئاتتى.

سىكسو بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ پائۇل . F، خاللى، پائۇل . A ۋە پائۇل . D لارغا ئېيتىپ

بېرىپ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتتى. سىكسو كېچىدە ئورمانغا ئۇسسۇل ئوينىغىلى بارغانلىقىنى، ئۆز پۇشتىنىڭ، چىرىغىنى يورۇتىدىغان ئەۋلادىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى ئۈچۈن بارغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ ئىشنى يالغۇز بېرىپ مەخپىي بېجىرىپ كەلدى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى باشقىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سىكسونىڭ ئىشلىرى سىكسونى كۈپكۈندۈزدە، بىخەتەر ۋاقىتتا مازاق قىلىشىغا تۇتۇرۇق بولۇپ بەردى.

بۇ ئىش سىكسو كەلگۈسى ئىستىقبالى يوق دەپ قاراپ، ئىنگلىزچە سۆزلەشنى توختىتىشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەنىدى. «ئوتتۇز ئىنگلىز مىللىق قىزچاق» بولغاچقىلا، سىكسو سېسقا ئۈمىدلىنىپ باغرى كاۋاپ بولمىغان بىردىنبىر كىشى ئىدى. يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى پائۇل . D سېس بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىنمۇ لەززەتلىك بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىۋالا ئەخمەقلىقىدىن قاقاھلاپ كۈلگۈسى كەلدى. بەدىنىنى بۇراپ سېسقا يۈزلەنگىنىدە، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۈچىغا چىققان ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. سېس نۇرلۇق كۆزلىرى يۇمۇلغان، چاچلىرى پاخپايغان ھالەتتە ئىدى، چىرايىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شۇنچە يىلدىن بېرى پائۇل . D نىڭ باغرىنى كاۋاپ قىلىپ، ئارماندا قويۇۋاتقان نەرسە سېسنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدەك قىلاتتى. ئاشۇ نۇرلۇق كۆزلەر بولمىغىنىدا، سېسنىڭ چىرايى كونتروللۇقى پائۇل. D نىڭ قولىدا بولغان ئىتائەتمەن چىرايدەك كۆرۈنمەكتە. ناۋادا سېسنىڭ كۆزلىرى داۋاملىق ھازىرقىدەك يۇمۇقلۇق تۇرغان بولسا... بەلكىم ئۇ... ياق، ئۇنىڭ يەنە شۇنداق چىرايلىق لەۋلىرى بار ئەمەسمۇ. خاللى ئۆزىنىڭ نېمىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغىنىنى ئەسلا بىلمەپتۇ.

كۆزلىرى يۇمۇقلۇق بولسىمۇ، سېس ئۇنىڭ ئۆزىنى

كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر كۆرۈنۈش زاھىر بولدى: ئۇ قارىماققا نېمىدېگەن سەت. بىراق، پائۇل . D نىڭ قاراشلىرىدا ئازراقمۇ مەسخىرە يوق. ئۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن — ئىنتىلىش ھېسسىياتىدىكى مۇلايىملىق بىلەن سېسقا نەزەر سالماقتا. ئۇ سېسنى باھالاۋاتقىنى يوق، باھالىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى باشقا خوتۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتقىنى يوق. خاللىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەر كىشى ئۇنىڭغا بۇنداق نەزەردە قاراپ باققان ئەمەس. ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئەمەس، ھېسسىياتلىنىپ كېتىۋاتقانلىقتىنمۇ ئەمەس، بەلكى قىزىقىش سەۋەبىدىن بەئەينى بىر باش قوناقنىڭ سۈپىتىنى باھالاۋاتقاندىكىدەك نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قارىماقتا. خاللىنى ئېرىم دېگەندىن كۆرە، قېرىندىشىغا ئوخشاتقان تۈزۈك. بىر ئەر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەرگە نىسبەتەن، خاللىنىڭ مېھرىبانلىقى قان ـ قېرىنداشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ھېسسىيات سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. نەچچە يىللار مابەينىدە ئۇلار بىر ـ بىرىنى پەقەت يەكشەنبە كۈنى كۈندۈزدىلا كۆرەلەيتتى، باشقا چاغلاردا قاراڭغۇدا گەپلىشەتتى، سىلىشاتتى ياكى تاماق يېيىشەتتى. بۇنداق ئىشلارنى سۈبھىدىن ئىلگىرىكى ياكى كۈن پاتقاندىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇقتا قىلىشاتتى. شۇڭلاشقا بىر ـ بىرىگە نەزەر سېلىش ئۇلار ئۈچۈن يەكشەنبە كۈنىنىڭ ئەتىگىنىدىكى كاتتا خۇشاللىق ھېسابلىناتتى. خاللى سېسقا تويماي قارايتى، بەئەينى ئۇنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى كۈن يورۇقىدا مېڭىسىگە مەھكەم ئورنىتىۋېلىپ، ھەپتىنىڭ باشقا كۈنلىرى ئۈچۈن سېسنىڭ چىرايىنى خاتىرىسىدە چىڭ ساقلىۋالماقچى بولغاندەك. خاللى سېسقا يەكشەنبە ئەتىگىنى پەقەت مۇشۇنچىلىكلا ۋاقىت ئاجرىتالايتتى. «شېرىن ئۆي»نىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ چۈشتىن كېيىن بولغاندا، ئاپىسىنىڭ قەرزىنى تۆلەش ئۈچۈن ئىشلىگىلى باراتتى. خاللى سېسقا توي تەلىپى قويغاندا، سېس

خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. لېكىن، ئۇ ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىشنى بىلمەيتتى. توي بولغاندىكىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ پوپ كېلىشى، ئۇسسۇل ئوينىلىشى، كىشىلەر يىغىلىشى ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە سېس بىلەن گارنېر خانىمدىن باشقا ئايال كىشى يوق. شۇڭلاشقا، ئۇ گارنېر خانىمدىن سورىماقچى بولدى.

— مەن خاللى بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، گارنېر خانىم.

— بۇ ئىشنى ئاڭلىدىم، — دېدى گارنېر خانىم، — ئۇ گارنېر ئەپەندىگە بۇ ئىشنى ئېيتىپتۇ. بويۇڭدا قالمىغاندۇ؟

— ياق، خانىم.

— ھە، سەن بىلىسەن، قانداق قىلىشنى بىلىسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خانىم.

— خاللى ياخشى ئادەم، سېس. ئۇ سېنى ياخشى ئاسرايدۇ.

— بىراق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىز توي قىلماقچى.

— بايا بۇنى دېدىڭغۇ. مەن قوشۇلدۇم.

— توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە بولامدۇ؟

گارنېر خانىم قولىدىكى چۆمۈچنى قويۇپ، بىر ھازا قاقاھلاپ كۈلدى، سېسنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سەن بەك ئوماق بالا جۇمۇ، — دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى.

سېس ئۆزىگە ئوغرىلىقچە بىر كۆڭلەك تىكىۋالدى. خاللى سالمىسىنى سېس ياتىدىغان كىچىككىنە ھۇجرىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويدى. ئۇلار ئاشۇ ھۇجرىدا — توپىلىق يەرگە سېلىنغان پاخال كۆرپىدە ئۇچىنچى قېتىم بىر - بىرىگە قوشۇلۇشتى. ئالدىنقى ئىككى قېتىملىقى گارنېر ئەپەندى ئادەم ۋە مال - چارۋىلار ئوخشاشلا ئىستېمال قىلالايدۇ، دېگەن نىيەتتە ساقلاپ قالغان بىر پارچە قوناقلىقتا بولغانىدى. سېس بىلەن خاللى

ئۆزلىرىنى ھېچكىم كۆرۈپ قالمايدىغان مەخپىي جايدا دەپ بىلەتتى. ئۇلار قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا ئەتراپتىكى ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ باشلىرىدا لەپپەڭشىپ تۇرغان قوناق شاخلىرىنى ھەممە كىشى كۆرەلەيتتى.

سېس ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ ھاماقەتلىكىدىن كۈلەتتى. ھەتتا بىر قاغا قوناق شاخلىرىنىڭ تەۋرىنىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇچۇپ كېلىپ قاراپ باقتى. سېس پۇتلىرىنى يىغىۋالدى، ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ قالدى.

«ئىنەكنى تاشلاپ قىزغا يۆتكەلگەندىن باشقا ھېچقانداق چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، — دەپ ئويلايتتى پائۇل . D، — بۇ خاللى ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا چوڭ ئۆزگىرىش ئەمەس.» سېسنىڭ ھۇجرىسى ئەمەس، ئوتتۇرۇۋەتكەن رىقابەتچىلىرىنىڭ ھۇجرىسىدىن بىرنەچچە يارد يىراقلىقتىكى قوناقلىقتا بېرىش ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئىپادىسى ئىدى. خاللى سېس بىلەن بولغان ئىشنى مەخپىي تۇتۇشنى ئويلىغان، لېكىن كىم بىلدى، بۇ ئىش ئۆز ـ ئۆزىدىن كۆرگەزمە بولۇپ بولغانىدى. ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق، تىپتىنچ بىر كۈندە قوناقلىقتىكى تاماشىنى كۆرمەي ئۆتكۈزۈۋېتىشنى كىم خالايدۇ دەيسىز؟ ئۇ، سېكسو ۋە باشقا ئىككى پائۇل «بۇرادەر» نىڭ ئاستىدا نوگاي بىلەن بېشىغا سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرى بېشى ئۇستىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان قۇدۇق سۈيىدىن نېرى ياقتىكى ئېتىزلىقتىكى قارغىش تەگكۈر قوناق شاخلىرىنىڭ لەپەڭشىشلىرىگە چۈشتى. قوناق شاخلىرىنىڭ چۈش ۋاقتىدىكى ئۇسسۇل ئويناشلىرىغا قاراپ ئىتتەك ھاسىراش... نېمىدېگەن ئازابلىق. قۇدۇق سۈيىنىڭ بېشى ئۇستىدىن سىرغىپ چۈشىشى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئوساللاشتۇرىۋەتتى.

پائۇل . D پۇشۇلدىغىنىچە باشقا ياققا ئۆرۈلدى. سېسمۇ ئۇنىڭ ئۆرۈلۈشىگە ئەگىشىپلا يېتىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋالدى.

سىپس پائۇل . D نىڭ دۇمبىسىگە قاراپ ئاشۇ نابۇت بولغان قوناق شاخلىرىنى ئەسلەپ قالدى. قوناق شاخلىرى خالىلىنىڭ دۇمبىسىگە يىقىلغان، سىپسىنىڭ قوللىرى بولسا قوناق باشاقچىلىرىنىڭ سويىپقى ۋە قوناق پۆپۈكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

قوناق پۆپۈكى نىمىدىگەن ھۇزۇرلۇق، شەربەتتى نىمىدىگەن راھەت.

ئاشۇ تاماشىنىبلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ھەسەت شۇ كۈنى كەچتىكى كۆكباش قوناق زىياپىتىدە ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. كۆكباشلار سۇندۇرۇلغان قوناق شاخلىرىدىن ئۇزۇپ كېلىنگەن؛ گارنېر ئەپەندى قوناقلارنىڭ سۇندۇرۇلۇشىدىن رەككون ئېيىقىنىڭ قوناقلىقىقا كىرگەنلىكىنى جەزم قىلىپ ئۇلگۇرگەنىدى. پائۇل . F كۆكباشلارنى ئوتتا قاقلاشقا، پائۇل . A دۇملەشكە مەسئۇل بولغانىدى. بۇ چاغدا پائۇل . D باشقا ئىككى پائۇلنىڭ تېخى ئەمدىلا دان تۇتۇشقا باشلىغان كۆكباشلارنى قانداق پىشۇرغانلىقىنى ئويلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلار چوقۇم كۆكباشلارنىڭ پۆپۈكىنى قايرىۋېتىپ تىرنىقىنى كۆكباشلارنىڭ تېگىگە سانجىغان، شۇڭىلاشقا كۆكباشلارنىڭ دانچىلىرىدىن بىرسىمۇ زايە بولماي تولۇق پىشقان. پائۇل . D مۇشۇلارنى ئويلىيالىدى.

مەھكەم ئورالغان شاخلارنىڭ ئۈستىدە ياتقان سىپس ئاستىدىكى غىچىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ جېنى قاقشاپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

بىرىنچى قەۋەت پوستى سويۇلغاندىن كېيىن، قالغىنىنىڭ تەسلىم بولىدىغىنى ئېنىق. كۆكباش تارتىنچاقلىق بىلەن دانچىلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، ئاخىر ھەممە يېرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولدى. كۆكباشنىڭ پۆپۈكى نىمىدىگەن راھەت، خۇشبۇي پۇرىقى ئەتراپقا نىمىدىگەن تېز تارقىغان.

ھەممە چىشلىرىڭىزنى ۋە ھۆل بارماقلىرىڭىزنى ئىشقا سالغان

تەقدىردىمۇ، ئاشۇ ئاددىيغىنا كۆكۈل ئېچىشنىڭ يۈرەكلىرىڭىزنى قانچىلىك دەرىجىدە ئويىنىتىۋېتىدىغانلىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيسىز.

كۆكباش پۆپۈكى نېمىدېگەن راھەت، نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ھۇزۇرلۇق، نېمىدېگەن ئەركىن.

دەڭىزنىڭ مەخپىيەتلىكى بەك شىرىن. ئىلگىرى ئۇ ئەترىنى بايقىغۇچە ئۇنىڭغا ياۋا جىراز ھەمراھ بولغان. ئەترىنىڭ بىر قۇتىسى سوۋغاتلىق ئىدى؛ يەنە بىر قۇتىسىنى ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىدىن ئوغرىلاپ چىقىپ تېرەكلىك ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان، ئاقىۋەتتە مۇز تۇتۇپ يېرىلىپ كەتتى. دەل شۇ يىلى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا قىش يېتىپ كېلىپ، ساق سەككىز ئاي داۋاملاشقانىدى. بۇ يىلمۇ ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. مىلاد بايرىمىلىق سوۋغات سۈپىتىدە ئاق تەنلىك بودۇن خانقىز دەڭىز بىلەن ئاپىسىغا بىر قۇتىدىن كولون ئەترى، ئىككى ئوغۇل بالىغا ئاپىلسىن، بېيبىي ساگىسقا يۇڭ يېپىنچا ھەدىيە قىلغانىدى. پۈتۈن دالا جەسەتلەر بىلەن تولغان ئاشۇ قېتىملىق ئۇرۇشنى ئەسلىگىنىدە دەڭىزنىڭ قىزىل يۈزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئەر كىشىنىڭكىدەك بوغۇق چىققىنىغا قارىماستىن، ئەتراپىنى بىر ئالغان گۈل - گىياھلارنىڭ ھىدىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. دەڭىز پەقەت دەرەخزارلىق ئارىسىدىلا ئۆزى يالغۇز ھۇزۇرلىنالايدۇ. 124 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ كەينىدە ئورمانغا تۇتاشقان تار بىر پارچە ئېتىز بار ئىدى. ئورماننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئېرىق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئېرىق بىلەن ئېتىزنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ ئورماننىڭ چۆرىسى دۈب دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان، چەمبەر شەكلى چىقىرىلىپ، بەش قاتار قىلىپ

تىكىلگەن بوكسىس چاتقاللىرى يەر يۈزىدىن توت ئىنگلىز چىسى كۆتۈرۈلگەندە بىر ـ بىرى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ، شىرىلداپ تۇرغان يۇمران يوپۇرماقلاردىن ئەللىك ئىنگلىز چىسى قېلىنلىقتا تام ھاسىل بولۇپ، ئېگىزلىكى يەتتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يۇمىلاق شەكىللىك ئىچى بوش ئالچۇقنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

دەنۋېر بۇ ئالچۇقتا ئېگىشىپ تۇرۇپ كىرەلەيدۇ. ئالچۇقتا كىرىپ بولغاندىن كېيىن زۇمرەتتەك، كۆپكۆك نۇر ئىچىدە قەددىنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرالايدۇ.

دەنۋېرنىڭ ئىستەكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دەسلەپىدە بۇ كىچىك قىزچاقنىڭ ئويۇنچۇق ئۆيى بولغان بۇ ئالچۇقنىڭمۇ رولى ئۆزگەرگەنىدى. دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان ئەتىرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ يېتىپ كېلىپ، ئاخىرىدا ھوشسىزلىنىپ كەتكەن توشقانچاقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ جاي ناھايىتى تىنچ ۋە خىلۋەت. دەسلەپىدە بۇ بىر ئويۇنخانا ئىدى(بۇ جاي باشقا ھەرقانداق جايدىن خىلۋەت)، كېيىن بۇ ئالچۇق دەنۋېرنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ۋەھىمىدىن پاناھلىنىدىغان پاناھگاھى بولدى، ئاندىن دەنۋېرنىڭ دائىم كېلىدىغان جايى بولۇپ قالدى. سالقىن ئالچۇق، ئەلەملىك دۇنيانىڭ جاراھەتلىرىدىن چېگرا ئايرىغان. دەنۋېر ئالچۇقنىڭ ئېچىرقاشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ يەيدىغان نەرسىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقتى. دەنۋېر تەرەپ ـ تەرەپتىن غېرىبلىق چۇلغىۋالغان بۇ جايغا سەۋدالارچە ئاشىق. كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ياپيېشىل تاملارنىڭ دالدا بولۇشى ۋە قوغدىشى ئاستىدا، ئۇ ئۆزىنى پىشىپ يېتىلگەندەك، سەگەك ھېس قىلىدۇ. قۇتۇلۇش ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدەك ئاسانلا يېتىپ كېلىدىغاندەك بىلىنىدۇ.

پائۇل . D كۆچۈپ كېلىپ ئايىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرىكى كۈز پەسلى. ئورماندا توساتتىن چىققان شامال ئەتىر سېپىلگەن تېرىلىرىنى سىيپاپ

ئۆتۈپ دەنۋېرنى توڭلىتىۋەتتى. ئۇ كېيىمنى يېپىنچاقلاپ، بېلىنى ئەگكىنىچە ئالچۇقتىن چىققىنىدا، تېشىدا قار يېغىۋاتاتتى، ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. بۇ مەنزىرە ئاپىسى ئۇنىڭغا تەسۋىرلەپ بەرگەن، دەنۋېرنىڭ چاپما قېيىق ئۈستىدە تۇغۇلغىنىدىكى مەنزىرىگە ئوخشايتتى. قېيىق ئۈستىدە پۇتىنى ئالماپ تۇرغان ئاشۇ ئاق تەنلىك قىز دەنۋېرغا ئىسىم قويغانىدى.

دەنۋېر دىرىلداپ تىترىگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، ئۆينى قۇرۇلۇش سۈپىتىدە ئەمەس، يىغلاپ، تىترەپ ئاھ ئۇرۇپ، دائىملا چېچىلىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم سۈپىتىدە كۆرەتتى. ئۇنىڭ قەدەملىرىمۇ نەزەر سېلىشلىرىغا ئوخشاشلا ئېھتىياتچان. ئۇنىڭ ھالىتى بەئەينى ناھايىتى گاڭگۇن، بىكارتەلەپ تۇغقىنىغا يېقىنلىشىۋاتقان كىچىك بالىنىڭ ئۆزى. تۈن پەردىسى دېرىزىنىڭ بىر قانىتىدىن باشقا ھەممە جاينى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. بېيىبىي ساگىسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىدىن خىرە نۇر پارلاپ تۇراتتى. دەنۋېر دېرىزە ئالدىغا بېرىپ قارىدى، ئاپىسى ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. بۇ ناھايىتى نورمال ئىش (بولۇپمۇ ئەرۋاھ ماكان تۇتۇپ، خالىغانچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بىر قىزچاققا نىسبەتەن)، نورمال بولمىغىنى، بىر ئاق كۆڭلەكنىڭ ئاپىسىنىڭ يېنىدا بىر يېڭى بىلەن ئۇنىڭ بېلىنى تۇتۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشى ئىدى. ئاپىسىنى مۇلايىملىق بىلەن تۇتۇپ تۇرغان كۆڭلەكنىڭ يېڭى سېپىقا ئۆزى تۇغۇلغاندىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەتتى. بايا دەنۋېرنىڭ پۇتى ئاستىدا تۇرغان، ئۇچقۇنلاپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى باراقسان چېچەكلەپ، پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن مېۋىلەرگە ئوخشايتتى. ئاپىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان كۆڭلەك — ئاپىسى ئۇنى، ئۇ ئاپىسىنى يۆلەپ تۇرغان. بويىغا يەتكەن بىر جۈپ قىزغا ئوخشايتتى. دەنۋېرنىڭ تۇغۇلۇشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاشلا بىر مۆجىزە. ئاشۇ

قېتىملىق مۇھەببەتنىڭ شاھىتى.

دېرىزە سىرتىدا تۇرۇپ كۆرگەن مەنزىرە ئۇنىڭ ھەر دائىم ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاشۇ ھېكايىسىنى سۆزلىشىگە سەۋەب بولدى. 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ بىرلا ئىشىكى بار. ئەگەر سىز ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدە بولسىڭىز، ئۆينىڭ ئارقا تېمى، قازناق، سوغۇق ساقلاش ئۆيى، كەپە قاتارلىقلارنى ئەگىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئىشىك ئالدىدىكى كارىدورغا كېلىسىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھېكايىسىدىكى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ بۆلەكنى سۆزلەش ئۈچۈن، دەنۋېر ھەممىنى باشتىن باشلاپ سۆزلىشى كېرەك: باراقسان ئورماندا قۇشلار ۋىچىرلاپ سايرىماقتا، پۇتلىرى ئاستىدىكى ئوت ـ چۆپ ۋە يوپۇرماقلار شىلدىرلىماقتا. سىز قەدەملىرىنى تېز ـ تېز يۆتكىگىنىڭچە، بىرەر ئائىلىلىكمۇ يوقتەك كۆرۈنىدىغان تۆپىلىك تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. سىزنىڭ ئەسلىدە جىم تۇرۇشى كېرەك بولغان قەدەملىرى قانداق يۆتكىلىۋاتقاندۇ. بۇ پۇتلار توپتەك ئىششىپ كەتكەن، سىز پۇت بارماقلىرىغىمۇ، ئوشۇقىغىمۇ قارىمايدۇ. پۇت بارمىقىنىڭ تىرناقلىرى ئاستىدىكى گۆشلىرى بەكلا ئىششىپ كەتكەن، لېكىن ئۇ توختاپ قالسا بولمايدۇ، توختاپلا قالسا، كىچىك بۆكەن كەينىدىن كېلىپ ئۇسىدۇ، تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ نازۇك يېرىگە تېپىدۇ. ئەگەر يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، بۆكەن بالىسىمۇ جىمجىتلىقىنە ئوتلايدۇ. سىز شۇ سەۋەبتىن ئالتە ئايلىق بولغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ، توختاشقا تېگىشلىك قەدەملىرى بىلەن توختىماستىن يول يۈرمەكتە. ئۇ ئەسلىدە بالدۇرلا توختىشى كېرەك ئىدى. چۆگۈننىڭ يېنىدا، سۈت قوچۇش ماشىنىسىنىڭ يېنىدا، ۋاننا بىلەن دەزمال تاختىسىنىڭ يېنىدا توختىشى كېرەك ئىدى. يېپىشقاق ھەم چۈچۈمەل سۈت ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ھۆل قىلغان، پاشا ـ كومۇتىلار، ھەتتا چېكەتكە ۋە باشقا ھاشاراتلارمۇ سۈت تېمىغان جايغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ. تاكى دۆڭلۈكنىڭ قاپتىلىغا كەلگۈچە ئۇنىڭ ئۆزىگە

يىپىشقان ھاشاراتلارنى قورۇۋەتمىگىنىگە خېلى ۋاقىت بولغانىدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازدىن چارچىغانىدى. بۇ ئاۋاز يىراقتىكى چېركاۋ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىغىلا ئوخشايتتى. سىس مۇدۇرۇپ كەتتى، بېشىنى پەس قىلىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئورەككە چۈشۈپ كېتىپ، يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. بۇ يەردە ئۇنىڭ قورسىقى ئىچىدىكى بۆكەن بالىسىدىن باشقا جان ئىگىسى يوق. سىس مىڭ تەستە سوزۇلۇپ يېتىۋالدى. ياۋا پىياز كۆكى مەڭزى بىلەن چېكىسىنى تىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن يېتىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئويلىدى. گەرچە ئۇ قىزىنىڭ ئاپىسىنىڭ ھاياتىدىن تولىمۇ ئەنسىرەۋاتقان بولسىمۇ، شۇ چاغدا «بولدى، ئەمدى بىر قەدەممۇ يۆتكەلمەي» دېگەن خىيالغا كەلگىنىنى كېيىنكى چاغدا دەنۋېرغا دەپ بەرگەن. ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن قورسىقىدىكى بۆكەن بالىسىنىڭ ئۆزىگە قارشىلىق قىلىشىنى كۈتۈپ ياتتى. سىس نېمە ئۈچۈن بۆكەن بالىسىنى ئويلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. يەنە كېلىپ، ئۇنى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان تۇرسا. بەلكىم بۇ «شېرىن ئۆي»گە كېلىشتىن ئىلگىرى، تولىمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىمدا خىيالىمغا كىرگۈزۈۋالغان ئوي بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتى سىس. ئۆزى تۇغۇلغان جايغا تۇغرۇلۇق (ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايى بەلكىم كارولىنا ياكى لۇئىسئانادۇ) سېستا ئۇسسۇل بىلەن ناخشىدىن باشقا ئەسلىمە يوق. ھەتتا ئۇ ئۆز ئاپىسىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. بوۋاقلارغا قارايدىغان سەككىز ياشلىق بىر كىچىك بالا سۇ قويۇلغان ئېتىز بېشىدا تۇرۇپ، ئېتىزلىقتا بېلىنى مۈكچەيتىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان سانسىزلىغان دۈمبىلەر ئارىسىدىكى بىر دۈمبىنى سېسقا كۆرسىتىپ قويغانىدى. سىس بۇ ئالاھىدە دۈمبىنىڭ قەددىنى رۇسلاپ، ئېتىز بېشىغا كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆرەلىگىنى پەقەتلا چىغ قالپاقلارغا ئوخشمايدىغان نۇرغۇنلىغان لاتا بۆك بولدى. قالپاق كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى

«خانىم» دەپ چاقىرىدىغان بىرسىنىڭ دۇنياسىدا كۆسۈلداپ گەپلەشكىنىچە ئۆز ئىشى بىلەن بەند ئىدى.

— سىپس !

— نېمە ئىش، خانىم؟

— بالىغا قاراپ تۇر.

— سىپس !

— نېمە ئىش، خانىم؟

— ئازراق ئوتۇن تېپىپ كەل.

ئاھ ! ئۇلار ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بەزىدە ئەرلەر خانىملىرى بىلەن بىپىشىپ بۆكەن ئۇسسۇلى ئوينىشىدۇ، خوتۇنلار ئارىسىدىكى بىرى جەزمەن سىپسىنىڭ خانىمى. ئۇلار قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ باشقا نەرسىلەرنى دورىغىلى تۇرىدۇ. بوينىدىن باغلانغان، ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەرنى دورايدۇ، قورسىقىدىكى بۆكەنگە ئوخشاش پۇت تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى ئۆزىدىنمۇ ياخشى بىلىدىغان نەرسىلەرنى دوراشقا چۈشىدۇ.

«بۇ بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئوخشىتو ئىشتاتىدىكى دەريانىڭ قانلىق قىرغىقىدا، ياۋا پىيازلار ئارىسىدا ئۇ دۇنياغا كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.» سىپس شۇ چاغدا مۇشۇ خىيالغا كېلىپ، كېيىن بۇ خىيالىنى دەنۋېرغا ئېيتىپ بەرگەن. بۇ ئۇنىڭ سەممىيلىك بىلەن ئېيتقان گېپى ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، يەنە بىرنەچچە قەدەمنى ئارتۇق باسمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەردە يېتىشنى ئۇنچىۋالا يامانغا چىقىرىۋەتكىلى بولمايتتى. بۇ ھالدا سىپس ئۆلۈپلا تۈگىشەتتى. قورسىقىدىكى بۆكەنچاق جېنى چىقىپ كەتكەن جەسەت ئىچىدە قانچىلىك ھايات كەچۈرەلەيدۇ؟ بىر سائەت؟ بىر كۈن؟ بىر كېچە ـ كۈندۈز؟ ئۇ ھەسرەت چېكىپ، ئاھ ئۇردى. ئۇنىڭ پەريادى ئۇن ياردىچە يىراقلىقتىكى تار يولدا كېتىۋاتقان بىرىنىڭ قەدىمىنى توختىتىشىغا، مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىم تۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. سىپس شۇنىڭغىچە بىرەرسىنىڭ يول ماڭغان شەپىسىنى ئاڭلىمىغانىدى، ئەمدىلىكتە

بىرسىنىڭ مېڭىشتىن توختىغانلىق شەپىسىنى ئاڭلىدى، ئاندىن چاچىنىڭ ھىدىنى ئالدى، «ئۇ يەردىكى كىم؟» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ بىر ئاق تەنلىك سولتەككە بايقىلىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇنىڭمۇ لەۋلىرىنى گەز باغلاپ، قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەندى. سېس ئۆچ بالىسىنى ئىزدەپ ماڭغان، بالىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئاپىسىنىڭ سۈتىگە تەشنا، ئېرى يوقىلىپ كېتىپ ئۆزاق بولمىغان، سۈتى بۆلاپ كېتىلگەن، دۈمبىسى قامچا زەربىسىدىن تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن، بالىلىرى يېتىم قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاسان ئۆلۈم قۇچاق ئاچمايدۇ. ياق.

سېس دەنۋېرغا يەردىن بىر نەرسە چىقىپ بەدىنىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ نەرسە بەدىنى ئىچىدە ھەرىكەتلىنىپ، ئىچ باغرىنى مۇزلىتىپ، ئىچىدە ئېگەك سۆڭىكىنى قالدۇرۇپ قويغاندەك قىلغىنىنى ئېيتىپ بەرگەن. «پۈتۈن ئەزايىم مۇزلاپ كەتكەن ئېگەككە ئوخشاپ قالغان ھالدا شۇ جايدا يېتىپ چىشلىرىمنى غۇچۇرلاتتىم» دېگەنىدى سېس دەنۋېرغا. سېس توساتتىن ئۆزىنى چاقىرغان ئاق تەنلىكنىڭ كۆزلىرىگە تەشنا بولدى. ئۇنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى، يۈزلىرىنى چىشلىۋالغۇسى كەلدى.

— قورسىقىم ئېچىپ ھالىمدىن كەتتىم، — دېگەنىدى سېس دەنۋېرغا، — ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئويلىغىنىمدا قورسىقىمنىڭ ئېچىشىغا چىداپ تۇرالمىدىم، ئاچلىققا چىدىيالمىدىم.

شۇنداق قىلىپ، سېس جەينىكىگە تايىنىپ ئۆرە بولدى. جەينىكىگە تايىنىپ، «كىم بار ئۇ يەردە؟» دەپ تۈۋلىغان ئاق تەنلىك يىگىت تەرەپكە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

«كېلىپ قاراپ باققىن، ئەجىلىڭ توشتى» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. ئۇ يېنىمغا كەلگىنىدە ئۇنى بارار جايىغا ئۆزىتىپ قويۇشنى ئويلىشىپ قويغانىدىم. ئۇنىڭ پۇتىنى يەۋېتىشىم كېرەك. ھازىر ئاڭلىماققا بۇ گەپ بەك كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ،

بىرسىنىڭ مېڭىشتىن توختىغانلىق شەپىسىنى ئاڭلىدى، ئاندىن چاچىنىڭ ھىدىنى ئالدى، «ئۇ يەردىكى كىم؟» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ بىر ئاق تەنلىك سولتەككە بايقىلىپ قالدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇنىڭمۇ لەۋلىرىنى گەز باغلاپ، قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەندى. سېس ئۈچ بالىسىنى ئىزدەپ ماڭغان، بالىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئاپىسىنىڭ سۈتىگە تەشنا، ئېرى يوقىلىپ كېتىپ ئۇزاق بولمىغان، سۈتى بۇلاپ كېتىلگەن، دۈمبىسى قامچا زەربىسىدىن تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن، بالىلىرى يېتىم قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاسان ئۆلۈم قۇچاق ئاچمايدۇ. ياق.

سېس دەنۋېرغا يەردىن بىر نەرسە چىقىپ بەدىنىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ نەرسە بەدىنى ئىچىدە ھەرىكەتلىنىپ، ئىچ باغرىنى مۇزلىتىپ، ئىچىدە ئېڭەك سۆڭىكىنى قالدۇرۇپ قويغاندەك قىلغىنىنى ئېيتىپ بەرگەن. «پۈتۈن ئەزايىم مۇزلاپ كەتكەن ئېڭەككە ئوخشاپ قالغان ھالدا شۇ جايدا يېتىپ چىشلىرىمنى غۇچۇرلاتتىم» دېگەنىدى سېس دەنۋېرغا. سېس توساتتىن ئۆزىنى چاقىرغان ئاق تەنلىكنىڭ كۆزلىرىگە تەشنا بولدى. ئۇنى چايناپ پۇركۇۋەتكۇسى، يۈزلىرىنى چىشلىۋالغۇسى كەلدى.

— قورسىقىم ئېچىپ ھالىمدىن كەتتىم، — دېگەنىدى سېس دەنۋېرغا، — ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئويلىغىنىمدا قورسىقىمنىڭ ئېچىشىغا چىداپ تۇرالمىدىم، ئاچلىققا چىدىيالمىدىم.

شۇنداق قىلىپ، سېس جەينىكىگە تايىنىپ ئۆرە بولدى. جەينىكىگە تايىنىپ، «كىم بار ئۇ يەردە؟» دەپ توۋلىغان ئاق تەنلىك يىگىت تەرەپكە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

«كېلىپ قاراپ باققىن، ئەجىلىڭ توشتى» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. ئۇ يېنىمغا كەلگىنىدە ئۇنى بارار جايىغا ئۇزىتىپ قويۇشنى ئويلىشىپ قويغانىدىم. ئۇنىڭ پۇتىنى يەۋېتىشىم كېرەك. ھازىر ئاڭلىماققا بۇ گەپ بەك كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ،

لېكىن مەن راستلا ئۇنىڭ پۈتمەس يەۋەتمەكچى بولدۇم. ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ، ئاچ قالغان يىلاندەك ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتۈم.

— ئۇ ئاق تەنلىك يىگىت ئەمەس، ئاق تەنلىك قىز ئىكەن. كىيىملىرىنىڭ تىتما ـ تالىڭى چىقىپ كەتكەن كۆك نامرات ئىكەن.

— ۋاھ، زەڭگى. ئەجەب قالتىس ئىش بولدى، — دېدى ئاق تەنلىك قىز.

ھېكايىنىڭ دەنۋېر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۆلىكى ئەمدى باشلاندى:

ئاق تەنلىك قىزنىڭ ئىسمى ئېيمىي. دۇنيادا تويغۇدەك يەپ ـ ئىچمۇېلىشقا ئۇنىڭدىنمۇ بەك تەشنا بولغان يەنە بىرسى يوق. بىلەكلىرى چوكىدەك ئىنچىكە، بېشىدىكى چېچى تۆت ـ بەش ئادەمگە چاچ قىلىپ بۆلۈپ بېرىشكە يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ. نەزىرى شۇنچىلىك جانسىز، ھەرقانداق نەرسىگە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قارايدۇ. گېپى شۇنچىلىك كۆپ، ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ گەپلىرى بىلەن قوشۇپ قانداق نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ چوكىدەك ئىنچىكە بىلەكلىرى ئاقىۋەتتە تۆمۈردىن ياسالغاندەك كۈچتۈڭگۈرلۈكنى ئىسپاتلىدى.

ئوت ـ چۆپنىڭ ئۈستىدە ياتقان سېپس بايىقى يىلانغا ئوخشىغان ھالىتى بىلەن ئاغزىنى ئاچتى. بىراق، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى زەھەرلىك چىش ۋە نەشتەر بولماستىن، راست گەپ بولدى:

— تېز قېچىڭ، — دېدى سېپس ئېيمىيغا. بۇ بىر كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان تۇنجى سۆز ئىدى. تىللىرى بوشاپ، جانسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ سۆزىمۇ ئېنىق ئاڭلانمىدى.

— ئاھ خۇدا، مۇشۇ سىزنى قاچۇرغان پۇتلارمۇ؟ — ئېيمىي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سېپسنىڭ پۇتلىرىغا قارىدى، — سىزدە يېگۇدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟

لېكىن مەن راستلا ئۇنىڭ پۈتىنى يەۋەتمەكچى بولدۇم. ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ، ئاچ قالغان يىلاندەك ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتۇم.

— ئۇ ئاق تەنلىك يىگىت ئەمەس، ئاق تەنلىك قىز ئىكەن. كىيىملىرىنىڭ تىتما ـ تالىنى چىقىپ كەتكەن كۆك نامرات ئىكەن.

— ۋاھ، زەڭگى. ئەجەب قالتىس ئىش بولدى، — دېدى ئاق تەنلىك قىز.

ھېكايىنىڭ دەنۋېر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۆلىكى ئەمدى باشلاندى:

ئاق تەنلىك قىزنىڭ ئىسمى ئېيمىي. دۇنيادا تويغۇدەك يەپ ـ ئىچىۋېلىشقا ئۇنىڭدىنمۇ بەك تەشنا بولغان يەنە بىرسى يوق. بىلەكلىرى چوكىدەك ئىنچىكە، بېشىدىكى چېچى تۆت ـ بەش ئادەمگە چاچ قىلىپ بۆلۈپ بېرىشكە يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ. نەزىرى شۇنچىلىك جانسىز، ھەرقانداق نەرسىگە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قارايدۇ. گېپى شۇنچىلىك كۆپ، ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ گەپلىرى بىلەن قوشۇپ قانداق نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ چوكىدەك ئىنچىكە بىلەكلىرى ئاقىۋەتتە تۆمۈردىن ياسالغاندەك كۈچتۈڭگۈرلۈكىنى ئىسپاتلىدى.

ئوت ـ چۆپنىڭ ئۈستىدە ياتقان سېس بايىقى يىلانغا ئوخشىغان ھالىتى بىلەن ئاغزىنى ئاچتى. بىراق، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى زەھەرلىك چىش ۋە نەشتەر بولماستىن، راست گەپ بولدى:

— تېز قېچىڭ، — دېدى سېس ئېيمىيغا. بۇ بىر كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان تۇنجى سۆز ئىدى. تىللىرى بوشاپ، جانسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ سۆزىمۇ ئېنىق ئاڭلانمىدى.

— ئاھ خۇدا، مۇشۇ سىزنى قاچۇرغان پۇتلارمۇ؟ — ئېيمىي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سېسنىڭ پۇتلىرىغا قارىدى، — سىزدە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟

— يوق، — سىس ئۆزە بولۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى.

— قورسىقىم ئىچىپ ئۆلەيلا دەپ قالدىم، — ئىيمىي كۆزلىرىنى ئاستا ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئەتراپتىكى ئۆسۈملۈكلەرنى كۆزىتىشكە باشلىدى، — ئىيىقئۈزۈمى بارمىكىن دەپتىمەن. قارىماققا ئىيىقئۈزۈمى باردەك كۆرۈنىدىكەن. شۇنى دەپ بۇ يەرگە چىققانىدىم، قارا تەنلىك خوتۇننى ئۇچرىتىپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئىيىقئۈزۈمى بار بولغان تەقدىردىمۇ، قۇشلاردىن ئاشمايدۇ. ئىيىقئۈزۈمىنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— مەن تۇغىمەن، خانقىز.

ئىيمىي سىىقا قارىدى:

— ئەھۋالغا قارىغاندا سىزنىڭ بىر نەرسە يېيىشكە ئىشتىھايىڭىز يوق ئىكەن. بىراق، مەن ئازراق بىر نەرسە يەۋالمىسام بولمايدۇ.

ئۇ قولى بىلەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ، ئەتراپقا يەنە بىرقېتىم تەپسىلىي نەزەر سېلىپ چىقتى. ئەتراپتا يېگۈدەك بىرەر نەرسىنى تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكتىن، كېتىشكە تەمشەلدى. سىس ئۆزىنىڭ ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە ياتقىنىنى، ئاغزىدا زەھەرلىك چىشلارنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغىنىدا، بىردىنلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ قالدى.

— سىز نەگە بارماقچى، خانقىز؟

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىنى سىىقا تىكتى:

— بوستونغا. ماۋۇق ئىزدىگىلى بارىمەن. ئۇ يەردە ۋىلسۇن دەپ بىر ماگىزىن بار. مەن رەسىمدىن كۆرگەن. ئەڭ چىرايلىق ماۋۇق شۇ يەردە بار. ئۇلار مېنىڭ تاپالىشىمغا ئىشەنمەيدۇ، لېكىن مەن تاپالايمەن.

سىس بېشىنى لىڭشىتىپ، بەدىنىنى تىرەپ تۇرغان جەينىكىنى يەنە بىر جەينىكى بىلەن ئالماشتۇردى.

— خانىمىڭىز ماموق ئىزدىگىلى چىقىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمدۇ؟
قىزچاق يۈزىنى توسۇۋالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىدى.
— ئاپام كىرا ھەققىنى تۆلەش ئۈچۈن بۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئىشلەيتتى. كېيىن مېنى تۇغۇپلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار قەرزنى تۆلىتىش ئۈچۈن ئاپامنىڭ ئورنىغا مېنى تۇتۇپ قالدى. مەن ھەممە ئىشنى قىلدىم. بىراق، ئەمدى ئۆزۈم ئۈچۈن ماموق تاپىسام بولمايدۇ.
ئۇ ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە يۈزمۇيۈز قارىشىپ باقمىدى، كۆزلىرى ئۈچرىشىپمۇ قالمىدى. بىراق، ئۇلار تەبىئىي يوسۇندا ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن گەپلەشتى، مۇقىم بىر ئىشنى چۆرىدەپ گەپلەشمىدى. گەپلىشىۋاتقان ئىككىسىنىڭ بىرى يەردە ياتقان ھالەتتە ئىدى.
— بوستون. ئۇ يەر يىراقمۇ؟
— ھەئە، يىراق. يۈز ئىنگلىز مىل كېلىدۇ. ئۇ يەرگە خېلى بار.
— يېقىن ئەتراپتىمۇ ماموق بولۇشى مۇمكىن.
— بولغان تەقدىردىمۇ سۈپىتىنى بوستوننىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بوستوننىڭ ئەڭ ياخشى. كىيسەم قانچىلىك چىرايلىق بولۇپ كېتەرمەن ـ ھە. سىز سىلاپ باققانمۇ؟
— ياق، خانىقىز. مەن ئەزەلدىن ماموقنى سىلاپ باقمىغان، — سېس بوۋىقىنىڭ ئاق تەنلىك قىزچاقنىڭ ئاۋازى سەۋەبلىك ياكى ماموق سەۋەبلىك ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئاق تەنلىك قىزچاق سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ بوۋىقى ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئويسىمىدى، تەپىمىدى. شۇ ۋەجىدىن سېس ئۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆرۈلدى.
— سىز ماموقنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ سىزنىڭ كۆرۈپ باقمىغانلىقىڭىزنى جەزملەشتۈرەلەيمەن، — دېدى ئەيمىي

سېسقا.

— كۆرگىنىم بىلەنمۇ مامۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ مامۇق ئىكەنلىكىنى بەرىبىر تونۇيالمايمەن.

ئېيىمىي سېسنىڭ يۈزىگە قارىدى. قارىماققا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىۋالا چوڭ مەخپىيەتلىكىنى تامامەن ناتونۇش بىرىگە ئاشكارىلاپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايدىغاندەك تۇراتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدى ئېيىمىي.

«شېرىن ئۆي»دىن قانچىلىك يىراقتا ئۇزاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزى ئۇچراتقان تۇنجى كىشىگە ھەقىقىي ئىسمىنى دەپ بېرىشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان سېسنىڭ ئېسىگە «لۇ» دېگەن ئىسىم كەلدى.

— ئۇلار مېنى لۇ دەپ چاقىرىشىدۇ.

— مۇنداقچە ئېيتساق، لۇ، مامۇق يېڭىلا پەيدا بولغان دۇنياغا ئوخشايدۇ، پاكىز، يېڭى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ سىلىق. مەن قوڭۇر رەڭلىك مامۇقنى كۆرگەن، لېكىن بوستاندا ھەر خىل رەڭلىكلىرى تېپىلىدۇ. قىزىل ئەڭلىك. بۇ قىزىل دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مامۇق توغرۇلۇق گەپ قىلغان چېغىڭىزدا «قىزىل ئەڭلىك»دېيىشىڭىز كېرەك، — ئېيىمىي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. بوستون بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىشلارغا شۇنچە كۆپ ۋاقىتىنى سەرپ قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ مېڭىشقا تەمشەلدى، — مەن ماڭاي.

ئۇ ئورمانىنى ئۇدۇلىغا كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ماڭغاچ كەينىگە قارىدى:

— سىز قانداق قىلىسىز، ئاشۇ يەردە يېتىپ بوشاناماقچىمۇ؟

— مەن ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.

— نېمە؟ — ئۇ مېڭىشتىن توختاپ سېسنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— مەن ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.

سىسقا.
— كۆرگىنىم بىلەنمۇ مامۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ مامۇق ئىكەنلىكىنى بەربىر تونۇيالمايمەن.
ئېيمىي سىسىنىڭ يۈزىگە قارىدى. قارىماققا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىۋالا چوڭ مەخپىيەتلىكىنى تامامەن ناتونۇش بىرىگە ئاشكارىلاپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايدىغاندەك تۇراتتى.
— ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدى ئېيمىي.
«شىرىن ئۆي»دىن قانچىلىك يىراقتا ئۇزاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزى ئۇچراتقان تۇنجى كىشىگە ھەقىقىي ئىسمىنى دەپ بېرىشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان سىسىنىڭ ئېسىگە «لۇ» دېگەن ئىسىم كەلدى.
— ئۇلار مېنى لۇ دەپ چاقىرىشىدۇ.
— مۇنداقچە ئېيتساق، لۇ، مامۇق يېڭىلا پەيدا بولغان دۇنياغا ئوخشايدۇ، پاكىز، يېڭى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ سىلىق. مەن قوڭۇر رەڭلىك مامۇقنى كۆرگەن، لېكىن بوستوندا ھەر خىل رەڭلىكلىرى تېپىلىدۇ. قىزىل ئەڭلىك. بۇ قىزىل دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مامۇق توغرۇلۇق گەپ قىلغان چېغىڭىزدا «قىزىل ئەڭلىك»دېيىشىڭىز كېرەك، — ئېيمىي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. بوستون بىلەن مۇناسىۋەتتى يوق ئىشلارغا شۇنچە كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلغۇچەكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ميڭىشقا تەمشەلدى، — مەن ماڭاي.
ئۇ ئورمانىنى ئۇدۇلىغا كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ماڭغاچ كەينىگە قارىدى:
— سىز قانداق قىلىسىز، ئاشۇ يەردە يېتىپ بوشانماقچىمۇ؟
— مەن ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.
— نېمە؟ — ئۇ مېڭىشتىن توختاپ سىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.
— مەن ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.

ئېيمىي بىلىكىنى قاڭشىرىغىچە كۆتۈرۈپ، ئاستا ماڭغىنىچە سېسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى:

— ئاۋۇ ياقتا بىر ئۆي بار.

— ئۆي؟

— ھەئە. مەن بېرىپ باقىقان. ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆي ئەمەس. كەپىسمان ئۆي دېسەك بولامدىكىن.

— قانچىلىك يىراقلىقتا؟

— نېمە پەرقى بار؟ كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزىمەن دېسىڭىز يىلانغا يەم بولىسىز.

— كەلگۈسى بولسا كېلىۋەرسۇن. يول مېڭىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئورنۇمدىنمۇ تۇرالمايۋاتسام. تەڭرى ماڭا شەپقەت قىلغاي، خانقىز. مەن پەقەتلا ئۆملىيەلمەيمەن.

— سىز ئۆمىلىيەلەيسىز، لۇ، يۇرۇك، — ئېيمىي بەش ئادەمنىڭ بېشىغا يېتىپ ئاشقۇدەك چىچىنى كەينىگە تاشلاپ، چىغىر يول تەرەپكە قاراپ قەدەم ئالدى.

سېس ئۆمىلەشكە باشلىدى، ئېيمىي ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭدى. سېس توختاپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالماقچى بولغاندا، ئېيمىيمۇ توختاپ تۇراتتى، بۇ چاغدا بوستون، ماموق ۋە يەيدىغان ياخشى نەرسىلەر توغرۇلۇق گەپ قىلاتتى. ئېيمىينىڭ ئاۋازى ئون ئالتە ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ ئاۋازىدەك چىقاتتى، توختىماستىن سۆزلەيتتى. بۆكەنچاقمۇ جىمجىت ئوت يېمەكتە. سېسىنىڭ بايىقى ياتقان يېرىدىن نىشانلاپ ماڭغان ئۆيگە ئۆمىلەپ بېرىشقىچە بولغان ئارىلىق سەپىرىدە بۆكەنچاق بىر قېتىممۇ مىدىرلاپ قويمىدى.

ئۇلار كەپىگە يېتىپ بارغاندا، سېسىنىڭ بەدىنىنىڭ ساق يېرى ئاز قالدى، پەقەت چېچىنى يۆگىۋالغان رەختلا شۇ پېتى ئىدى. قان تەپچىرەپ تۇرغان تىزلىرى بىردىنلا سېزىمىنى يوقاتتى، كۆكسى بولسا ھەممە يېرىگە يىڭنە سانجىلغان يۇمشاق تەگلىككە ئوخشاپ قالغانىدى. سېس ئۇنىڭ توختىماستىن ماموق، بوستون

ۋە ياخشى يېمەكلىكلەرنىڭ كېيىنى قىلىپ ماڭغاندىكى ئاۋازىدىن روھلىنىپ تۇردى. ئۇ ئۆز تېنىنىڭ قورسىقىدىكى ئالتە ئايلىق بولغان بوۋىقىنىڭ سەكراتقا چۈشكەندىن كېيىنكى ئۆملەپ كېتىۋاتقان قەبرىسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى.

كەپىنىڭ ئىچى غازاڭ بىلەن تولغانىدى. ئېيمى غازاڭلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېسنى ياتقۇزدى، ئاندىن نەچچە پارچە تاش ئەكېلىپ، غازاڭلارنى تاشلارنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى ئۈستىگە ئالغاچ شۇنداق دېدى:

— مەن بىر خوتۇننى تونۇيتتۇم. ئۇ ئىششىپ كەتكەنلىكتىن پۇتقا ئوخشىماي قالغان ئىككى پۇتىنى كەستۇرۇۋەتكەن، — ئەيمي قولىنى بىرنەرسە ھەرىدەۋاتقان شەكىلدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سېسنىڭ ئوشۇقى ئۈستىگە سۈركىدى:

«غارت ـ غارت، غارت ـ غارت، غارت ـ غارت...»

— ئىلگىرى مېنىڭ ھەممە يېرىم بېجىرىم ئىدى، بىلەكلىرىممۇ ساپساق ئىدى. سىز بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ ئۇلار مېنى گەمىگە سولاپ قويۇشتىن ئىلگىرى شۇنداق بېجىرىم ئىدىم. بىر ۋېر دەرياسىدا بېلىق تۇتۇۋاتاتتىم. ئۇ دەريادىكى سوم بېلىقلىرى توخۇ گۆشىدەك لا تاتلىق ئىدى. بېلىق تۇتۇۋاتقىنىمدا بىر نېگىر سۇدا لەيلەپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىشنى خالىمايدىغانلاردىن، سىزچۇ؟ سىزنىڭ بۇ ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىڭىز ماڭا ئاشۇ نېگىر ئەرنى ئەسلەتتى، پۇتلىرى شۇنچىلىك ئىششىپ كەتكەنىكەن.

ئەمدىلىكتە ئۇ ئاجايىپ بىر ئىش قىلىشقا چۈشتى، سېسنىڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. سېس ئاغرىققا چىدىيالماي قالدى، كۆزلىرىدىن تۇزلۇق ياشلار شۇرقىراپ ئېقىشقا باشلىدى.

— ئاغرىۋاتقان بولسا توغرا. ئۆلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تىرىلگەندە ئاغرىيدۇ، — دەيتتى ئەيمي.

مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، دەپ ئويلايتتى دەنۋېر. بەلكىم ئاپىسىنىڭ بېلىنى قاماللاپ تىزلىنىپ تۇرغان ئاشۇ ئاق كۆڭلەكمۇ ئاغرىق ئازابىدىن پۈچىلىنىۋاتقاندۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ ھال بۇ كىچىك ئەرۋاھنىڭ پىلانى بارلىقىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. دەنۋېر ئىشىكنى ئاچقىنىدا سېس ياتاق ئۆيدىن چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى.

— بىر ئاق كۆڭلەكنىڭ سىزنى قۇچاقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم.

— ئاق كۆڭلەك؟ بەلكىم مېنىڭ كېچىلىك كىيىمىم بولۇشى مۇمكىن، قانداق شەكىلدە ئىكەن؟

— ئۆرە ياقىلىق، دۈمبىسى بىرمۇنچە تۈگمىلەر بىلەن تۈگمىلەنگەن.

— تۈگمە. ئۇنداقتا مېنىڭ كېچىلىك كىيىمىم ئەمەس ئىكەن. مېنىڭ تۈگمىلىك كىيىمدىن بىرسىمۇ يوق.

— بېيبىي مومامنىڭ بارمىدى؟

سېس بېشىنى چايقىدى.

— ئۇ تۈگمىنى ئېتەلمەيتتى. ئاياغ بوغقۇچىنىمۇ چىگەلمەيتتى. يەنە نېمىلەر بار ئىكەن؟

— كاسىسىنىڭ ئۈستىدە پومپىيىپ چىققان بىر نەرسە بار ئىكەن.

— كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تەگلىكتۇر تايىنلىق.

— نېمىلىكىنى بىلمەيمەن.

— بەللىكى بارمىكەن. بېلىنىڭ ئاستى تەرىپىدە؟

— ھەئە، دەل شۇنداق.

— يوغان، ئايالچە كۆڭلەك. شايىدىن تىكىلگەن؟

— پاختا رەختتەك تۇرىدۇ.

— لىسىل يىپىدىن تىكىلگەن. ئاق پاختا لىسىل يىپىدىن. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپتىمۇ؟ بۇ قانداق ئىش؟

— سىزگە ئوخشايدىكەن. قارىماققا ئۇنىڭ تۇرقى سىزگە

ئوخشايدىكەن. سىز ئىبادەت قىلىۋاتقاندا بىلىكىنى بېلىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ، يېنىڭىزدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.
— ۋاي خۇدايىم.
— نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلىسىز، خانىم؟
— ھېچنېمە ئۈچۈن. مەن ئىبادەت قىلمىدىم، گەپ قىلدىم شۇ.
— ئۇنداقتا نېمە دەپ گەپ قىلدىڭىز؟
— سىز چۈشەنمەيسىز، قوزام.
— ياق. چۈشىنىمەن.
— ۋاقىت توغرۇلۇق گەپ قىلدىم. ۋاقىتتا ئىشەنگىلى بولماس بولۇپ كېتىپتۇ. بەزى نەرسىلەر بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمەيدىكەن، بەزى نەرسىلەر ياندا تۇرىۋېرىدىكەن. ئۇلارنى ئىلگىرىكى ئەسلىمىلىرىمنىڭ ئىپادىسى، دەپ ھېس قىلىمەن. ئاڭلاڭ، بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىمىز، بەزى نەرسىلەر بولسا مەڭگۈ ئېسىڭىزدىن چىقمايدۇ، بىراق ئورۇن ۋە ۋاقىت ئېسىڭىزدە قالىدۇ. بىر ئۆي ۋەيران قىلىنسا، ئۇ يوق بولۇپ كېتىدۇ، بىراق ئاشۇ ئورۇن، ئۇنىڭ شەكلى ساقلىنىپ قالىدۇ، مېنىڭ خاتىرەمدىلا ساقلىنىپ قالماستىن، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەسلىمىلىرىم رەسىمگە ئوخشاش خىيالىمنىڭ سىرتىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، مەن ئۇنى ئويلىمىغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۆلگەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ قىلغانلىرىمغا، بىلگەنلىرىمگە ۋە كۆرگەنلىرىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاشۇ رەسىم مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتمايدۇ، يۈز بەرگەن ئاشۇ ئورۇندا ساقلىنىپ قالىدۇ. مۇشۇلارنى دېدىم، قىزىم.
— باشقىلار كۆرەلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى دەنۋېر.
— شۇنداق، كۆرەلەيدۇ. يولغا چىققان ئاشۇ كۈنى سىز ھەممىنى ئوچۇق، ئېنىق كۆرىسىز ۋە ئاڭلايسىز. بۇلار سىزگە ئۆزىڭىز توقۇپ چىققاندەك بىلىنىدۇ، تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى بىر كۆرۈنۈشتەك بىلىنىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇ

چاغدا سىز باشقىلارنىڭ قايتا زاھىر بولغان ئەسلىمىسىگە دوقۇرۇشۇپ قالغان بولىسىز. مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى تۇرغان ئاشۇ جاي راست بار جاي، ئۇ مەڭگۇ يوقىمايدۇ. پۈتكۈل ئېكىنزارلىق ۋە ئۇنىڭ ھەربىر گۈل ـ گىياھلىرى يوقىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاشۇ بىر پارچە كۆرۈنۈش ئوخشاشلا ساقلىنىپ قالىدۇ. تېخىمۇ قىزىقى، سىز ئۇ يەرگە بېرىپ، يوقىلىپ كەتكەن ئاشۇ نەرسىلەر بار يەردە تۇرغىنىڭىزدا، ئاشۇ نەرسىلەر ئالدىڭىزغا يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ سىز ئۈچۈن ئاشۇ يەردە پەيدا بولۇپ، سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەنۋېر، ئۇ جايغا بارسىڭىز بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ. گەرچە ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەن، ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئۇ ئاشۇ جايدا مەڭگۇ سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ چارىلەرنى ئىشلىتىپ بالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزۇپ چىققانلىقىمنىڭ سەۋەبى.

دەنۋېر تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭ ئاشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ھېچقانداق نەرسە ئۆلمەيدىكەن.

سېس دەنۋېرنىڭ چىرايىغا تىكىلدى:

— ھېچ نەرسە ئۆلمەيدۇ.

— سىز ماڭا ئۇ ئىشنى تولۇق بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىپ باقمىدىڭىز، دائىملا ئۇلارنىڭ سىزنى قامچا بىلەن ئۇرغىنىنى، ئاندىن قاچقانلىقىڭىزنى، ئۇ چاغدا ماڭا ھامىلىدار ئىكەنلىكىڭىزنى، مېنى كۈتۈرۈپ قاچقانلىقىڭىزنى... شۇ ئىشلارنىلا دېدىڭىز.

— «مۇئەللىم»دىن باشقا سۆزلەشكە ئەرزىگۇدەك ھېچ نەرسە يوق. ئۇ بىر پەتەك ئىدى، بويى بەكلا پاكار ئىدى، دائىملا ياقىسىنى قىرلاپ يۈرەتتى، ئېتىزلىقتا بارسىمۇ شۇنداق، پېتىنى بۇزمايتتى. مۇئەللىم — گارنېر خانىمنىڭ قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئېرى ھېسابلىغان ئۇ كىشى ئوقۇغان كىشى ئىدى. گارنېر

ئەپەندى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ «شېرىن ئۆي»گە كېلىپ تىجارەتنى يۈرۈشتۈرۈشكە قوشۇلدى. بۇ ئىش گارنېر خانىمنى خۇشال قىلدى. گەرچە پائۇل . F سېتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېكىنىنزارلىقتىكى ئەرلەر ئېكىنزارلىقنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيتتى. بىراق، خاللى ئېيتقاندەك، گارنېر خانىم ئېكىنزارلىقتىكى بىردىنبىر ئاق تەنلىك بولۇپ قېلىشنى، يەنە كېلىپ بىردىنبىر ئايال ئاق تەنلىك بولۇپ قېلىشنى خالىمىغانىدى. شۇڭا، «مۇئەللىم» كېلىشكە قوشۇلغاندا، گارنېر خانىم بەكمۇ رازى بولغانىدى. «مۇئەللىم» ئىككى سولتەكنى ئۆزى بىلەن بىللە باشلاپ كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ ياكى جىيەنىمۇ، بۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس. ئۇلار ئۇنى تاغا دەپ چاقىراتتى، ئۇچىلىسى يۈرۈش - تۇرۇشىغا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، پەس ئاۋازدا گەپ قىلىشاتتى، تۈكۈرسە قول ياغلىقىغا تۈكۈرەتتى، نۇرغۇن جەھەتلەردە بەكلا مۆتىۋەر سۈپەت ئىدى. ئۇلار ئەيسانىڭ ئىسمىنى بىلمىدىغان، ئۇنىڭغا يۈزلەنسە ئەدەپ يۈزىسىدىن ئىسمىنى بىۋاسىتە چاقىرمايدىغان كىشىلەر تېپىدىن ئىدى. نېمىدېگەن ياخشى غوجايىن، دەيتتى خاللى. مۇئەللىم گارنېر ئەپەندىدەك تەمبەل بولمىسىمۇ، لېكىن ئاجايىپ چېچەن ئىدى. ئۇ مەن ياسىغان سىياھنى ياخشى كۆرەتتى. سىياھنى مېنىڭ قوچۇپ بېرىشىمنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاخشىمى ئولتۇرۇپ كىتاب يازاتتى. ئۇنىڭ يازغىنى بىزگە مۇناسىۋەتلىك كىتاب ئىكەن. لېكىن، ئۇ چاغدا بىز ئۇ يېزىۋاتقان كىتابنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىكەنمىز. ئۇنىڭ بىزدىن سوئال سورىشىنى بىز پەقەت ئۇنىڭ ئادىتى دەپلا چۈشىنەتتۇق. ئۇ نەگىلا بارسا خاتىرە دەپتىرىنى كۆتۈرۈۋالاتتى، قىلمىشقان گەپلىرىمىزنى خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالاتتى.

سېس سۆزلەشتىن توختىدى.

دەنۋېر ئەمدىلىكتە ئاپىسىنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ

بولغانلىقىنى بىلدى. سېس كۆزلىرىنى ئاستاغىنا چىمچىقلىتىپ قويۇپ، ئاستىنقى كالپۇكىنى ئۈستۈنكى كالپۇك بىلەن يىمىردى، ئاندىن ئۇھ تارتتى. بۇ ھال مەشئەل ئوتىنىڭ ئۆچكىنىگە ئوخشايتتى، بۇ سېسنىڭ ھېكايىنى مۇشۇ يەردە توختاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— ھىم، مەن ھېلىقى ئەرۋاھنىڭ پىلانى بار دەپ ئويلايمەن.

— قانداق پىلان؟

— بىلمەيمەن. لېكىن، بېلىڭىزدىن قۇچاقلاپ تۇرغان ئاشۇ كۆڭلەكنىڭ بىر پىلانى باردەك تۇرىدۇ.

— بەلكىم، — دېدى سېس، — بەلكىم ئۇنىڭ راستىلا بىر پىلانى باردۇ.

ئۇلارنىڭ قانداق بولغانلىقىدىن ياكى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پائۇل . D ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلىگە قايتۇرغۇسىز دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى. ئۇ بىر ئورۇندۇق ۋە ئەركەكلەرچە نەرە تارتىش ئارقىلىق، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ شۇ يەردىكى يامان نامىنى يوق قىلدى. دەنۋېر نېگىرلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئەيىبلەشلىرىدىن پەخىرلىنىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئاشۇ ئەرۋاھ ھېچنېمىگە قانائەت قىلمايدىغان رەزىل ئالۋاستى، دېيىشەتتى. بۇنىڭغا دەنۋېرمۇ قوشۇلاتتى. ئۇلاردىن ھېچقايسىسى ئەرۋاھنىڭ نېمىدىن ھەقىقىي خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىشنىڭ ئارقىسىدىكى ھوزۇر توغرىسىدا گۇمانلانماستىن، ئۇ توغرۇلۇق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشەتتى. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئاكىلىرى بىلەتتى، بىراق ئۇلار قورقۇتۇۋېتىلگەنىدى. بېيبىي ساگىس موماي بىلەتتى، بىراق ئۇ بۇ ئىشتىن ھەسرەتلىنەتتى. ھېچكىممۇ ئەرۋاھنىڭ ھەمراھ بولۇشىدىن بىخەتەر تۇيغۇدا بولالمايتتى. ھەتتا سېسمۇ ئۇنداق بولۇشنى ياقتۇرمايتتى، بەلكى ئۇنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن ھاۋاغا ئوخشاش ئۆزىگە ئۇچراشقان نەرسە دەپ

قارايتتى.

بىراق، ئۇ ئەمدى كېتىپ قالدى. قوڭۇر تەنلىك ئەرنىڭ ۋەھشىيلەرچە نەرە تارتىشى سەۋەبلىك كېتىپ قالدى. دەنۋېرنىڭ تۇرمۇشى چۆلدەرەپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن قالغىنى ئۇرماندىكى يەتتە ئىنگلىز چى ئېگىزلىكىدىكى مەخپىي ئالچۇق ئىدى. ئاپىسىنىڭ سۆزلەشنى خالىمايدىغان مەخپىيەتلىكى بار. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ يېرىمىنىلا سۆزلەپ بولدى قىلغىنىغا قارىمامسىز. دەنۋېرنىڭمۇ مەخپىيەتلىكى بار، لېكىن ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكى بەكمۇ شېرىن، لاندىش گۈلىگە ئوخشاش خۇش پۇراق.

پائۇل . D كېلىشتىن ئىلگىرى سېس ئاشۇ ئاق كۆڭلەكنى كۆپ ئويلاپ كەتمەيتتى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن سېس دەنۋېرنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئويلاپ قالدى: پىلان. سېس پائۇل . D بىلەن بىللە بولغان تۇنجى كېچىدىن كېيىنكى سەھەردە دەنۋېرنىڭ ئاق كۆڭلەك توغرۇلۇق دېگەن ئاشۇ گېپىنى ئەسلەپ كۈلۈپ كەتتى. سېس ئۇن سەككىز يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم نەپسىنى قاندۇردى. شۇنداقلا پۈتۈن ئۆمرىدە پەقەت مۇشۇ قېتىملا شۇنداق بولغانىدى. سېس شۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئازاب ــ ئوقۇبەتلەردىن قېچىش ئۈچۈن ئەمەس، ئازاب ــ ئوقۇبەتلەرگە يۈزلىنىش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سالدى. «شېرىن ئۆي» دىن قېچىشتىن ئىبارەت پىلانى ئۇزۇل ــ كېسىل بەربات بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم قۇتراشنى ئويلاپمۇ باقمىدى.

پائۇل . D نىڭ يېنىدا ئويغانغان ئاشۇ ئەتىگىنى سېسنىڭ خىيالىغا قىزى نەچچە يىل بۇرۇن دېگەن ئاشۇ سۆز كىرىۋالدى. ئۇ دەنۋېر تەسۋىرلەپ بەرگەن، يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان نەرسىنى ئويلاپ قالدى. پائۇل . D نىڭ ئوچاق بېشىدا ئۆزىنى مەھكەم قۇچاقلىغاندىكى ئىشەنچ ۋە ئەسلىمىلىرىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىنىمۇ ئويلاپ قالدى. ئاشۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟

ئاشۇ ئەسلىمىلەرنى ئەسلەش ئورۇنلۇقمۇ؟ بىرەر نەرسىگە بېقىنىشقا بولامدۇ، يوق؟

سېس پائۇل . D نىڭ يېنىدا ئۇنىڭ پۇشۇلدىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ ئېنىق ئەسلىيەلمىدى. شۇ ۋەجىدىن پەم بىلەن، ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن كارىۋاتتىن چۈشتى.

سېس ئۆزى دائىم كىرىپ گەپ قىلىدىغان، ئويلىنىدىغان ئاشۇ ياتاق ئۆيدە تىزلىنىپ ئولتۇردى، كەيپىياتى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. بىبىي ساگىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن رەڭگارەڭلىككە شۇنچىۋالا تەشنا بولغىنىنى چۈشەنگەندەك بولدى. يوتقاندىكى ئاپپىلسىن رەڭلىك ئىككى پارچە ياماقتىن سىرت، ئۆي ئىچىدە ھېچقانداق رەڭ يوق ئىدى. ئۆيدىكى سىيداملىق كىشىنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. ئۆينىڭ تېمى كۆل رەڭدە، پول سېرىق رەڭدە ئىدى. چىنە ـ قاچا تىزىلغان ياغاچ ئىشكاپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى رەڭگىدە ئىدى. پەردە ئاق رەڭدە، ئۆي ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىسات بولغان تۆمۈر كارىۋات ئۈستىدىكى يوتقان كۆك رەڭلىك بىجى رەختى بىلەن قارا، قوڭۇر، كۆل رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەنىدى. بۇ ھال تېجەشلىك ۋە ئاددىي ـ ساددىلىق ئۆزىدە ئىپادە قىلالايدىغان بارچە ئىمكانىيەتلەردىن بارلىققا كەلگەن غۇۋالىق ۋە مۇلايىملىق تۈسىنى ئۆزىدە جەم قىلغان. ئۆي ئىچىدىكى سىيدام مەنزىرە ئىچىدە يوتقانغا تىكىلگەن ئىككى پارچە ئاپپىلسىن رەڭ ياماق جاراھەتتىكى تېتىكلىككە ئوخشاش ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

سېس قوللىرىغا ۋە كىيىمىنىڭ يېشىل رەڭلىك يېڭىگە قاراپ شۇلارنى ئويلايتتى: ئۆي ئىچىدىكى سىيدام مەنزىرە سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ بىبىي ساگىسىقا ئوخشاش بۇلار ئۈچۈن غەمگە پاتماسلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇنىڭدا بىر قەستەنلىك بار، دەپ ئويلايتتى ئۇ. چۈنكى، قىزىنىڭ قەبرە تېشى

ئۇستىدىكى ھال رەڭ دانچىلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى رەڭ ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ بەئەينى بىر مېكىيانغا ئوخشاش رەڭ تونۇماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەر سەھەردە مېۋىلەرنى ئاقلاپ چىرايلىق شەكىلدە تىزىش، كۆكتات ۋە گۆش تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە بىرەر يېڭى ئالما ياكى سېرىق رەڭلىك كاۋىلارنىڭ ئىزناسىمۇ يوق؛ ھەر سەھەردە قۇياش نۇرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ نۇرلىرىغا زەن سېلىپ باقمىغان. سېس بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا بىر كۇنى قىزىنىڭ قىپقىزىل قانلىرىنى كۆرگەندەك، يەنە بىر كۇنى قەبرە تېشىدىكى ھال رەڭ دانچىلارنى كۆرگەندەك ھېسسىياتتا يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بارلىق رەڭلەر مۇشۇ ئىككى خىل رەڭ بىلەنلا چەكلىنەتتى.

124 ـ نومۇرلۇق ئۆي ھەر دائىم كۇچلۇك ھېسسىياتقا تولۇپ تۇردۇ. سېس ئۇچۇن ھەر قانداق چوڭ بالا ـ قازامۇ بەربىر ھېسابلىنىشى مۇمكىن. بىر چاغلاردا ئۇ ھەر ئەتىگىنى ئېتىزلىققا نەزەر سېلىپ بالىلىرىنى ئىزدەيتتى، ئېچىقلىق دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئەتراپىدىكى چىۋىنلەرنىڭ گىژىلداشلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماستىن، بېشىنى سول تەرەپكە قىيسايتىۋالاتتى، كۆزلىرىنى ئوڭ تەرەپكە ئاغدۇرۇپ بالىلىرىنى ئىزدەيتتى. بۇلۇتلارنىڭ يول ئۇستىگە چۇشكەن سايىسى، قېرى ئايال، باغلاقسىز ھالەتتە تىكەن يەۋاتقان ئۆچكە قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ كۆزىگە خوۋارد، ياق، بۇگلار بولۇپ كۆرۈنەتتى. سېس بارا ـ بارا ئىزدىمەس بولدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بالىلىرىنىڭ ئون ئۇچ ياشلار ئەتراپىدىكى چىرايى غۇۋالىشىپ، چۇشىدە كۆرىدىغان بالا ۋاقىتتىكى ھالىتىلا قالغانىدى. ئۇ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ سىرتىنى چۇشەيتتى. ئۇنىڭ چۇشلىرى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ تېشىدا خالىغانچە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ بەزىدە بالىلىرىنى چىرايلىق دەرەخلەرنىڭ

ئۈستىدە كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ پۈتلىرى يوپۇرماقلار ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قالاتتى. بەزىدە ئۇلار قاقاھلاپ كۈلگىنىچە رىلىسنى بويلاپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. زىيادە خۇشاللىق بىلەن كۈلگەنلىكتىن سىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك، ھەرگىزمۇ بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭغا قارىمايتتى. سىس ئويغىنىپ كېتىپ ئۆزىنى ئۆيىدە كۆرەتتى. ئەينى چاغدا سودا پىرەنىكنىڭ ئۇۋاقلىرى چېچىلغان ئاشۇ ئۈستەل، قىزى يامىشىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان ئاق پەلەمپەي، بېيىبىي ساگىس ئاياغ يامايدىغان بۇلۇڭ، سوغۇق ساقلاش ئۆيىدىكى يەنە بىر دۆۋە ئاياغ، دەنۋېرنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈپ قويغان مەش، شۇنداقلا ئۆيدە ھۆكۈم سۈرىدىغان شۈملۈق — ئۆي بۇلاردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى سىغدۇرالمايدىغاندەك تۇراتتى. پائۇل . D كېلىپ بۇ يەرنى مالىماتاڭ قىلىپ، ئەرۋاھنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنلا ئۆينى سىغدۇرغۇدەك جاي چىقتى.

شۇڭلاشقا، ئۇ پائۇل. D كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى ئەتىگىنى ياتاق ئۆيدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سىيدام ۋە مۇدھىشلىق قاپلىغان 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى ئاشۇ ئىككى پارچە ئاپلېسىن رەڭلىق ياماق سەۋەبىدىن بىئارام بولدى.

ھەممىسى پائۇل . D نىڭ كاساپىتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى پائۇل . D نىڭ ھەمراھلىقىدا جانلىنىشقا باشلىدى. ئىشلار ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتتى: مەنىسىزلىك مەنىسىزلىككە قاراپ تۇراتتى، ئىسسىقلىق قىزىقلىققا ئالماشقانىدى. دېرىزىنىڭ ئىچى ئۆشتۈمتۈت يېڭى مەنزىرىنى كۈتۈۋالغانىدى. يەنە تېخى پائۇل . D نىڭ ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتىڭىز.

ئازغىنا گۈرۈچ، بىرئاز پۇرچاق،
گۆش يوق يەي دېسەڭ ئازراق.

ئەمگەك ئېغىر، جاپا كۆپ،
بولكا يەيسەن مايسىز ۋە قۇرغاق.

پائۇل. D ئورنىدىن تۇرۇپ ناخشا ئېيتقاچ، تۇنۇگۇن ئۇرۇپ ـ چاققان نەرسىلەرنى رەتلىگىلى تۇردى. ئۇ تۇرمىنىڭ ئەمگەك مەيدانىدا ۋە كېيىن ئۇرۇش دەۋرىدە ئۆگىنىۋالغان بىر نەچچە ناخشىنى ئېيتاتتى. بۇ ناخشىلار ھەرگىزمۇ «شېرىن ئۆي» دە زوق ـ شوخ بىلەن ئېيتىلىدىغان شادىمان ناخشىلاردىن ئەمەس ئىدى.
ئۇنىڭ گېئورگىيەدىن ئۆگىنىپ كەلگەن ناخشىلىرى كىشىگە بەئەينى توكۇلدىتىپ مىخ قېقىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

رېلىستۇر، ياستۇقۇم رېلىس،
پويىز كېلىپ ئىدىيەمنى يانجارمىش.
ھاك ئادەمگە ئايلانسام ئەگەر
ئەترەت باشلىقىنىڭ كۆزىنى قۇياتتىم چوقۇم.
بەش سېنت مىس ياماق،
ئون سېنت كۇمۇش ياماق،
تاشلارنى چېقىشىمىز ۋاقتنى يارماق.

بۇلار پەقەتلا قاملاشمىغان ناخشا بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇستەلنىڭ پۇتىنى ئورنىتىش، دېرىزىلەرنى رېمونت قىلىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان پائۇل . D ئۇچۇن شۇنچىلىك يېقىملىق، جەزبىدار بىلىنەتتى.
ئۇ «شېرىن ئۆي» دە ئېيتىدىغان «سۇدىكى شىۋىرغان» دېگەن ناخشىنى ئېيتالماس بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ «غىڭ، غىڭ، غىڭ» قىلىپ غىڭشىپ يۈرۈپ، بىر جۈملە سۆز تاپسىلا ناخشىغا سېلىپ ئېيتاتتى. ناخشىلىرىدا ئادەتتە «يالاڭ ئاياغ قىز، ئانتېمىس، ئايغىمنى سالدۇر، شىلەپەمنى ئال» دېگەندەك گەپلەر كۆپ تەكرارلىناتتى.

بۇ سۆزلەر ئادەمنى بەكمۇ مەپتۇن قىلاتتى( ئايىغىمنى بەر، شىلەپىنى بەر). چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق بىر ئايال كىشى بىلەن بەك ئۇزاق تۇرۇپ كېتەلىشىگە، ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئىككى ئاي بىللە تۇرالىشىغا ئىشەنمەيتتى. دېلاۋېردىن ئايرىلغاندىن بېرى، ئۇ بىرەر جايدا ئەڭ ئۇزاق بولغاندىمۇ تەخمىنەن شۇنچىلىك ۋاقىت تۇرالمىغانىدى(پائۇل . D ئىلگىرى دېلاۋېر ئىسىملىك بىر توقۇمچىلىق ئىشچىسى بىلەن ئون سەككىز ئاي بىللە تۇرغان). ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ گېئورگىيەنىڭ ئالفېرد دېگەن يېرىدە يەر ئاستىدا تۇرغانىدى. پەقەت تاش چاققىنى چىققاندىلا قۇياش نۇرىنى كۆرەلەيتتى. پائۇل. D تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ ئۇ يەردىن قېچىپ كەتسىلا، ئۆزىنىڭ ئىشكەل سېلىنغان ھالەتتە ئۇخلاش، سىيىش، تاماق يېيىش ۋە بازغان ئۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشتىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

لېكىن، سېس ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئۆيدىكى ئادەتتىكى بىر ئايال ئەمەس. ئۇ قىزىل نۇر بىلەن ئۇچراشقاندىلا، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن باشقا دۇنيادىكى ھەرقانداق جاينىڭ قاقاس زېمىن، تاقىر تاغدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئالفېردتىن قاچقاندىن كېيىن پائۇل . D بەدىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەزاسى بولغان كاللىسىنىڭ ناخشا ئېيتىش، تاماق يېيىش، يول مېڭىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئازراق قىسمىدىن باشقىسىنى ئىشلەتمەي قۇلۇپ سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئاز ـ تولا ئۆي ئىشى قىلىشتىن، سېس بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن باشقا ئارتۇق ئارزۇلىرى يوق. ئەگەر ئۇ باشقىنى ئويلاشقا كاللىسىنى ئىشلەتسە، خاللىنىڭ چىرايى ۋە سېكسونىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشلىرى ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشى، يەر ئاستى تۇرمىسىدىكى تىترەشلىرىنى ئەسلەپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. تاش چېقىش مەيدانىدا قۇياش نۇرى ئاستىدا ئېغىر ئەمگەك قىلغاندىلا، ئۇنىڭ قولىدا تۆمۈر بازغان بولغانلىقى ئۈچۈن،

كامېردا ياتقان چېغىدىكىدەك تىترىمەيتتى. تۇرمىنىڭ قەپىسى «شېرىن ئۆي» ئوينىيالىمىغان رولنى ئوينىدى؛ ئېشەكتەك ئىشلەپ، ئىتتەك ياشاشلارمۇ ئوينىيالمىغان رولنى ئويناپ ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويغىلى تاس قالدى.

كېيىن ئۇ ئوخشىمىغان ئىشتاتقا باردى، سىنسىنناتىغىمۇ باردى. ئۇ خاللى ساگىسىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيى ئالدىدا تۇرغان چاغدا، ئۆزىنىڭ كۆرمىگەن كۈنى، قىلمىغان ئىشى قالمىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇ ئۆزى بۇزۇۋەتكەن دېرىزىنىڭ كېشىكىنى رېمونت قىلىۋاتقان چاغدىمۇ، بېشىغا ياغلىق چەگمىگەن، پۇتلىرى يالىڭاچ، ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدىن چىقىپ كەلگەن خاللىنىڭ خوتۇنىنىڭ تېخىچە ھاياتى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىكى خۇشاللىقىنى تىلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى.

— مەن سىرتتىن قىلغۇدەك ئىش تاپسامىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، سىزچۇ؟

— قىلغۇدەك جىق ئىش يوق. ھەممىسى دەريا بىلەن چوشقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار.

— ھىم، مەن ئەزەلدىن سۇ ئۈستىدە ئىشلەپ باقمىغان، لېكىن ئۆزۈمگە ئوخشاش ھەرقانداق ئېغىر نەرسىنى يۆتكىۋېتەلەيمەن. چوشقىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

— بۇ يەرنىڭ ئاق تەنلىكلىرى كېنتاكىلىقلاردىن كۈچتۈڭگۈر، شۇنداقتىمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرۈڭ قېنى.

— ئۇرۇنۇپ كۆرۈشۈم ئېنىق، مەسىلە نەگە بېرىپ ئۇرۇنۇپ بېقىشىمدا. سىزچە بۇ يەردە ئۇرۇنۇپ باقسام بولارمۇ؟

— بەك قالتىس بولىدۇ.

— قىزىڭىز دەنۋېرنىڭ ئوي ـ خىيالى باشقىچىرەك تۇرىدۇ.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

— ئۇ دائىم بىرسىنى كۈتۈۋاتقاندەكلا. لېكىن، ئۇنىڭ كۈتۈۋاتقىنى مەن ئەمەس.

— بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

— ھىم. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مېنى ئۆزىگە كاشىلا بولدى دەپ ئويلايدۇ.

— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ. ئۇ ياخشى قىز. كىچىككىدىنلا شۇنداق.

— شۇنداقمۇ؟

— ھىم، ئۇنىڭ ئىش تېرىشى مۇمكىن ئەمەس. كۆرمىدىڭىزمۇ، مەن تونۇيدىغان ھەممە كىشىلەر ئۆلۈپ تۈگىدى. ئۆلدى. بىراق، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىدى. مېنىڭ دەنۋېرىمغا ھېچ ئىش بولمىدى. مەن ئۇنىڭغا ئېغىر ئاياغ ۋاقتىمدا پەقەتلا بولالماي قالدىم، ئۇمۇ بولالماي قالدى. بىراق، ئۇ تاغ تەرەپتىن بىر ئاق تەنلىك قىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ياردەمنى سىز ئويلاپمۇ خىيالىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز. كېيىن «مۇئەللىم» بىزنى تېپىۋالدى، قانۇندىن پايدىلىنىپ بىزنى بۇ يەرگە پالىغۇزدى.

— «مۇئەللىم» سىزنى تېپىۋالدى؟

— خېلى ئاۋارە بولغان بولسىمۇ تېپىۋالدى. ئاخىر تېپىۋالدى.

— سىزنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتمەپتۇ ـ دە؟

— ياق. قايتىپ كەتمىدىم. كىمنىڭ كىمنى تېپىۋالغىنى بىلەن كارىم بولمىدى. ئۇ يەرگە قايتىپ كېتىشتىن باشقا قانداقلا تۇرمۇش بولسا بولىۋېرەتتى. مېنى تۇرمىگە سولىدى. دەنۋېر كىچىك بالا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە تۈرمىگە كىردى. ئۇ يەرنىڭ چاشقانلىرى ھەممىلا نەرسىنى غاجىلايدىكەن، پەقەت ئۇنىلا غاجىمىدى.

پائۇل . D گەۋدىسىنى بۇرىدى. ئۇنىڭ بۇ توغرۇلۇق كۆپرەك ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. لېكىن، تۈرمە توغرىسىدىكى گەپلەر ئۇنىڭغا گېئورگىيەدىكى ئالفېردنى ئەسلىتىپ قويدى.

— ماڭا ئازراق مىخ لازىم. ئەتراپتا مىخ ئۆتنە بېرىپ تۇرغۇدەك كىشى چىقامدۇ؟ ياكى شەھەرگە بىر كىرىپ چىقىشىم

كىرەكمۇ؟

— شەھەرگە كىرىسىڭىز بولامدىكىن. سىزگە باشقا نەرسىلەرمۇ لازىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بىر كىچە ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۇلار ئەر - خوتۇنلاردەك پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار مۇھەببەت ۋە قەسەم بېرىشلەردىن بىراقلا ئاتلاپ ئۆتۈپ، «مۇشۇ يەردە ئىش تاپسىڭىز ياخشى بولامدىكىن» گە چۈشكەنىدى.

سېس كەلگۈسى دېمەك قىيىنچىلىقلارنى ئۆتمۈشكە قويۇپ قويۇش دېگەنلىك، دەپ بىلەتتى. ئۇ ئۆزى ۋە دەنۋېر ئىككىسى جەزملەشتۈرگەن «ياخشى تۇرمۇش» ھەرگىزمۇ باشقا شەكىلدىكى تۇرمۇش بولسا بولمايتتى(بۇ يەردىكى باشقا تۇرمۇش «شېرىن ئۆي»دىكى قۇللۇق تۇزۇمىنى كۆرسىتىدۇ).

پائۇل . D «باشقا شەكىلدىكى تۇرمۇشتىن» سېسنىڭ كارىۋىتىغا كەلگەنىدى. بۇمۇ بىر ياخشى تۇرمۇش ئەمەسمۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈش كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭسىز ئۆتۈش كېرەكمۇ، دېگەن ئوي ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. دەنۋېرغا كەلسەك، سېسنىڭ ھېلىغىچە دەنۋېرنى كۈتۈپ تۇرغان ئۆتمۈشتىن دەنۋېرنى قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتى بار. بۇ ھەممىدىن مۇھىم بىردىنبىر ئىش.

سىس ھەم خۇشاللىق، ھەم بىئاراملىق ئىچىدە ياتاق ئۆيدىن ۋە دەنۋېرنىڭ ئەلەسلەرچە قارشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، تۇرمۇش مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق قىلىشنى ئۇنۇملۇك ئۇسۇل دېگىلى بولمايتتى. دەنۋېر ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىشىغا قەتئىيلىك بىلەن ئارىلاشتى. ئۈچىنچى كۈنى تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماستىن پائۇل .D دىن بۇ يەردە يەنە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىدى.

دەنۋېرنىڭ گېپىدىن بىئارام بولغان پائۇل.D نىڭ ئەتىگەنلىك تاماقنى يېيىشكىمۇ رايى بارمىدى. قەھۋە ئىستاكانى يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، يانتۇ پولدا غىلدىرلاپ مېڭىپ كەتتى.

«غولدۇر - غولدۇر» پائۇل. D ئۆزى تەرەپكە بۆسۈپ كېلىۋاتقان بالايىـــئاپەتكە قاراپمۇ قويمىدى.

— دەنۋېر، نېمە بولدى سىزگە؟ — سىس ئوڭايسىزلانغاندىن بەكرەك ئاچچىقلانغان قىياپەتتە قىزىغا قارىدى.

— ئەمدى يولۇمغا ماڭسام بولىدىغان ئوخشايدۇ، — پائۇل .D ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ شۇنداق دېدى.

— بولمايدۇ! — سىس ئاۋازىنىڭ يۇقىرى چىقىپ كەتكىنىدىن ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، — دېدى دەنۋېر.

— لېكىن، سىز بىلمەيسىز، — دېدى سىس، — سىز

ئۆزىڭىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيسىز. ئەمدى سىزدىن يەنە بىرەر ئېغىز گەپ ئاڭلىغۇم يوق.

— مەن پەقەت سوراپ باقتىم شۇ.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! چىقىپ كېتىڭ. باشقا ياققا چىقىپ كېتىڭ.

دەنۋېر تەخسىسىنى كۆتۈرۈپ شىرەدىن تۇردى. تەخسىگە بىر پارچە توخۇ تۆشى ۋە بىرنەچچە بولكىنى سېلىپ چىقىپ كەتتى. پائۇل .D يەرگە ئېڭىشىپ، تۆكۈلۈپ كەتكەن قەھۋەنى كۆك قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈشكە تەمشەلدى.

— مەن سۈرتۈۋېتەي، — سېبس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مەش تەرەپكە ماڭدى. مەشنىڭ كەينىگە ھۆل، نەم، قۇرغاق بولۇپ نەچچە پارچە لاتا ئېسىلغانىدى. سېبس ئۈندىمەستىن شىرەنى سۈرتۈپ، ئىستاكاننى ئالدى. ئاندىن پائۇل .D غا يەنە بىر ئىستاكان قەھۋە قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئاستاغىنا قويدى. پائۇل .D ئىستاكانغا چېكىپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ئولتۇردى. ئۇنىڭغا بىر ئېغىز «رەھمەت» دەپ قويۇشمۇ ئورۇنلىماق تەس بولغان ۋەزىيەتتە، قەھۋە بولسا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان سوۋغىدەك بىلىنمەكتە ئىدى.

سېبس ئورۇندۇقىغا قايتىپ كېلىپ، بىر ھازاغىچە ئۈندىمەستىن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاخىرىدا بۇ تىمتاسلىقنى ئۆزى ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

— مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ بۇنداق تەربىيەلىمىگەن.

پائۇل .D ئىستاكاننى چېكىپ قويدى.

— ئۇنىڭ قىلىقىدىن بەكلا چۆچۈدۈم. سىزگە ئوخشاشلا كۆڭلۈم ئازار يېدى.

پائۇل .D سېسقا قارىدى:

— ئۇنىڭ سوئالىنىڭ تارىخى بارمۇ؟

— تارىخى؟ بۇ نېمە دېگەن گەپ؟

— مەن دېمەكچى، ئۇ مەندىن ئىلگىرىكى كىشىلەردىنمۇ

مۆشۆنداق سورىغانمىدى ياكى شۆنداق دەپ سورىغۆسى كېلەمتى؟
سېس ئىككى مۆشتۆمىنى تۆگۈپ، كاسسىنىڭ ئاستىغا باسۆرۆپ ئولتۆردى.
— سىز ئۆنىڭغا ئوخشاشلا ئەسكى ئىكەنسىز؟
— بولدى، سېس.
— ياق، مەن دەيمەن، مەن.
— مېنىڭ نېمە مەقسەتتە دېگەنلىكىمنى سىز بىلىسىز؟
— بىلىمەن، لېكىن مەن بۆنداق سوئالدىن بىزار.
— ئاھ، ئەيسا، — پائۆل .D شۆنداق دەپ غودۆڭشىدى.
— كىم؟ — سېسنىڭ ئاۋازى يەنە يۆقىرى چىقىپ كەتتى.
— ئەيسا ! مەن ئەيسا دېدىم. ئەمدىلا ئولتۆرۆپ ئاغزىم تاماققا بارا - بارماي ئىككى قېتىم تىل - دەشنەمگە سازاۋەر بولدۆم. بىر قېتىملىقى بۆ يەردە تۆرۆپ قالغانلىقىم ئۆچۆن؛ يەنە بىر قېتىملىقى نېمىشقا دەشنەم ئىشتىدىغانلىقىمنى سورىغىنىم ئۆچۆن.
— ئۆ سىزنى تىللىمىدى.
— تىللىمىدى؟ ماڭا شۆنداق بىلىندى.
— گېپىمنى ئاڭلاڭ. ئۆنىڭ ئۆچۆن سىزدىن كەچۆرۆم سورايمەن. مەن راستلا...
— سىزنىڭ سورىغىنىڭىز ھېساب ئەمەس. ۋاكالىتەن كەچۆرۆم سوراش ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس. ئۆ ئۆز ئاغزى بىلەن كەچۆرۆم سورىسۆن.
— ئۆنداقتا، مەن ئۆنى كەچۆرۆم سورىغۆزالايمەن، — سېس شۆنداق دەپ ئۆھ تارتتى.
— مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم، ئۆ سورىغان سوئال سىزنىڭ كاللىڭىزدىمۆ بارمۆ؟
— ئاھ ! ۋاي ياق. ئۆنداق ئەمەس، پائۆل .D. مەن ھەرگىزمۆ ئۆنداق ئويلىغىنىم يوق.
— دېمەك، ئۆنىڭ كاللىسىدا بىر خىيال، سىزنىڭدەك باشقا

بىر خىيال بار ئىكەن ـ دە؟

ــ مېنى كەچۈرۈڭ. لېكىن، مەن ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ يامان گەپ ئاڭلاپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن. سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن.

«بەك خەتەرلىك، ــ دەپ ئويلىدى پائۇل . D، ــ ئىلگىرى قۇل بولغان بىر ئايالغا نىسبەتەن بىر ەر نەرسىنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ كېتىش بەك خەتەرلىك، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ قىزىنى بۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ كېتىش.» ئەڭ ياخشى ئامالنى پائۇل . D بىلىدۇ: ئازراقلا ياخشى كۆرۈپ قويۇش كېرەك. ھەرقانداق نەرسىنى ئازراقلا ياخشى كۆرۈپ قويۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ياخشى كۆرۈلگۈچى ئۆزىنى چەتكە تارتقاندا، ياخشى كۆرگۈچى كېيىنكىسى ئۈچۈن مۇھەببىتىنىڭ يەنە بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويالايدۇ.

ــ نېمە ئۈچۈن؟ سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن مەندىن كەچۈرۈم سورىماقچى بولىسىز؟ ئۇ بويىغا يېتىپ بولدى.

ــ ئۇنىڭ قانداق بولغانلىقى بىلەن كارىم يوق. بويىغا يېتىش بىر ئانىغا نىسبەتەن ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس. بالا دېگەن بەربىر بالا. ئۇلار چوڭ بولىدۇ، قېرىيدۇ. بويىغا يەتتى دېگەن نېمە گەپ؟ مەن ئۈچۈن بويىغا يېتىش ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس.

ــ ئۇنىڭ بويىغا يەتكەنلىكى ئۇنىڭدىن ھەممە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. سىز ھەر دائىم ئۇنى قوغدىيالمايسىز. سىز دۇنيادىن كەتكەندە ئۇ قانداق قىلىدۇ؟

ــ ھېچقانداق قىلمايدۇ! ھايات ۋاقتىمدا ئۇنى قوغدايمەن، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ــ بولدى، دەيدىغان گېپىم قالمىدى، مەن تەسلىم بولدۇم، ــ دېدى پائۇل . D.

ــ شۇنداق ئىش، پائۇل . D، سىزگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى

چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئىشلار مانا مۇشۇنداق. مېنىڭ باشقا تاللىشىم يوق.
— مۇشۇنداق بولسا توغرا بولمىدۇ. مەن سىزنىڭ تاللىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمەن، ھېچكىم سىزدىن بۇنى تەلەپ قىلمايدۇ. مەن سىزگە ... مەن سىزنى بۇ يەردە مەن پاتقۇدەك جاي بەرسىكەن، دەپ ئويلايمەن.
— ئۇمۇ مەندىن سوراۋاتىدۇ.
— سىز ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ بولالمايسىز. ئۇنىڭغا ئېيتىشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئۆزىدىن كېچىپ باشقىلارنى تاللاش ئەمەس، ئىككىڭلارنىڭ بىرلىكتە بىراۋ ئۈچۈن تۇرىدىغانغا جاي چىقىرىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭ. سىز بۇلارنى دېيەلەيسىز. بايىقىدەك ئويلىغان بولسىڭىز، بەرىبىر مېنىڭ ئاغزىمنى توسۇۋالالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ قېلىڭ. مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلمايمەن، قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياخشى قاراشقا تىرىشىمەن. بىراق، ئۇ بىغەرەزلىك قىلسا، ئۇ ھالدا ھېچكىمنىڭ مېنى ئاغزىڭنى يۇم دېيىشىگە يول قويمايمەن. بۇ يەردە تۇرۇشۇمغا قوشۇلسىڭىز، ئاغزىمنى يۇمۇشۇمغا ھېرىس بولمىغايسىز.
— بەلكىم شۇنداق قىلىشىم كېرەكتۇ.
— قانداق؟
— بىز ياخشى ئۆتەلەيمىز.
— مىجەزىمىزچۇ؟
— مەن بىراۋنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقالمايمەن.
— سېپس، دەنۋېر ئىككىڭلار بىلەن بىللە تۇرسام، سىز خالىغان يېرىڭىزگە بارالايسىز، سەكرىگۈڭىز كەلسە سەكرەيسىز، مەنمۇ سىزگە ئەگىشىپ سەكرەيمەن، قىزچاق. يىقىلىپ چۈشەي دېسىڭىز يۆلىۋالىمەن. قانچىلىك ماڭىمەن دېسىڭىز شۇنچىلىك ماڭالايسىز. مەن سىزنىڭ ئوشۇقىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قويىمەن، سىزنىڭ يەنە ماڭالىشىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىمەن. ھەرگىزمۇ

ماڭا تۇرار جاي كېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق دەۋاتقىنىم يوق، ماڭا كېرەكلىك نەرسە بۇ ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ بىر يولۇچى ئىكەنلىكىمنى سىزگە ئېيتتىم. لېكىن، مەن ئۇدا يەتتە يىل سىز تەرەپنى نىشانلاپ يۆتكەلدىم. بۇ رايوندا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكىلىپ تۇردۇم: شىمالدىكى، جەنۇبتىكى ئىشتاتلارغا، غەربتىكى، شەرقتىكى ئىشتاتلارغا يۆتكىلىپ يۈردۈم، نامسىز جايلارغىمۇ باردىم، لېكىن ئۇ يەرلەردە ئۇزاق تۇرمىدىم. مەن بۇ يەرگە كېلىپ كارىدور ئالدىدا سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغان چېغىمدا، مەن بۇ يەرنى دەپ ئەمەس، سىزنى دەپ كەلگەنلىكىمنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. بىز بىرلىكتە يېڭى دۇنيا يارىتىمىز، قىزچاق، يېڭى دۇنيا.

— بىلمەيمەن. مەن بىلمەيمەن.

— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ. قانداق بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. ئەگەر سۆزلىرىمگە قوشۇلمىسىڭىز، ھازىرچە جاۋاب بەرمەڭ. بىز ئاۋۋال قانداق بولىدىغانلىقىنى كۈتەيلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

— سىز ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمۇ؟

— شۇنداق، بىر قىسمىنى.

— بىر قىسمىنى؟ ياخشى بولدى. ئاۋۋال سىزگە بىر قىسمىنى بېرەي. شەھەردە پەيشەنبە كۈنى، يەنى ئەتە كارنىۋال بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەخسۇس نېگىرلار يىغىلىدۇ. يېنىمدا ئىككى سوم پۇل بار. مەن، دەنۋېر، سىز ئۇچىمىز بېرىپ خەجلەپ تۈگىتىۋېتەيلى. سىزچە قانداق؟

سېس «ياق» دېدى. ئۇ شۇنداققۇ دېدى (ئەگەر ئۇ ئەتە غوجايىنىدىن بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىسا، ئۇ نېمە دەر)، ئېغىزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە كۆزلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىشنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇراتتى.

پەيشەنبە كۈنى. چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى. چۈشتىن بۇرۇن
سائەت ئون بىر بولغان چاغ، زېمىن راسا قىزىغانىدى. سېسىنىڭ
كىيىۋالغان كىيىمى ئىسسىق ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ
بىئارام قىلغىلى تۇردى. بىراق، بۇ ئۇنىڭ ئون سەككىز يىلدىن
بېرى تۇنجى قېتىم ئاممۇۋى سورۇنغا قاتنىشىشى بولغانلىقتىن،
سېسىنى قانچىلىك بىئارام قىلسۇن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ
كۆڭلەكنى كىيىۋېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتى. سېس شىلەپە
كىيىۋالغانىدى، شىلەپە كىيىشىنىڭ ئەلۋەتتە زۆرۈرىيىتى بار.
سېسىنىڭ ئىشقا ماڭغان كىشىلەردەك بېشىنى ئورىۋالىدىغان
جۇنىس خانىمنى ياكى ئېلىلانى ئۇچراتقۇسى يوق. سېسىنىڭ
ئۇچىسىدىكى ساپ يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن تۇگمىلىك
كۆڭلەكنى بېيىبي ساگېسنى ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى بودۋېن
خانقىز مىلاد بايرىملىق سوۋغات سۈپىتىدە بېيىبي ساگېسقا
ھەدىيە قىلغانىدى. دەنۋېر بىلەن پائۇل . D بۇ كۈندە ئالاھىدە
كىيىم كىيىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ
ئويلىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەنلا
چىققانىدى. ئىسسىتىپ بىئارام قىلىۋېتىدىغان كىيىملەرنى
كىيمىگەنلىكتىن، ئۇ ئىككىسى ئۆزىنى سېسقا قارىغاندا
راھەترەك ھېس قىلدى. دەنۋېرنىڭ شىلەپىسى مۇرىسىگە تېگىپلا
تۇراتتى؛ پائۇل . D جىلىتكىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ،
كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى جەينىكىگىچە تۇرىۋالغان، ئۇچىسىغا چاپان
كىيمىگەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى قولتۇقلىۋالمىغان بولسىمۇ،
لېكىن سايىلىرى بىر - بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەنىدى.
سېس سول يېنىغا قاراپ قويدى، ئۇچەيلەن چاڭ - توزاندىن
ئۆتكۈچە سايىلىرى قولتۇقلىشىۋالدى. بەلكىم پائۇل . D نىڭ
دېگىنى توغرىدۇ. بىر خىل تۇرمۇش. سېس ئۈچ سايىنىڭ قول
تۇتۇشۇپ مېڭىۋاتقاندىكى ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ چىركاۋغا
بارىدىغاندەك ياسىنىۋالغان تۇرقىدىن خىجىل بولدى. ئەتراپىدىكى
كىشىلەر ئۇنى ئىككى قەۋەتلىك ئۆيدە تۇرغانلىقىدىن ئۆزىنى

چوڭ تۇتۇپ، باشقىلارغا ئوخشاپ قالماي، دەپ مۇشۇنداق ئالاھىدە كىيىنىۋالدى؛ ھېچكىم بىشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان، بىشىغا كەلگەن كىشى ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئىشلارنى بىشىدىن كەچۈرۈپ، بەرداشلىق بىرىپ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ قەتئىي بوشاشمايدىغان قەيسەر ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئالاھىدە بولىۋالدى، دەپ ئويلايتتى. دەنۋېر سېسىنىڭ ياسىنىپ ـ تارىنىش تەكلىپىنى رەت قىلدى، سىس قىزىنىڭ چىچىنى ئۆرۈش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. لېكىن، دەنۋېر ئارىدىكى كەيپىياتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەرقانداق شەكىلدىكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالىمايتتى. دەنۋېر ئۆزى خالىمىغان ھالدا بۇ يەرگە كېلىشكە قوشۇلغانىدى. ئۇ «قېنى، مېنى قانداق خۇشال قىلارسىلەركىن، كۆرۈپ باقاي» دەپ ئويلايتتى. پائۇل . D خۇشال ئىدى. ئۇ يىگىرمە ئىنگلىز چىسى دائىرىدە ئۇچرىغان ھەربىر ئادەم بىلەن سالاملىشاتتى، قاغىلارنىڭ قاقىلدىشىغا جاۋاب قايتۇراتتى، سولىشىپ قالغان گۈللەرنى پۇرايتتى. ئۇلار مەيلى نېمە ئىشلارنى قىلسۇن، دەنۋېر پىشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەندە مېڭىشتىن توختاپ ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى ئەتكەندە بولسۇن ياكى پائۇل . D تاشلارنى تەپكەچ كېتىۋېتىپ قولىنى سوزۇپ بىر ئايالنىڭ دولىسىدىكى بالىنىڭ مەڭزىنى چىمدىغاندا بولسۇن، ئۇلارنىڭ سول تەرىپىدە قىيپاش تۇرغان سايە باشتىن ـ ئاخىر بىر ـ بىرىدىن ھەرگىز نېرى كەتمىدى. بۇنىڭغا سېتىن باشقا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. سىس بۇنى بىر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، دەپ ئويلاپ، قەدىمىنى توختىتىپ سايىلەرگە قايتا ـ قايتا قارىدى. بىر خىل تۇرمۇش. بەلكىم شۇنداقتۇ.

ياغاچ ساقلاش مەيدانىنىڭ رېشاتكىلىرى ئەتراپىدىكى ئەتىرگۈللەر سولىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى ياغاچ كېسىش ئۇستىسى يىگىرمە يىل ئىلگىرى بەلكىم ئۆزى ئىشلەيدىغان يەرنى كۆركەملەشتۈرۈش، ياغاچلارنى كېسىپ نابۇت قىلغاندىكى

جىنايەتكار تۈيغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىككەن بولغىيتتى. ئۇ گۈللەرنىڭ ناھايىتى تېز سۇرئەتتە ئۆسۈپ بۈك ـ باراقسانلىشىپ كەتكىنىدىن ھەيران قالغانىدى. گۈللەر ياغاچ ساقلاش مەيدانىنىڭ رېشاتكىلىرىنى بۆككىدە ئورىۋالغان، ياغاچ ساقلاش مەيدانىنىڭ يېنىدىكى ئېتىزلىق ياغاچ ساقلاش مەيدانىدىن ئايرىلىپلا كەتكەنىدى. ئۆيى يوق سەرگەردان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يەردە كېچىنى ئاتقۇزاتتى؛ باللار چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى؛ سېرىكچىلەر بۇ يەرگە يىلدا بىر قېتىم كېلىپ كەپىلىرىنى تىكىشەتتى. ئەتىرگۈللەر قۇرۇغانسېرى، ئۇلارنىڭ خۇش ھىدلىرى ئەتراپقا بارغانچە تارقىغىلى تۇردى. كارنىۋال بايرىمىغا قاتناشقان ھەممە كىشى قۇرۇشقا باشلىغان ئەتىرگۈللەرنىڭ ھىدى ئارىسىدا يۈرمەكتە. بۇ پۇراق بەزىدە ئۇلارنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، ئۇسسىتىدىغان بولسىمۇ، بۇ ھال مەيدانغا توپلىشىش ئۈچۈن ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كېلىۋاتقان نېگىرلارنىڭ قىزغىنلىقىنى بوشاشتۇرالمايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يول ياقىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى بېسىپ ماڭاتتى، بەزىلىرى يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىرغاڭشىپ كېتىۋاتقان يوغان ھارۋىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشاتتى. ھەممە كىشىنىڭ پائۇل . D غا ئوخشاشلا كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۆلۈشكە ئاز قالغان ئەتىرگۈللەرنىڭ پۇرىقىنىمۇ تۇسۇۋالغىلى بولمايتتى. كىشىلەر قىستاشقىنىچە مەيداننىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كەلگىنىدە، چىراغقا ئوخشاش جانلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئاق تەنلىكلەرنى ھېچقانداق چەكلىمىسىزلا كۆرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ھاياجانلانغىنىدىن نەپەسلىرىنىمۇ چىقىرالماي قالدى. سېرىكچىسى، ھەزىلكىشى، باشسىزى ياكى ئىككى باشلىقى، ئېگىزلىكى يىگىرمە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغىنى ياكى يىگىرمە دىيۇم كېلىدىغىنى، بىر تونىنا ئېغىرلىقتىكىسى، پۈتۈن بەدىنىنى چەكتۈرۈۋالغىنى، ئەينەك يەيدىغىنى، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈيدىغىنى، يىپلارنى چىڭ چىگىلگەن پېتى قۇسۇپ

چىقىرىدىغىنى، ئەلئېھرام مۇنارىنى ياسايدىغىنى، چامباشچىلىق قىلىدىغىنى بولۇپ ھەر خىل ئاق تەنلىكلەردىن تەركىب تاپقان سىرىك ئۆمەك ئەزالىرى مەيدانغا توپلاشقانىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلان تاختىسىغا يېزىلغان. خەت تونۇيدىغانلىرى ئوقۇيتتى، ساۋاتسىزلىرى بىر تەرەپتە تۇرۇپ ئوقۇپ بەرگەننى ئاڭلايتتى. يېزىلغىنى گەرچە قالايمىقان بىلجىرلاشلار بولسىمۇ، بۇ مەيدانغا كەلگەن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ سېتىقچىلىرى نېگىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تىللاپ تۇرۇپ خېرىدار چاقىراتتى. لېكىن، پائۇل . D نىڭ جىلىتكىسىدىكى يېمەكلىكلەر ۋە ئىشتىنىدىكى تۆشۈك ئۇنىڭ بۇ ھاقارەتلىك تىللارنى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويماسلىقىغا سەۋەب بولاتتى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرى ھېچقاچان ئېرىشەلمەيدىغان خۇشاللىق ئۈچۈن بۇنچىلىك بەدەل تۆلەشكە ئەرزىيتتى. خۇشاللىققا ئېرىشىشنى ئويلىغاندا بۇ بەدەل ھەقىقەتەنمۇ كىچىك بەدەل ئىدى. شۇنداق قىلىپ، چاكىنا دەپ ئاتاشقىمۇ شەرتى توشمايدىغان كارنىۋال بايرىمى تۆت يۇزچە قارا تەنلىكنى غىدىقلاپ راسا بىر يايرىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

«بىر تونىملىق خانىم» ئۇلارغا تۇكۇردى. بىراق، ئۇنىڭ يوغان بېشى ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۇزمەي قويدى. ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرىدىكى ئىپلاسلىق ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. «مىڭ بىر كېچە»دىكى ئۇسسۇلچى قىز يىگىرمە مىنۇتلۇق نومۇرنى ئۈچ مىنۇتقا قىسقارتىۋەتتى. بۇ ئىش كىچىك بالىلارنى خۇش قىلىۋەتتى، چۈنكى ئۇسسۇلچى قىزغا ئابۇ يىلان ئويناتقۇچىسى ئەگىشىپلا يۇرگەنىدى.

دەنۋېر ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن ئاق تەنلىك قىزنىڭ ساتمىسىدىن تومۇز ئوت شەربىتى، چۈچۈكبويا شەربىتى، يالپۇز شەربىتى، لىمون شەربىتى قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى.

چىقىرىدىغىنى، ئەلئىبھرام مۇنارىنى ياسايدىغىنى، چامباشچىلىق قىلىدىغىنى بولۇپ ھەر خىل ئاق تەنلىكلەردىن تەركىب تاپقان سېرىك ئۆمەك ئەزالىرى مەيدانغا تويلاشقانىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلان تاختىسىغا يېزىلغان. خەت تونۇيدىغانلىرى ئوقۇيتتى، ساۋاتسىزلىرى بىر تەرەپتە تۇرۇپ ئوقۇپ بەرگەننى ئاڭلايتتى. يېزىلغىنى گەرچە قالايمىقان بىلجىرلاشلار بولسىمۇ، بۇ مەيدانغا كەلگەن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ سېتىقچىلىرى نېگىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىنى تىللاپ تۇرۇپ خېرىدار چاقىراتتى. لېكىن، پائۇل . D نىڭ جىلىتكىسىدىكى يېمەكلىكلەر ۋە ئىشتىنىدىكى تۆشۈك ئۇنىڭ بۇ ھاقارەتلىك تىللارنى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويماسلىقىغا سەۋەب بولاتتى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرى ھېچقاچان ئېرىشەلمەيدىغان خۇشاللىق ئۇچۇن بۇنچىلىك بەدەل تۆلەشكە ئەرزىيتتى. خۇشاللىققا ئېرىشىشنى ئويلىغاندا بۇ بەدەل ھەقىقەتەنمۇ كىچىك بەدەل ئىدى. شۇنداق قىلىپ، چاكىنا دەپ ئاتاشقىمۇ شەرتى توشمايدىغان كارنىۋال بايرىمى تۆت يۈزچە قارا تەنلىكنى غىدىقلاپ راسا بىر يايرىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

«بىر تونىلىق خانىم» ئۇلارغا تۇكۇردى. بىراق، ئۇنىڭ يوغان بېشى ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەي قويدى. ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرىدىكى ئىپلاسلىق ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. «مىڭ بىر كېچە»دىكى ئۇسسۇلچى قىز يىگىرمە مىنۇتلۇق نومۇرنى ئۈچ مىنۇتتا قىسقارتىۋەتتى. بۇ ئىش كىچىك باللارنى خۇش قىلىۋەتتى، چۈنكى ئۇسسۇلچى قىزغا ئابۇ يىلان ئويناتقۇچىسى ئەگىشىپلا يۈرگەنىدى.

دەنۋېر ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن ئاق تەنلىك قىزنىڭ ساتمىسىدىن تومۇز ئوت شەربىتى، چۈچۈكبۇيا شەربىتى، يالپۇز شەربىتى، لىمون شەربىتى قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى.

ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ روھلانغان دەنۋېرنىڭ ئەتراپىنى بىر توپ ئادەم ئورىۋالدى. ئۇلار دەنۋېرغا قاراپ كەتمەيتتى، پەقەت پات ـ پاتلا ئۇنى «ھەي، دەنۋېر» دەپ چاقىرىپ قوياتتى. دەنۋېر پائۇل . D نىڭ بەك ئەسكى ئادەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ خۇش بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، پائۇل . D نىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرى بار ئىدى. ئۇچەيلەننىڭ بىرلىكتە پەتەكلەر ئۇسسۇلىنى كۆرۈۋاتقاندىكى ھالىتىدىن باشقا نېگىرلارنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئەتتى. دەنۋېر ئىلگىرى ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئاشۇ خىل ھالەتنى كۆرۈپ باققىنىنى بىلمەيتتى، ھەتتا بىرنەچچىسى ئۇنىڭ ئاپىسىغا باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. گىگانىت ئادەم بىلەن پەتەك ئۇسسۇل ئوينىغىنىدا، قوش باشلىق ئادەم بىرنېمىلەرنى دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلغىنىدا، پائۇل. D خۇشلۇقىدىن يوتىسىغا شاپىلاقلاپ كەتتى. ئۇ دەنۋېرنىڭ كۆڭلى تارتقان ھەممە نەرسىنى ئېلىپ بەردى، دەنۋېر تەلەپ قىلمىغان نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ بەردى. ئۇ ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۈرۈپ، سېس كىرىشكە ئۇنىمىغان چېدىرغا ئۇنى ئېلىپ كىردى، سېسنىڭ يېگۈسى يوق مېۋىلەرنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. «ئافرىقىلىق ياۋايى ئۇسسۇلچى ئەر» قولىدىكى كالتەكنى پۇلاڭلىتىپ قالايمىقان چۇرقىرىغىلى تۇرغاندا، پائۇل . D ھەممەيلەنگە بۇ كىشىنى روئانوكتا تۇرغان چېغىدىلا تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پائۇل . D بىر نەچچە كىشى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ قانداقراق خىزمەت قىلغۇسى بارلىقىنى ئۇلارغا ئېيتتى. سېس ئۆزىگە كۈلۈمسىرەۋاتقان چىرايىغا كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب قايتۇردى. دەنۋېر خۇشاللىقتىن مەست بولدى. ئۆيگە قايتىدىغان يولدا، ئۈچ كىشىلىك سايە قول تۇتۇشقىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا جىلۋە قىلىپ ماڭدى.

رەڭلىك كىيىنگەن بىر قىز سۇدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ تەسلىكتە قىرغاققا چىقتى. ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئۆزىنى تاشلىدى، شۇ ئولتۇرغانچە ساق بىر كېچە ـ كۈندۈز ئولتۇردى. بېشىنى ئۇجمە دەرىخىنىڭ شېخىغا تاشلاپ ئولتۇرغانلىقتىن، بېشىدىكى چىغ قالپاقنىڭ چۆرىلىرى قىرچىلىپ كەتكەنىدى. بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى ئاغرىيتتى، ئۆپكىسىنىڭ ئاغرىقى ھەممىدىن قاتتىق ئىدى. پۈتۈن بەدىنى ھۆل، نەپەس ئېلىشى جىددىي ئىدى، ھالسىزلانغىنىدىن قاپىقىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈشمۇ تەس كېلىۋاتاتتى. كۈندۈزنىڭ مەيىن شاملى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى قۇرۇتسا، كېچە شاملى پۈرلەشتۈرۈۋېتەتتى. ھېچكىممۇ ئۇنى بايقىمىدى، ھېچكىممۇ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالمىدى. ئادەم ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قاراپ بېقىشتىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغان بولاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇيقۇلۇق ھالەتتە خىرقىراپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقىدىنمۇ ئەمەس، ئۇ مۇشۇ ھالەتتىمۇ كۆلۈمسىرەپلا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ قاراپ باقماسلىقى ئېنىق. ئەتىسى ئۇ ياتقان يېرىدىن مىڭ تەسلىكتە ئۆمىلەپ قوپتى. توپتوغرا يېرىم كۈن سەرپ قىلىپ ئورماننى كېسىپ ئۆتتى، شەمشەت دەرىخى ياغىچىدىن ياسالغان چېركاۋدىن ئۆتۈپ، ئېتىزلىققا كىرىپ، كۆل رەڭ ئۆيگە يېقىنلاپ

باردى. ھالسىزلانغىنىچە شۇ جايدا ــ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە يېقىن دەرەخزارلىقتا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى ئېچىش ئۇنچىۋالا تەس كەلمىدى. كۆزى يۇمۇلۇپ كەتمەي، ئىككى مىنۇت، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلىدى. ئۇنىڭ تەخسىنىڭ دىيامېتىرچىلىكمۇ كەلمەيدىغان ئورۇق بوينى قىيسايغان، ئېڭىكى كۆكلىكىنىڭ گۈل تۇتۇلغان ياقىسىغا تېگىشىپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى.

تەبرىكلەش مۇراسىمى بولمىغان چاغلاردىمۇ شامپان ئىچىۋېلىپ، گىرۋەكلىرى قىرچىلىپ كەتكەن چىغ قالپاقلىرىنى قىيسايتىپ كىيىۋېلىپ، ئۇچرىغانلا كىشىگە بېشىنى لىڭشىتىپ، ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنىمۇ ياخشى ئەتمەي يۈرىدىغان ئاياللارنىڭ تۇرقى ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىغا ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ تېرىسى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ پەشتىقىغا يېقىن جايدىكى بۇ ئايالنىڭ تېرىسىگە يەتمەيتتى. ئۇنىڭ تېرىسى يېڭى، قورۇق چۈشمىگەن، پارقىراق ئىدى، ھەتتا بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىغىچە شۇنداق ئىدى.

كارنىۋال بايرىمى ئاخىرلاشقان چاغدا ئاللىقاچان گۇگۇم چۈشۈپ كەتكەنىدى. نېگىرلاردىن تەلىيى كەلگەنلىرى مەيگە ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىۋالدى، قالغانلىرى پىيادە قايتماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئايال يەنە ئۇخلاپ قالدى. كۈن نۇرى ئۇنىڭ يۈزىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. سېس، دەنۋېر، پائۇل . D ئۇچى قايتىش يولىدىكى ئايالنىڭغا كەلگەندە، بىر قارا كۆكلەكنى ۋە بوغقۇچلىرى يېشىلىپ كەتكەن بىر جۈپ ئاياغنى بايقاپ قالدى. بۇ چاغدا جىنتەك ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

ــ قاراڭ، دەنۋېر، ئاۋۇ نېمە؟

ئاشۇ ئايالنىڭ چىرايىنى پەرق قىلالىغۇدەك يېقىنلىققا كېلەي دېگەندە، توساتتىن سېسنىڭ ھاجىتى قىستاپ قالدى. سېس «كەچۈرۈڭلار» دېگىنىچە يۇگۇرگەن پېتى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر

ئېلىۋاتقان سەككىز ياشلىق قىز ئۇنىڭغا ئاپىسىنى كۆرسىتىپ قويغان ئاشۇ بالىلىق مەزگىلىدىن تا ھازىرغىچە سېس كونترول قىلىش تەس بولغان بۇنداق جىددىي ئەھۋالغا يولۇقۇپ باقمىغانىدى. ئۇ ھاجەتخانىغا ئۇلگۈرمەستىنلا، ھاجەتخانا ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرۇپ شارقىرىتىپ قويۇۋەتتى. ئاتقا ئوخشاش سىيىۋەردى. ياق، ئۇ شۇنداق ئويلىدى، بۇ ھالىتىم دەنۋىرنى تۇغقان چاغدا قېپىق ئۇستىدە باش سۇيۇم تېشىپ كەتكەنگە بەكرەك ئوخشايدۇ. شۇنچىۋالا كۆپ سۇنى كۆرگەن ئەيمىي: «ئەمدى بولدى قىلىڭ، لۇ، سۇيىڭىز چىقىۋەرسە قېپىقىمىز چۆكۈپ كېتىدۇ» دېگەنىدى. ئېتىلىپ چىققان باش سۇيى توختىمىغاندەك، ئۇنىڭ سۇيدۇكىمۇ توختاي دېمەيتتى. ئۇ پائۇل. D نىڭ مېھرىبانلىقى تۇتۇپ كېتىپ ئۆزىنى ئىمزەپ كېلىپ قالماسلىقىنى تىلەيتتى، سۇيدۇكىنىڭ بېسىمىدىن ھاسىل بولغان ئويمانچاقنى پائۇل . D نىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئۇيىلاتتى. ئۇ كارنىۋال بايرىمىدا ئۆزلىرىگە بىرەر يېڭىلىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئويلاۋاتقىنىدا سۇيدۇكى توختىدى. ئۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ كارىدور تەرەپكە چاپتى. ھېچكىم كۆرمەيتتى. ئۇچەيلەن ئۆيگە كىرىپ كەتكەن، دەنۋېر بىلەن پائۇل . D ناتونۇش ئايالنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ئىستاكاننى بىكارلاپ بولۇپ يەنە بىرنى ئۇلاپ سۇ ئىچىشىگە قاراپ تۇراتتى.

— ئۇ ئۇسساپ كەتتىم دېگەنىدى، قارىماققا ھەقىقەتەنمۇ ئۇسساپ كېتىپتۇ، — پائۇل . D شۇنداق دېگەچ بېشىدىن شلەپىسىنى ئالدى.

ئۇ ئايال ئالابالداق قەلەي ئىستاكاندا غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچەتتى، ئىچىپ بولۇپ يەنە سۇ تەلەپ قىلاتتى. ئۇ بايىلا چۆلدىن كەلگەندەك، ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت ئىستاكان سۇ ئىچىۋەتتى. سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئېڭىكى ئۇستىدىكى سۇلارنى سۈرتىۋەتمەستىن، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن سېسقا قارىدى.

«ئوزۇقلىنىشى ياخشى ئەمەس ئىكەن، — دەپ ئويلىدى سىپس، — كىيىۋالغان كىيىمىگە قارىغاندىنىمۇ ياش ئىكەن، ياقىسىدىكى گۈللۈك زىغزىق نېمىدېگەن چىرايلىق؛ شىلەپىسى ئاقسۆڭەك خانىملارنىڭ شىلەپىسىدىن ئىكەن تېخى. تېرىلىرىدە قىلچىمۇ نۇقسان يوق، پەقەتلا پېشانىسىدە ئۈچ تال ئىنچىكە ئىز تۇرىدۇ. قارىماققا چاچتەك قىلىدۇ، تېخى قويۇق ئۆسمىگەن بوۋاقنىڭ چېچىغا ئوخشايدىكەن، شىلەپىسىنىڭ ئاستىدىكى قارا يۇڭ بىلەن تۇتىشىپ كەتمەپتۇ.»

— سىز يېقىن ئەتراپتىن كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سىپس.

ئۇ بېشىنى چايقىغاچ، قولىنى سوزۇپ ئايىغىنى يەشتى. كۆڭلىكىنى تىزىغىچە كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن پايپىقىنى سالدى. ئۇ پايپىقىنى ئايىغىنىڭ ئىچىگە سىلىۋاتقاندا، سىپس ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭمۇ قولىغا ئوخشاشلا سىلىق ۋە پارقىراق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. ئۇ چوقۇم ھارۋا كىرا قىلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى سىپس. غەربىي ۋىرگىنىيەلىك قىزلارنىڭ ئارىسىدا كۆممىقوناق ۋە تاماكا ئەڭ چوڭ نېمەت ھېسابلىنىدىغان ھاياتتىن زېرىكىپ يېڭىچە تۇرمۇش ئىزدەپ چىقىدىغان قىزلارمۇ بولىدىغان، بەلكىم مۇنۇسى شۇلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. سىپس ئېڭىشىپ ئاياغنى ئالدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى پائۇل . D.

— جان قوزام، — ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ تۆۋەن، بوغۇق چىقتى. ئۇچەيلەن ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلار دەسلىپىدە بوغۇق ئاۋازنى، ئاندىن ئىسمىنى ئاڭلىدى.

— فامىلىڭىز بارمۇ، جان قوزام، — سورىدى پائۇل . D.

— فامىلە؟ — ئۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن «يوق» دەپ جاۋاب بەردى، ئىسمىنىڭ ھەرپلىرىنى ئۇلارغا بىرمۇبىر ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ ھەرپلەرنى ئاستا تەلەپپۇز قىلىشىدىن ھەرپلەر تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىدا ئىجاد قىلىنىۋاتقاندەك

تۇيغۇ بېرەتتى.

سېس كاللانپايلىق بىلەن ئايىغىنى سالدى. دەنۋېر ئورنىدا ئولتۇردى. پائۇل. D نىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. پائۇل. D ئۇنىڭ ھەرپلەرنى ئېھتىيات بىلەن تەلەپپۇز قىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلغانىدى. ئۆزىگە ئوخشاش ئېلىپنى تاياق دەيدىغان، ئۆز ئىسمىنىڭ ھەرپلىرىنى يادلىۋالغان كىشىلەرلا ئىسىملىرىنى ئاشۇنداق تەلەپپۇز قىلاتتى. پائۇل . D ئۇنىڭدىن ئۆيدىكىلىرىنى سوراپ بېقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى. بىر مۇساپىر قارا تەنلىك ئايال ھالاكەت ئىچىدىن سەرگەردان بولۇپ كەلگەنىدى. پائۇل . D تۆت يىل ئىلگىرى روچېستېرغا بارغانىدى. ئۇ يەردە ئون تۆت قىز بالىنى ئەگەشتۇرۇۋالغان بەش ئايالنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئاكا ـ ئىنىسى، تاغىسى، دادىسى، ئەرلىرى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ ئېتىۋېتىلگەنىدى. ئۇلار قولىدا بىر ۋاراقچىنى كۆتۈرگىنىچە دېۋور كوچىسىدىكى پوپىنىڭ يېنىغا باردى. بۇ چاغدا ئۇرۇش توختىغىنىغا تۆت ـ بەش يىل بولغان بولسىمۇ، مەيلى ئاق تەنلىك بولسۇن، ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، ھېچقايسىسىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك قىلاتتى. ۋاقىتلىق ھەمراھ بولۇشقان ۋە ئايرىلىپ كېتىشكەن نېگىرلار سىنېكتادىيدىن جېكسونغىچە بولغان ئارقا كوچا ۋە چىغىر يوللاردا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئارامسىزلانغان ھالەتتە نەۋرە ئىنىسىنىڭ، كىچىك ئاپىسىنىڭ، «چىكاگو تەرەپكە ئۆتسەڭ چوقۇم مېنى ئىزدىگىن» دەپ تاپىلىغان دوستلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيدىن تويغۇدەك تاماققا ئېرىشەلمەي قېچىپ چىققان، بەزىلىرى ئۆيلىرىگە قېچىشقان، يەنە بەزىلىرى ھوسۇلسىز زىرائەتلىرى، ئۆلگەن تۇغقانلىرى يېنىغا، باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن خەتەرلىك زېمىنلىرى تەرەپكە قېچىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇگلار بىلەن خۇۋاردتىنمۇ كىچىك بالىلار، يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللار، بىرلىكتە

يۈرگەن ياشتا چوڭ كىشىلەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، خەقنىڭ يۇرتىدا سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولغان، قوغلىنىۋېتىلگەن، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر ئىدى. ھەممىسى ئاممىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرىگە ئولتۇرۇشتىن چەكلەنگەن، قەرزلىرى ۋە ئىپلاس «جىنايەتكارلىق ئارخىپى» تۈپەيلى سۈرگۈن قىلىنغان، شۇ ۋەجىدىن ئارقا كوچىلاردا يۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلار ئىدى. ئۇلار ئۇپۇق ئۈستىدە ئۆز بەلگىسىنى ئىزدىشىدۇ، شۇنداقلا ھەر ئىشتا بىر - بىرىگە تايىنىدۇ. ئادەتتىكى سالام - سەھەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا ئۇلار ئارىسىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، بىر - بىرىگە شىكايەت قىلىشمايدۇ، دەرد - ھەسرەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىپ چارىمۇ ئىزدەشمەيدۇ. ئاق تەنلىكلەرنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەممىگە ئايان.

شۇ ۋەجىدىن، پائۇل. D شىلەپىسى قىرچىلىپ كەتكەن بۇ قىزچاقنىڭ نەدىن كەلگىنىنى، قانداق كەلگىنىنى كوچىلاپ سوراپ يۈرمىدى. قىزچاق بۇ ئىشلارنى ئۇلارغا بىلدۈرگۈسى بولسا، ھالسىزلىنىپ كەتكىنىگە قارىماستىن چىداپ تۇرۇپ بايىلا سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى. ئۇلار بۇ دەقىقىدە «بۇ قىزچاققا نېمە كېرەكتۇ» دەپ ئويلاۋاتاتتى. بۇ مۇھىم مەسىلىدىن سىرت، ھەركىمنىڭ كاللىسىدا يەنە بىر مەسىلە يوشۇرۇنغانىدى. پائۇل. D ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يېپيېڭى ئىكەنلىكىدىن ھەيرانۇھەس قېلىۋاتاتتى. سېس ئۇنىڭ چىرايلىق ئىسمىدىن تەسىرلەنگەن، ۋالىلداپ نۇر چېچىپ تۇرغان قەبرە تېشى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى خىيالىدىن كەچكەن، قىزچاقنى ئۆزىنىڭ قان - قېرىندىشى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقانىدى. دەنۋېر بولسا تىترىگەن ھالدا بۇ ئۇيقۇدىكى ساھىبجامالغا نەزەر تاشلىغىنىچە تەگسىز خىيالغا غەرق بولغانىدى.

سېس شىلەپىسىنى ئېلىمەككە ئېلىپ، قىزچاققا مۇلايىملىق بىلەن بۇرۇلدى.

— تولىمۇ چىرايلىق ئىسىمكەن...جان قوزام. نېمىشقا شىلەپىڭىزنى ئېلىۋەتمىگەندىمەن؟ ئەمدى مەن يەيدىغان نەرسە تەييارلاي. بىز بايا سىنىسىنناتىغا يېقىن جايدا ئۆتكۈزۈلگەن كارنىۋال بايرىمىدىن قايتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردىكى ھەربىر نەرسىنى بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدىكەن.

سىس قىزچاقنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى. قىزچاق بولسا ئورۇندۇق ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ شىرىن چۈش ئىلكىدە ئۇخلاۋاتاتتى.

— خانقىز، خانقىز، كىرىپ ئارام ئېلىۋالامسىز؟ — پائۇل.D ئۇنى يېنىك تەۋرەتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئۆرە بولدى، ماغدۇرىدىن كەتكەن سىپتا پۇتلىرىنى تەسلىكتە سۆرەپ ياتاق ئۆيگە كىردى، كىرىپلا بېيىمىي ساگىسىنىڭ كارىۋىتىغا تاشلاندى. دەنۋېر ئۇنىڭ شىلەپىسىنى ئېلىپ، ئىككى يۈزىگە رەڭلىك ياماق سېلىنغان يوتقاننى يۇتىغا يېپىپ قويدى. ئۇ ناھايىتى بوغۇلغان ھالدا نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

— زىققىدەك قىلىدۇ، — دېدى پائۇل . D.

— ئۇ قىزىپ كېتىپتىمۇ، دەنۋېر؟ ئۇنى تۇتۇپ بېقىڭا.

— قىزىماپتۇ، مۇزدەك تۇرىدۇ.

— ئۇنداقتا، ئۇ قىزىۋېتىپتۇ. قىزىتما قىزىقلىقتىن سوۋۇيدۇ.

— خولېرادەك تۇرىدۇ، — دېدى پائۇل . D.

— شۇنداقمىدۇ؟

— بۇنچىۋالا كۆپ سۇ ئىچىش ئېنىقلا كېسەللىكنىڭ ئالامىتى.

— قانداق قىلارمىز. ئۆيدە ئۇنىڭ كېسىلىگە داۋا بولغۇدەك ھېچ نەرسە يوق. ئۇ ياخشى بولۇپ قالسا بولاتتى. ئۇ كېسەل بەك خەتەرلىك.

— ئۇنىڭدا كېسەل يوق، — دەنۋېرنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى

ئۇلارنى كۆلدۈرۈۋەتتى.

جان قوزام تۆت كۈن ئۇخلىدى، پەقەت سۇ ئىچىش ئۇچۇنلا ئويغىنىپ ئۆرە بولدى. دەنۋېر ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ شېرىن ئۇخلاۋاتقان ھالىتىنى كۆزىتىپ، قىيىنىلىپ نەپەس ئېلىشىنى تىڭشاپ ئولتۇردى. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا سۆيۈملۈك تۇتالماي سىيىۋەتكەندە، بىر خىل مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىش ھېسسىياتى بىلەن بالىنىڭ ئاستىنى ئادالىدى ۋە ئۆز كەمچىلىكىنى يوشۇرغاندەك بىر تەرزدە ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇشقا تىرىشتى. سېس ئاشپۇزۇلغا، پائۇل D . يوك چۇشۇرۇشكە ياردەملىشىش ئۇچۇن چاتما كېمە ئىزدەپ چىقىپ كەتكەندە، دەنۋېر كىرلىكنى ئوغرىلىقچە يۇيۇۋەتتى، جان قوزامنىڭ ئىچ كىيىمىنى سۇغا چىلىدى. ئۇنىڭ قىزىتمىسىنىڭ يېنىشىنى، ئازراقمۇ كېسەل ئاسارىتى قالماسلىقنى تىلىدى. دەنۋېر ئۇنى شۇنچىلىك كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلدىكى، ھەتتا تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇدى. ئورماندىكى زۇمرەت ئۆيگە بېرىشنى ھەم ئۇنۇتتى.

— جان قوزام؟ — دەنۋېر ئاستاغىنا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتى، — جان قوزام؟ — بىراق، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالەتتە، «دەنۋېر، مەن بۇ يەردە، مەن بۇ يەردە» دېيىشتىن باشقا گەپ قىلمايتتى.

جان قوزام ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ، گەپ ـسۆز قىلماستىن لەۋلىرىنى يالاپ، پۇشۇلداپ تىنىپ جىممىدە يېتىۋالغاندا، دەنۋېر:

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاستىم بەك پېتىپ كەتتى، — جان قوزام گارالڭ ـ گۇرۇلڭ ئاۋازدا شۇنداق جاۋاب بەردى.

— ئۆرە بولۇپ باقامسىز؟

— ياق.

ئۇچىنچى كۈنگە كەلگەندىلا جان قوزام ئۆزىگە يېپىلغان

رەڭسىز يوتقاندىكى ئىككى پارچە ئاپپىلسىن رەڭلىك ياماققا دىققەت قىلدى. ئۆز بىمارىنىڭ ئويغىنىپ، يوتقانغا دىققەت قىلغۇدەك مادارغا كەلگىنى ئۈچۈن، دەنۋېر خۇش بولۇپ كەتتى. جان قوزامىنىڭ دىققىتى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ئاپپىلسىن رەڭلىك ياماقلارغا مەركەزلەشكەندەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇ جەيىنىكىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ياماقلارنى سىلاپ باقتى. جەينىكىگە تايىنىپ بەدىنىنى كۆتۈرۈش جان قوزامىنى ھالىدىن كەتكۈزىۋەتتى. دەنۋېر ئۇنى جايلاشتۇرۇپ ياتقۇزدى. يوتقاندىكى ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان ئاشۇ ئىككى پارچە ياماقنى ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسىگە توغرىلاپ قويدى.

دەنۋېر ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان سەۋر ـ تاقەت ئەمدىلىكتە دەنۋېرغا قۇچاق ئاچتى. ئاپىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلمىسىلا، دەنۋېر كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە جان قوزامىنى كۈتەتتى. ئاپىسى ئۆزىنى ياردەمگە چاقىرغاندا بولسا، دەنۋېرنىڭ مىجەزى قوپاللىشىپ، قاپىقىدىن مۇز ياغاتتى.

— ئۇ بۈگۈن بىر نەرسە يېدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سېس.

— ئۇ خولېرا كېسىلى ئىكەن، بىر نەرسە يېسە بولمايدۇ.

— شۇنداقلىقىغا جەزىم قىلالامسىز؟ ئۇ پائول . D مۇنداقلا دەپ قويغان گەپقۇ.

— بىلمەيمەن، نېمىلا دېيىشتىن قەتئىينەزەر، ھازىر ئۇ بىر نەرسە يېسە بولمايدۇ.

— خولېرا كېسىلى بولغان ئادەمنى توختىماستىن قۇسىدۇ دەپ ئويلايمەن.

— ئۇنداقتا بىر نەرسە يېمىگىنى ئەڭ ياخشى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ، دەنۋېر.

— ئەنسىرىمەڭ، ئۇنىڭ ھالىدىن مەن خەۋەر ئېلىۋاتقان تۇرسام.

— ئۇ بىرەر گەپ قىلدىمۇ؟

— گەپ قىلسا سىزگە دەپ بېرىمەن.

سىس قىزىغا قارىدى. كۆڭلىدە «شۇنداق، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غېرىب» دەپ ئويلىدى.

— غەلىتە ئىشقۇ، جىنتەك نەگە كەتكەندۇ، ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى سىس پارالىڭ تېمىسىنى بۇراپ.

— ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— بىلىمەن، — دەنۋېر تەخسىدىن بىر پارچە بولكىنى ئالغاچ شۇنداق دېدى.

دەنۋېر ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا، جان قوزام پالىدە كۆزىنى ئاچتى. دەنۋېرنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنچە ئالاقزەدە بولۇشىنىڭ سەۋەبى جان قوزامنىڭ چىرايىدا ئۇخلىغانلىق ئالامىتىنىڭ بولمىغىنىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ قارىچۇقىنىڭ قاپقارا ۋە يوغان ئىكەنلىكىدىنمۇ ئەمەس، كۆز ئېقىنىڭ زىيادە ئاقلىقىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېچقانداق بىر ئىپادە بولماستىن، ئۆلۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالغىنىدىن ئىدى.

— بىرەر نەرسە لازىممۇ؟

جان قوزام دەنۋېرنىڭ قولىدىكى بولكىغا قارىدى. دەنۋېر قولىدىكى بولكىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ دەنۋېرغا قاراپ جىلمايدى. بۇ ھالەتتىن دەنۋېرنىڭ ئالاقزەدىلىكلىرى پەسكويغا چۈشتى، كۆڭلى ئارام تېپىپ، دىلى يايرىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ جان قوزام شېكەر بىلەنلا كۈنپايلەندى. قارىماققا ئۇ تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك قىلاتتى. سىس ئاشخانىدىن ئالغاچ كەلگەن شىرنىلىك پېچىنە، ھەسەل، سېرىق ماي، شېكەر قوشۇلغان ھامبۇرگ بولكىسى، بوتۇلكا ئىچىدىكى قېتىپ كەتكەن شېكەر قىيامى، لىمون شەربىتى، شېكەر ۋە ھەسەل ئۇيۇتمىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغانىدى. جان قوزام شېكەر قومۇشىنى چايناپ تاتلىقى

تۈگىگەندىن كېيىنمۇ ئاغزىدىن چىقارماي شوراپ كېتەتتى. بۇ ھالدىن سىس قاقاھلاپ كۈلەتتى، دەنۋېر كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، پائۇل . D بولسا بىئارام بولۇپ، كۆڭلى ئېلىشىپ كېتەتتى.

سىس ئۇنىڭ بىر مەزگىل ئارام ئېلىش ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق سەللىمازا ساقىيىپ كېتىشىگە ئىشىنەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئۇزاق داۋاملاشتى، سەللىمازا ساقىيىپ، مەڭزىلىرىگە قان يۈگۈرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنىلا شۇ ھالىتىدە يېتىۋالدى. ئۇنىڭ كەتكۈدەك ئېرى يوقتەك تۇراتتى. ئۇ بىرەر جايىنىڭ ئىسسىنىمۇ ئاغرىغا ئېلىپ باقمىدى. ئۆزىنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغىنىنىمۇ، ئىلگىرى قەيەردە تۇرغىنىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئاشۇ قېتىملىق قىزىتمىنى خاتىرىسىنىڭ يوقىلىشىغا ۋە مېڭىش ـ تۇرۇشتا پالاكەتلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى، دەپ قارايتتى. زىلۋا بويلۇق، ئۇن توققۇز ـ يىگىرمە ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر قىزنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشى قېرى ئادەملەرنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ئىدى: ماڭغاندا ئۆي جاھازلىرىغا تايىنىۋالاتتى، بىر قولى بىلەن بېشىنى تىرىۋالاتتى. قارىماققا ئۇنىڭ بېشى بويىنىغا بەكلا ئېغىر كەلگەندەك قىلاتتى.

— سىز ئۇنى مۇشۇ پېتى مەڭگۈ باقماقچىمۇ؟ — ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىكى نارازىلىق ئىنتوناتسىيەدىن پائۇل . D بەكلا چۆچۈپ كەتتى.

— دەنۋېر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنى يوق. مېنىڭچە، ئۇنىڭ نەپەسلىنىشى ياخشىلانغاندا ئاندىن بىرنېمە دېسەك بولارمىكىن. ئۇنىڭدا يەنە ئازراق كېسەل بار.

— ئۇ قىزچاق سەل غەلىتە ئىكەن، — پائۇل . D بۇ قېتىم ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغان تەرزدە شۇنداق دېدى.

— قانداق غەلىتە ئىكەن؟

— كېسەلمەندەك ھەرىكەت قىلىدۇ، گېپىنى ئاڭلىغان

ئادەمگىمۇ كېسەللىك باردەك تەسىر بېرىدۇ. لېكىن، قارىماققا كېسەللىك باردەك قىلمايدۇ. تېرىسى سۇزۇك، كۆزلىرى پارقىراق، كالىدەك بېجىرىم تۇرمامدۇ.

— ئۇ بېجىرىم ئەمەس. ماڭماقچى بولسا بىر نەرسىگە تايانمىغۇچە ماڭالمايۋاتسا.

— شۇنداق، ساق ماڭالمايۋاتىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىڭ بىر قولى بىلەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى كۆتۈرگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

— قارىسىغا گەپ قىلىۋاتىسىز.

— بۇنى مەندىن كۆرمەڭ. ئىشەنمىسىڭىز دەنۋېردىن سوراپ بېقىڭ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا دەنۋېر بار ئىدى.

— بۇ ياققا كىرىڭ، دەنۋېر.

دەنۋېر بوسۇغىنى يۈيۈشنى توختاپ، دېرىزىدىن بېشىنى تىقتى:

— پائۇل . D جان قوزامنى بىر قولى بىلەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى كۆتۈردى، بۇ چاغدا دەنۋېر ئىككىمىز بار ئىدۇق، دەيدۇ، راست شۇنداق ئىش بولغانمۇ؟

ئۇزۇن ۋە قويۇق كىرپىكلىرى دەنۋېرنىڭ كۆزىنى ئەمەلىيەتتىكىدىنمۇ بەك چىددىي قىلىپ كۆرسىتىۋەتتى، ھەتتا پائۇل . D غا ئىشەنمەسلىك بىلەن تىكىلگىنىدە ھەم شۇنداق بولدى.

— ياق، — دېدى دەنۋېر، — ئۇنداق ئىشنى ئەسلا كۆرمىدىم.

پائۇل . D قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ھېچنېمە دېمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئوچۇق تۇرغان ئىشىك ئايرىپ تۇراتتى، ئەمدىلىكتە ئىشىك يېپىلىپ كەتتى.

قارىغايلارنىڭ غولى يامغۇر سۈيىگە چىلىشىپ تۇراتتى. جان قوزامنىڭ كۆزلىرى سېستىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلمىدى. سېس بىلىنى ئېگىپ ئوچاقنىڭ شامالچىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە بولسۇن ياكى ئوچاقتا ئوت قالغاندا بولسۇن، جان قوزامنىڭ كۆزى ھامان سېسنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلاتتى. جان قوزام ھەيدىمىسە كەتمەيدىغان يۈزى قېلىن مېھماندەك، سېس قايسى ئۆيگە كىرسە شۇ يەردە ئەگىشىپ يۈرەتتى. ئۇ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، سىلاپ - سىيپاشتۇرۇپ يۇرۇپ ئاشخانىغا چىقتى، سېسنىڭ ئىشقا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشۈپ ئۆزىگە بولكا پىشۇرۇپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇردى. چىراغ ئاستىدا، ئوچاقنىڭ يېنىدا ئىككىيلەننىڭ سايىسى جەڭگاھتىكى قىلىچتەك بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ، كىرىشىپ كېتەتتى. سېس سائەت ئىككىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە، جان قوزام ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە ياكى دېرىزە تۈۋىدە ساقلاپ تۇراتتى، ئاندىن كارىدورغا، پەلەمپەيگە، چىغىر يولغا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كوچىغا ئاياغ باساتتى، ئاندىن بىلۇستون كوچىسىدا بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ، ئىشتىن چۈشكەن سېس بىلەن ئۇچرىشاتتى، ئىككىسى بىرلىكتە 124 - نومۇرلۇق ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ ئايالنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن قايتىدىن گۇمانغا چۈشكەندەك بولاتتى.

جان قوزامىنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئۆزىگە تولىمۇ سادىقلىقىدىن سىپس بەكلا ھاياجانلىناتتى. ناۋادا، جان قوزام سىپسقا كۆرسەتمۇاتقان ساداقەتنى دەنۋېر كۆرسىتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا سىپسنىڭ بىزار بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان، ھە دېسىلا ئاپىسىغا تايىنىۋالىدىغان كۆلكىلىك قىزىنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە، سىپس ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كېتەتتى. بىراق، سىپس بۇنداق تاتلىق، ئالاھىدە مېھمان بىلەن بىللە بولغىنىدىن ناھايىتى خۇشال. بۇ ھالەت بىر ئەسەبىي شاگىرتنىڭ ئۇستازىنىڭ خۇشاللىقىدىن مەمنۇن بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

كۈندىن ـ كۈنگە بالدۇر قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقانلىقتىن، چىراغمۇ بارغانچە بالدۇر يېقىلىدىغان، سىپس قاراڭغۇدا ئىشقا ماڭىدىغان بولدى. پائۇل . D قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىشتىن قايتىپ كېلەتتى. ھەم سوغۇق، ھەم قاراڭغۇ بىر ئاخشىمى، سىپس بىر پارچە كاللەكبەسەينى تۆتكە بۆلۈپ پىشۇردى. سىپس دەنۋېرنى يېرىم جاۋۇر كۆك پۇرچاقنى بىر كىچە چىلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئولتۇرۇپ دېمىنى ئالدى. ئوچاقنىڭ ھارارەتلىك تەپتى سىپسنى مۇگدىتىپ قويدى. كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىشىغا، جان قوزامىنىڭ ئۆزى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىنى سەزدى. جان قوزام ئۇنى ھەۋەس بىلەن يەڭگىل سىيپايتتى. سىپس كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئاۋۋال جان قوزامىنىڭ مۇرىسى ئۇستىدىكى يۇمران قولىغا، ئاندىن كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چەكسىز تەلپۈنۈشنى، ئاران تىزگىنلىۋېلىۋاتقان كۈچلۈك ئىستەكنى بايقىدى. سىپس جان قوزامىنىڭ قوللىرىغا ئۇرۇپ قويۇپ دەنۋېرغا قارىدى. ئۇ بىرچەتتە پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن پۇرچاق ئاقلاۋاتتى.

— بىرلىيانتىڭىز قېنى؟ — جان قوزام سىپسنىڭ يۈزىگە زەن سالدى.

— بىرلىيانت؟ ماڭا بىرلىيانتنىڭ نېمە كېرىكى، — دېدى

سىس.

— قولىقىڭىزغا تاقىمامسىز.

— شۇنداق بولۇشىنى خالايمەن. بىر جۈپ خىرۇستال ھالقام بار ئىدى. ئۇنى مەن خىزمىتىنى قىلغان خانىم ماڭا سوۋغا قىلغان.

— ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ، — جان قوزام خۇشال كۈلدى، — ماڭا بىرىلىيانتىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ.

بۇمۇ جان قوزامنى پەيلەيدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. دەنۋېر تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ جان قوزامغا تازا پايدا قىلمۇاتقىنىنى بايقىغاندا، سىس جان قوزامنىڭ ھېكايە ئاڭلاشقا ئىشتىياقى بارلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. سىس ئۆتمۈشىنى ئەسلىسە ئازابلىناتتى، ئۆتمۈشىنىڭ ھەممىسى ئازاب - ئوقۇبەت ياكى ئۇنتۇلۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىس بىلەن بېيبىي ساگىس ئىككىلىسى ئۇچۇن ئۆتمۈشنىڭ ئازابتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى ئايدىڭ ئىدى. دەنۋېر ئۇنىڭدىن ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى سورىغىنىدا، سىس قىسقارتىپلا بايان قىلىپ بىرەتتى ياكى كاللىسىغا كەلگىنى بويىچە يالغاندىن توقۇيتتى، ھەتتا ئاشۇ ئازابلىق ئۆتمۈشنىڭ ھەسرەتلىرىنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈشۈپ بەرگەن ھەم ئۆزى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن پاراڭلىشالايدىغان پائۇل . D بىلەن بىللە تۇرغاندىمۇ دەردى يەڭگىللىمەيتتى، قەلبىدىكى جاراھەتتىن دالالەت بەرگەن ھالدا جاۋغىيىدا ئازاب ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇرغىنى تۇرغانىدى.

بىراق، ھالقىسى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھېكايىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ قالدى. بۇ بەلكىم جان قوزامنىڭ ئۆزگە يېپىشىپ ئولتۇرۇپ، ھېكايىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن ئاڭلاۋاتانلىقىدىندۇر. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ھېكايە ئۇنىڭ ئۇچۇن تۈگىمەس خۇشاللىق ئىدى.

پۇرچاق ئاقلاۋاتقاندا چىققان غىرىس - غىرىس ئاۋاز، قازاندا

قايناۋاتقان كاللەكبەسەينىڭ خۇشبۇي ھىدى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان، سېس ئىلگىرى قۇلىقىمغا ئاسقان خىرۇستال ھالقىسى توغرۇلۇق سۆزلىمەكتە.

ـــ ماڭا ھالقىنى كېنتاكىدا خىزمەتتىنى قىلغان خانىم تويۇمدا سوۋغات قىلغان. شۇ چاغدىكى ئاتالمىش تويىنىڭ مۇراسىمىسىز، ھېچقانداق قائىدە ـ يوسۇنسىز ئۆتكۈزۈلگەنلىكىدىن بەكلا بىئارام بولىمەن. توي ئۇچۇن ھېچ نەرسە تەييارلانمىغانىدى. مەن بولسام توي بولغانلىقىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن ئاز ـ تولا بولسىمۇ بىر ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تىلىگەن. ئىچىگە قوناق سويىپىقى تىقىلغان پاخال تۆشەكنىڭ بىر ىدىن يەنە بىرىگە ئۆمىلەپ يۈرۈشىنى ھەرگىزمۇ خالىمىغانمەن. تەرەت قاچامنى خالىلىنىڭ كىچىككىنە ئۆيىگە ئېلىپ كىرىش بىلەن ھەم خۇشۇم يوق ئىدى. مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈشىنى، ئۇسسۇل ـ تانسىلارنىڭ ئوينىلىشىنى، قۇلىقىمغا گۈل قىستۇرۇلۇشىنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتىم، ـــ سېس كۈلدى، ـــ مەن توي مۇراسىمىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن كىيىم ئاسقۇچتىكى گارنېر خانىمىنىڭ توي كۆڭلىكىنى كۆرگەن، توي مۇراسىمىنىڭ قانداق ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تويىدا تورتقا ئىككى قاداق كىشمىش ئارىلاشتۇرۇلغان، تۆت قوي سويۇلغان؛ تويغا كەلگەنلەر تاكى ئىككىنچى كۈنىگىچە توختىماي يەپ ـ ئىچكەن ئىكەن. تويۇمنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. بەلكىم خاللى ئىككىمىز «شېرىن ئۆي» دىكى بارلىق ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە بىر ۋاق غىزا يەر بولغۇيتتۇق، ئالاھىدە يېمەكلىكلەرگە ئېغىز تېگەر بولغىيتتۇق. سېكسو ئوغرىلىقچە بارىدىغان كونۇڭتون ياكى ئورمانزار مەھەللىرىدىكى قارا تەنلىكلەرنى تويغا تەكلىپ قىلار بولغىيتتۇق. بىراق، ئۇلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. توي دېسە ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلىش دەپلا چۈشىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەن بىر كۆڭلىكىمنىڭ ـــ ئىش قىلغاندا

كېيىدىغان تاغاردەك كىيىم ئەمەس، يېڭى كۆڭلىكىمنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى قارار قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئاززاق رەخت ئوغرىلاپ، دەپ بەرسەم سىز ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدىغان بىر كۆڭلەكنى تىكىپ چىقتىم. ئۇستى تەرىپى گارنېر خانىمنىڭ يىپ ـ يىڭنە سېۋىتىدىكى ئىككى پارچە ياستۇق قېپىدىن، ئالدى تەرىپى ئۇستىگە شامنىڭ سۇيى ئېقىپ كېتىپ تۆشۈك بولۇپ قالغان داستىخاندىن، بەلبېغى داغمالنى سىناش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر پارچە رەختتىن پۈتۈپ چىقتى. يەلكە تەرىپىنى پۈتكۈزۈشكە بەك كۆپ ۋاقتىم كەتتى. مەن كۆڭلەكنىڭ قالغان يېرىنى پۈتكۈزۈشكە ماس كەلگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالماي قالدىم. چۈنكى، كۆڭلەككە ئىشلەتكەن رەخت ـ لاتىلارنى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئەسلىي ئورنىغا قويۇپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. كۆڭلىكىم پۈتكۈچە خاللى مېنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى. بۇ كۆڭلەك بولمىسا بىر قەدەممۇ ماڭالمايدىغانلىقىمنى خاللى بىلەتتى. ئاخىر تاشقىرى قازناقتىكى مىخقا ئېسىپ قويۇلغان پاشىلىقنى تېپىپ كەلدىم. بىز ئۇنى مېۋە قىيامى سۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتەتتۇق. مەن كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى قايتا ـ قايتا يۇدۇم، ئاندىن توم يىڭنە بىلەن پاشىلىقنى كۆڭلەكنىڭ ئارقىسى قىلىپ تىكىشكە باشلىدىم. سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى ئەڭ سەت قارا كۆڭلەك كىيگەن كېلىنچەك دەل مەن شۇ. بەختىمگە يارىشا، ئۇستۇمدىكى يىپىنچاملا بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا تووۋلاپ يۈرۈپ سېتىقچىلىق قىلىدىغان بىچارە سېتىقچىغا ئوخشاپ قېلىشىمدىن ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا مەن ئەمدىلا ئون تۆت ياشتا ئىدىم. ھازىر ئويلىسام، شۇ سەۋەبتىنلا مەن شۇنچىلىك مەغرۇر يۈرگەنىكەنمەن.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن كۆڭلەكنى ئۇچامغا كىيدىم. ئۆزۈمچە ئوغرىلىقنى بەك قاملاشتۇرۇۋەتتىم، پەقەت چاندۇرمىدىم، دەپ ئويلىغىنىم بىلەن، گارنېر خانىم بۇ

ئىشلىرىمنى سېزىپ تۇرغانىكەن. شېرىن ئاي مەزگىلىم خاللى بىلەن قوناقلىقتا بېرىش بوپتۇ. ئۇ بىز تۇنجى قېتىم بارغان جاي ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىدى، خاللى ئاغرىپ قالدىم دەپ رۇخسەت سورىغانلىقى ئۈچۈن، شەھەرگە ئىشلىگىلى كىرمىدى. بېيبىي ساگىسنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، خاللى ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئىشلەمچىلىك قىلغىلى باراتتى. ئۇ رۇخسەت سورىدى، مەن كۆڭلىكىمنى كىيدىم، ئىككىمىز قول تۇتۇشقىنىمىزچە قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىردۇق. ھازىرمۇ پائىۇللار ۋە سېكسو قاقلاپ پىشۇرۇۋاتقان قوناقنىڭ يىراقلاردىن يېتىپ كەلگەن پۇرىقىنى پۇرىيالايمەن. ئەتىسى گارنېر خانىم مېنى ئەگەشتۇرۇپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. ياغاچ قۇتىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر جۈپ خىرۇستال ھالقىنى ئالدى.

— ساڭا بۇنى بېرەي، سېس.

— ماقۇل، خانىم.

— قۇلىقىڭنى تەشتۇرگەنمۇ؟

— ياق، خانىم.

— ئۇنداقتا تەشتۇرگىن، شۇندىلا بۇ ھالقىنى تاقىيالايسەن. بۇنى ساڭا بېرەي. خاللى ئىككىڭلارغا بەخت تىلەيمەن.

ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم. بىراق، تاكى ئۇ جايدىن ئايرىلغۇچە خىرۇستال ھالقىنى تاقاپ باقمىدىم. بۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بېيبىي ساگېس رۇباشكامنى چۈۋۈپ، ھالقىنى ئالدى. مەن مۇشۇ يەردە — ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، دەنۋېر قۇچىقىمدا ئىدى. بېيبىي ساگىس قۇلىقىمنى تېشىپ، ھالقىنى تاقاپ قويدى.

— مەن سىزنىڭ ھالقا تاقىغىنىڭىزنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىدىم، ھالقىڭىز نەدە؟ — دەپ سورىدى دەنۋېر.

— يوقىلىپ كەتكەن، دەنۋېر، بۇرۇنلا يوقىلىپ كەتكەن، — ئۇچەيلەن بوران چىققانلىقتىن قۇراي دەپ قالغان نەم كىرلىك

ۋە رۇباشكىلارنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كىرگۈچە سىپس شۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇلار ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىشىپ، كولۇشۇپ تۇرۇپ كىرلەرنى ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارغا ئارتتى. جان قوزام داستىكى سۇنى قانغۇچە ئىچىپ، سىپسنىڭ دەنۋېرنىڭ چېچىنى مۇنچا لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتۇشىغا قاراپ ئولتۇردى.

— ئۆرۈمە چاچلىرىمىزنى چۇۋۇساق بولامدۇ، قانداق؟ — دېدى سىپس.

— ھەم، ئەتە بولسۇن، — دەنۋېر بېشىغا سۈزگۈچ تېگىشى بىلەنلا بەدەنلىرىنىڭ پۈكۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— بۈگۈننىڭ ئىشىنى بۈگۈن تۈگىتىش كېرەك، ئەتىگە قالدۇرۇشقا يول يوق، — دېدى سىپس.

— ئاغرىيدىكەن، — دېدى دەنۋېر.

— كۈندە تاراپ تۇرسا ئاغرىمايدۇ.

— ۋايجان.

— ئايال سىزنىڭ چېچىڭىزنى تاراپ قويۇپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى جان قوزام.

سىپس بىلەن دەنۋېر بېشىنى كۆتۈرۈپ جان قوزامغا قارىدى. جان قوزامنىڭ كەلگىنىگە تۆت ھەپتە بولغان بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە جان قوزامنىڭ تۆۋەن ئاۋازىغا كۆنۈپ بولالمىغانىدى. جان قوزامنىڭ ئاۋازى ناخشىدەك چىقاتتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى بولسا باشقا چاستوتىدا بولۇپ، جان قوزامنىڭكى بىلەن ئوخشىمايتتى.

— ئايال سىزنىڭ چېچىڭىزنى تاراپ قويۇپ باققانمۇ؟ — بۇ سوئال سىپستىن سورالغانىدى. چۈنكى، سىپس جان قوزامغا قاراپ تۇراتتى.

— ئايال؟ ئاپامنى دېمەكچىمۇ؟ ئاپام تاراپ قويغان بولۇشى ئېھتىمال، لېكىن مەن ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئېتىزدا ئىشلەۋاتقىنىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنمەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ كۆچەت قەلەمچىسى تىكىۋاتقىنىنى كۆرگەنىدىم. مەن ئەتىگىنى ئويغانغاندا، ئاپام ئاللىبۇرۇن ئىشچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ ئىشقا

چۈشۈپ كەتكەن بولاتتى. ئەگەر ئايدىڭ كېچە بولسا، ئۇلار كېچىلىرىمۇ ئىشلەيتتى. ئاپام يەكشەنبە كۈنلىرى مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن ئۆلۈكتەك ئۇخلايتتى. ئۇ مېنى ئۈچ ھەپتىلا ئېمىتكەن بولۇشى ئېنىق. چۈنكى ئۇ يەردىكى قارا تەنلىك ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ شال تېرىشقا كېتەتتى. مەن باللارغا قاراشقا مەسئۇل ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ سۈت ئىچەتتىم. دېمەك، بايىقى سوئاللىڭىزغا «ياق» دەپ جاۋاب بەرسەم بولىدىكەن. ئاپامنىڭ چېچىمنى تاراپ قويۇپ باقمىغانلىقىنى جەزم قىلالايمەن. ئۇ چېچىمنى تاراپ قويۇپ باقمىغان، باشقا ئىشمۇ قىلىپ بېرىپ باقمىغان، ھەتتا ئۇ مەن بىلەن بىر ئۆيدە ئۇخلاپمۇ باقمىغان. مېنىڭچە، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن قورققان بولسا كېرەك. ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى قىلغان: ئۇ مېنى كۆرگىلى كەلدى، قولۇمدىن يېتىلەپ گۆش سۇرلەيدىغان ئۆينىڭ كەينىگە باشلاپ چىقتى. مەيدىسىنى ئېچىپ، كۆكسىنى كۆتۈردى، كۆكسىنىڭ ئاستىنى ماڭا كۆرسەتتى. كۆكسىنىڭ ئاستىدىكى قوۋۇرغىسى يۇمىلاق چەمبەرنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان كىرېست بەلگىسىنىڭ شەكلى چىقىرىلىپ داغماللانغانىكەن.

ـــ بۇ سېنىڭ ئاپاڭ، ـــ دېدى ئۇ داغماللانغان جايىنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ـــ ھازىر يالغۇز مېنىڭلا مۇشۇنداق بەلگەم بار. مەندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. ماڭىمۇ بىر كۈنى ئۆلۈم يېتىپ قالسا، يۈزۈمگە قاراپ تونۇيالمايسەن، مېنى پەقەت مۇشۇ بەلگەم ئارقىلىق تونۇيالايسەن، ـــ بۇنىڭدىن بەك قورقۇپ كەتتىم. مەن پەقەت بۇ ئىشنىڭ بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنىلا ئاڭقىرالىدىم. بۇنداق مۇھىم ئىشقا قانائەتلىنەرلىك ئىنكاس قايتۇرۇشۇم كېرەك ـ دە. كاللامغا ھېچقانداق گەپ كەلمىدى. ئاخىر شۇنداق دېدىم:

ـــ بىلدىم، ئاپا. بىراق، سىز مېنى قانداق تونۇيسىز؟ مېنى قانداق تونۇيالايسىز؟ مېنىمۇ داغلاپ قويۇڭ.

— ماڭىمۇ بەلگە سېلىنىدى، — سېس شۇنداق دېگىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇ سىزگە بەلگە سالدىمۇ؟ — سورىدى دەنۋېر.

— مېنى بىر شاپىلاق سالدى.

— نېمىشقا؟

— ئەينى چاغدا نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى مەنمۇ بىلمىدىم. كېيىن مېنىڭ بەدىنىمگىمۇ بەلگە چۈشتى.

— ئاپىڭىز قانداق بولدى؟

— دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. كىشىلەر ئۇنى دارىدىن چۈشۈرگەندە، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بەدىنىدە يۇمىلاق چەمبەر ۋە كىرېست بەلگىسى بارلىقىنى ئېنىق كۆرەلمىدى، لېكىن مەن ئوچۇق كۆردۈم، — سېس سۆزگۈچتىكى چاچلارنى ئېلىپ ئوچاققا تاشلىدى. چاچ ئوتتا چاراسلىغىنىچە غەلىتە پۇراق چىقىرىپ كۆيۈشكە باشلىدى.

— ئاھ، خۇدا، — سېس دېرىزىدىن ئورنىدىن تۇردى. دەنۋېرنىڭ چېچىغا قىسىلغان سۆزگۈچ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئاپا؟ نېمە بولدىڭىز، ئاپا؟

سېس ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا باردى، كىرلىكتىن بىرنى قولىغا ئېلىپ غولچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا ئاچتى، ئاندىن قاتلىدى. ئۇ يەنە بىر كىرلىكنى قولىغا ئالدى. كىرلىك تولۇق قۇرۇپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇ كىرلىكنى قاتلاشتىن ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتى، توختىماي قاتلايتتى. ئۇ بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتتىم، دەپ ئويلايدىغان بەزى ئىشلار ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە زاھىر بولۇشقا باشلىغانىدى، يۈزىگە تەگكەن تەستەك، تەستەك قالدۇرغان ئىز ۋە بىر قاتار نومۇسلۇق ئەسلىملىرى كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى.

— ئۇلار نېمىشقا ئاپىڭىزنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈشىدۇ؟ — سورىدى دەنۋېر. دەنۋېر تۇنجى قېتىم ئاپىسىنىڭ ئاپىسى توغرۇلۇق ئاڭلاۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئۇ بېيبېي ساگسىنى ئۆزىنىڭ

بىردىنبىر مومىسى دەپ بىلەتتى.

— مەنمۇ بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلىپ بولالمىدىم. نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇنداق ئۆلتۈرۈلدى، — سىپس كىيىملەرنى قايتا ـ قايتىلاپ قاتلاۋاتقىنىدا، ئاپىسىنىڭ بەدىنىدىكى بەلگىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىسمىنىڭ نەن ئىكەنلىكىنى بارغانچە ئېنىق جەزملەشتۈردى. سىپس نەن ئىسىملىك ئايالنى ياخشى تونۇيتتى. ئۇ ھەركۈنى باللارغا سۈت بېرىپ، تاماق ئېتىپ بېرەتتى، بىر قولى بېجىرىم، يەنە بىر قولىنىڭ يېرىمى يوق ئىدى. نەن باشقا بىر تىلدا سۆزلەيتتى. سىپس ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلەيتتى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ قانداق سۆزلەيدىغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، «شېرىن ئۆي» دىكى ئۆز خاتىرىسىنىڭ تاماق يېيىش، ناخشا ئېيتىش ۋە قىستا ـ قىستاڭ كىشىلەر توپى قاتارلىقلاردىن باشقىسىنى ئۇنتۇلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. سىپس نەننىڭ ئۆزىگە گەپ قىلغاندىكى تىلىنى، ھەتتا ئۆزىگە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن، ئاپىسى سۆزلەيدىغان تىلمۇ ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن، لېكىن شۇ تىلدىن ھاسىل بولغان مەنىلەر تېخىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. سىپس نەم كىرلىكلەرنى كۆكرىكىگە باسقىنىچە، ئۆزى چۈشىنىشكە قادىر بولالمايدىغان ئاشۇ مەخپىي شىپىرلار ئارىسىدىن مەنە ئىزدىمەكتە. نەن كېچىلىرى بېجىرىم قولى بىلەن سىپسنى سىيپايتتى، يېرىمى يوق يەنە بىر ناكار قولى بوشلۇقتا پۇلاڭشىيتتى.

— سىزگە دەپ بېرەي، مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي، سىپس قىزچاق، — نەن سىپسنىڭ ئاپىسىغا ئالاقىدار ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. نەن سىپسنىڭ ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە دېڭىز ئارقىلىق ئەكېلىنگەن، ئىككىيلەن نۇرغۇن قېتىملاپ پاراخوت ئىشچىلىرى تەرىپىدىن كېمىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا ئەكېتىلگەنىكەن.

— ئاپىڭىز بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتكەن، پەقەت سىزنىلا ئېلىپ قالغان. پاراخوت خادىمىدىن بولغان بالىسىنى ئارالغا تاشلاپ قويغان، ئاق تەنلىكلەردىن بولغان باشقا نۇرغۇنلىغان بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتكەن، ئىسمىنىمۇ قويماستىنلا تاشلىۋەتكەن، پەقەت سىزگىلا ئاشۇ قارا تەنلىكنىڭ ئىسمىنى قويدى. نەن سېنى قۇچاقلىدى. نەن سېستىن باشقا ھېچبىر بالىنى بۇنداق قۇچاقلاپ، پەپلەپ باقمىغان، ئەزەلدىن ئۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى. سىزگە دەپ بېرەي، سېس قىزچاق.

سېس بالا ۋاقىتلىرىدا ھېچ ئىشنى چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى. بويىغا يەتكەندىن كېيىنلا غەزەپلىنىدىغىنىنى ھېس قىلدى، لېكىن نېمىگە غەزەپلىنىدىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بېيىبىي ساگىسىنىڭ كۆچلۈك ئارزۇسى بەئەينى دېڭىز دولقۇنىدەك سېسقا ئۇرۇلاتتى. سېس ئوچاق يېنىدىكى ئىككى قىزغا — تېرىسى سۇزۇك مېھمانغا، ئىچى تىتىلدىغان، غېرىب قىزىغا قارىدى. ئۇلار قارىماققا ھەم كىچىك، ھەم يىراقتىكىدەك كۆرۈنەتتى.

— پائۇل . D بىردەمگىچە قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى سېس.

دەنۋېر چوڭقۇر ئۇھسىندى. بايا ئاپىسى كىرلىكلەرنى قاتلاۋاتقىنىدا دەنۋېر چىشىنى مەھكەم چىشلەپ، ھېكايىنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى تىلەپ كەتتى. دەنۋېر ئاپىسىنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ گېپىنى قىلىشىدىن بىزار ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئاپىسىدىن ئەيمىي توغرۇلۇقلا سورايتتى. بۇنىڭدىن سىرت، تاشقى دۇنيا تېخىمۇ پارلاق، تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق ئىدى، دەنۋېر بولمىغىنىدا تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى. دەنۋېر سېس سۆزلەۋاتقان ھېكايىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنلىكىدىن بىئارام بولۇش بىلەنلا قالماي، جان قوزامىنىڭمۇ سېسنىڭ گەپلىرىدىن بىزار بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ھالبۇكى، جان قوزامىنىڭ بىزار بولۇشىدا ئازراقمۇ ئۈمىد يوق ئىدى. جان قوزام بارلىق پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ غەلىتە سوئاللارنى سوراپ، سېسنى ئېغىز ئاچتۇراتتى. دەنۋېر جان قوزامىنىڭ

سىسنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشقا ئەسەبىيلەرچە زوقى بارلىقىنى بايقىدى. ئەمدى ئۇ يەنە بىر يېڭى ئىشقا دىققەت قىلدى. جان قوزام «بىرلىيانتىڭىز قېنى»، «قىزىڭىز چېچىڭىزنى تاراپ قويۇپ باققانمۇ» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى. ئۇنىڭ «ھالقىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ» دېيىشى ھەيران قالارلىق ئىدى.

جان قوزام بۇنى قانداق بىلگەندۇ؟

جان قوزام ئاپتاپتەك يېقىملىق بولسىمۇ، پائۇل . D ئۇنى ياقتۇرمايتتى. قىزلار ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىغاندا بەئەينى بۆلجۈرگەن ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش تەدرىجىي ۋايىگە يېتىدۇ: ئاۋۋال يېشىل رەڭلىك تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلايدۇ، ئاندىن ساپىقى تۈتىدۇ، ئاخىرىدا غۇنچىلايدۇ. غۇنچىلىرى تۆكۈلۈپ، يالپۇز رەڭلىك بۆلجۈرگەن يېتىلىشكە باشلىغاندا، ياپراقلىرىنىڭ رەڭگى ئالتۇن يالاتقاندەك پارقىراق، موملاپ پەردازلىغاندەك سىلىق ھالەتكە كېلىدۇ. مانا بۇ جان قوزامنىڭ قىياپىتى، باشتىن ـ ئاياغ ئالتۇندىن ھەل بەرگەندەك نازاكەتلىك، ئاپتاپتەك چىرايلىق. پائۇل . D ئويغانغاندىن كېيىن سېس بىلەن يېقىنچىلىق قىلىدى. بۇنداق بولغاندا، ئۇ سەل تۈرۈپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، جان قوزامنىڭ سېسىنىڭ بولكا پىشۇرۇشىغا زېرىكمەستىن قاراپ تۇرغىنىنى كۆرگەندە كاللىسى سۈزۈك ھالەتتە بولاتتى.

كەچتە پائۇل . D ئىشتىن قايتىپ كەلدى. سېس، دەنۋېر، جان قوزام ئۈچەيلەن تاماق ئۈچۈن داستىخان تەييارلاۋاتقاندا، جان قوزامنىڭ نۇرى ئەتراپنى قاپلىغانىدى. پائۇل . D سېس بىلەن دەنۋېرنىڭ بۇنى بايقىمىغىنىدىن ئەجەبلەندى. بەلكىم ئۇلار بايقىغاندۇ. ئەگەر ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرىدە ئىشق ئوتى يانغان بولسا، تەبىئىيلا بۇنى بايقىۋېلىشقان بولاتتى. خۇددى ئەرلەر

ئۆزئارا بايقىۋېلىشقانىدەك. پائۇل . D جان قوزامغا زەن سېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ بۇنى سېزىدىغان ـ سەزمەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ھالبۇكى، جان قوزام پائۇل . D غا نەزىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى، ھەتتا پائۇل . D نىڭ سېستىن ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق سورىغان سوئاللىرى دائىم جاۋابسىز قالاتتى. جان قوزام پائۇل . D غا قارىغاندا ئاغزىنى ئېچىپمۇ قويمايتتى. جان قوزامنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىگە بەش ھەپتە بولغان بولسىمۇ، ئۇلار جان قوزام توغرۇلۇق ئۇنى بەش ھەپتە ئىلگىرى دەرەخ تۈۋىدە كۆرگەن چاغدىكىدىن ئارتۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىدى.

ئۇلار پائۇل . D بۇ ئۆيگە كىرگەن كۈنى بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى، ئۇستەلنىڭ قايتىدىن چېتىلغان پۇتى ئىلگىرىكىدىن پۇختا بولغانىدى. كاللەكبەسەي قورۇمىسى پاك ـ پاكىز يېيىلدى. سېس پىچىرلاپ تىلەك تىلىگەن ھالدا داستىخانغا بولكا كەلتۇردى، كونا ئاشپەزلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە، تەييارلىغان بولكىسى ئۇچۇن كۆپچىلىكتىن ئۆزرە سورىدى. بۇ چاغدا جان قوزامنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھالەت ئەكس ئەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى سېسقا تىككەندە، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك بىر بۇيۇمىغا خۇشاللىق ئىلكىدە قاراۋاتقان ھالەتتە بولاتتى. بۇ ھال پائۇل . D نىڭ سوئال سورىشىغا سەۋەب بولدى.

— سىزنىڭ بىرەرمۇ بىر تۇغقان قېرىندىشىڭىز يوقمۇ؟

جان قوزام قوشۇق بىلەن ھەپىلەشكەچ، پائۇل . D غا قاراپمۇ قويماستىن جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ ھېچكىمىم يوق.

— سىز بۇ يەردىن زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟

— مۇشۇ جايغا، مېنى تۇرغۇزالايدىغان مۇشۇ جايغا.

— بىرەرسى سىزگە بۇ ئۆي توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنمۇ؟

— كۆۋرۈكتىكى چېغىمدا ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن.

— ئۇ چوقۇم ئىلگىرىكىلەردىن بىرسى، — دېدى سېس. ئىلگىرى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئاغزاكى خەۋەر

يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ۋە خەت ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئۆتمىگى ئىدى.
124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە كىچىككىنە خەۋەرلەرمۇ دەسلەپ بۇلاق سۈيىدىكى كۆپۈكچىلەردەك بۇژغۇنلاپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ كېتەتتى.
— سىز بۇ يەرگە قانداق كەلگەن؟ سىزنى كىم ئەكەلگەن؟
ئەمدىلىكتە جان قوزام پائۇل . D غا تەمكىنلىك بىلەن تىكىلدى، لېكىن سوئالىغا جاۋاب قايتۇرمىدى.
پائۇل . D سېپىس بىلەن دەنۋېر ئىككىلىسىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى، قورساق مۇسكۇللىرىنى يىغىپ، چاپلاشقاق ئۆمۈچۈك تورىنى قويۇۋېتىپ بىرلىشىۋالغىنىنى ھېس قىلدى. پائۇل . D قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جان قوزامنى قىستاپ يۈرۈپ ئاغزىدىن جاۋاب ئېلىش نىيىتىگە كەلدى.
— كىم سىزنى بۇ يەرگە ئەكەلدى، دەپ سوراۋاتىمەن؟
— ئۆزۈم كەلدىم، — دېدى جان قوزام، — ناھايىتىمۇ ئۇزۇن، بەك ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلدىم. ھېچكىم مېنى ئەكېلىپ قويغىنى يوق، ھېچكىممۇ ماڭا ياردەم بەرگەن ئەمەس.
— ئايىغىڭىز يېپيېڭى تۇرامدۇ؟ ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن بولسىڭىز، ئايىغىڭىزنىڭ بۇنچە يېڭى تۇرۇشىنى قانداق چۈشىنىمىز؟
— بولدى، ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگمەڭچۇ، پائۇل . D.
— مېنىڭ بىلگۈم بار، — دېدى پائۇل . D، خۇددى بايراق خادىسىنى كۆتۈرگەندەك، پىچاق سېپىنى قولىدا تۇتقان ھالدا.
— ئايىغىمنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم، كۆڭلىكىمنى تۇرۇۋالدىم. مەن ئاياغ بوغقۇچىنى چىگەلمەيمەن، — دېدى جان قوزام. ئۇ پائۇل . D غا غەزەپ بىلەن ئالايدى. دەنۋېر ئىختىيارسىز ھالدا جان قوزامنىڭ بىلىكىنى ئاستا سىلاپ قويدى.
— ئاياغنىڭ بوغقۇچىنى چىگىشنى مەن سىزگە ئۆگىتىپ قويىمەن، — دېدى دەنۋېر. ئۇ مۇكاپات سۈپىتىدە جان قوزامنىڭ كۈلۈمسىرەپ بېقىشىغا ئېرىشتى.

پائۇل . D ئەمدىلا قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالغان بۇ يوغان پارقىراق بېلىقنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى. بۇ قېتىم بېلىق يەنە قاراڭغۇ سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ غايىب بولدى. لېكىن، پارقىراپ تۇرغان بېلىق چىقىرىندىلىرى بېلىقنىڭ ئۆزۈش يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ تۇراتتى. بىراق، جان قوزامىنىڭ بۇنچىۋالا ئېچىلىپ كېتىشى پائۇل . D ئۈچۈن بولمىسا، كىم ئۈچۈندۇ؟ پائۇل . D ئۇچراتقان ئاياللار ئىچىدە ھېچكىممۇ ئالاھىدە بىرسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتمەستىن، مۇنداقلا ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ قوياتتى. پائۇل . D نىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاۋۋال بىر مەركىزىي نۇقتا بولۇشى كېرەك، شۇندىلا باشقا تەرەپلەرمۇ مەركىزىي نۇقتىغا ئەگىشىپ ئۆزىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ كارىز ئىچىدە ئۆزى بىلەن بىللە ئادەم ساقلاۋاتقىنىدا، تۇرقىدىن تولىمۇ ئاددىيلىق چىقىپ تۇراتتى، لېكىن سېكسو كېلىشىگىلا توزدەك گۈزەللىشىپ كەتتى. ئۇ سېسىنىڭ ھۆل بولغان پۇتلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىدە دەل مۇشۇنىڭدەك ھېسسىياتتا بولغانىدى. بولمىسا، ھەرگىزمۇ قارامىلىق بىلەن ئۇنى قۇچىقىغا ئالمىغان، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يۈزىنى سۈركەپ تۇرۇپ تاتلىق سۆزلەرنى قىلمىغان بولاتتى.

بۇ سەرگەردان قىز جان قوزام ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. پائۇل . D يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۇچراتقان قارا تەنلىك ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنى ھەرقانچە پەردازلىغانلىرىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى. پائۇل . D ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئويلايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. جەڭدىن ئىلگىرى، جەڭدىن كېيىن ياكى جەڭ مەزگىلىدە بولسۇن، پائۇل . D ئاچلىقتىن يېرىم جان بولغان، ھالىدىن كەتكەن، تالان ـ تاراج قىلىنغان نۇرغۇنلىغان نېگىر قۇللارنى ئۇچراتتى. ئەنە شۇلارنىڭ خاتىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى

ئاغزىدىن گەپ ئېلىشىنىڭ ئۆزىنى مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. ئۇلارمۇ پائۇل . D غا ئوخشاش ئۆڭكۈرلەرنى ماكان تۇتۇپ، مۇشۇكياپىلاق بىلەن يېمەكلىك تالىشىپ ياشىغانىدى. ئۇلار پائۇل . D غا ئوخشاش چوشقىنىڭ يېمەكلىكلىرىنى ئوغرىلاپ يېگەنىدى. ئۇلار پائۇل . D غا ئوخشاش كېچىسى دەرەخ ئۈستىدە ئۇخلاپ، كۈندۈزى يول يۈرەتتى. پائۇل . D غا ئوخشاش پاتقاقتا مىلىنىپ، باشقۇرغۇچى خادىم، زىيانكەشلىك قىلغۇچى، جاللات، جەڭدىن قايتقان ئەسكەرلەر، تاغلىقلار، قوراللىق قىسىم ۋە كۆڭۈل ئېچىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزلىرىنى قوغدۇقتا ئاتاتتى. بىر قېتىم پائۇل . D ئورماندا ئۆزى يالغۇز ياشايدىغان ئون تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى ئۇچراتتى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ نەدە ياشىغىنىنى ئەسلەپ بېرەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ پائۇل . D غا دەپ بېرىشىچە، ئېلىشىپ قالغان بىر نېگىر ئايال بىرنەچچە ئۆردەكنى ئۆزىنىڭ بوۋىقى دەپ ئويلاپ ئوغرىلىغانلىقى سەۋەبلىك دارغا ئېسىلغانىكەن.

يۈتكىلىپ، مېڭىپ، يۈگۈرۈپ، تىقىپ، ئوغرىلاپ، ئاندىن توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلىدى. بىر قېتىم پائۇل . D بىر ئايال بىلەن ياكى بىر ئائىلە بىلەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بىللە تۇردى. ئاشۇ ئىككى يىلدەك ۋاقىتتا دېلاۋېيردىكى توقۇمىچى ئايال بىلەن بىللە ياشىدى. دېلاۋېير كېنتاكى ئىشتاتىنىڭ پۇلاسكى ناھىيەسىدىن قالسىلا نېگىرلارغا ئەڭ يامان مۇئامىلە قىلىنىدىغان جاي ئىدى. بۇ يەردىكى مۇئامىلەرنى گېئورگىيەنىڭ تۇرمىسىدىكى مۇئامىلىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىقىدەك نېگىرلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جان قوزام ئۇلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ جۇلالىق تەقى ــ تۇرقى، يېڭى ئايىغى دائىملا پائۇل . D نى بىئارام قىلىدۇ. بەلكىم بۇ بىر ئۇدۇل كېلىپ قېلىشتۇ، پائۇل . D بىلەن سىپس ئىككىسى تالاش ــ تارتىشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ئامىمۇۋى سورۇنغا بېرىپ،

بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك خۇشاللىقتا چۆمگەن ئاشۇ كۈنى جان قوزام ئۆلارنىڭ تۇرمۇشىدا پەيدا بولغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دەنۋېر پائۇل . D غا بولغان قارىشىدىن ياندى. سېس خۇشال كۈلۈپ يۈرمەكتە؛ پائۇل . D مۇقىم خىزمىتى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدىگە ئېرىشتى؛ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى جىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئاللىقاچان يېڭىچە تۇرمۇش باشلاندى. بىراق، پائۇل . D ئۇچۇن يامان بولغىنى، بىر سۇ ئىچەلەيدىغان ئايال ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ساقايدى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى يۆتكىشىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

پائۇل . D نىڭ جان قوزامنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكۈسى بار؛ سېس بولسا جان قوزامنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇشىنى خالايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆيى بولمىغاندىكىن پائۇل . D نىڭ جان قوزامنى چىقىرىۋېتىشكە كۈچى يەتمەيدۇ. ئالۋاستىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش بىلەن باشپاناھسىز بىر نېگىر قىزنى ئۆيدىن ئۇچ K پارتىيەسىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئاستىدىكى يەرگە چىقىرىۋېتىش بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. ئۇچ K پارتىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ياۋۇز ئەجدىھا ئوخشىمىغان ئىشتاتىدا نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىپ، نېگىرلارنىڭ قېنىنى تۆكمىسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغاندەك، ھەر جايدا نېگىرلارنى خورلايتتى.

پائۇل . D تاماقتىن كېيىن شىرەنىڭ يېنىدا سىتىرزۇس ئوتىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ، يەنىلا جان قوزامنى ئۆز ئارامىدا قويۇشنى، شەھەردىكى نېگىرلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭغا تۇرغۇدەك باشقا بىر جاي ھەل قىلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

پائۇل . D مۇشۇ ئويغا كېلىپ تۇرۇشىغا، جان قوزام بولكا ئارىسىدىن سوغۇرۇپ ئېلىۋالغان كىشمىش ئۈزۈمنى يەۋېتىپ، كىشمىش ئۈزۈم گېلىغا تۇرۇپ قالدى. ئۇ گېلىنى قاماللاپ يەردە دومىلاپ كەتتى. سېس ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتىلىدى؛ دەنۋېر جان قوزامنىڭ قولىنى گېلىدىن ئاجراتتى. جان قوزام بىر تەرەپتىن

قۇسۇپ، بىر تەرەپتىن ناھايىتى تەستە نەپەس ئېلىۋاتاتتى.

جان قوزام ئوڭشالغاندا، دەنۋېر پولدىكى قۇسۇقلارنى تازىلىۋەتتى.

— كىرىپ ئۇخلىۋالاي، — دېدى جان قوزام.

— مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۇخلاڭ. مەن ئۈستۈنكى كارىۋاتتا ياتىمەن، ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن، — دېدى دەنۋېر.

دەنۋېر جان قوزام بىلەن بىر ئۆيدە يېتىشنى ئارزۇ قىلىۋېرىپ ئېلىشىپ قالايلا دېگەنىدى. مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى. ئۈستۈنكى كارىۋاتتا ئارامخۇدا ئۇخلاشمۇ بىر مۇشكۇل ئىش. ئۇنداق بولغاندا، جان قوزامنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالغانمىدۇ، دەپ دەككە ـ دۈككىدە ياتىمدۇ. ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئۇخلاپ ئويغىنالماسلىقىدىن (خۇدا ساقلىسۇن، ھەرگىز بۇنداق بولمىسۇن) ياكى بۇ ئۆيگە قانداق كىرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن قوپۇپ ئۆيدىن شۇنداق چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇ ئىككىسى بىر ئۆيدە تۇرسا، خالىغان چاغدا مۇڭدىشالايدۇ، كېچىدە سېس بىلەن پائۇل . D ئىككىسى ئۇيقۇغا كەتكەندە، كۈندۈزلىرى ئۇ ئىككىسى ئۆيدە يوق چاغدا خالىغانچە تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىشالايدۇ، شېرىن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ۋە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىشلار ئۈستىدە مۇڭدىشىۋالىدۇ.

قىزلار ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن سېس چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ سۇ ئېلىنغان داسنىڭ يېنىغا قويدى.

— ئۇ سىزگە نېمە يامانلىق قىلغان؟

پائۇل . D قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە لام ـ جىم دېمىدى.

— ئىككىمىز دەنۋېر توغرۇلۇق ئۇرۇشقان ئىدۇق، ئەمدى جان قوزام توغرۇلۇقمۇ بىر پەدە ئۇرۇشۇپ باقامدۇق؟ — دېدى سېس.

— مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدىغىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. ئۇ سىزگە يېپىشىۋالىدۇ، ئۇنى ئاز دېگەندەك، سىزنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇڭىز كەلمەيدۇ. بۇ ئىش

پەقەتلا ئىدىيەمدىن ئۆتمەيدۇ.

سېس قولىدىكى تەخسىنى تاشلاپ پائۇل . D غا تىكىلدى.

— كىمنىڭ يېپىشقۇلۇقى، كىمنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەسلىكى بىلەن سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ ھېچبىر تەس يېرى يوق. ئاشخانىدىن ئالغاچ كەلگەن ئېشىپ قالغان تاماقلاردىن ئۇ پەقەت ئازراقلا يەيدۇ. ئۇ دەنۋېر بىلەنمۇ شۇنداق چىقىشىدۇ. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭىز قىچىشقاندەك يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، مەندە بىر غەلىتە سېزىم بار.

— ئەمىسە ئۇ سېزىمنى ھېس قىلىپ باقسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ — دېدى سېس، — يەنە ئۇخلاش ئۈچۈن بىر كارىۋاتقا ئېرىشىشنىڭ ۋە سىزنى كۆندىلىك باش قېتىنچىلىقىدىن خالاس قىلالايدىغان بىرسى بىلەن بىرگە ئۆتۈشنىڭ تەمىنىمۇ ھېس قىلىپ بېقىڭ. ئەگەر بۇمۇ يەتمىسە، تەقدىرىگە تەن بەرگەن، سەرسان ـ سەرگەردان، قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان بىر قارا تەنلىك ئايالنىڭ دەردىنى ھېس قىلىپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ئۇ خىل سېزىمنى مەن ئېنىق ھېس قىلالايمەن، سېس. مەن تېخى تۆنۈگۈن تۇغۇلغان ئەمەس، ئىش بىلمەيدىغان سەبىي بالا ئەمەسمەن. مەن بۇ ئۆمرۈمدە بىرەر ئايال كىشىگە يامان مۇئامىلە قىلىپ باققان ئەمەس.

— ئۇنداقتا، دۇنيادا سىزدەك ئادەمدىن يالغۇز بىرىلا بار ئىكەن.

— باشقا بىرى يوقمۇ؟

— باشقا بىرى يوق.

— خاللىچۇ؟ ئۇ سىزگە نېمە قىلغان؟ ئۇ ھەر چاغ سىزدىن ئايرىلمىغانىدى. ئەجەبا ئۇ سىزنى تاشلاپ كەتكەنمۇ؟

— مېنى تاشلاپ كەتمىسە، كىمنى تاشلاپ كەتتى ئۇنداقتا؟
— بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ سىزنى تاشلاپ كەتمىگىنى ھەقىقەت.
— ئۇنداقتا، ئۇ تېخىمۇ ئەسكى ئىكەن. ئۇ ئۆز بالىسىنى تاشلىۋەتتى.
— بۇنداق دېسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ.
— ئۇ ئۇ يەردە ئەمەس ئىكەن. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ يەردە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، لېكىن ئۇنداق بولمىدى.
— ئۇ شۇ يەردە ئىدى.
— ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا چىقمايدۇ؟ يۈرەك پارىلىرىمنى يولغا سېلىپ قويۇپ، نېمىشقا خاللىنى ئىزدىگۈدەكمەن؟
— ئۇنىڭ ئېغىلدىن چىقىشقا ئامالى يوق ئىدى.
— نېمە ئېغىل؟
— ھېلىقى قوتاننى دەيمەن.
سېس ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاستا - ئاستا ئورۇندۇق تەرەپكە سۈرۈلدى.
— ئۇ كۆرۈپتىمۇ؟
— كۆرۈپتۇ.
— ئۇ سىزگە شۇنداق دېدىمۇ؟
— سىز ماڭا شۇنداق دېگەن.
— نېمە؟
— مەن بۇ يەرگە كەلگەن كۈنى سىز ئۇلارنىڭ سۈتىڭىزنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئېيتقان. مەن قايسى ئىشنىڭ ئۇنى شۇنچىۋالا نادامەتكە سېلىۋەتكىنىنى بىلمەي يۈرەتتىم. پەمىمچە، دەل ئاشۇ ئىش ئىكەن. مەن پەقەت قانداق ئىشنىڭ ئۇنى ھالسىرىتىپ قويىدىغانلىقىنىلا بىلىمەن. شۇنچە يىللاپ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە كەچلىرىمۇ دەم ئالماي ئىشلەش ئۇنىڭغا قىلچىلىكمۇ تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. بىراق، ئۇ ئېغىلدا كۆرگەن ئىش ئۇنى قاقشال دەرەختەك سولاشتۇرۇپ قويىدى.

— ئۇ كۆرۈپتىمۇ؟ — سىس جېينېكلېرىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن قورققاندەك، ئۇلارنى چىڭ قىسىپ تۇرۇۋالدى.

— كۆرگەن، ئېنىق كۆرگەن.

— ئۇ ئاشۇ ئەبلەخلەرنىڭ ماڭا قىلغان ئىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارى بولمىغانمۇ؟ ئۇ كۆرگەنمۇ؟ راستلا كۆرگەنمۇ؟

— ھەي، ھەي، ھەي. سۆزۈمنى ئاڭلاڭ، سىس. ئەر كىشى دېگەن كۆڭلىرىنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىنى كىيىش، چېچىش، پارچىلاش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئۆلگۈر پالتا ئەمەس. پالاكەتچىلىكنى تاپقان ئۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنى كېسىۋېتەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئىشلار قەلبكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىدى.

سىس چىراغ نۇرى ئاستىدا ئۇياقتىن ـ بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— يەر ئاستى ئالاقە خادىمى ماڭا ئەڭ كىچىككەندىمۇ يەكشەنبە كۈنى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇلار مېنىڭ سۈتۈمنى بۇلاۋاتقاندا، ئۇ كۆرۈپ تۇرۇپ چۈشىمىدى. يەكشەنبە كۈنى بولدى، بىراق ئۇ يەنىلا كەلمىدى؛ دۈشەنبە بولدى، خاللىدىن يەنىلا خەۋەر يوق. مەن شۇ چاغدا ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كەلمىدى، دەپ ئويلىدىم. كېيىن ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋالغان بولسا، شۇڭا كېلەلمىدى، دەپ ئويلىدىم. كېيىن ياق، ئۇ ئۆلمىدى، ئۇ ئۆلگەن بولسا، مەن خەۋەر تاپقان بولاتتىم، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، سىز شۇنچە يىللاردىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ، يەنىلا ئۇنى ئۆلدى دېمىدىڭىز. چۈنكى سىزمۇ بىلمەيتتىڭىز. مەن «بوپتۇ، بەلكىم ئۇ ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ياشاش يولى تاپقاندۇ» دەپ ئويلىدىم. ئەگەر ئۇ يېقىن بىر جايدا بولغان بولسا، مېنى ئىزدەپ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئاپىسى بېيبىي ساگىسىنى چوقۇم ئىزدەپ كەلگەن بولاتتى. مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ كۆردى دەپ ئويلىمايتتىم.

— ئەمدى بولغاندا، بۇلارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— ئەگەر ئۇ ھايات بولۇپ، ھەممىنى كۆرگەن بولسا،

ھەرگىزمۇ مېنىڭ بوسۇغامدىن ئاتلاپ كىرمەيدۇ. خاللىي ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ.

— ئۇ ھالاك بولدى، سېر، — پائۇل . D ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، بېشىنى كۆتۈردى، — ھەممىنى بىلىپ قالغىنىڭىز ياخشى. مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنى كۆرگىنىمدە، ئۇ سوت قوچۇش ماشىنىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ يۈزىنى قايماق بىلەن سۈۋۈتۈەتكەنىكەن.

ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن سېر خۇشال بولدى. ئادەتتە ئۇ ئاڭلىغان گەپلەر ئەمەلىيەتتە يۈز بېرەتتى. بىراق، ئۇ پائۇل . D نىڭ دېگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە يولۇقتۇرمىدى، كاللىسىدىمۇ ھېچقانداق زىددىيەت يۈز بەرمىدى. سېر ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاخىر مۇھىم سوئالدىن بىرىگە ئۆتتى.

— ئۇ بىرەر نەرسە دېدىمۇ؟

— ياق.

— ھېچنېمە دېمىدى؟

— ھېچنېمە دېمىدى.

— ئۇنىڭغا گەپ قىلدىڭىزمۇ؟ ھېچنېمە دېمىدىڭىز؟ چوقۇم گەپ قىلدىڭىز!

— گەپ قىلالمىدىم، سېر. ھېچنېمە... دېيەلمىدىم.

— نېمىشقا؟!

— ئاغزىم يەملىشىپ قالغاندەك...بىر ئېغىزمۇ گەپ چىقمىدى.

سېر ئىشكنى ئېچىپ ئايۋاننىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇردى. قۇياشسىز ئاسمان يەر يۈزىنى كۆڭگالاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، سېر يىراقتىكى چىملىققا چۈشكەن دەرەخ سايىسىنى ئىلغا قىلالىدى. ئۇ بېشىنى ئۇياق - بۇياققا چايقاپ ئۇچقۇر خىياللىرىنى ۋە تىنچىماس مېڭىسىنى مەيلىگە قويۇپ بەردى. نېمىشقىمۇ رەت قىلمىغان بولغىيدى؟ ئۇ ئاشۇ كولپەتلىك، پۇشايمانلىق، نومۇسلۇق ئىشنى نېمىشقا رەت قىلمىغان

بولغىيتتى؟ ھېچبولمىسا ئاشۇ قېتىم بولسىمۇ، بولدى، رەھمەت، بايا يەپ بولغانىدىم، يەنە يېسەم سىڭدۈرەلمەيمەن، دېيىشى كېرەك ئىدىغۇ! چىشلىرى بىگىزدەك ئىككى ئەبلەخنىڭ بىرى كۆكسۈمنى شورىدى، يەنە بىرى مېنى بېسىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بىلىملىك، تەربىيە كۆرگەن ھېلىقى ئوقۇتقۇچىسى بۇ ئىشلارغا بىر تەرەپتە قاراپ ئولتۇرۇپ، بىر نەرسىلەرنى خاتىرىلەۋاتاتتى. ھازىرغىچە كاللامدا شۇ ئىشلا بار. ئەمدى ئۇشۇقىنى ئويلاشقا ھەپسىلەم بارمايدۇ. ئېرىم بولغان ئادەم مەن بار ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىكى بالىخانىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ھېچكىم ئىزدەپ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدە مەن كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئاشۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەبلەخلەرنى توسۇماستىن، كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قاراپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ بۇ تىنچىماس مېڭەم شۇلارنى ئەسلەش بىلەن توختاپ قالىدىغاندەك ئەمەس. يەنە بىر كۆرۈنۈش خىيال ئېكرانىمدىن ئۆتتى. ئېرىم سۈت قوچۇش ماشىنىسىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قايماق سۈركەۋاتاتتى. ئۇلار سۈتنى ئېلىپ قاچىدۇ، دېگەن خىيال كاللىسىغا كىرىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تېنەشلىك بىلەن يۈز ـ كۆزىنى قايماق بىلەن بوياۋالغانىدى. بىر تۇرۇپ ئۇ بۇ ئىشنى پۈتۈن دۇنيادىكىلەر بىلىپ كەتسىمۇ كەتسۇن، دەپ ئويلايتتى. شۇ چاغدا كاللىسىدىن كېتىپلا قالغان بولسا، بۇ چاغقا بەلكىم بۇ لەنىتى دۇنيا بىلەن خوشلاشقانمۇ بولار ئىدى.

ئەگەر پائۇل . D نىڭ ئاغزىغا ئېغىزدۇرۇق سېلىنغانلىقى سەۋەبلىك خاللىغا گەپ قىلالمىغان، تەسەللىمۇ بېرەلمىگەن بولسا، ئۇنداقتا پائۇل . D تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى ماڭا دەپ بېرىشى ئېنىق. ئۇ ئىشلارنى بىلگۈمۇ، ئەسلىگۈمۇ يوق. مېنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشلىرىم بار: غەم يەيمەن، ئەتە ئۈچۈن، دەنۋېر ئۈچۈن، جان قوزام ئۈچۈن، قېرىلىق ۋە كېسەللىك ئۈچۈن غەم يەيمەن. مۇھەببەتنى دېمەيلا قويايلى.

يىراق، سېسىنىڭ مېڭىسى كەلگۈسىگە قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى ئۆتمۈشنى ئەسلەش بىلەن ئاۋارە. يەنە كېلىپ، ئۆتمۈشتىكى تېخىمۇ كۆپ ئىشلارغا تەشنا بولۇش بىلەن ئاۋارە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مېڭىسى سېسىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى، ھەتتا ئەتىكى ئىشلار ئۈستىدە پىلان تۈزۈشى ئۈچۈن ئازراقمۇ بولۇشۇپ بەرمەيدۇ. ئاشۇ ياۋا پىياز تېرىلغان ئېتىزلىقتىكى چۈشتىن كېيىنكىگە ئوخشاش. شۇ چاغدا ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلىگەن ئەڭ يىراق كەلگۈسى — بىر قەدەمنىڭ نېرىسى ئىدى. باشقا ھەممىسى سەۋدايى بولۇپ كەتتى، سېس نېمىشقا ئۇنداق بولمىدى؟ باشقىلارنىڭ كاللىسى توختاپ قالدى، بەدىنىدىن ئايرىلىپ، يېڭى نەرسىنى ئىزدەش ئۈچۈن كەتتى. خاللى چوقۇم مۇشۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇش نېمىدېگەن لەززەتلىك ـ ھە! ئۇ ھالدا خاللى ئىككىسى سۈت كەپىسىگە ئارقىسىنى قىلىپ، سۈت قوچۇش ماشىنىسىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىگە مۈزدەك قايماقلارنى سۈۋىغان بولاتتى. قايماقنىڭ سىلىق ۋە چاپلاشقاقلىقىدىن ھۇزۇرلانغاچ، چاچلىرىنى سىلىغان قوللىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قايماقلارنىڭ لەززىتىنى سۆرەلەيتتى. مۇشۇ يەردە توختىسا، شۇنداق ئاياغلاشسا ـ ھە! ئېتىپ قويىدۇ. قۇلۇپلىنىۋېتىدۇ. قايماق چىقىرىدۇ. يىراق، ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى ھازىر ئوخىئو ئىشتاتىنىڭ يولىدا، ئەدىيال ئاستىدا شېكەر سۈيى قاچىلانغان سوسكىنى شۈمۈپ ياتىدۇ. بۇنى ھەرقانداق قايماق ئويۇنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

پائۇل . D بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، سېسىنىڭ مۈرىسىنى سىلىدى.

— ئۇنى سىزگە ئېيتىشنى ئويلىشىپ باقمىغانىدىم.

— مەن ئاڭلاشنى ئويلىشىپ باقمىغانىدىم.

— ئۇ ئىش ئېغىزىمدىن چىقىپ بولدى. لېكىن، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئەمدى قويۇپ تۇرىمەن.

ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى سىس. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى سوراپ بېقىشىمنى خالايدۇ. ئېغىزدۇرۇق كاساپىتىدىن تىللىرى قايرىلىپ تۇرۇش نېمىدېگەن ئازابلىق. بۇ ھالدىكى كىشى تۇكۇرۇكىنى بىر يۇتۇۋېلىشقا نەقەدەر ئىنتىزار. بۇ خىل سېزىمنى سىس بۇرۇنلا بىلەتتى. «شېرىن ئۆي» گە كېلىشتىن ئىلگىرى سىس بۇنداق ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن نەچچە قېتىملاپ كۆرگەن. ئەرلەر، باللار، سەبىي قىزلار، ئاياللار. كالپۇكلىرى كەينىگە تارتىشىپ كەتكەن شۇ دەقىقىدە كۆزلەرگە ئەسەبىيلىك تىقىلىدۇ. ئېغىزدۇرۇق بوشىتىلغاندىن كېيىنكى كۇنلەردە ئېغىزلار غاز مېيى بىلەن مايلىنىدۇ، بىراق تىلنى ئوڭشايدىغان نەرسە يوق. ئېغىزدۇرۇق ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ كۆزلەردىكى غەزەپ يوقالمايدۇ.

سىس بېشىنى كۆتۈرۈپ پائۇل . D نىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە بىرەر ئىز قالغان ـ قالمىغانلىقىنى ئىزدىدى.

— كىچىك چېغىمدا كۆرگەن ئاشۇ كىشىلەر ئەغزىغا ئېغىزدۇرۇق سېلىنغاندا بەكمۇ ئەسەبىيلىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۇچۇن ئۇلارغا ئېغىزدۇرۇق سالغانلىقىنى كىم بىلسۇن. ئىشقىلىپ، ئېغىزدۇرۇق سېلىش پەقەتلا قاملاشمىغان ئىش. چۇنكى ئېغىزدۇرۇق ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بولغۇسىز ئەسەبىيلىك ۋۇجۇدقا چىقاتتى. سىزگە قارىسام، ئۇ ھالەتلەر يوق ئىكەن. كۆزىڭىزدە ئۇ خىلدىكى ئەسەبىيلىك يوق ئىكەن، — دېدى سىس.

— ئەسەبىيلىكنى ئەكس ئەتكۇزۇشنىڭمۇ، ئەسەبىيلىكنى يوقىتىشنىڭمۇ ئۇسۇلى بار. ئىككىلى خىل ئۇسۇلنى ياخشى بىلىمەن. لېكىن، قايسىسىنىڭ تېخىمۇ ئوسال ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىدىم، — پائۇل . D سېسنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. سىس پائۇل . D غا سەپسالدى. غۇۋا كۇن نۇرى ئاستىدا پائۇل . D نىڭ مىس رەڭلىق ئورۇق يۇزلىرى سېسنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتى.

— ماڭا دەپ بەرگۈڭىز بارمۇ؟ — دېدى سىپس پائۇل . D غا.
— بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. مەن ئەزەلدىن دەپ باقمىغان، ھېچكىمگە دەپ باقمىغان. بەزى چاغدا دېگۈم كېلىدۇ، لېكىن ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم.
— دەڭە، مېنىڭ ئاڭلىغۇم بار.
— بەلكىم ئاڭلىغۇڭىز باردۇ، بىراق مەن دېيەلىشىمگە جەزم قىلالمايمەن. دېمەكچى بولغىنىم، سىزگە توغرا ھالدا دەپ بېرەلەش ـ بېرەلمەسلىكىم ئېغىزدۇرۇق بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ھەرگىز ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.
— ئۇنداقتا بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟
— خوراز. خورازلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئۇلار شۇ ھالەتتە ماڭا قاراپ تۇرۇشتى.
— ھېلىقى دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپمۇ؟ — كۈلدى سىپس.
— شۇنداق، — پائۇل . D سىپسقا قوشۇلۇپ كۈلدى، — دەرەخ ئۈستىدە بەش خوراز، ئەللىكتەك مېكيان بار ئىدى.
— «ئەپەندى» مۇ بارمىتى؟
— دەسلەپتە ئۇنى كۆرمەپتىمەن. بىراق، يىگىرمە قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ئۇنى كۆردۈم. ئۇ رىشاتكىدىن چوشۇپ ياغاچ تەڭنىگە چىقىپ ئولتۇردى.
— ئۇ ئاشۇ ياغاچ تەڭنىنى ياخشى كۆرەتتى، — سىپس شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، كۆڭلىدە «چاتاق بولدى، ئەمدى ئۆزۈمنى توختىتىۋالالمايدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاشقا باشلىدى.
— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرەتتى، خۇددى مەرۋايىت تەختتەك ياخشى كۆرەتتى. بىلەمسىز، مەن ئۇنى تۇخۇم شاكىلىدىن تارتىپ چىقارغان. مەن بولمىغان بولسام، ئۇ تۇنجۇقۇپ ئۆلەتتى. ھېلىقى مېكيان ئۇۋىسىدىن چىقىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن تۇخۇمدىن يېڭى چىققان بىرمۇنچە چۈجىلەرى چىكىلداپ ئەگىشىۋالغان، پەقەت مۇشۇ تۇخۇملا قالغانىدى، قارىماققا قۇرۇق شاكالدەك تۇراتتى. كېيىن مەن ئۇنىڭ مىدىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ

شاكالنى چاقتىم. تۇخۇمدىن چىققىنى دەل «ئەپەندى» بولدى، پۇتى سەل ئاقساق ئىدى، كېسەلچان ئىدى. مەن ئاشۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ چوڭ بولۇۋېلىپ، ھويلىدا زومىگەرلىك قىلىپ يۈرگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

— «ئەپەندى» ھەر دائىم ئاشۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلاتتى، — دېدى سىپس.

— راست، ئۇ بەكلا يىرگىنچلىك ئىدى. ھەم ئۇرۇشقاق، ھەم قەبىھ، ئەگرى ـ دوناي پۇتلىرى بىلەن كەلسە ـ كەلمەس ئەسكىلىك قىلاتتى. تاجىسى مېنىڭ ئالىقىنىمدەك يوغان، قىپقىزىل ئىدى. ئۇ تەڭنە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ماڭا قاراپ تۇردى. قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئەسلىدە كاللام خاللىينىڭ بايا مەن كۆرگەندىكى ھالىتى بىلەن بەند ئىدى. مەن ئاشۇ ئېغىزدۇرۇقنى ئويلاپمۇ ئېسىمگە ئالالمايمەن. پەقەت خاللىي بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان سېكسولا ئۇنى ئېسىگە ئالالىشى مۇمكىن. «ئەپەندى» نى كۆرگەن چېغىمدا ئۇ يەردە ئۆزۈمنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىمنى بىلدىم. ئۇلارلا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى بايقىدىم. ئۇلاردىن بىرسى ساراڭ بولۇپ قالدى، يەنە بىرسى سېتىۋېتىلدى، يەنە بىرسى ئوت قويۇپ ئۆلتۈرۈلدى، مەن بولسام، ئاغزىمدا ئېغىزدۇرۇق، ئىككى قولۇم ئارقىسىغا قايرىلىپ باغلانغان ھالدا ئىدىم. مەن «شېرىن ئۆي» دىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەر بولۇپ قالدىم.

«ئەپەندى» قارىماققا ئەنە شۇنداق ئەركىن، مەندىن كۈچلۈك، مەندىن قامەتلىك، مەندىن يامان. ئۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى ئۆز ۋاقتىدا تۇخۇم شاكىلىدىنمۇ چىقالماي يۈرگەن، كېيىن پادىشاھتەك يوغىناپ كەتتى. بىراق، مەن... — پائۇل . D توختاپ قالدى، سول قولى بىلەن ئوڭ قولىنى قىسىۋالدى. ئۇ شۇ ھالەتتە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. «ئەپەندى» بىلەن دۇنيا بېسىققاندا، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— «ئەپەندى»نىڭ بولىدىغان يېرى، ئۇ يەنىلا ئۆزى بولالىدى،

بىراق مېنىڭ ئۆزۈم بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلىنمىدى. بۇ ئەبەينى مەن «ئەپەندى» نىڭ گۆشىدە سەي قورۇۋاتقان، ھالبۇكى ئۆزۈممۇ بىر خورازنى دۇملەپ پىشۇرۇۋاتقان توخۇ ئىككەنلىكىمگە ئوخشايدۇ. بىراق مەن ئۆلۈشمۇ، ھايات قېلىشمۇ بەربىر بولغان پائۇل . D بولۇپ تۇرۇۋەرسەم بولمايتتى. «مۇئەللىم» مېنى ئۆزگەرتتى، مەن باشقا بىر نەرسىگە ئۆزگەردىم. لېكىن، بۇنداق ئۆزگىرىشىم يەنىلا قۇياش نۇرى ئاستىدا تەڭشىلىپ ئولتۇرۇپ ئاپتاپسىنىدىغان چۈجىنىڭ كۈنگە يەتمەيتتى.

سىپس قولى بىلەن پائۇل . D نىڭ تىزىنى سىلىدى.

پائۇل . D سۆزىنى ئەمدى باشلىغانىدى. ئۇنىڭ سىپسقا ئېيتقانلىرى پەقەتلا ئىشلارنىڭ باشلىنىشى ئىدى، خالاس. لېكىن، سىپس بارماقلىرىنى پائۇل . D نىڭ تىزىغا قويۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكتە، ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە بولدى قىلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا. بۇمۇ ياخشى بولدى. يەنە داۋاملاشتۇرۇپ سۆزلەۋەرگەندە ئىككىلىسى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ ھالەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار قالدى ئىشلارنى شۇ ئىشلار تۇرۇشقا تېگىشلىك جايدا — پائۇل . D نىڭ تاماكا قۇتىسى سېلىنغان مەيدە يانچۇقى ئاستىدىكى كۆكرىكى ئىچىدە قالدۇرۇپ قويۇشتى. ئۇ كۆكرەك ئىچىدە بىر ئاتەشلىك يۈرەك تېپچەكلىمەكتە. تاماكا قۇتىسىنىڭ ئاغزى داتلىشىپ كەتكەنىدى. پائۇل . D ھازىر بۇ قەيسەر ۋە شېرىن ئايالنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئاچالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى سىپس كۆرسە پائۇل . D نىڭ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىشى ئېنىق. ئەكسىچە، ئۇنىڭ كۆكرىكى ئاستىدا «ئەپەندى» نىڭ تاجىسىغا ئوخشايدىغان قىپقىزىل يۈرەكنىڭ تېپچەكلىمەيۋاتقانلىقىنى بىلگىنىدە، سىپس يەنىلا ئازابلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

سىپس قولىدىكى دەسمالنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە پائۇل . D نىڭ تىزىدىكى بۆرتۈپ چىققان تېرىنى سىلىدى. ئۇ پائۇل . D نى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. پىشۇرۇقلار ئۈستەلگە چىقىشتىن

ئىلگىرى غۇۋا نۇر چۇشۇپ تۇرغان ئاشخانىدا، كەڭلىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتىن سەل كەڭرى كېلىدىغان جايدا، سۈت ئىدىشىنىڭ ئارقا سول تەرىپىدە خېمىر يۇغۇرۇش ئۈنىڭ مېڭىسىنى شۇنداق تىنچلاندۇراتتى. ئۇ پائۇل . D نىڭمۇ شۇنداق تىنچلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئۆستۆنكى قەۋەتتە جان قوزام ئۆسسۇل ئويناۋاتىدۇ. مەيدىسىنى كېرىگىنىچە يېنىك ئىككى قەدەم ئېلىپ، يەنە ئىككى قەدەم ئېلىپ، بىر قەدەم ئېلىپ، پۇتىنى سىيرىپ...

دەنۋېر كارىۋات ئۈستىدە كۆلۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بەرمەكتە.

ئۇ ھېچقاچان جان قوزامىنىڭ بۇنچىلىك خۇشال ھالىتىنى كۆرۈپ باقمىغان. ھەرقاچان دومسىيىپلا تۇرىدىغان جان قوزام تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېگەندە ياكى دەنۋېر ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەندىلا ئاندىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتەتتى. ئاپىسى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندىمۇ دەنۋېر جان قوزامىنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بايقىغان، لېكىن ھېچقاچان ئۇنىڭ ھازىرقىدەك خۇشال بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. تېخى ئون مىنۇت ئىلگىرىلا سېس پۇتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، گېلىنى سىقىمدىغىنىچە يەردە يۇمىلاقلىغانىدى. ئەمدىلىكتە دەنۋېر كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بىرەر مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەستىن جان قوزام شادىمانلىق بىلەن ئۆسسۇل ئويناماقتا.

— ئۆسسۇل ئويناشنى نەدە ئۆگەنگەنىدىڭىز؟ — سورىدى دەنۋېر.

— ھېچ يەردە ئۆگەنگىنىم يوق. قاراڭ ـ ھە! — جان قوزام

مۆشتۈمنى كاسىسىغا قويۇپ، يالىڭاچ پۇتى بىلەن تاقىلىغىلى تۇردى. دەنۋېر قاقاھلاپ كۈلدى.

— نۇۋەت سىزگە كەلدى، كېلىڭ، سىزمۇ ئويۇنغىنىڭىز ياخشى، — جان قوزام شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ قارا كۆڭلىكى ئۇياقتىن - بۇياققا لەپىلدەيتتى.

دەنۋېر كارىۋاتتىن تۇردى، بەدىنىنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جان قوزامدەك ئىككى كېلىمدىغىنىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ قار گۈلدەك مۇزدەك ۋە ئەۋرىشىملىك بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى.

جان قوزام بىر قولى بىلەن دەنۋېرنىڭ قولىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشتى، بىرلىكتە پىرقىرىغىلى تۇردى. بېشى قايغانلىقتىنمۇ ياكى ئۆزىنى يېنىك، سوغۇق ھېس قىلغانلىقتىنمۇ، دەنۋېر ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلدى. بۇ كۈلكىدىن يۇقۇملانغان جان قوزاممۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇلار بىر جۈپ ئارسلانلاردەك ئۇياقتىن - بۇياققا پىرقىراپ، ئاخىر ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە پول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. جان قوزام بېشىنى كارىۋاتنىڭ قىرىغا يېقىن ئاپىرىپ، دېمى ئۈزۈلۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق ھاسىرىدى. بۇ چاغدا دەنۋېر ھېلىقى نەرسە (سېس جان قوزامنى ئۆلتۈرگەن چاغدا ئۇنىڭ بويىندا قالغان كېسىلگەن ئىز) نى كۆرۈپ قالدى. جان قوزام بېشىنى قويۇپ ياتقاندا، كېسىلگەن تارتۇق ئىزىنىڭ ھەممىسى ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇ جان قوزامنىڭ تارتۇقىغا قاراپ پەس ئاۋازدا سورىدى:

— سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى جان قوزام دەپ ئاتايسىز؟

جان قوزام كۆزىنى يۇمدى:

— قاراڭغۇلۇقتا مېنىڭ ئىسمىم جان قوزام.

دەنۋېر ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى:

— سىز تۇرغان جاي قانداقراق؟ ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— قاراڭغۇلۇق، — دېدى جان قوزام، — ئۇ يەردە مەن مانا مۇشۇنداق كىچىك ئىدىم، — جان قوزام بېشىنى كارىۋاتنىڭ قىرىدىن يۆتكەپ، يېنىچىلاپ ياتتى، ئاندىن يۇپيۇمىلاق بولۇپ تۈگۈلدى.
دەنۋېر بارماقلىرى بىلەن لېۋىنى تۇتتى.
— ئۇ يەردە توڭلىدىڭىزمۇ؟
دەنۋېر تېخىمۇ بەك تۈگۈلگىنىچە بېشىنى چايقىدى.
— ئىسسىپ ئۆلەي دېدىم. ئۇ يەردە نەپەس ئېلىشقىمۇ ئىمكان يوق، تۇرغۇدەكمۇ جاي يوق.
— بىرەرسىنى كۆردىڭىزمۇ؟
— توپ - توپ كىشىلەرنى كۆردۈم. يەنە ئۆلۈكلەرنىمۇ كۆردۈم.
— ئەيسانى كۆردىڭىزمۇ؟ بېيبىي ساگىسىنچۇ؟
— بىلمەيمەن. مەن بۇ ئىسىملارنى ئاڭلاپ باقمىغان، — جان قوزام ئولتۇردى.
— ماڭا ئېيتىپ بېرىڭە، سىز بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز؟
— ساقلا - ساقلا، ئاخىر كۆۋرۈككە چىقتىم. ئۇ يەردە بىر كېچە، بىر كۈندۈز، بىر كېچە ، بىر كۈندۈز تۇردۇم. بەك ئۇزاق تۇردۇم.
— شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كۆۋرۈكتە تۇردىڭىزمۇ؟
— ياق. ئۇ كېيىنكى ئىش. مەن چىقىشتىن كېيىنكى ئىش.
— نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟
جان قوزام تەبەسسۇم قىلدى:
— ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ئۈچۈن.
— خانىمنىڭمۇ؟ سېسنىڭمۇ؟
دەنۋېر بىئارام بولدى، ئۆزىنى پەس كۆردى. چۈنكى دەنۋېر جان قوزامنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئەمەس ئىدى.
— ئىككىمىزنىڭ ئېرىق بويىدا ئوينىغىنىنى ئېسىڭىزدە

يوقمۇ؟

— مەن كۆۋرۈكتە ئىدىم، — دېدى جان قوزام، — كۆۋرۈكتە تۇرغىنىمىزنى كۆرگەنمىتىڭىز؟

— ياق، ئېرىق بويىدا، كەينى تەرەپتىكى ئورمان ئىچىدىكى ئېرىق بويىدا كۆرگەن.

— ھە، مەن سۇدا ئىدىم، سۇنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ بىرىلىيانتىنى كۆردۇم. بىرىلىيانتنى قولۇم بىلەن تۇتۇشقا تامامەن قۇربۇم يېتەتتى.

— ئۇنداقتا نېمىشقا تۇتۇپ باقمىدىڭىز؟

— ئۇ مېنى كەينىدە قالدۇرۇپ قويدى. ئۆزۈم يالغۇز قالدىم، — جان قوزام شۇنداق دەپ دەنۋېرنىڭ قاپىقىنى تۈرگەن - تۈرمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى. دەنۋېرنىڭ پېشانىسىدىكى ئىنچىكە تىرناق يارىسى ئۇنىڭغا دەنۋېر قاپىقىنى تۈرگەندەك كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن.

دەنۋېر يۈتۈندى.

— ياق، ياق. سىز بىزدىن ئايرىلمايسىز، شۇنداققۇ؟

— شۇنداق، ھەرگىز ئايرىلمايمەن. بۇ مەن مەڭگۈ تۇرىدىغان جاي.

چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان دەنۋېر توساتتىنلا بەدىنىنى ئالدىغا سوزۇپ جان قوزامنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

— ئاپامغا ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىڭىزنى ھەرگىز دېمەڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدا گەپ قىلماڭ، قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى توغرۇلۇق ھەرگىز ئېغىز ئاچماڭ.

— بىراق، مەن سىز تەرەپتە تۇرىمەن، جان قوزام.

— مەن ئۇنىڭغا موھتاج. سىز كەتسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن مەن ئۇچۇن ئۇ بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ، — جان قوزامنىڭ قاراڭغۇ كېچىدەك قاپقارا كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى.

— مەن سىزگە ھېچنېمە قىلمىغان. مەن ئەزەلدىن سىزگە

زىيانكەشلىك قىلىپ باقمىغان. مەن ئەزەلدىن بىرەرسىگە زىيانكەشلىك قىلىپ باقمىغان، — دېدى دەنۇېر.

— مەنمۇ شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق.

— سىز قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— بۇ يەردە قالىمەن. مەن بۇ يەرگە تەئەللۇق.

— مەنمۇ بۇ يەرگە تەئەللۇق.

— ئۇنداقتا بۇ يەردە يۈرۈۋېرىڭ، لېكىن ماڭا ھەرگىز قانداق قېلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق گەپ قىلماڭ. ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ.

— بايا ئىككىمىز ئۇسسۇل ئوينىدۇق، تېخى بىر مىنۇت ئىلگىرىلا ئىككىمىز بىللە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانىدۇق. يەنە بىر ئاز ئۇسسۇل ئوينايلى.

— مېنىڭ ئوينىغۇم يوق، — جان قوزام كارىۋاتتا ياتتى. ئۇلارنىڭ جىمجىتلىقى بەئەينى پاتىپاراق بولغانلىقتىن تامنىڭ ئۇستىدە قالايمىقان ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قۇشقاچلارغا ئوخشايتتى. قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بۇ يوقىتىش ئەكەلگەن تەھدىت ئالدىدا دەنۇېر ئاخىر نەپەسلىنىشنى تەڭشىۋالدى.

— سېنىڭ قولۋاق ئۇستىدە سىزنى قانداق تۇغقانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى جان قوزام.

— ئۇ بۇلارنى ماڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمىگەن، — دېدى دەنۇېر.

— دەپ بېرىڭچۇ.

دەنۇېر كارىۋاتقا چىقىپ، قولىنى كۆڭلىكىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئولتۇردى. كارىۋاتنىڭ بايرىمى تۈگەپ جان قوزام ئۇلارغا ئۇچرىغان شۇ كۈندىن ئېتىبارەن دەنۇېر ئورمانىدىكى ئالچۇقىغا بېرىپ باقمىغانىدى. ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق ئۇمىدسىز پەيتتە ئالچۇقنى ئەسلەپ قالغان دەنۇېر ئۇنى تولىمۇ ئۇزاق مۇددەت يوقلىماي تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. دەنۇېر ئۇ يەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان ھالدا ئەمەس ئىدى. دۈپۈلدەپ

سوقۇۋاتقان يۈرەك، ئارزۇ ـ ئارمان، ئالاقە، خەتەر ۋە گۈزەللىك ئۇ يەرگە كىرەك نەرسىلەردىن ئىدى. دەنۋېر ئىككى قېتىم يۈتۈنۈپ، ھېكايە سۆزلەشكە تەمشەلدى، تۇغۇلغىنىدىن بېرى ئاڭلىغان بارلىق يىپ ئۇچىدىن بىر تور توقۇپ، جان قوزامنى ئۇنىڭغا ئىلىندۇرۇشقا تۇتۇندى.

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ بىر جۈپ چېۋەر قولى بار ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاق تەنلىك قىزچاقنىڭ بىلەكلىرى ئىنچىكە بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر جۈپ چېۋەر قولى بار ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇنى بىردەمدىلا بايقىۋاپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاق تەنلىك قىزنىڭ چېچى بەش ئايالنىڭ چېچىنى يىغسا ئاندىن تەڭلەشكۈدەك دەرىجىدە ئۇزۇن، پاخپىيىپ كەتكەنىكەن، قوللىرى بەكمۇ چېۋەر ئىكەن. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جۈپ چېۋەر قولىنىڭ بىزنى دەريادىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ قويالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىكەن. ئۇنىڭ توختىماي گەپ قىلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئاغزى ئۇنى ئىزچىل ھېچنېمىدىن ئەيمەندۈرمىگەن. ئۇ «سىز ئاق تەنلىكلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھەرگىز بىلمەيسىز؛ ئۇلارنىڭ قانداق تەرەت قىلىدىغىنىنىمۇ بىلمەيسىز. بىر ياقتىن سۆزلەپ، بىر ياقتىن تەرەت قىلىدۇ. بىراق، بەزى ھاللاردا جاۋغىيىدىن بىلىۋالالايسىز» دېگەنىكەن. سېسىنىڭ دېيىشىچە، ئاغزىدىن يامغۇردەك گەپ تۆكۈلىدىغان بۇ قىزنىڭ جاۋغايلىرىدىن ھېچقانداق ياۋزۇلۇق ئاسارىتىنى تاپقىلى بولمايدىكەن. ئۇ چېۋەر قىز سېسنى كەپىگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويۇپتۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ رەھىمسىز ئەمەسلىكىنىڭ پاكىتى ئىكەن. سېس ئۇ قىزنىڭ ئۆزىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ پۇلغا ئېرىشىش نىيىتى يوقلۇقىغا ئىشىنىپتۇ. ھالبۇكى، ئۇ قىز ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە پۇل ئىكەن. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ماۋۇققا ئېرىشىش ئىكەن.

— ماۋۇق دېگەن نېمە؟

— يۇمشاق بىر خىل رەخت.
— ھە، دەۋېرىڭ.
— قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سىېسىنىڭ پۇتلىرىنى مۇجۇپتۇ. سىېس ئاغرىققا چىدىيالماي يىغلاپ كېتىپتۇ، بېيىبىي ساگىسنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئازلا قالدىم، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق...
— بېيىبىي ساگىس دېگەن كىم؟
— بايا دېدىمغۇ، مېنىڭ مومام.
— سىېسىنىڭ ئاپىسىمۇ؟
— ياق، دادامنىڭ ئاپىسى.
— سۆزلەۋېرىڭ.
— ھەممەيلەن بېيىبىي موماملىرىمنىڭ يېنىدا ئىكەن. ئىككى ئاكام، يەنە ھېلىقى قىز بوۋاقمۇ شۇ يەردە ئىكەن. سىېس ئۇلارنى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئەۋەتىۋېتىپ، ئۇلارغا بېيىبىي ساگىسنىڭ يېنىدا ئۆزىنى ساقلىشىنى تاپىلىغانىكەن. سىېس ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن تارتىمىغان جاپاسى قالماپتۇ. ئەيمىي قىزچاق سىېسقا بەك چوڭ ياردەم قىپتۇ.
دەنۋېر سۆزلەشتىن توختاپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئەمدىكىسى بۇ ھېكايە ئىچىدىكى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۆلەك ئىدى. دەنۋېر ئەمدى شۇ ئىشنى سۆزلىمەكچى. ئۇ ھېكايىنىڭ مۇشۇ بۆلىكىگە شۇنىڭ ئۈچۈن ئامراق ئىدىكى، بۇ بۆلەك پۈتۈنلەي ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ بۆلەككە ئۆچ ئىدى، چۈنكى بۇ بۆلەكتىن ئۆزىنى قەرزدار ھېس قىلاتتى. بۇ قەرزنى تۆلەيدىغان كىشى يەنىلا ئۆزى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ زادى كىمگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى، بۇ قەرزنى قانداق تۆلەش كېرەكلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتى. بۇ چاغدا ئۇ جان قوزامىنىڭ سەزگۈرلەشكەن ۋە ھېكايىنىڭ داۋامىغا تەلپۈنگەن چىرايىغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزنى ئاڭلىغاندا قانداق ھالەتتە بولۇۋاتقانلىقىغا، قولىقى ئاڭلىغان ھەربىر نەرسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ھەتتا رەڭگىنىڭ قانداقلىقىغا قەدەر

تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىدى. دەنۋېر سۆزلەۋاتقانلىرىنى ئاڭلاپلا قالماي، ئۆزى بايان قىلىۋاتقان ھېكايىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى. ئۆزىدىن بىر ياش چوڭ بولغان ئون توققۇز ياشلىق نېگىر قول قىز ئورماندىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆز بالىلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن ماڭغانىدى. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. سەل قورققان بولۇشىمۇ، ھەتتا يولدىن ئادىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ ئۆزى تىكەندەك يالغۇز بولۇشقا قارىماي، قورسىقىدىكى بالىسىدىن بەكلا ئەنسىرىمەكتە. ئۇنىڭ كەينىدە بەلكىم ئىت، بەلكىم تاپانچا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كېچىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىدى، چۈنكى كېچە ئۇنىڭ تېرىسىدەكلا قاپقارا ئىدى. ئەمما، كۈندۈزى خەتەرلىك، مىدىرلىغانلىكى نەرسە بىر بولسا بىر پاي ئوق ياكى تۇيدۇرماي كەينىگە چۈشۈۋالغان بىرەرسى بولۇشى مۇمكىن.

دەنۋېر بۇلارنى جان قوزام ئارقىلىق كۆرۈپ، ھېس قىلىپ تۇراتتى، ئاپىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز پېتى نامايان بولۇپ تۇراتتى. يېڭى - يېڭى گەپلەر چىققانسېرى، جان قوزام تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاشقا كىرىشتى. دەنۋېر ئاپىسى ۋە مومىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر ئارقىلىق ۋەقەلىكنىڭ داۋامىنى پەرەز قىلماقتا. ئۇ ئىككىسى كارىۋاتتا يانمۇيان ياتقىنىدا تاق كىشىلىك ناخشا قوش كىشىلىك ناخشىغا ئۆزگىرىپ كەتتى. دەنۋېر ئارقىلىق جان قوزامنىڭ خۇمارى بېسىلاتتى. بۇ ھالدىن دەنۋېر بەئەينى جان قوزامنىڭ ئاشىقىدەك بىلىنىشەتتى. دەنۋېر ئارقىلىق ھۇزۇر تېپىش جان قوزامنى ئەركە ئۆگىتىپ قويغانىدى. ئىككى پارچە ئاپپىلسىن رەڭلىك ياماق سېلىنغان يوتقانمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى، چۈنكى، جان قوزام ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا شۇ يوتقاننىڭ يېنىدا بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. يوتقاندىن ئوت - چۆپ پۇرىقى كېلەتتى. يوتقاننىڭ تېشى بىكار تۇرماي ئىش قىلىپ تۇرىدىغان

ئىشچان ئايالنىڭ قولىدەك قۇرغاق، ئىللىق، يىرىك ئىدى. دەنۋېر سۆزلەيتتى، جان قوزام ئاڭلايتتى. ئىككىسى ئەڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنى پەقەت سېسلا چىنلىق بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيتتى. چۈنكى، ئۇ سېس ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىش ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن پەقەت سېسلا ئەيمىينىڭ ئاۋاز تۇسى ۋە ئۇنىڭ كۆيۈۋاتقان ياغاچتەك ئاتەشلىك نەپەسلىنىشى قاتارلىقلارنى دەل ۋە ئىخچام قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرەلەيتتى. ئېدىرلىقنىڭ ھاۋاسى بەكلا ئۆزگىرىشچان: كېچىسى مۇزدەك، كۈندۈزى ئىسسىق، تۇمانلىق ئىدى. ئەمما، ئۇ مۇشۇ ئاق تەنلىك قىزدەك تولىمۇ غەمسىز ئىدى.

— تاغ قاپتىلىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا چۆرگۈلەپ يۈرۈشىڭىز قىلىدىغانغا ئىش تاپالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈنمۇ، خانىقىز؟

— ۋاي، كىم بۇ، گېپى نېمانچە تولۇڭ. بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىم سىزنىڭكىدىن تولا. ئۇلار سىزنى تۇتۇۋالسا بېشىڭىزنى تېنىڭىزدىن جۇدا قىلىدۇ. مېنى ھېچكىم قوغلاۋاتقىنى يوق، بىراق سىزنى بىراۋنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقى ماڭا ئايان، — ئەيمىي بارمىقىنى سېسنىڭ تاپىنىغا نىقتاپ تۇرۇپ سورىدى، — بالا كىمنىڭ؟

سېس جاۋاب بەرمىدى.

— ئۆزىڭىزمۇ بىلمەيدىكەنسىز، خۇدا ئۆزى بىلىپ تۇرىدۇ، — ئەيمىي ئېغىر بىرنى تىنىپ بېشىنى چايقىدى، — ئاغرىدىمۇ؟

— ئازراق.

— ياخشى. قانچە ئاغرىسا شۇنچە ياخشى. بىلەمسىز، ئاغرىمىسا چاتاق چىققىنى شۇ. نېمىگە مىدىرلايسىز؟

سېس بېلىككە تايىنىپ بەدىنىنى كۆتۈردى. يېتىۋېرىپ تاغاق سۆڭىكى ئۇيۇشۇپ قالغانىدى. پۇتى ئىچىدىكى ئوت ۋە

دۇمبىسىدىكى ئوت ئۇنى تەرگە چۆمۈلدۈرۈۋەتكەنىدى.
— دۇمبەم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى سىپس.
— دۇمبىڭىز؟ ئىشىڭىز بەك تولا قىز ئىكەنسىز. ئۆرۈلۈڭە، مەن قاراپ باقاي!
سىپس بارچە كۈچىنى سەرپ قىلدى، قورسىقى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى، ئۇ ئاخىر ئوڭ يېنىنى بېسىپ ئۆرۈلدى. ئەيمى سىپسنىڭ دۈمبىسىنى ئېچىپ چۆچۈپ كەتكىنىدىن «ئاھ، خۇدا» دەۋەتتى. ئەيمىنىڭ «ئاھ خۇدا» دېگىنىچە ئۇزاق ۋاقىت جىمىپ كەتكىنىنى سەزگەن سىپس دۈمبىسىدىكى دەردنىڭ چوقۇم بوش ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يەتتى. ئەيمى جىممىدە بولۇپ كەتكەن ۋاقىتىدا سىپس ئاشۇ چېۋەر بارماقلارنىڭ ئۆزىنىڭ دۈمبىسىنى ئۇۋۇلاۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئاق تەنلىك ئەيمىنىڭ نەپەسلىنىشىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەيمى تېخىچە بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. سىپس مىدىرلىسا بولمايتتى، دۈم ياتسا ياكى ئوڭدا ياتسا تېخىمۇ بولمايتتى. يېنىچە ياتاي دېسە لوقۇلداپ قاتتىق ئاغرىۋاتقان ئۆلگۈر پۇتلىرىنى بېسىۋالاتتى. ئەيمى جۆيلىگەندەك گەپ قىلىشقا باشلىدى:
— بىر تۈپ دەرەخ، لۇ. بىر تۈپ قاقشال گىلاس دەرىخى. قاراڭ، بۇ دەرەخنىڭ غولىغا. قىپقىزىل، تىتىلىپ كەتكەن، غولىدىن شىرنە چىققىلى تۇرۇپتۇ. بۇ يەردىن شاخلار ئۈنۈپتۇ. سىزنىڭ شاخلىرىڭىز بەك كۆپ ئىكەن. يەنە يوپۇرماقلارمۇ باردەك تۇرىدۇ. يەنە بۇ نەرسىلەر. بۇلار گۈل بولماي قالسا بەك غەلىتە تۇرىدۇ. كىچىككىنە، ئاپپاق گىلاس ياپرىقى. دۈمبىڭىزدە بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، غۇنچىلىغىلى تۇرۇپتۇ. تەڭرىنىڭ قىسمەتلىرىدىن ئويلىنىپ قالدىم. مەنمۇ قامچا يەپ باققان، لېكىن ھېچقاچان بۇنداق بولۇپ كەتمىگەن. باددى ئەپەندىمۇ بەك زالىم كىشى ئىدى، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويسىڭىزمۇ قامچا يەيتتىڭىز. شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدىم، ئۇ ۋارقىراپ ـ جارقىرىغىنىچە

قولىدىكى قىزىق قىسقۇچنى ماڭا ئاتتى. ئۇ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىۋېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

سېس ئىگرىغىلى تۇردى. ئەيمى قۇرۇق خىيالدىن ئۆزىگە كېلىپ، سېسنىڭ پۇتلىرىنى غازاڭ بىلەن چۈمكەلگەن تاشنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى.

— بۇنداق قىلسام سەل ياخشى بولامدىكەن؟ ئاھ خۇدا، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق. بىلەمسىز، سىز بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىسىز، ھېچ يەرگە بارالمايسىز. خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇڭ. مەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالمىغان بولسام، سىز جەزمەن ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىڭىز. يىلانلار قېنىڭىزنى شورىغان، ئېيىقلار تېنىڭىزنى يەپ كەتكەن بولاتتى. بەلكىم سىزنىڭ ئاشۇ يەردە تۇرۇۋەرگىنىڭىز ياخشى بولار ئىدى، لۇ. دۈمبىڭىزگە قاراپ سىزنىڭ نېمىشقا ئۇ يەردە تۇرۇپ قالمىغانلىقىڭىزنى بىلدىم، ھا... ھا... ئۇ دەرەخنى دۈمبىڭىزگە كىم تىككەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئادەم باددى ئەپەندىدىن يۈز ھەسسە زالىم ئىكەن. بەختكە يارىشا مەن سىز بولۇپ قالماپتىمەن. قارىغاندا، سىزگە ئازراق ئۆمۈچۈك تورى تېپىپ بەرسەم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ كەپىدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرى يەتمەيدۇ، سىرتقا چىقىپ ئىزدەپ باقسام بولىدۇ. مۇخ بولسىمۇ بولاتتى، لېكىن ئىچىدە قۇرت دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن. بەلكىم دۈمبىڭىزدىكى گۈللەرنى ئېچىپ، ئىچىدىكى يىرىڭلارنى سىقىپ چىقىرىۋەتسەم ياخشى بولىدىغاندۇ، سىزچىچۇ؟ خۇدانىڭ قىسمەتلىرىنى كۆرمەمدىغان. سىز چوقۇم بىر ئىش چىقىرىپ قويۇپسىز. ئەمدىلىكتە ھېچ يەرگە قاچالمايسىز.

سېس ئەيمىنىڭ ناخشا غىڭشىغىنىچە ئورماندا ئۆمۈچۈك تورى ئىزدەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ياتتى. ئەيمى چىقىپ كېتىشىگىلا سېسنىڭ قورسىقىدىكى بالا تېپچەكلەشكە باشلىغانلىقتىن، سېس ئەيمى غىڭشىپ ئوقۇۋاتقان ناخشىنى يۈرىكى بىلەن تىڭشىماقتا

ئىدى. سورىغىنى ياخشى بولدى، دەپ ئويلىدى سېس. خۇدا
نېمىنى ئىرادە قىلغان بولغىيتتى؟ ئەيمي سېسنىڭ دۇمبىسىنى
ئېچىپ قويغانىدى. يەلپۈپ ئۆتكەن يېنىك شامال سېسنىڭ
دۇمبىسىدىكى چىدىغۇسىز ئاغرىقنى بىرئاز پەسەيتتى.
دۇمبىسىنىڭ ئاغرىقى پەسىيىشى بىلەن ئۇ تىلىنىڭ
ئاغرىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. ئەيمي يوغان ئىككى توپ
ئۆمۈچۈك تورىنى كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كەلدى. ئۆمۈچۈك
تورىدىكى قۇرتلارنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىپ، ئۆمۈچۈك تورىنى
سېسنىڭ دۇمبىسىگە ياپقاچ، بۇ خۇددى مىلاد بايرىمىدا مىلاد
دەرىخىنى زىننەتلىگەنگە ئوخشىدى، دەپ قويدى.

— بىزنىڭ ئۇ تەرەپتە بىر قارا تەنلىك موماي بار. ئۇ
ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، باددى ئەپەندىنىڭ يىڭنە ئىشلىرىنى
قىلىپ بېرىدۇ، يىڭنە ئىشىغا بەك چېۋەر. لېكىن، ئىككى ئېغىز
گەپنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايدۇ. ئۇ سىزگە ئوخشاشلا ھېچنېمىنى
بىلمەيدۇ. لېكىن، مەن ئۇنداق ئەمەس. بوستونغا بېرىپ ئۆزۈم
ئۈچۈن ماۋۇق تېپىشىم كېرەك، ئەت رەڭلىكىنى تېپىشىم
كېرەك. سىز بۇلارنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان، شۇنداققۇ؟ بۇنىڭدىن
كېيىنمۇ كۆرەلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن
سىزنىڭ قۇياش نۇرى ئاستىدىمۇ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىڭىزغا
باغلىشىمەن. مەن ئىككى قېتىم ئاشۇنداق ئۇخلاپ باققان.
ئادەتتە قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ھايۋانلارغا يەم بېرىپ
بولىمەن. قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلىدىن كېيىنلا ئاندىن
ئۇخلىيالايمەن. لېكىن، بىر قېتىم مەن ھارۋىدا يېتىپلا ئۇخلاپ
قالغان. قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۇخلاش جاھاندىكى ئەڭ ھۇزۇرلۇق
ئىش. مەن ئىككى قېتىم ئۇخلاپ باققان. بىرىنچى قېتىملىقىدا
مەن تېخى كىچىك ئىدىم، ئۇ چاغدا ھېچكىم ماڭا دەخلى
قىلمايتتى؛ ئىككىنچى قېتىمدا ھارۋىدا يېتىپلا ئۇخلاپ
قاپتىمەن. نەس باسقاندەك، چۈجە يوقىلىپ كەتتى. باددى ئەپەندى
كاسسامغا تازا سالدى. كېنتاكى ئادەم تۇرىدىغان جاي ئەمەس.

بوستــون ياشاشقــا ماس كېلــدىغان جــاي. ئاپام باددى ئــەپەندىگــە سوۋغات قىلىۋېتىلىشتىـن ئــىلگــىرى شۇ يەردە تۇراتــتىكەنــدۇق. جوناســاننىڭ دېيىشــىچە، باددى ئــەپــەندى مېنــىڭ دادامــىــش. لېكىن، مەن ئىشەنمەيمەن. سىزچىچۇ؟

سېيسمۇ باددىي ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سىز دادىڭىزنى بىلىسىزغۇ ـ ھە؟

— بىلمەيمەن، — دېدى سېيس.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، پەقەت باددى ئەپــەندىنىــڭ مېنىــڭ دادام ئەمەسلىكىنى بىلىمەن.

ئەيمىي ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كەپە ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مــاڭغىلى تۇردى. ئۇنىــڭ چاچلىــرى قۇياش نــۇرى ئاستىــدا پارقىرايــتتى. ئۆلــۈك كۆزلىرى تــېخىــمۇ جانسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئالدىراشلىقتا ئۆتتى بىر كۈنۈم،
مېنىڭ ئوماق جان قوزام،
ياتار بۆشۈكتە تەۋرىنىپ ھامان.
گۈگۈم شامىلى يەلپۈپ ئۆتمدۇ،
جىلغىدىكى چېكەتكىلەر بەس ـ بەستە،
شاۋقۇن سېلىپ تۇرار توختىماي.
يايپېشىل چىم جەننەتتەك گۈزەل،
ئۇندا پەرىلەر ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
تۇمان باسقان ئاسماننى قويۇق،
يېتىپ كەلدى پالكۆز موماي.

ئــەيمــي تــۈيۈقســــز ئىرغــاڭــلاشتــن تــوختــاپ، ئــــنچىكــە بىلەكلىرى بىلەن تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى، چېۋەر قوللــرى بىلەن جەينەكلىرىنى قامالىدى. كۆزلىرى خۇشياقمىغان ھالــدا

پۈتمدىكى لايغا تىكىلگەنىدى.
— بۇ ئاپامنىڭ ناخشىسى ئىدى، ماڭا ئۆگىتىپ قويغان.

ئۆتسەك قىغ دۆۋىسىدىن، تۇمان، گۇگۇمدىن،
بىزنىڭ ئۆيىمىز، تىنچ ۋە گۈزەل.
يېقىملىق ناخشا ئاڭلىنار مۇڭلۇق،
توختىماستىن تەۋرىنەر بۆشۈك.
چىكىلداپ مېڭىپ سائەت توختىماي،
خەۋەر بەردى بىر كۈن ئۆتكەننى،
ئاي نۇرى زېمىننى قاپلىغان،
ئويۇنچۇقلار ئۇيقۇغا كەتكەن.
ئۇخلاڭلار قانغۇچە قوزىچاقلىرىم،
پالكۆز موماي كېلىپ قالدى مانا.

قوللىرىنى تاشلىشىپ
مېنىڭ ھارغىن قوزىچاقلىرىم،
قوللىرى بۇدرۇق، ئېچىلغان، ئاپپاق
ئامراقلىقىنى كەلتۇرىدۇ ئادەمنىڭ
بۇدۇر چېچى شۇنچىلىك گۈزەل.
قارا كۆزلىرىنى بوشقىنا يۇمۇپ،
يۇمۇش كېرەك چىڭگىدە،
ھەرىكىتى سىپتىلىقتا بەسلىشىدۇ پەي بىلەن،
پالكۆز موماي كېلىپ قالدى مانا.

ئەيمىي ناخشىسىنى تۈگىتىپ جىمىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن ناخشىسىنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنى تەكرارلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەپىدىن چىقتى. بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ بىر تۈپ كىچىك ئاق تېرەككە يېقىنلاشتى. ئۇ قايتىپ كىرگىنىدە قۇياش ئاللىقاچان پەستىكى تاغ جىلغىسىغا يوشۇرۇنۇپ بولغان

بولسمۇ، بۇ ئىككىيلەن تۆپىلىكتە تۇرۇپ، كېنتاكىنىڭ كۆپكۆك نۇرىغا چۆمۈلمەكتە ئىدى.
— ئۆلمىگەنسىز، لۇ؟ لۇ؟
— تېخى ئۆلمىدىم.
— سىز بىلەن باغلىشىمەن. مۇشۇ كېچىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتەلىسىڭىزلا هايات قالىسىز، — ئەيمىي يوپۇرماقلارنى تېخىمۇ ياخشى يېپىتىپ، تىزلىنىپ ئولتۇردى، ئاندىن سىپسىنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاشقا كىرىشتى، — پۇتلىرىڭىزنى بەكرەك ئۇۋۇلاپ قويااي.
سىپس پۇششىدە تىنىپ سوغۇق نەپەس ئالدى.
— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ. ئاغزىڭىزنى چىڭ يۇمۇڭ، — دېدى ئەيمىي.
سىپس تىلىنى ئاۋايلىغىنىچە لەۋلىرىنى چىشلىدى. ئەيمىينىڭ چېۋەر قوللىرى بىر خىل رىتىمدا سىپسىنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاشقا كىرىشتى. ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەيمىي كەپىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇردى، ئۆرۈمە چېچىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ سۆز باشلىدى:
— هەرگىزمۇ ماڭا بۇ كېچىدە ئۆلۈپ بەرمەڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ بۇ سەت هەم قارا يۈزلىرىڭىزنىڭ روهىمنى ئازابلىشىنى خالىمايمەن. ئەگەر راستىلا ئۆلمەكچى بولسىڭىز، ئۇ هالدا چوقۇم مەن كۆرمەيدىغان جايغا بېرىپ ئۆلۈڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟
— ئاڭلىدىم، مەن ئەڭ زور تىرىشچانلىقىم بىلەن شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمەن، خانقىز، — دېدى سىپس.
سىپسىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ بۇ دۇنياغا قارىغۇدەكمۇ رايى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ بىر سىنىڭ پۇتى بىلەن كاسىسىغا تېپىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، كۆزىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭغان ئۇيقۇسىدىن تولىمۇ تەسلىكتە ئويغاندى. ئۇ جايىدا ئولتۇردى، پۈتۈن ئەزالىرى قېتىپ كەتكەندى، ۋۇجۇدى تىترەپ تۇراتتى. ئەيمىي ئۇنىڭ ئۇماچتەك شىلىمشىق بولۇپ كەتكەن دۇمبىسىنى

تەكشۈردى.

— قارىماققا چاتاق چوڭدەك تۇرىدۇ. بىراق، بۇ كېچىدىن ئۆتۈپ كېتەلىدىغىنىز. ئاھ خۇدا، لۇ بۇ كېچىدىن ئۆتەلىدى. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ تىرىشچانلىقىمدىن بولدى. مەن كېسەل داۋالاشقا نېمىدېگەن ئۇستا ـ ھە! ماڭالايدىغاندەك تۇرامسىز؟

— قانداقلا قىلىپ بولسۇن باش سۆيۈمىنى قويۇۋەتسەم بولاتتى.

— بىز يۇتلىرىڭىزنىڭ يول مېڭىشىنى كۆرۈپ باقايلى.

بەك ئوڭۇشلۇق دېگىلى بولمىسىمۇ، سېپس ھەر ھالدا ماڭالىدى. ئاۋۋال ئەيمىيغا ئېسىلىپ ماڭدى، ئاندىن بىر تال كېچىك كۆچەتنىڭ غولىغا تايىنىپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

— سىزنى مۇشۇنچىلىك ھالغا مەن كەلتۈردۇم. كېسەل داۋالاشتا بەك ئېپىم بار ئىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، سىز بەك يامان ئىكەنسىز.

— ئەمدى پەسكە چۈشىمىز، يۈرۈڭ. سىزنى تاغ قاپتىلىدىكى دەريا بويىغا ئاپىرىپ قويىمەن. شۇنداق قىلسام يول سىزگە ئۇدۇل كېلىدۇ. مەن پايىكقا بارىمەن، پايىك بوستونغا ئۇدۇل. كىيىملىرىڭىزگە يېپىشىۋالغان نېمە ئۇ؟

— سۈت.

— سىز بەك گالۋاڭكەنسىز.

سېپس بېشىنى ئېگىپ قورسىقىنى سىلىدى. بالا ئۆلۈپتۇ، كېچىدە سېپس ئۆلمىگەن بىلەن بالا ئۆلۈپتۇ. ئەگەر راستىلا شۇنداق بولغان بولسا، ئەمدى ھەرگىز توختاشقا بولمايدۇ. كىچىك قىزنىغا سۈتىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تېز مېڭىش كېرەك.

— قورسىقىڭىز ئاچمىدىمۇ؟ — سورىدى ئەيمىي.

— مەن ئۆلگۈرۈپ بېرىشنىلا ئارزۇ قىلىمەن، خانقىز.

— ۋوي، ئاستىراق مېڭىڭ. ئاياغ كىيىۋالامسىز؟

— نېمە دەيسىز؟

— مەن ئامال ئويلاپ باقاي، — ئەيمىي بىر ئامال تېپىپ

چىقتى. ئۇ سىپسنىڭ يىپىنچىسىدىن ئىككى پارچە رەختنى يىرتىۋالدى، ئۇنىڭغا يوپۇرماقلارنى سېلىپ، سىپسىنىڭ پۇتىغا ئورىدى. ئۇ توختىماي گەپ قىلاتتى.

— نەچچىگە كىردىڭىز، لۇ؟ مەندىنمۇ ئۇدا تۆت يىل قان كەلگەن، لېكىن ھېچكىمدىن ھامىلىدار بولۇپ قالغىنىم يوق. مەندىن سۈت تامغىنىنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىز. چۈنكى...

— بىلىمەن، سىز بوستونغا بارماقچى.

چىڭقىچۇش مەزگىلىدە ئۇلار دەريانى كۆردى، يەنىمۇ ئېنىقلاشقىنىمدا، دەريا سۈيىنىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئەگەر ئۇلار خالىسىلا، كەچ بولغۇچە دەريانىڭ سۈيىدىن ئىچەلەيدۇ. ئاسماندا تۆت دانە يۇلتۇز پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇلار سىپسنى — بىر قاچقۇننى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان بىرمۇ قېيىق ئۇچراتمىدى. قىرغاقتا پەقەتلا ئوغرىلاپ ئىشلەتسە بولىدىغان بىر قېيىق تۇراتتى. نۇرغۇن يېرىپ تېشىلىپ كەتكەن بۇ قېيىقتا بىر تال پالاق بار ئىدى، يەنە ئىككى قۇش چاڭگىسى بار ئىدى.

— ماڭالايدىغان بولدىڭىز، لۇ. خۇدا سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

سىپس دەرياغا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. نەچچە يۈز چاقىرىم كېلىدىغان مىسسىسىپى دەرياسىدىن بىر تاشلىنىۋېتىلگەن قولۋاقتا ئېقىنغا قارشى ئۆزۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىۋاتاتتى. قولۋاق ئۇنىڭغا بىر ئىللىق ئۆيدەك بىلىنمەكتە. بۇۋاقمۇ (ئەگەر ئۆلمىگەنلا بولسا) شۇنداق ئويلاۋاتىدۇ. دەرياغا كىرىشى بىلەنلا سىپسنىڭ باش سۆيى دەريا سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئاۋۋال تېپىرلىدى، ئاندىن تۇغۇت سىگنالى كېلىشكە باشلىدى. سىپسنىڭ بەللىرى پۇكۇلۈپ كەتتى.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — سورىدى ئەيمى،

— كالىلىڭىز بارمۇ، يوق. توختاڭ. مەن سىزنى توختاڭ دەۋاتىمەن، لۇ. سىز دۇنيادىكى ئەڭ گالۋاڭ ئىنسان ئىكەنسىز. لۇ! لۇ!

سىس نەگە بېرىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي، قولۋاقتا چىقىشنى ئويلىدى. ئۇ قاتتىق تولغاقتىن كېيىنكى شېرىن تۇيغۇنى كۈتمەكتە ئىدى. سىس ئۆمىلەپ بېرىپ قولۋاقتا چىقىۋالدى. قولۋاق سىسنىڭ بەدىنى ئاستىدا تەۋرەنمەكتە. ئۇ يوپۇرماق بىلەن تېڭىلغان پۇتىنى قولۋاقنىڭ ئورۇندۇقىغا قويدى. ئىككىنچى قېتىملىق تولغاقنىڭ دەھشەتلىك ئاغرىقىدىن ياز ئاسمىنىدىكى تۆت يۇلتۇز ئاستىدا قاتتىق ھاسىرىغىنىچە چاترىقىنى كېرىدى.

بوۋاق قىسىلىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى ئاسمانغا قارىغان، ئاپىسىنىڭ قېنى بىلەن بويالغانىدى. ئەيمى تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىشنى توختىتىپ، تىللاشقا كىرىشتى.

— كۈچەڭ، — دەپ چىرقىرىدى ئەيمى.

— تارتماسىز، — سىس پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى.

ئەيمىنىڭ كۈچلۈك قوللىرى تۆتىنچى قېتىمدا كۈچىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دەرھال ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى. چۈنكى، قولۋاقنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ئېقىپ كىرگەن سۇ سىسنىڭ كاسىسىغىچە يېتىپ كەلگەنىدى. سىس بىر قولىنى كەينىگە سوزۇپ قولۋاقنىڭ ئارغامچىسىنى مەھكەم سىقىمدىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئەيمىمۇ بوينىنى قىسىپ قويدى. قولۋاقتا بىر كىچىك پۇت پەيدا بولۇپ، قولۋاق ياغىچىغا ۋە سىسنىڭ كاسىسىغا تەپكىلى تۇرغاندا، سىس ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدى. ئەمدى بىر ئاز ھوشسىزلانسا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. سىس ھوشىغا كېلىپ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، ئەكسىچە ئەيمىنىڭ «ھۇ..ھۇ..ھۇ» دېگىنىچە بالىنى ئەركىلىتىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى. بالا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى مىدىرلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بالىنى ئۆلدى دەپ ئويلىغانىدى. سىس بەدىنىنى كۆتۈرۈپ، ھامىلە قېپىنى بەدىنىدىن سىقىپ چىقىرىۋەتتى. بوۋاق يىغلاشقا باشلىدى. سىس بوۋاققا قارىدى، بوۋاقنىڭ قورسىقىغا يۆگىشىپ كەتكەن كىندىك بېغى يىگىرمە ئىنگلىز چىسىچە كېلەتتى. بالا

كېچىنىڭ سوغۇقىدا تىترەيتتى. ئەيمى كۆڭلىكى بىلەن بالىنى ئورىدى. پۈتۈن ئەزايى نەملىشىپ شالتاق بولۇپ كەتكەن ئىككى ئايال قىرغاققا ياماشتى.

يازنىڭ سالقىن كېچىسىدىكى دەريا بويىدا ئىككى ئايال ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆكۈچ نۇر ئاستىدا جان تالاشماقتا. ئۇلار بۇ دۇنيادا يەنە قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتى يوق ئىكەنلىكىنى، شۇنداق پۇرسەت بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ھېچ ئېتىبارى يوقلۇقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بىراق، ئۇلار بىر ئىشنى ناھايىتى غەلىبىلىك تاماملىۋالغىنى ھەقىقەت. ئەگەر بۇ جايدىن بىر تەرتىپ ساقلاش خادىمى ئۆتۈپ قالغان بولسا، تاشلىۋېتىلگەن بۇ ئىككى ئايالنىڭ — بىر قول ۋە چېچى تاپىنىغا چۈشكەن بىر ئاق تەنلىك قىزدىن ئىبارەت ئىككى قاچقۇننىڭ تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا ئون مىنۇت بولغان بوۋاقنى ئۆزى كىيىمدىغان كونا كىيىملىرى بىلەن يۆگىۋالغىنىنى كۆرۈپ چوقۇم ئوغرىلىقچە پىخىلداپ كۈلۈۋەتكەن بولاتتى. لېكىن، بۇ يەردە تەرتىپ ساقلاش خادىمىمۇ، پوپمۇ يوق. دەريا سۈيى ئۇلارنىڭ ئاستىدا ئۆز ـ ئۆزىنى يالماپ يۈتماقتا. ئۇلار ئىشىغا كىرىشكەن چاغدا ھېچقانداق نەرسە ئۇلارغا كاشىلا قىلمىدى. شۇڭا ئۇلار ئىشنى غەلىبىلىك تاماملىۋالدى.

تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا ئەيمى ئۆزىنىڭ ماڭمىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەيمى كۆپكۆندۈزدە، ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان دەريا بويىدا بىر قاچقۇن قول بىللە بىلەن قولغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇ دەريا سۈيىدە يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، سېسىنىڭ قۇچىقىدىكى زاكىلانغان بوۋاققا قارىدى:

— ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى مەڭگۈ بىلەلمەيدۇ. سىز كىمنىڭ ئۇنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟ — ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن جايغا نەزىرىنى يۆتكىدى، — ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىڭ. ئاڭلاۋاتامسىز؟ بوستونلۇق

ئەيمىي دەنۆير خانقىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىڭ.

سېس ئۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىم ناھايىتى قاتتىق ئۇخلاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈش دېگىنىزنىغا غەرق بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ «بۇ ئىسىم بەك چىرايلىق ئىكەن. دەنۆير. ھەقىقەتەن ياخشى ئىسىمكەن» دەپ ئويلىدى.

ھەممە ئىشلارنى بىر ياققا قايرىپ قويىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالدى. D . پائۇل بۇ يەردە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ياتاق ئۆيىدىكى كۇسۇلداپ پاراڭ سېلىشلار سېسقا داۋاملىق ياشاش جاسارىتى ئاتا قىلاتتى؛ ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان ئەرۋاھلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە چىداشقا ئۈندەيتتى. ئەمدىلىكتە خالىلىنىڭ يۈزى سۈت قوچۇش ماشىنىلىرى ئارىسىدا بارغانچە يوغىناپ كۆرۈنمەكتە. خاللىنىڭ چىرايى شۇ ھالەتتە سېسنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى بىئارام قىلىپ، بېشىنى ئاغرىتماقتا. سېس بېيبى ساگىسنىڭ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ گەدىنىنى ئۇۋۇلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن: «قويۇپ قويۇڭ، سېس، قىلىچ بىلەن قالقاننى قويۇپ قويۇڭ، ئىككىلىسىنى دەريا بويىغا قويۇپ قويۇڭ. ئەمدى يەنە ئۇرۇشنى تەتقىق قىلمايمەن دېمەڭ. بۇ قالايمىقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلاڭ. قىلىچ بىلەن قالقاننى تاشلاڭ» دېيىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئاشۇ كۈچەپ ئۇۋۇلاۋاتقان بارماقلار ۋە تىنچقىنە تەلىم ـ تەربىيە ئاستىدا سېس بېيبى ساگىسنىڭ دېگىنىدەك قىلىدۇ. قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى، پۇشايمانلارنى، يارىدار قىلىپ كىشىنى ئازابلايدىغان خەنجەر ـ پىچاقلارنى سېس بىر ـ بىرلەپ سۇزۇك سۇلىرى مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريا قىرغىقىغا قويۇپ قويىدۇ.

سېسنىڭ بېيبى ساگىسنىڭ بارماقلىرى ۋە ئاۋازىدىن

ئايرىلغىنىغا توپتوغرا توققۇز يىل بوپتۇ، بۇ نېمىدېگەن چەكتىن ئاشقانلىق ـ ھە! ئۇنىڭ ئۇستىگە، ياتاق ئۆيدىكى پىچىرلىشىشلار ھەم جىق نەرسىلەرگە دالدا بولالمايدۇ. يۈز ـ كۆزىگە قايماق سۇۋالغان، خۇدا ياراتقان ئۇ ئەر سېپىس ئۇچۇن ھەيۋەتلىك قوپۇرۇلغان ئەگمە ئىشىك ياكى چىرايلىق تىكىلگەن بىر قۇر سوۋغاتلىق كىيىمچىلىك، بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن بىر مۇراسىمچىلىك شېرىن ئەمەس. سېپىس ئورمانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش مەيدانغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ يەردە ئىلگىرى بېيىبىي ساگىس ئۇسسۇل ئوينىغانىدى.

124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى بارچە كىشىلەر ئايرىۋېتىلىشتىن ۋە موكونوپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ يەر ئەرۋاھلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي بەكمۇ ئاۋات ئىدى. بېيىبىي ساگىس بۇ يەردە باشقىلارغا نەسىھەت قىلاتتى، تەنبىھ بېرەتتى، باشقىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۇ يەردە بىر ئەمەس، ئىككى قازان ۋاراقشىپ قايناپ تۇراتتى. ئۆيدە كېچىچە چىراغ ئۆچمەيتتى. ناتونۇش كىشىلەر بۇ ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالغان ۋاقىتتا، باللار ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنى كىيىپ باقاتتى. ھەر قانداق خەۋەر مۇشۇ ئۆيدىن تارقىلاتتى، خەۋەر ئاڭلىماقچى ياكى تارقاتماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى جەزمەن مۇشۇ ئۆيگە كېلەتتى. گەپلەشكەندىكى ئاۋاز بەكمۇ پەس بولاتتى، گەپ تۇگىگەندە ئارتۇق ـ تۆشۈك گەپلەر بولۇنمايتتى. چۇنكى، بېيىبىي ساگىس قۇرۇق گەپنى پەقەت خالىمايتتى. «ھەممە ئىشنىڭ چېكى بار، — دەيتتى ئۇ، — ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ.»

يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىنى مەيدىسىگە چىڭ تېڭىۋالغان سېپىس 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىدا ھارۋىدىن چۈشتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قېيىنئانىسى تۇنجى بولۇپ ئۇنى قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالدى. بېيىبىي ساگىس سىنسىنناتىغا ئالدىنئالا يېتىپ كەلگەنىدى. قۇللۇق تۇزۇم ئۇنىڭ ئىككى پۇتى، دۈمبىسى،

مېڭىسى، كۆزى، بىر جۈپ قولى، بۆرىكى، بالىياتقۇسى ۋە تىلىنى كېرەكتىن چىقارغانىدى. ھېچ يېرى ساق قالمىغان بېيىبىي ساگىس پەقەت ئەقلىگە تايىنىپلا كۈن كەچۈرۈش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەمەلىيەتكە ماسلىشىپ ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇ ئىسمىنىڭ ئالدىغا ھەرقانداق ھۆرمەت نامىنى قويۇپ چاقىرىلىشىنى رەت قىلدى، پەقەتلا ئىسمىنىڭ كەينىگە ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان نام قوشۇپ چاقىرىشقا رۇخسەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دىنغا كىرمىگەن پوپ بولۇپ قالدى. مۇنبەرگە چىقىپ ئۇلۇغ يۈرىكىنى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ئاچتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قەلبىنى AME (ئافرىقىنىڭ گۈزەللىك ئۈچۈن گۈزەللىك مەسىلىكى) مۇرىتلىرىغا، ئىمىرسىئون مۇرىتلىرىغا، ئۇلۇغ مىسسىيونېرلار سېپىگە، پاك مىسسىيونېرلار سېپىگە مايىل قىلدى؛ دۇنيانى قۇتقۇزۇش مەسلىكىدىكى كىشىلەرگە ۋە گۇناھ يۇيۇش مەسلىكىگە مايىل بولدى. باشقىلارنىڭ تەكلىپسىز، دىنىي تونىسىز، پەرداز قىلىمىغان ھالەتتە ئۇنىڭ ئۇلۇغ يۈرىكى كىشىلەر ئالدىدا سوقۇپ تۇراتتى. ھاۋا ئىللىغان چاغلاردا، ئاپەتتىن ئامان قالغان نېگىر ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار بېيىبىي ساگىسنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى.

بېيىبىي ساگىس سىلىقلانغان يوغان قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۈنسىز تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئورماندا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە قويغان چاغدا، كىشىلەر ئۇنىڭ تەييار بولغىنىنى بىلدى. بېيىبىي ساگىس يۇقىرى ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— ئاناڭلارغا قاقاھلاپ كۈلگىنىڭلارنى ئاڭلىتىڭلار، — ئۇ شۇنداق دېيىشى بىلەنلا، ئورمانىنىڭ ئىچى جاراڭلاپ كەتتى. چوڭلار كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتى.

— ئەرلەر بۇ ياققا كەلسۇن، — دېدى بېيىبىي ساگىس. جاراڭلاپ تۇرغان ئورمان ئارىسىدىن ئەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن

بىرى چىقىپ كەلدى.

— ئايال ۋە بالىۋاقىلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىڭلارنى كۆرسۇن، — بىيىبىي ساگىس شۇنداق دېيىشى بىلەن زېمىن ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا تەۋرىنىشكە باشلىدى.

ئاخىرىدا ئۇ ئاياللارنى چاقىرتىپ:

— يىغلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، — ھايات قالغانلار ۋە ئۆلگەنلەر ئۈچۈن يىغلاڭلار.

ئاياللار ئىچ - ئىچىدىن يىغلاشقا باشلىدى.

بۇنىڭ باسقۇچلىرى مۇنداق بولدى: قاقاھلاپ كۈلگەن بالىلار، ئۇسسۇل ئوينىغان ئەرلەر، ئېسەدەپ يىغلىغان ئاياللار. ئاخىرىدا ھەممىسى قوشۇلۇپ كەتتى. ئاياللار يىغىسىنى توختىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى؛ ئەرلەر ئولتۇرۇۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى؛ بالىلار ئۇسسۇل ئوينىدى؛ ئاياللار كۈلدى؛ بالىلار يىغلىدى. ئاخىرىدا ھەممىسى ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، ئورمان ئىچىدىكى مەيداندا يېتىپ قالدى. بۇنىڭغا ئەگەشكەن جىمجىتلىق ئىچىدە بىيىبىي ساگىس ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ يۈرىكىنى كۆپچىلىك ئۈچۈن قۇربان قىلدى.

ئۇ ئۇلاردىن ئۆز ھاياتىنى پاكلاشنى تەلەپ قىلمىدى، ئۇلارنىڭ ئەمدى گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىكى كېرەكلىكىنىمۇ تەلەپ قىلمىدى. بىيىبىي ساگىس ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا تولىمۇ ئىمتائەتچان، پاك نامى ئەبەدىلئەبەد ساقلىنىدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى.

ئۇ ئۇلار ئېرىشىدىغان بەختنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى بەخت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— بۇ يەردىكىسى بىزنىڭ جىسمىمىز، يىغلىغان ۋە كۈلگەن جىسمىمىز؛ ئوت - چۆپ ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ ئۇسسۇل ئوينىغان جىسمىمىز. ئۇنى سۆيەيلى، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن سۆيەيلى. ئۇ يەردە ئۇلار جىسمىڭلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنى پەس كۆرىدۇ. ئۇلار كۆزلىرىڭلارنى ئۆچ كۆرىدۇ، ھەش - پەش

دېگۇچە كۆزلىرىڭلارنى ئويۇۋالدۇ؛ ئۇلار دۇمبىلىرىڭلارنى ئۆچ كۆرىدۇ، دۇمبەڭلارنىڭ تىتما ـ تالىڭىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ئەي مېنىڭ بالىلىرىم! ئۇلار قوللىرىڭلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلار ئۇنى پەقەت قول قىلىشقىلا تۇرىدۇ، قوللىرىڭلارنى باغلاپ، كېسىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەس قىلىۋېتىدۇ. قوللىرىڭلارنى سۆيۈڭلار، قىزغىن سۆيۈڭلار، قوللىرىڭلارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سۆيۈڭلار. قوللىرىڭلار بىلەن باشقىلارنى سىلاپ قويۇڭلار. قوللىرىڭلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ چاۋاك چېلىڭلار. ئۇلار سىلەرنىڭ يۇزلىرىڭلارنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، قوللىرىڭلار بىلەن يۇزۇڭلارنى سىلاڭلار. سىلەر ئۇنى سۆيۈشۈڭلار كېرەك. سىلەر! ياق، ئۇلار سىلەرنىڭ ئاغزىڭلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاغزىڭلاردىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا پىچاق سانجىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزىڭلاردىن قانداق گەپ چىقىشى بىلەن كارى يوق. ئۇلار چىرقىراۋاتقىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار بەدىنىڭلارنى قۇۋۋەتلەندۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىڭلارغا سالغان يېمەكلەرنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاغزىڭلارغا ئاشقان ـ تاشقان، ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەرنى تىقىپ قويىدۇ. ياق، ئۇلار ئاغزىڭلارنى يامان كۆرىدۇ. ئاغزىڭلارنى ياخشى كۆرۈڭلار. ئۇسسۇل ئويناش ۋە ئارام ئېلىشقا پۇت كېرەك؛ بەدىنىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان دۇمبە كېرەك؛ بىلىكىدىن ئايرىلىپ قالمىغان مۇرە كېرەك. مېنىڭ دەۋاتقىنىم كۈچتۈڭگۈر بىلەك. ئى مېنىڭ خەلقىم! ئۇلار سىرتماق سېلىنمىغان، تىككىدە تۇرغان بويۇنۇڭلارنى ئۆچ كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بويۇنۇڭلارنى ياخشى كۆرۈڭلار. قوللۇڭلار بىلەن ئۇنى ئۇۋۇلاڭلار. بويۇنۇڭلارنى تىك تۇتۇڭلار. ئۇلار يەنە سىلەرنىڭ بارلىق ئىچكى ئەزالىرىڭلارنى ئۆچ كۆرىدۇ. بېشىڭلارنى كېسىپ چوشقىغا تاشلاپ بېرىدۇ. سىلەر ئۇ ئەزالىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈڭلار. قوڭۇر رەڭ جىگىرىڭلارنى ئەتىۋارلاڭلار، دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىڭلارنى ھەم ئەتىۋارلارڭلار، ئاسراڭلار. كۆزۈڭلارنى، پۇتۇڭلارنى

ئاسرىغاندىنمۇ بەك ئاسراڭلار، ياخشى كۆرۈڭلار؛ كۆزۈڭلارنى ئەركىن - ئازادە نەپەسلىنىشىڭلار ئۈچۈن يارىتىلغان ئۆپكەڭلارنى ئاسرىغاندىنمۇ بەك ئاسراڭلار، ئۇياتلىق جايلىرىڭلارنى ۋە ئەۋلاد كۆپەيتىش ئەزالىرىڭلارنى ئاسرىغاندىنمۇ بەك ئاسراڭلار. سۆزۈمنى ئاڭلاڭلاركى، يۈرىكىڭلارنى سۆيۈڭلار، سىلەرنىڭ قىممىتىڭلار ئۇنىڭدا، — بېيىبى ساگىس بۇ گەپلەردىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭلىدىكى قالغان گەپلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەيىبناق پۇتلىرى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. كۆپچىلىك ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە ئۇنىڭ ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلدى. ئاۋازى ساز، تۆت ئەزايى ساق ئەگەشكۈچىلەر ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئەزالىرىغا ماسلىشىپ ئۈزۈلمەس مېلودىيەنى ئەۋجىگە كۆتۈردى.

ئەمدىلىكتە سېسىنىڭ ئاشۇ يەرگە بارغۇسى كەلدى. ئاشۇ تۈگىمەس مېلودىيەنىڭ ئاخىرىدىكى نەپىس ئاھاڭلارنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ بارغۇسى كەلدى. بولۇپمۇ، ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ ئاپىسىدىن خەنجەر ۋە قالقانلىرىنى قولىغا ئالسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق سوراش ئۈچۈن بارغۇسى كەلدى. ئاھ خۇدا، بېيىبى ساگىس ئۇلۇغ قەلبىنى يوقىتىپ، رەڭدارلىقتا ئاشىق بولۇش سەۋەبلىك دەماللىققا ئويغىنىپ بولالمايدىغان ساراڭغا ئوخشاش بولۇپ قالغىنىغا مانا توققۇز يىل بولدى.

— ئاشۇ ئاق تەنلىك ئالۋاستىلار مېنىڭ بارلىقىمنى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى نابۇت قىلدى، — دەيتتى ئۇ، — يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. دۇنيادا ئاق تەنلىك ئالۋاستىلاردىن باشقا قەبىھ نەرسە يوق، — 124 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكى تاقالغانىدى. ئۆيدىكى ئەرۋاھ ئەمدىلىكتە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلاتتى. پۈتۈن كېچە ئۆچۈرۈلمەيدىغان چىراغلار، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان مېھمانلار ئەمدى يوق، كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۆۋەن ئاۋازدا گەپلىشىدىغان ئىشلار تېخىمۇ يوق، ناتونۇش كىشىلەرنىڭ

ئـايغىـنى كـيـىـپ ئوينـايدىغان بـالـىلار تېخـىمۇ يـوق. سېنـت بېيىبي ساگـىس ئۆزىنىڭ يالغان سۆزلىگىنىنى ئېتىراپ قىلدى. مەيلى ئـەمەلـيـەتتە بولـسۇن، ياكى خـىيالـدا بـولسۇن، خـەيـر ـ ئـېـهسـان، ئـىـلتـىـپاتـتـىـن ئـەسـەرمـۇ يـوق. ئـورمـانـدىـكـى ئوچۇقـچىلـىقتىكـى ئۇسسۇل ئـويناشمـۇ بۇ رېئالـلىقنـى قىلچـە ئۆزگەرتەلمىدى. بېيىبي ساگىسنىڭ سەمىمىيىتى، سۆيگۈسى، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئۇلۇغ يۇرىـكى كېلـىنى يېـنىغا كـەلگەنـدىـن كېيىنكى يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنىدىن باشلاپ خاراب بولۇشقا يۈزلەندى.

سېس خاللىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا ئـورماندىكـى بوش يەرگـە بېرىشـنى قارار قىـلـدى. سېس يېپىنچىسـىنـى ئۈچىسىغا ئارتتى، دەنۋېر بىلەن جان قوزامغىمۇ يېپىنچىسىنى ئارتقۇزدى. ئۇچەيلەن بىر شەنبە كۈنى سـەھەردە ئـىـشـىـكتـىـن چىقىـتشتى. سـېـس يول باشـلىدى، قىـزچاقلار ئەگـەشتى. يولـدا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئورمانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن سېس بىر ئاز ۋاقىتتىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەستىن، ئورمـاننىڭ ئـىچىگە تۇتاشقـان چىغىـر يولنى ئىزدەپ تاپتى. چۈنكى يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ يـەردە چوڭ شـەهـەرلـەرنـىڭ دىـنـى جـانـلانـدۇرۇش بـايـرىـمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغانىدى. بـۇ يەردە هەشەمـەتلىك داستىخانـلار تەييارلىناتتى، چېدىرلار تىكىلـەتتى، بانجودىن تارتىپ هەممە نەرسە تېپىلاتتى. ئۆتمۈشتىكى يىلان باغرى چىغىر يول بۈگۈنكى كۈنلۈكتە داغدام يولغا ئايلانغان، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ قۇببە شەكلىنى هاسىل قىلغان دەرەخلەر ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغانىدى.

سېس هەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بـېيىبـي ساگىسنىڭ تۇگىشىپ كېتىشىدە ئۆزىنى گۇناهكار هېسابلايتتى. بېيىبي ساگىس قانچە قېتىملاپ ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، سېس شۇنى ئـېـنىـق بـىـلەتـتـىـكى، 124 ـ نومۇرلۇق ئـۆيـنـىـڭ

بەختسىزلىكى سېس يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىنى بوستونلۇق ئاق تەنلىك قىزنىڭ ئىچ كىيىمى بىلەن يۆگەپ هارۋىدىن چۈشكەن ۋاقىتتىن كېيىن باشلانغانىدى.

سېس ئىككى قىزنى باشلاپ دۇب دەرىخى ۋە ئېسكۇلۇس دەرىخىدىن هاسىل بولغان يېشىل رەڭلىك يورۇق يولدا كېتىۋاتىدۇ. ئۇ تەرلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ هالىتى ئۇنىڭ ئوخىئو ئىشتاتىدا چېپىلداپ تەرلىگىنىچە ئويغانغان، پۈتۈن بەدىنىنى پاتقاق بولۇپ كەتكەن هالىتىگە ئوخشايتتى.

ئەيمي كەتتى. سېس يالغۇز قالدى. ئۇ ناهايىتى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، هايات ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىقىمۇ هايات ئىدى. سېس دەريا ئېقىنىنى بويلاپ بىر هازا ماڭدى، ئاندىن مېڭىشتىن توختاپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەرياغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر قولۋاق كۆرۈندى. لېكىن، قولۋاقتىكى ئادەمنىڭ ئاق تەنلىك ياكى ئەمەسلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن تەرلەشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ خۇداغا شۈكۈر دېيىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ بوۋىقى توڭلىماي ئىسسىق تۇرىدۇ. ئۇ قولۋاقنى كۆرەلمىدى. دەلدەڭشىگىنىچە ئالدىغا مېڭىۋەردى. ئۇ بېلىق تۇتۇۋاتقان ئۈچ نېگىرنى ئۇچراتتى، ئۇلار بىر ئەر، ئىككى ئوغۇل ئىدى. سېس توختاپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئوغۇللاردىن بىرى سېسقا يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ تەق - تۇرقىغا زەن سالدى. ئۇ ئوغۇل بالا بىر قاراپلا بۇ ئايالغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىۋالالايتتى. بىر هازاغىچە هېچكىم گەپ قىلمىدى. ئاخىرىدا ئەر كىشى:

— دەريادىن ئۆتەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئەپەندى، — دېدى سېس.

— كېلىدىغىنىڭىزنى بىرەرسى بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ، ئەپەندى.

ئۇ سېسقا يەنە بىر قېتىم قارىدى، ئۆزىنىڭ كالپۇكىغا

ئۇخشاش ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر تاشنى ئىگىمكى بىلەن ئىشارەت قىلدى. سىس كېلىپ تاشتا ئولتۇردى. تاش قۇياش نۇرىنى سۈمۈرۈپ خېلى بەكلا قىزىغان بولسىمۇ، لېكىن تاشنىڭ قىزىقى سىسىنىڭ قىزىتمىسىغا يەتمەيتتى. سىسىنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىغانىدى. سىسىنىڭ كۆزىگە چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى. سىسىنىڭ بەدىنىدىن شۇرقىراپ ئېقىۋاتقان تەر بوۋاقنى باشتىن - ئاياغ ھۆل قىلىۋەتتى. سىس ئولتۇرغان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى. سىس كۆزىنى ئاچقان چاغدا ھېلىقى ئەر قولىدا كاۋاپ قىلىنغان يىلانبېلىقنى تۇتقان پېتى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. سىس بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ، قولىنى سوزۇپ يىلانبېلىقنى ئالدى، يەنە شۇنداق زور كۈچىنى سەرپ قىلىپ بېلىقنىڭ پۇرىقىنى پۇرىدى. بېلىقنى سىسىنىڭ يېيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىس ئەردىن سۇ سورىدى. ئەر ئۇنىڭغا ئوخشىغۇ دەرياسىنىڭ سۈيىدىن بىر بوتۇلكا بەردى. سىس بىرلا كۆتۈرۈپ ھەممىنى ئىچىۋەتتى. ئۇ يەنە سۇ سورىدى. ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدىن جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلانماقتا.

ئەر كىشى سىسىنىڭ شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتقان يۈزىگە قاراپ، باللاردىن بىرىنى چاقىرىپ كەلدى:

— چاپىنىڭنى سال.

— ئەپەندى؟

— ئاڭلاۋاتامسەن.

بالا چاپىنىنى سالغاچ غودۇڭشىدى:

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، مەن نېمە كىيىمەن؟

ئەر بالىنى سىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ چاپانغا يۆگىدى، چاپاننىڭ يېڭى بىلەن بالىنى باغلىدى.

— مەن نېمە كىيىمەن؟

ئەر پۇشۇلداپ تىنغىنىچە بىردەمدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— قايتىپ كەلگۈڭ بولسا، چاپاننى بالىدىن تارتىۋېلىپ،

بالىنى چۆپلۈككە يالىڭاچ تاشلاپ قويى. ئاندىن چاپىنىڭنى كىيىۋالساڭ بولىدۇ. شۇنداق قىلماقچى بولساڭ بۇ يەردىن كەت، ئىككىنچى قايتىپ كەلمە.

بالا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ بايىقى جايىغا كەتتى. سېپىنىڭ قولىدا بېلىق بار ئىدى. بوۋاق سېپىنىڭ پۇتىنىڭ يېنىدا ئاغزىلىرى قۇرۇغان ھالدا شۇرقىراپ تەرلىگىنىچە پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە ئەر سېپىنىڭ مۇرىسىگە نوقۇدى.

سېپىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە، قولىۋاق ئۇستۇنكى ئېقىنغا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. سېپ ئەرنى ئۆزىنى كېنتاكىغا ئېلىپ ماڭدى، دەپ ئويلىدى. قولۋاق مىلتىق ئوقىغا ئوخشاش ئوخشىتۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەر سېپنى يۆلەپ تىك قىرغاققا چىقاردى، چاپىنى يوق بالا بوۋاقنى كۆتۈرگەنىدى. ئەر سېپنى كەپە سېلىنغان چاتقاللىققا باشلاپ كەلدى.

— بۇ يەردە ساقلاڭ. بىردەمدىلا بىرسى سىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ھەرگىز يۆتكەلمەڭ، ئۇلار سىزنى ئىزدەپ كېلىشى مۇمكىن.

— رەھمەت سىزگە. ئىسمىڭىزنى ماڭا دەپ بەرسىڭىز.

— ئىسمىم ستەمپ پېيد. بوۋىقىڭىزغا ياخشى قاراڭ. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم، — سېپ شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزى بۇنى ئاڭلىمىدى. بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئايال سېپىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئايالنىڭ كەلگەندىكى شەپىسىنى سېپ پەقەتلا سەزمىگەنىدى. ئۇ بويى پاكار، ياش ئايال ئىدى، قولىدا بىر خالتا بار ئىدى. ئايال سېپقا سالام قىلدى.

— سىگنالنى خېلى ئىلگىرى كۆرگەنىدىم، لېكىن بۇنىڭدىنمۇ تېز ماڭالمىدىم، — دېدى ئۇ.

— نېمە سىگنالنى دەيسىز؟ — سورىدى سېپ.

— بىرەرسى دەريادىن ئۆتسە، ستەمپ بۇ كونا چوشقا قوتىنىنى ئېچىپ قويىدۇ. ئەگەر بالىسى بولسا، قوتاننىڭ تۈۋرۈكىگە ئاق لاتا باغلاپ قويىدۇ.

ئايال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خالتىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشقا باشلىدى.

— ئىسمىم ئېللا، — ئايال شۇنداق دەپ، خالتىدىن بىر يۇڭ ئەدىيال، ئازراق پاختا رەخت، ئىككى تال پىشۇرۇلغان تاتلىقياڭيۇ ۋە بىر جۈپ ئەرەنچە ئاياغنى چىقاردى، — مىنىڭ ئېرىم جون، سىرتتا ئىشلەيدۇ. سىز قەيەرگە بارماقچى؟

سېس ئۈچ بالىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ، بېيبىي ساگىس تەرەپكە ئەۋەتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئېللا بالىنىڭ كىندىكىنى بىر پارچە رەخت بىلەن چىگىگەندە تاڭغاچ، سېسنىڭ گېپىدىكى قولاشماسلىقلارغا دىققەت قىلدى. ئۇ قاچقۇنلار ئادەتتە ئاغزىدىن چىقارمايدىغان ۋە قاچقۇنلاردىن سورالمايدىغان گەپلەرنى تىڭشىماقتا ئىدى. ئېللا ئۆزى بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى، كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئاڭلاشتىن ئۆزىنى تارتتى. ئېللا ئەرەنچە ئاياغنىڭ ئىچىدىكى قۇم - شېغىللارنى قېقىۋېتىپ، ئاياغنى سېسنىڭ پۇتىغا كىيدۈرمەكچى بولدى، بىراق ئاياغنى كىيدۈرگىلى بولمىدى. ئاخىر بولماي، ئاياغنىڭ ئارقىسىنى يىرتىپ ئاندىن سېسقا كىيدۈردى. سېس ئۈچۈن بۇنچىۋالا قىممەتلىك بولغان بۇيۇمنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. سېس بۇ ئاياغلارنى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرەرسىنىڭ چۈشۈپ قالغان ئايىغىمىدۇ، دەپ ئويلىدى - يۇ، بۇنى سوراشقا پېتىنالمىدى.

— ئۇلار ساق - سالامەت بارالىدى. ستەمپ ئۇلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، بىلۇستون كوچىسىغا قەدەر ئاپىرىپ قويىدى. ئۇ يەرنى بەك يىراق دەپكەتكىلى بولمايدۇ.

سېس مىننەتدارلىقىنى قانداق ئىپادىلىسە ياخشى

بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن تاتلىقياڭيۇدىن بىرنى ئاقلاپ يېيىشكە باشلىدى، ئاندىن قۇستى، كېيىن يەنە ئازراق يېدى.

— ئۇلار سىزنى كۆرسە چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئېللا، — بوۋاقنى قاچان تۇغىدىكەنسىز؟

— تۇنۇگۈن، — سىبىس ئېڭىكى ئاستىدىكى تەرنى سۈرتتى، — ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكىنى تىلەيمەن.

ئېللا يوڭ ئەديالغا يۆگەلگەن بوۋاقنىڭ كىچىككىنە يۈزىگە بىر قۇر قارىۋېتىپ شۇنداق دېدى:

— بىرنېمە دېمەك تەس. بىرەرسى مەندىن سورىسا، مەن «ھېچنېمىنى ياخشى كۆرمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىمەن، — ئېللا پاراسەت بىلەن سۆزلەشتىن ئۆزىنى تارتىپ سىبىسقا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بالىنى ئۆزىڭىز تۇغدىڭىزمۇ؟

— ياق. ئاق تەنلىك قىزچاق ياردەملەشتى.

— بىز سەھەردىن پايدىلىنىپ يولىمىزنى مېڭىۋالايلى.

بېيبىي ساگىس سىبىسنىڭ ئاغزىغا سۆيدى. ئۇنى دەرھال بېرىپ بالىلارنى كۆرگىلى قويمىدى. بېيبىي ساگىس بالىلارنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىبىسنىڭ قىياپىتىنىڭ بەك سەتلىكىنى، بۇ كېچىدە بالىلارنى كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بېيبىي ساگىس بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، بېشىغا يۇمشاق بۆك كىيگۈزگەن بىر ياش ئايالغا تاپشۇرۇپ، سىبىسنىڭ سۇيىدۇكى كەلمىگۈچە بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزىنى يۇماي تۇرۇشنى تاپىلىدى.

— بالا يىغلىدىمۇ؟ — سورىدى بېيبىي ساگىس.

— ئازراقلا يىغلىدى.

— شۇ يېتەرلىك. بىز ئاۋۋال ئايىغىنى ياساپ - تارايلى.

بېيبىي ساگىس سىبىسنى ياتاق ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئىسپىرت لامپا ئاستىدا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى بىر- بىرلەپ يۇيۇشقا باشلىدى.

ئاۋۋال يۈزىدىن باشلىدى، ئاندىن سېپسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، قازاندىكى سۇنىڭ ئىسسىشىنى كۈتكەچ، بىر پارچە كۈل رەڭ پاختا رەختتە كۆڭلەك تىكىشكە باشلىدى. سېپس ئۇخلاپ قالدى. بېيبىي ساگىس ئۇنىڭ بىلىكى ۋە قولىنى يۇيۇۋاتقاندىلا ئويغاندى. بېيبىي ساگىس ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى يۇيۇپ بولۇپ ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قوياتتى، ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ قازانغا سۇ قۇيۇپ ئىسسىتاتتى. ئۇ كىرلىكنى يىرتىپ، كۈل رەڭ پاختا رەختنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ تىكەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىغلىغىنىچە تاماق ئېتىۋاتقان يۇمشاق بۆكلۈك ئايالنىڭ بوۋاقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىنى نازارەت قىلاتتى. بېيبىي ساگىس سېپسىنىڭ پاچىقىنى يۇيۇپ بولۇپ پۇتىغا قارىدى. پاچىقىنى يېنىك سۈرتۈپ قۇرۇتتى. ئۇ سېپسىنىڭ چاتىرىقىنى ئىككى قازان سۇ بىلەن يۇدى، ئاندىن كىرلىك بىلەن ئۇنىڭ قورسىقى ۋە نومۇسلۇق يېرىنى ئوراپ قويدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا سېپسىنىڭ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن پۇتىنى يۇيۇشقا كىرىشتى.

— سەزدىڭىزمۇ؟ — سورىدى بېيبىي ساگىس.

— نېمىنى دەيسىز؟ — سورىدى سېپس.

— ھېچقىسى يوق، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! — ئۇ سېپسىنى تەۋرەنمە ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇتىنى بىر چېلەك تۇزلۇق سۇغا چىلىدى. سېپس بىر كېچىنى پۇتى تۇزلۇق سۇغا چىلانغان ھالدا ئۆتكۈزدى. ئۇ سېپسىنىڭ ئەمچەك توپچىسىنى چوشقا مېيى بىلەن يۇمشىتىپ، ئاندىن يۇدى. سەھەردە بوۋاق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئاپىسىنى ئەمدى.

— خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھېچ ئىش چىقمىدى. سۈتىڭىز تۈگىسىلا بالا مېنى چاقىرىدۇ، — دېدى بېيبىي ساگىس. بېيبىي ساگىس كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭاي دەۋېتىپ، كىرلىك ئۈستىدىكى قارا داغنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قاپىقىنى تۈرگىنىچە، ئېگىلىپ تۇرۇپ بوۋىقىنى ئەمدۈرۈۋاتقان كېلىنىگە نەزەر تاشلىدى. سېپسىنىڭ دۈمبىسىگە ئورالغان ئەدىيالدىن قىپقىزىل

ئەتىرگۈللەر پورەكلەپ ئېچىلماقتا ئىدى. بېيبىي ساگىس قولى
بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. بوۋاق سۈتنى ئېمىپ بولۇپ، كۆزىنى
يېرىم ئاچقىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشەكەپ تىلىنى
شورىغىنىچە، مومىسىنىڭ ئاۋاز چىقارماستىن ئەتىرگۈل
ئېچىلىۋاتقان دۈمبىگە ماي سۈركىگىنىنى، يېڭى تىككەن
كۆڭلەكنىڭ ئىچىگە ئىككى قات رەختنى ئارتۇق سالغانلىقىنى
كۆردى.

بۇ تېخى راست ئەمەس. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇيقۇلۇق
كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەندە ۋە ھېلىقى
«ئۆمىلىيەلەمدۇ» دېگەن قىزى ئەكىرىلگەندە، ئۇلارنىڭ كىرىشى
سېسقا ھېچقانداق يېڭىلىق تۇيۇلماسمۇ؟ سېس كارىۋاتتا ياتاتتى.
ئۇلار سېسنى ئورىۋېلىشتى. قىزىنىڭ شۆلگىيى سېسنىڭ يۈزىگە
ئېقىپ كەتتى. سېس خۇشاللىقىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. بەك
قاتتىق كۈلگەنلىكتىن «ئۆمىلىيەلەمدۇ» دېيىلگەن قىزى
كۆزلىرىنى چىمچاقشىتىپ كەتتى. خوۋارد بىلەن بۇگلار
سېسنىڭ كۆرۈمسىز پۇتىنى ئاۋۋال تۇتۇپ بېقىشقا بىر ـ بىرىنى
ئىتتىرىشتى، ئاندىن ئىككىسى بىرلىكتە سېسنىڭ پۇتلىرىنى
ئويناشقا باشلىدى. سېس ئۇلارنى تويماي سۆيەتتى، ئۇلارنىڭ
بوينىنى، بېشىنى ۋە ئالقىنىنى سۆيەتتى. سېس ئۇلارنىڭ
كۆڭلەكلىرىنى قايرىپ قورسىقىغا سۆيۈشكە باشلىغاندا، بالىلار
ئەمدى مۇشۇ يەردە توختايدۇ، دەپ خىيال قىلىشتى.

ــ دادام كەلدىمۇ؟ ــ دېگەن سوئال ئۇنىڭ بالىلارنى
قانماستىن سۆيۈۋېرىشىگە خاتىمە بەردى.

سېس يىغلىمىدى، ئەكسىچە كۈلۈپ تۇرۇپ «كېلىشىگە ئاز
قالدى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ئاپىسىنىڭ
كۆزىدە ئەگىگەن ياشنى دادىسىغا بولغان مۇھەببەتنىڭ سەۋەبىدىن
دەپ چۈشىنىشەتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سېس
بېيبىي ساگىسقا بالىلارنى ئەكېتىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن،
ئۇ ئاران دېگەندە قېيىنئانىسى ئاخشام تىككەن پاختا رەختلىك

كۆل رەڭ كۆڭلەكنى كىيىۋالدى. ئاندىن ئۇ يېتىۋالدى، قۇچىقىدا «ئۆمىلىيەلەمدۇ» دەپ سورالغان كىچىك قىزى بار ئىدى. سىس ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن سول كۆكسىنى مۇجىدى. بوۋاق ئاغزىنى ئاچتى. سىس بىلەن ئۇنىڭ سۈتى ئۆيگە بىللە كەلگەنىدى.

بىيىبىي ساگىس ئۆيگە كىرىپلا ئۇلارغا قاراپ كۈلدى. ئۇ سىسقا قىزىنىڭ ساغلام، چېچەن چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆمىلىگۈدەك بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى تۇرۇپ ئاللىقاچان سىسىنىڭ كىيىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئاشۇ ئەسكى رەختنى يىغىشتۇردى.

— ئېلىپ قېلىشقا ئەرزىگۈدەك ھېچنېمە يوق، — دەيتتى ئۇ.

سىس نەزىرىنى يۆتكىدى:

— توختاڭ، ئىچ كىيىمگە بىرەر نەرسە چىگىلىكلىمۇ - ئەمەسمۇ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ بېقىڭ.

بىيىبىي ساگىس قايناق سۇغا بېسىلغان كىيىملەرنى سىرتىدىن بىرەر قۇر سىلاشتۇردى. قولىغا تاشتەك بىر نەرسە ئۇرۇلدى. ئۇ ئۇنى سىسقا ئۇزارتتى.

— خوشلىنىش سوۋغىتى؟

— توي سوۋغىتى.

— بۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ يىگىتمۇ بىللە كەلگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — بىيىبىي ساگىس سىسىنىڭ قولىدىكى نەرسىگە قاراپ شۇنداق دېدى، — سىزچە ئۇ قانداقراق تۇرغاندۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى سىس، — ئاشۇ يەردە ئۇچرىشىشنى دېيىشىپ قويغان، لېكىن ئۇ كەلمىدى. مەن قېچىپ چىقىۋالدىم. قاچمىسام بولمايتتى، — سىس ئېمىپ ئۇخلاپ قالغان بالىسىغا بىر ھازا قارىۋەتكەندىن كېيىن شۇنداق دېدى، — ئۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. مەن غەلىبە قىلسىلا، خالىمىسۇ غەلىبە قىلالايدۇ.

— بولدى، ھالقىڭىزنى تاقىۋېلىڭ. بەلكىم بۇلار خالىمىنىڭ

يولىنى يورۇتۇپ بېرەر، — بېيبىي ساگىس بىرلىيانتنى سېسقا سۇندى، بۇ چاغدا ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە جەزم قىلىپ بولغانىدى.

— قۇلىقىمنى تەشتۇرسەم بولاتتى.

— مەن تېشىپ قوياي، بىردەمدىلا پۈتىدۇ، — دېدى بېيبىي ساگىس.

سېس ھالقىنى جىرىڭلىتىپ، ئۆمىلەۋاتقان قىزىنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا تىرىشتى.

سېس «ئورماندىكى بوش يەر»گە بېرىپ بېيبىي ساگىس جامائەتكە ۋەز ئېيتقان تاشنى تاپتى. قۇياش نۇرىدا پارلىنىۋاتقان يوپۇرماقلارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىدى، گۇيۇرلەپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. سېسنىڭ قۇللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلغىنىغا يىگىرمە سەككىز كۈن بولغانىدى. كىچىك قىزى يۇزىگە ئېقىتىپ قويغان شۆلگەي ئۇنىڭ مايلىق قېنىغا سىڭىپ بولغۇچە مانا ساق يىگىرمە سەككىز كۈن ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ باشقا قىرىق — ئەللىك نېگىرنىڭ ئىسمىنى، كۆز قارىشىنى، ئادىتىنى، مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلىشكە ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە تەسەللى تاپتى. بىرەيلەن ئۇنىڭغا ئېلىپبە ئۆگەتتى، يەنە بىرسى ئۇنىڭغا يىڭنە ئىشى قىلىشنى ئۆگەتتى. ھەممىسى بىرلىكتە ئۇنىڭغا سەھەردە ئويغىنىپ ئويغانغاندا شۇ كۈنلۈكى نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. بۇنداق بولغاندا، ئۇ خاللىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكەن ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىلغۇدەك ئىش تاپالايتتى. ئاستا ـ ئاستا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە ۋە ئورماندىكى بوش يەردە باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولدى. ئۆزىنى ئازاد قىلىش بىر ئىش بولسا، ئازادلىققا ئېرىشكىنىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بارلىق

ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىش باشقا بىر ئىش ئىدى.

بۇ چاغدا سىپس بېيبىي ساگىس ئولتۇرغان تاشنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى. دەنۋېر بىلەن جان قوزام ئورماندا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، خاللى ھەرگىزمۇ قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى چەكمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىلمەسلىكنىڭ دەردى يامان، بىلىشنىڭ ئازابى ئۇنىڭدىنمۇ يامان بولىدىكەن.

پەقەت ئاشۇ بارماقلىرىڭىز، پەقەت ئاشۇ بارماقلىرىڭىز بىلەن گەدىنىمنى تۇتقىنىڭىزنى سەزسەملا ھەممە ئىشنى تاشلاپ، بۇ مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا بىر يول تاپقان بولاتتىم، سىپس شۇنداق ئويلىماقتا ئىدى. سىپس بېشىنى تۆۋەن سالدى. جەزملەشتۈرۈش كېرەككى، بارماقلار كېلىۋاتىدۇ. بارماقلار تېخىمۇ يېنىك ئۇۋۇلىماقتا، قۇش پەيىدىنمۇ يېنىك تەگمەكتە. ئۇ بارماقلار كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇۋۇلىماقتا. سىپس بارماقلارغا ئۆزىنى ئۇۋۇلىتىپ بىر ھازا راھەتلىنىۋېلىشى كېرەك. بارماقلار شۇنچىلىك لەززەتلىك، بوۋاقنىڭ ھەرىكىتىدەك يېنىك. بارماقلار ئۇۋۇلاش ئەمەس، سىپسنى يېنىك سۆيمەكتە. سىپس بېيبىي ساگىسنىڭ تىرىشچانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى. بېيبىي ساگىسنىڭ يىراقلاردىن يېتىپ كەلگەن مۇھەببىتى سىپس بىلىدىغان، تېرىلەرنىڭ تېگىشىشىدىن سېزىلىدىغان مۇھەببەتتىنمۇ يۈكسەك ۋە شېرىن.

ئۇ پاۋۇل . D نىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا بىر يېڭىلىقنى، ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ ئىشىنىشتىن قورقىدىغان بىر نەرسىنى ئەكەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما، پاۋۇل . D ئەمدىلىكتە سىپسنىڭ دەردىگە دەرد قاتماقتا ۋە كونا ئەسلىمىلىرىنى ئاۋۇتماقتا. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئاۋات ۋاقىتتا ھەر تەرەپتىن كەلگەن دوست ـ يارەنلەر سىپسنىڭ ئازابلىق كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۇنى يەڭگىللىتەتتى. كېيىن تەسەللى بېرىدىغانلاردىن بىرسىمۇ قالمىدى. چۈنكى ئۇلار جىن ئۇۋۇلاپ

ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىش باشقا بىر ئىش ئىدى.

بۇ چاغدا سېس بېيبىي ساگىس ئولتۇرغان تاشنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى. دەنۋېر بىلەن جان قوزام ئورماندا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، خاللى ھەرگىزمۇ قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى چەكمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىلمەسلىكنىڭ دەردى يامان، بىلىشنىڭ ئازابى ئۇنىڭدىنمۇ يامان بولىدىكەن.

پەقەت ئاشۇ بارماقلىرىڭىز، پەقەت ئاشۇ بارماقلىرىڭىز بىلەن گەدىنىمنى تۇتقىنىڭىزنى سەزسەملا ھەممە ئىشنى تاشلاپ، بۇ مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا بىر يول تاپقان بولاتتىم، سېس شۇنداق ئويلىماقتا ئىدى. سېس بېشىنى تۆۋەن سالدى. جەزملەشتۈرۈش كېرەككى، بارماقلار كېلىۋاتىدۇ. بارماقلار تېخىمۇ يېنىك ئۇۋۇلىماقتا، قۇش پېيىدىنمۇ يېنىك تەگمەكتە. ئۇ بارماقلار كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇۋۇلىماقتا. سېس بارماقلارغا ئۆزىنى ئۇۋۇلىتىپ بىر ھازا راھەتلىنىۋېلىشى كېرەك. بارماقلار شۇنچىلىك لەززەتلىك، بوۋاقنىڭ ھەرىكىتىدەك يېنىك. بارماقلار ئۇۋۇلاش ئەمەس، سېسنى يېنىك سۆيمەكتە. سېس بېيبىي ساگىسنىڭ تىرىشچانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى. بېيبىي ساگىسنىڭ يىراقلاردىن يېتىپ كەلگەن مۇھەببىتى سېس بىلىدىغان، تېرىلەرنىڭ تېگىشىشىدىن سېزىلىدىغان مۇھەببەتتىنمۇ يۈكسەك ۋە شېرىن.

ئۇ پاۋۇل . D نىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا بىر يېڭىلىقنى، ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ ئىشىنىشتىن قورقىدىغان بىر نەرسىنى ئەكەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما، پاۋۇل . D ئەمدىلىكتە سېسنىڭ دەردىگە دەرد قاتماقتا ۋە كونا ئەسلىمىلىرىنى ئاۋۇتماقتا. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئاۋات ۋاقىتتا ھەر تەرەپتىن كەلگەن دوست ـ يارەنلەر سېسنىڭ ئازابلىق كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىپ، ئۇنى يەڭگىللىتەتتى. كېيىن تەسەللىي بېرىدىغانلاردىن بىرسىمۇ قالمىدى. چۈنكى ئۇلار جىن ئۇۋۇلاپ

قالغان بۇ ئۆيگە ئۇنى كۆرگىلى كېلىشنى خالىمايتتى. سېس بولسا كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىغا خورلانغۇچىنىڭ كۈچلۈك مەغرۇرلۇقى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇراتتى. ئەمدىلىكتە دەردلەرنى تەڭ تارتىشىپ بېرىدىغان بىرسى كەلدى. ئۇ بۇ ئۆيگە كېلىپلا ئەرۋاھنى قوغلاپ چىقاردى. تا بۈگۈنگىچە ئەرۋاھنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۆيدە ئەرۋاھنىڭ پاراكەندە قىلىپ تۇرۇشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چوڭ بەخت ئىدى. پاۋۇل . D كېلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. بىراق، ئۇ يېڭى بىر شۇم خەۋەرنى — خالىسىنىڭ يۈزىگە كالا مېيى ۋە ئىرىمچىك سۈركەپ توشقۇزۇۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاغزىغا ئېغىزدۇرۇق سېلىنغانلىقىنى ئەكەلدى. سېس ئاڭلاشنى خالىغان بولسا ئۇنىڭ يەنە قانداق گەپلەرنى دەيدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ گەدىنىنى سىلاۋاتقان بارماقلار سەل كۈچەشكە باشلىدى. ئۇۋۇلاش كۈچى تېخىمۇ ئاشتى. بېبىبي ساگىس كۈچىنى يىغىۋاتقاندەك قىلاتتى. باش بارمىقى گەدەننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان، باشقا بارماقلار ئىككى يانىنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى. بارماقلار بارا ـ بارا كۈچەشكە باشلىدى، ئاندىن چەمبەرسىمان ھالەتتە نەپەس يولىغا يۆتكەلدى. سېس قورقۇپ كەتكەندىن كۆرە ھەيران قالغان ھالدا ئۆزىنىڭ بوغۇپ ئۆلتۈرۈلمەكچى بولۇغىنىنى سەزدى. نېمىلا دېيىشتىن قەتئىينەزەر، بېبىبي ساگىسنىڭ بارماقلىرى سېسنى بوغۇپ، ئۇنى نەپەس ئالدۇرماي قويدى. سېس ئۆزى ئولتۇرغان تاشتىن ئالدىغا يىقىلدى، قولىنى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بېبىبي ساگىسنىڭ قولىغا سوزدى. سېس ھەدەپ تېپىچەكلەيتتى. بۇنى كۆرۈپ دەنۋېر يۈگۈرۈپ كەلدى، جان قوزامۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلدى.

— ئاپا !ئاپا ! — ۋارقىرىدى دەنۋېر، — ئاپا ! — دەنۋېر ئاپىسىنى ئۆرۈپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى.

بارماقلار بوشىشىپ كەتتى. سېس ھاسىرىغىنىچە كۈچەپ

نەپەس ئالدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان قىزىنىڭ چىرايىنى ۋە دەنۋېرنىڭ يېنىدا پايپېتەك بولۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن جان قوزامىنىڭ چىرايىنى تونۇدى.

— سىزگە ھېچ ئىش بولمىغاندۇ؟

— بىرسى مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، — دېدى سېس.

— كىم؟

سېس گېلىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرماشتى.

— بېيبىي مومىڭىز. مەن شۇنداق پەرەز قىلىمەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بوينۇمنى ئۇۋۇلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانىدىم. دەسلەپتە شۇنداق يېنىك ئۇۋۇلىدى، كېيىن غالجىرلارچە گېلىمنى سىقىشقا باشلىدى. مەن شۇنداق پەرەز قىلدىم.

— مومام سىزگە ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، ئاپا. بېيبىي مومام؟ بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

— مېنى قويۇۋېتىڭ.

— قاراڭ ! — جان قوزام سېسنىڭ گېلىنى كۆرسەتتى.

— نېمە بار ئىكەن، نېمىنى كۆردىڭىز؟ — سورىدى سېس.

— يارىنى، — جاۋاب بەردى دەنۋېر.

— مېنىڭ بوينۇمدىمۇ؟

— بۇ يەردە، بۇ يەردە يەنە بار ئىكەن، — دەنۋېر سېسنىڭ بويىندىكى ئالىپاساق يەرلەرنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. بۇ ئالىپاساقلارنىڭ رەڭگىنىڭ سېسنىڭ بويىندىنمۇ قارا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. دەنۋېرنىڭ بارماقلىرى مۇزلاپ كەتتى.

— بۇنىڭ ھېچقانداق رولى يوق، — دېدى سېس. بىراق، جان قوزام بەدىنىنى سوزۇپ، سېسنىڭ نەم تېرىلىرىنى ئىككى قوللاپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. سېسنىڭ تېرىسى ئۇۋۇلىغان ئادەمگە بۆكەن تېرىسىدەك تۇيۇلاتتى.

سېس ئىڭرىغىلى تۇردى. قىزچاقنىڭ مۇزدەك بارماقلىرى

سىسنىڭ بوينىنى مېھرىبانلارچە ئۇۋۇلىماقتا. سىسنىڭ مۆرەككەپ، مەخپىي، خەتەرلىك ھاياتى بىر ئاز ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. قارىماققا پاۋۇل . D ئۇنىڭغا ئەكەلگەن خەۋەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلىسىلا، ئۇنىڭ كارنىۋال بايرىمىغا ماڭغاندىكى قول تۇتۇشقان كۆلەڭگىلەردىن بايقىغان بەخت تۇيغۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىندەك تۇراتتى. سىس قۇلىقىغا يەتكەن ھەربىر يىرگىنچلىك خەۋەردىن تۈگىشىپ كەتمىسىلا، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسىلا، يىغلاپ تاشلىمىسىلا بەختكە ئېرىشىشى مۇمكىندەك قىلاتتى.

سىس ئۆلگىرىكىگە ئوخشاشلا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلايدۇ. جىنلىق ئۆيدە قىزى بىلەن يالغۇز ياشاپ، ھەممە ئىشلارغا ئۆزى تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن، ئەمدىلىكتە پاۋۇل . D ئاشۇ ئەرۋاھنىڭ ئورنىغا ئالماشقاندىن كېيىن ئۇ نېمە ئۈچۈن ئەندىكىپ كېتىدۇ؟ نېمىشقا قورقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بېيبىغا موھتاج بولىدۇ؟ ئەڭ قىيىن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەنىدىغۇ؟ ئۇ ھاياتىنى ساقلاپ قالالىغانىدىغۇ؟ ئەرۋاھ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغاندىمۇ، سىس بۇلارغا بەرداشلىق بەرگەن، ھەممە ئىشلارنى ھەل قىلىپ كېتەلىگەنىدى. ئەپسۇس، خەتەرلىك پەيتلەر ئۆتۈپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە خاللى توغرۇلۇق يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپلا، ئانىسىنى يوقىتىپ قويغان بۆجەندەك پاتىپاراق بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى.

جان قوزامىنىڭ بارماقلىرى كىشىنى ئاجايىپ مەستخۇش قىلاتتى. جان قوزامىنىڭ ئۇۋۇلىشى بىلەن سىسنىڭ نەپەسلىنىشى ئەسلىگە كېلىپ، قىينىلىشلىرى بېسىقتى. سىس بۇ يەردىن ئىزدىگەن خاتىرجەملىك ئەمدىلىكتە ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

بىز ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆرەلەيمىز، دەپ ئويلىدى سىس، ئاندىن كۆزىنى يۇمدى. «ئورماندىكى بوش يەر»نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا، بېيبي ساگسىنىڭ سۆيۈملۈك تېشىنىڭ يېنىدا

ئۇچ ئايال بار. ئۇلارنىڭ بىرسى ئولتۇرغان، قالغان ئىككىسى سىسنىڭ ئالدىدا يۈكۈنگەن، سىس بوينىنى يۈكۈنگەنلەردىن بىرىنىڭ مېھرىبان قولىغا تاپشۇرغانىدى.

دەنۋېر ئۇ ئىككىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. بارماقلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە قارىغاندا، سىسنىڭ بوينىنى ئۇۋۇلاۋاتقان جان قوزام جەزمەن كۆز ئالدىدىكى بۇ ئايالنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئېغىشىپ تۇرۇپ سىسنىڭ بوينىغا سۆيمەكتە.

دەنۋېر بىلەن جان قوزام سىسنىڭ ئۆزىنى سۆيۈۋاتقان لەۋلەرنىڭ ھالىتىنىڭ قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ئەمەس، قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ شۇ سۆيۈشلەردىن ھۇزۇرلىنىشىنى قانداق قىلىپ توختىتىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسى شۇ ھالەتتە بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. ئاندىن سىس جان قوزامنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، كۆزىنى چىمچاقلاتقىنىچە ئەسلىگە كەلدى. سىس بۇ ئىشتىن كېيىن جان قوزامنىڭ نەپەس ھەمدى ساپ سۇتنىڭ ھەمدى بىلەن ئوخشاشلىقىنى بايقىدى. ئاندىن ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، قوپاللىق بىلەن شۇنداق دېدى:

— ئەمدى بولدى قىلىڭ، يېشىڭىز كىچىك ئەمەس، سىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭىز.

جان قوزام دەنۋېرگە قارىدى. بۇ ۋەھىمىنىڭ باشقا بىر ھادىسىگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بۇ كومېدىيەلىك كۆرۈنۈشكە خاتىمە بەردى.

— تۇرۇپ كېتىڭلار! تۇرۇپ كېتىڭلار ! — سىس قىزلارنى ئىتتىرىپ تۇرغۇزۇۋەتتى. ئۇلار «ئورماندىكى بوش يەر» دىن قايتقاندا كەلگەندىكىگە ئوخشاش سىس يول باشلىغان، ئىككى قىز ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا يۈرۈپ كەتتى. كۆپچىلىك كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاشلا گەپ - سۆزسىز كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرقى ھېسسىياتى كەلگەن چاغدىكى ھېسسىياتىغا قىلچىلىكمۇ ئوخشىمايتتى. سىس تولىمۇ مۇدھىش ھالەتتە

ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشى جان قوزامنىڭ سۆيۈشىدىن ئەمەس، سۆيۈشتىن ئىلگىرى جان قوزامنىڭ تولىمۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇۋۇلاپ ئاغرىقنى توختىتىشى، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ئاشۇ بارماقلار سەۋەبىدىن، شۇنداقلا ئاشۇ ئاۋۋال سىلىق ئۇۋۇلاپ، ئاندىن گېلىنى سىققان بارماقلار سەۋەبىدىن ئىدى. شۇ ئۇۋۇلاشلار ئۇنىڭغا قايسىدۇر بىر ئىشلارنى ئەسلەتكەنىدى. بىراق، ئۇ ئىشلارنىڭ قايسى ئىشلار ئىكەنلىكىنى سېس ئېسىگە ئالالمىدى. لېكىن، گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان يېرى، ئەمەلىيەتتە بېيبىي ساگىس ئۇنىڭ گېلىنى سىقمىغانىدى. سېس ئەمدىلىكتە — بايا ئويلىغىنىغا قارشى ھالدا — شۇنداق ئويلاشقا باشلىدى. دەنۋېرنىڭ دېگىنى توغرا. «ئورماندىكى بوش يەر» نىڭ ئەپسۇنىدىن يىراقلاشقاندا، بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن دەرەخ سايىلىرىنىڭ ئارىسىدا سېسنىڭ كاللىسى ئەسلىگە كەلدى. سېس ئاشۇ بارماقلارنى ئېسىگە ئالدى، سېس ئۇ بارماقلارنىڭ ھالىتىنى ئۆزىنىڭ بارماقلىرىنىڭكىدىنمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇ بارماقلار ئىلگىرى سېسنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى بىرمۇبىر يۇغانىدى. ئۇنىڭ نومۇسلۇق يېرىنى ئوراپ قويغان، چاچلىرىنى تاراپ قويغان، كۆكسىنىڭ تۇپچىسىغا ماي سۇركىگەن، ئۇنىڭغا كىيىم تىكىپ بەرگەن، پاچاقلىرىنى يۇغان، دۇمبىسىگە ماي سۇركىگەن، قولىدىكى ھەممە ئىشىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ گەدىنىنى ئۇۋۇلاپ قويغان، بولۇپمۇ دەسلەپكى كۈنلەردە سېسنىڭ روھىي ھالىتى ئۇ بارماقلارنىڭ ئىگىسىنىڭ ئېسىدە بار ۋە ئېسىدە قالمىغان ئىشلار تۈپەيلى تۈگىشىشكە باشلىغانىدى. «مۇئەللىم» نىڭ جىيەن ئوغۇللىرى ئۇنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈۋاتقان پەيتتە، «مۇئەللىم» بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپ، سېس ئۆز قولى بىلەن ياسىغان سىياھ ئارقىلىق شۇ ئىشلارنى خاتىرىلىگەن. ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىگىز شىلەپە كىيىپ تىك تۇرغان ئايالنىڭ (ئۇ ئايال سېسنىڭ ئاپىسى) چىرايى سېسنىڭ خاتىرىسىدە ئەكس

ئېتىشكە باشلىدى. دۇنيادىكى بارلىق قوللارنىڭ ئىچىدە سېس ماموۇق ئىزدەپ ماڭغان ئاق تەنلىك قىزنىڭ قوللىرىنى تونۇۋالغاندەكلا، بېيبىي ساگىسنىڭ قوللىرىنىمۇ تونۇۋالالايتتى. ئون سەككىز يىلدىن بېرى ئۇ ياشاۋاتقان ئۆي باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن سىلاش - ئۇۋۇلاشلار بىلەن تولغانىدى، ئاشۇ ئۇۋۇلاشلار ئۇنىڭ گەدىنىنى ئۇۋۇلىغان ئاشۇ بارماقلارنىڭ ئۇۋۇلىشى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. بەلكىم ئۆيدىكى ئەرۋاھ پاۋۇل . D قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن «ئورماندىكى بوش يەر»گە بارغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى سېس.

سېس قۇياش نۇرىنىڭ ئاجىز تەپتى چۈشۈپ تۇرغان يېشىل كارىدوردا ئالدىراپ كېتىۋاتقاندا، ئىككى قىزچاقنىڭ بىر قورساق ئاچا - سىڭىللاردەك بىر - بىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى توساتتىن ھېس قىلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە بىر - بىرىگە ئامراقلىقى ۋە بىر - بىرىگە بەك ئىشىنىدىغانلىقى سېسنىڭ كاللىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. سېس دەنۋېرنى چۈشىنەتتى، يالغۇزلۇق دەنۋېرنى ھەممە ئىشنى يوشۇرىدىغان قىلىپ قويغانىدى. ئۆلگىنىگە نەچچە يىل بولغان بىر جاننىڭ ئەرۋاھى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە قىزنى تۇرغان - پۈتكىنىنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويغان ۋە سەزگۈرلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

سېس بوسۇغىدىن پۈتىنى ئالماي تۇرۇپلا ئاشخانىدىكى نەرسىلەرنى ئويلاشقا باشلىدى. كاللىسىنى ئۆزى لايىھەلىگەن تاماق رىسالىسى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، دەماللىقتا ئاق پەلەمپەينىڭ ئاستىدىكى ياغاچ داسنى ۋە داس ئىچىدىكى پاۋۇل . D نى كۆرمىدى. پاۋۇل . D نى كۆرگەندىن كېيىن سېس ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. پاۋۇل . D مۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— يازمۇ ئۆتۈپ كەتتى مانا، — دېدى سېس.

— كىرىڭە.

— قىزچاقلار كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ.

— مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىمغۇ.
— مەن بېرىپ تاماق ئېتەي، پاۋۇل . D.
— مەنمۇ تاماق ئېتىمەن، — پاۋۇل . D ئورنىدىن تۇرۇپ سېسنى قۇچاقلىۋېلىپ ماڭغىلى قويىمىدى. پاۋۇل . D نىڭ بەدىنىدىكى سۇ سېسنىڭ كۆڭلىكىنى ھۆل قىلىۋەتتى. پاۋۇل . D ئېڭىكىنى سېسنىڭ قۇلىقىغا سۈركىدى. سېسنىڭ ئېڭىكى پاۋۇل . D نىڭ مۈرىسىگە سۈركىلەتتى.
— نېمە تاماق ئېتەي دەيسىز؟
— پۇرچاق پىشۇرايمىكىن دەيمەن.
— ھە، ياخشىغۇ.
— قوناقمۇ قورۇيمۇ؟
— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى.
ئەلۋەتتە، سېسنىڭ بۇلارنى تەييارلاشقا قۇربى يېتىدۇ. 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە يېڭى كەلگىنىدىكىدەك، ئۇنىڭ سۈتى گەپ ـ سۆزسىز ھەممە بالىسىنىڭ ئېمىشىگە يېتەتتى.

جان قوزام ئىشكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئەسلىي جان قوزامنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئاڭلىماي قالدى.
ھاسىراشلار... پىچىرلىشىشلار... ئىشىك جان قوزامنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇلغاندىلا، ئۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. ئىشكنىڭ جاڭگىدە قىلغان ئاۋازى بىلەن جان قوزام سەكرەپ كەتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ، پەلەمپەينىڭ ئارقىسىدىكى ئاۋازلارنى چۈشەندى. جان قوزام بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ كىرگەندىلا سېس بىلەن بولغان ئارىلىقى يېقىن ئىدى، ئەمدىلىكتە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. جان قوزامنىڭ شۇ تاپتىكى غەزىپى سېسنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتى يوق ئىشلارنى قىلغاندىكى ياكى ئويلىغىنىدىكى غەزىپىدىن ئاسمان ـ

زېمىن پەرقلىنەتتى. سېس ھەپتىدە بىر كۈننى چىقىرىۋەتكەندە ھەر كۈنى توققۇز ـ ئون سائەت ئىشلەشكە بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ھەتتا تام بىلەن ئىشىك تۈتقۈچىنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتقان ئاشۇ كېچىلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيتتى، ئۇ چاغلاردا سېس ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن كۆزگە چېلىقمايتتى.

ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە پاۋۇل. D دىن ئاغرىنىش كېرەك. پاۋۇل. D سېسقا ئورمانغا بېرىپ تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلىشنى ئېيتقان. كېچىلىرى پاۋۇل. D سېسنى ئىشكىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرغانىدى. ھازىرمۇ ئۇ سېسنى ئىگىلىۋېلىپ، پەلەمپەينىڭ ئارقىسىدا كۈسۈرلىماقتا.

جان قوزام كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. دەنۋېر بىر بولسا تېخى كېلىپ بولالمىغانىدى، بىر بولسا ئىشىك ئالدىدىكى بىرەر جايدا ساقلاۋاتاتتى. جان قوزام ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى. يېرىم يولدا توختاپ، دەرەخنىڭ ئۇچىدىن غولىغا قاراپ ئۇچۇۋاتقان بىر قىزىل قۇشقاچنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى قۇشنىڭ ئۇچۇشىغا ئەگىشىپ يۆتكىلەتتى. قۇشقاچ يوقالغاندىلا، ئۇ قۇشنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ھالدا يولىنى داۋاملاشتۇردى.

جان قوزام ئاخىر كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئورماننى كېسىپ ئۆتۈپ ئېرىق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئېرىق بويىدا تۇرۇپ، ئېرىق سۈيىگە چۈشكەن كۆلەڭگىسىگە نەزەر سالدى. دەنۋېرنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇنىڭ سۇدىكى كۆلەڭگىسىنىڭ يېنىدا پەيدا بولغاندا، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— سىز شۇنداق قىلغانمۇ؟ مەن ئۇنى كۆردۈم.

— نېمىنى دەيسىز؟

— سىزنىڭ چىرايىڭىزنى كۆردۈم. ئۇنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى.

— مەن ئۇنداق قىلمىدىم.

— سىز ماڭا سېسنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز.

— ئۇنىڭ بويىنىنى مەن ساقايتتىم. شۇنداقتۇ؟

— ئۇ كېيىنكى ئىش، سىزنىڭ ئۇنىڭ بويىنىنى سىققىنىڭىزدىن كېيىنكى ئىش.

— مەن ئۇنىڭ بويىنىغا سۆيدۇم. گېلىنى سىقمىدىم. تۆمۈر چەمبىرەك سىقتى.

— مەن سىزنىڭ شۇنداق قىلغىنىڭىزنى كۆردۈم، — دەنۋېر جان قوزامىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى.

— دىققەت قىلىڭ، قىزچاق، — جان قوزام شۇنداق دېگىنىچە دەنۋېرنىڭ قولىدىن سۇغۇرۇلۇپ، ئورمانىنىڭ بىر تەرىپىدە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنى بويلاپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى.

دەنۋېر ئۇ يەردە ئۆزى يالغۇز قالدى، خاتا چۈشىنىپ قالدىمۇ نېمە، دېگەن خىيال بىلەن ئەجەبلەندى. ئەينى ۋاقىتتا — سېس تاش ئۇستىدە ئولتۇرغاندا، ئۇ جان قوزام بىلەن ئورماندا تۇرۇپ قۇلاق يېقىشىپ كۇسۇرلاشقانىدى. دەنۋېر ئورماندىكى بوش يەرنىڭ بېيبىي ساگسىنىڭ ۋەز ئېيتىدىغان جايى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، بېيبىي ساگىس ۋەز ئېيتقان شۇ چاغلاردا ئۇ تېخى كىچىككىنە بوۋاق ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن كېيىنچە ئۆزىنىڭ نەلەرگە بارغىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى. 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي ۋە بۇ ئۆينىڭ كەينىدىكى دالا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزى بىلىدىغان ۋە موھتاج بولىدىغان دۇنيانىڭ ھەممىسى ئىدى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەن ئىلگىرىكى مەزگىللەردە ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندى، شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلگۈسى كەلدى. ئۇ چىغىر يولنى بويلاپ يەنە بىر ھەقىقىي ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىلگىرى دېرىزە ئاستىدا ئوغرىلىقچە تىڭشايتتى. ئۇ تۆت قېتىم شۇنداق قىلغانىدى: ئاپىسى بىلەن مومىسى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بولغان، ھوشيارلىقنى

بوشاشتۇرۇپ ئازادە ھالەتتە تۇرغان، تېخى كەچلىك تاماقنى تەييارلىق قىلىش باشلانمىغان چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتتا دەنۋېر غىپپىدە قىلىپ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن چىقىپ، كەچلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرىكى بىر ئاز بوش ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىناتتى. باشقا باللار بارالايدىغان، لېكىن ئۆزى بارالمايدىغان ئاشۇ ئۆيگە ئوغرىلىقچە باراتتى. ئۆينىڭ يېنىغا بارغاندا قورقۇنچاقلىقىدىن ئۆينىڭ ئىشىكىگىچە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، پەقەتلا دېرىزىدىن بوينىنى سوزۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە ئوغرىلىقچە مارايتتى. ئۆي ئىچىدە جونېس خانىم يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، بىرنەچچە بالا باداشقان قۇرغان ھالدا يەردىكى پولدا جونېس خانىمغا قاراپ ئولتۇراتتى. جونېس خانىمنىڭ قولىدا كىتاب بار ئىدى، باللارنىڭ قولىدا بولسا تاش تاختا بار ئىدى. جونېس خانىم بىرنېمىلەرنى دەيتتى، بىراق، بەك تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، دەنۋېر ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمايتتى. باللار جونېس خانىمنىڭ دېگىنىگە ئەگىشەتتى. دەنۋېر مۇشۇ ئۆيگە تۆت قېتىم كەلدى. بەشىنچى قېتىم جونېس خانىم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: «ئالدى ئىشىك بىلەن كىرىڭ، دەنۋېر خانىم، بۇ ھەرگىزمۇ ئويۇن ئەمەس» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ساق بىر يىلدەك ۋاقىت ساۋاقداشلار بىلەن بىللە ئوقۇدى، ئېلىپبە ۋە ھېساب ئۆگەندى. ئۇ چاغدا دەنۋېر يەتتە ياشتا ئىدى. چۈشتىن كېيىنكى ئاشۇ ئىككى سائەتلىك ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى. تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى، بۇ ئىككى سائەتتە ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزىگە تايىناتتى. يەنە كېلىپ، ئاكىلىرىنىڭ ۋە ئاپىسىنىڭ خالىغانچە سىرتلارغا چىقىشىغا توسالغۇ بولمايتتى. ئۇ ھەر ئايدا جونېس خانىمغا بەش سېنت تاپشۇراتتى. جونېس خانىم ئاق تەنلىكلەر قانۇنلۇق، ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايدىغان ئىشنى قىلاتتى: ئۇنىڭ كىچىككىنە مېھمانلىق ئۆيى كىتاب ئوقۇشقا

قىزىقىدىغان ۋە ۋاقتى چىقىدىغان نىگىر باللار بىلەن لىق تولغانىدى. جونىس خانىمغا بىرىدىغان بەش سىنتنى قول ياغلىقىغا چىگىپ بىلىگە تاڭغىنىچە ئىلىپ ماڭغان دەنۋېرنىڭ غەيرىتى ئۇرغۇپ، قانلىرى ئۆركەشلەپ كېتەتتى. ئۇ بوردا سەت ئاۋاز چىقارماستىن خەت يېزىشنى كۆپ مەشىق قىلدى. دەنۋېر W نىڭ چوڭ يېزىلىشىغا ۋە i نىڭ كىچىك يېزىلىشىغا ئامراق ئىدى. ئۆزىنىڭ ئىسمىغا كېلىدىغان ھەرپلەرنى ۋە جونىس خانىم دەرسلىك قىلىپ ئۆتىۋاتقان «ئىنجىل» دىكى قايغۇلۇق جۈملىلەرنى ياخشى كۆرەتتى. دەنۋېر ھەر ئەتىگىنى دەرسلەرنى تەكرارلاپ، چۈشتىن كېيىن تالانتىنى نامايان قىلغىلى دەرسكە ماڭاتتى. ئۇ شۇ دەرىجىدە خۇشال بولغانلىقتىن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشىمۇ ئۇنىڭغا بىلىنمەيتتى: ئۇلار ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭمايتتى. نېلسون لورد ئىسىملىك دەنۋېرگە ئوخشاشلا ئەقىللىك ئوغۇل بالا ئۇلارنىڭ دەنۋېرنى چەتكە قېقىشىغا خاتىمە بەردى. ئۇ دەنۋېردىن ئاپىسى توغرۇلۇق سوئال سورىدى. بور، i نىڭ كىچىك يېزىلىشى ۋە چۈشتىن كېيىنكى باشقا ئىشلارنى ئېغىزغا ئېلىپ يۈرمىدى. ئۇ دەنۋېردىن سوئال سورىغاندا دەنۋېر كۇلۇپلا قويسىمۇ ياكى ئۇنى بىر ياققا ئىتتىرىۋەتسىمۇ بولاتتى. بىراق، نېلسون لوردنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە ئاۋازىدا يامان نىيەت يوق ئىدى، پەقەت قىزىقىۋاتقانلىقى ئۇچۇن شۇنداق سوراۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ سوئال سورىغاندا دەنۋېر ھەيرانلىق ھېس قىلىپ، يۈرەكلىرى سىلىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ سورىغانلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان ئىشلار ئىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ دەنۋېر مەكتەپكە بارمىدى، سىپس نىمىشقا بارمايدىغانلىقىنى سورىسىمۇ جاۋاب بەرمىدى. دەنۋېر نېلسون لورد سورىغان سوئالنى ئاكىلىرىدىن ياكى باشقا بىرەرسىدىن سۈرۈشتۈرۈپ جاۋابىنى بىلىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، دەنۋېرنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاشۇ قورقۇنچلۇق، غەلىتە

ئىشىغا بولغان ھېسسىياتى ئەمدىلىكتە يۇرىكىدىن سەكرەپ چىققان نەرسىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشماقتا ئىدى. بېيبىي ساگىس ۋاپات بولغاندىن كېيىن دەنۋېر ئاكىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئەجەبلىنىپ يۈرمىدى. ئۇ سېسىنىڭ ئۆيدە جىن بار بولغانلىقى ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن، دېگەنلەرگە چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئىشەنمىدى. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، ئۇلار نېمىشقا ئۇنداق كېيىن چىقىپ كېتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەرۋاھ بىلەن بىر ئۆيدە ياشىغان ۋاقتى دەنۋېرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئۇزاق تۇرسا. نېلسون لوردنىڭ ئۇلار ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولغانلىقتىن، بارچە ئامال بىلەن ئۆيدىن يىراققا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگىنى راستىمدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەنۋېر پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ئەرۋاھقا قارشى تۇرۇشقا باشلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ سېسقا مۇناسىۋەتلىك قاباھەتلىك چۈشتىن قۇتۇلدى. نېلسون لوردنىڭ سوئال سورىشىدىن ئىلگىرى، دەنۋېر ئەرۋاھنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى. كېيىن ئەرۋاھ ئۇنى خاپا قىلغىلى تۇردى، قىلمىقسىزلىقلار دەنۋېرنى ھاردۇرۇپ ھالىنى قويمىدى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ باللارغا ئەگىشىپ جونېس خانىمنىڭ مەكتىپىگە ماڭغان ۋاقىتقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بارلىق غەزىپى، مۇھەببىتى ۋە قورقۇنچى ئاشۇ ئەرۋاھقا باغلاندى. ئۇ بۇ ئىشلاردا زادى قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمىدى، ھەتتا ئۇ غەيرىتىنى يىغىپ نېلسون لورد سورىغان سوئالنى مومىسىدىن ۋە ئاپىسىدىن سورىغاندىمۇ ئۇنىڭ جاۋابىنى ئالالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. سايمۇ ساق ئىككى يىل ۋاقىتتا ئۇ قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان جىمجىتلىق ئىچىدە ياشىدى. بىراق، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كۆزىدە ئۆزىنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر خىل كۈچ پەيدا بولدى. مەسىلەن، ئۇ ئاتمىش ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى دەرەخ

شىخنغا قونۇۋالغان قۇشقاچنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىنى كۆرەلەيتتى. ئۇ دەلمۇدەل ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى. كېيىن تۇساتتىن گۈلدۈرلەپ پەلەمپەيگە چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدى، بېيىبىي ساگىس ئۆيدىكى ئىت ئەزەلدىن كىرىپ باقمىغان جايغا كىردى، دەپ چۈشەندى. سىپىس بولسا، باللار ئويناۋاتقان ئىندىيان شارى پەشتاقتىن دومىلاپ چۈشتى، دەپ ئويلىدى.

— ئۇ ئۆلگۈر ئىت ھوشىدىن كەتتىمۇ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى بېيىبىي ساگىس.

— ئىت دالاندا، ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز چىقىپ قاراپ بېقىڭ، — دېدى سىپىس.

— ئۇنداقتا، ئاڭلىغىنىم نېمە ئاۋاز؟

سىپىس تاققىدە قىلىپ مەشىنىڭ ئاغزىنى ياپتى.

— بۇگلار! بۇگلار! سىلەرگە ئۆيدە توپ ئوينىماڭلار دېمىگەنمىدىم! — سىپىس ئاق پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ قويدى. دەنۋېر ئەڭ ئۈستۈنكى پەشتاقتا ئىدى.

— ئۇ پەشتاققا چىقىشنى ئۆگەنگىلى تۇرۇپتۇ.

— نېمە؟ — سىپىس مەشىنىڭ ئاغزىنى ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان لاتىنى قولىدا چاڭگاللىۋالغانىدى.

— ھېلىقى كىچىك بالا، — دېدى دەنۋېر، — ئۇنىڭ ئۆمىلەۋاتقىنىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

ئەمدىلىكتە مۇنداق سوئال تۇغۇلىدى: زادى دەنۋېر بىرەر شەپىنى سەزدىمۇ ياكى ئۆمىلىگۈدەك بولغان كىچىك بوۋاق خالىغىنىنى قىلىپ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىمۇ؟

دەنۋېرنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ئاڭلىسا چىداپ تۇرالمايدىغان جاۋاب سەۋەبلىك رولىنى يوقاتقانىدى. ئەمدىلىكتە ئۆلۈپ كەتكەن ھەدىسىنىڭ پەلەمپەيگە چىقماقچى بولغاندىكى شەپىسىدىن ئۇنىڭ قۇلىقى ئېچىلدى. بۇ ئىش 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكىلەرنىڭ تەقدىرىدە يەنە بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنىڭ

بەلگىسى ئىدى. بۇگلار بىلەن خوۋاردقا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە ئاياللار بىلەن بىللە تۇرۇش ھار كەلدى. ئۇلار شەھەردىكى سۇ توشۇيدىغان ۋە ھايۋانلارغا يەم بېرىدىغان ۋاقىتلىق خىزمەتكە بارمىسا، دائىملا بىئارام بولۇپ، ئۆي ئىچىدىكى ئاياللاردىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى. ئاخىر ئۆيدىكىلەر بۇگلار ۋە خوۋارد ئىككىسىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. بېبىي ساگىس ھېرىپ كەتكەنلىكتىن دائىملا كارىۋاتتا ياتاتتى. مۇماي زەئىپ، ئەمما ئۇلۇغۋار غايىلەر بىلەن تولغان يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغانغا قەدەر شۇنداق قىلدى.

ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بولغان ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بېبىي ساگىس كارىۋاتتىن چۈشۈپ، مىسلىداپ، دەلدەڭشىگەن ھالدا ياتاق ئۆيگە كىردى. سىپس بىلەن دەنۋېرغا ئاتمىش يىللىق قۇللۇق ھاياتى ۋە ئون يىللىق ئەركىن ھاياتىدىن خۇلاسىلىگەن دەرسىنى تاپىلىدى: «دۇنيادا ئاق تەنلىكلەردىن باشقا بەختسىزلىك يوق». بېبىي ساگىس «بۇلار بۇ گەپنى ھازىرچە چۈشىنىپ بولالمىدى» دېدى ـ دە، ئۇلاردىن ئايرىلىپ كارىۋىتىغا چىقتى، يوتقىنىنى يېپىنىپ ياتتى. ئۇلارغا بايىقى ئىدىيەنى مەڭگۈلۈك مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

بۇنىڭدىن كۆپ ئۆتمەي، سىپس بىلەن دەنۋېر ئاشۇ ئەرۋاھنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. ئاقىۋەتتە بىر ئەر كىشى — پاۋۇل . D پەيدا بولدى، ئەرۋاھنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى. كارىۋال بايرىمىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، دەنۋېر پاۋۇل . D دىن كۆرە غەزىپى تاشقان ئاشۇ بوۋاقنى قوبۇل قىلىشنى خالايتتى. پاۋۇل . D پەيدا بولغان دەسلەپكى كۈنلەردە دەنۋېر ئاشۇ ئالچۇقتا ئامال بولسىلا ئۇزاقراق تۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇ تاغدەك تەنھا ئىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ھەمراھى بار، پەقەت ئۇنىڭلا يوق،

ئەدناسى بىر ئەرۋاھنى ھەمراھ قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولمىغانىدى. دەنۋېر شۇ كۈنلەردە دائىم مۇشۇلارنى ئويلايتتى، شۇڭلاشقا ئۇ ئاشۇ قارا كۆڭلەكنى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى بوغقۇچى چىگىلمىگەن بىر جۈپ ئاياغنى كۆرگەندە، پۈتۈن بەدىنى جۇغۇلداپ كېتەتتى، مەخپىي ھالدا خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇيتتى. جان قوزامنىڭ قانچىلىك جەلپ قىلىش كۈچى بولسۇن، ھەيۋىسى قانچىلىك بولسۇن، جان قوزام ھامان دەنۋېرنىڭ ئىدى. جان قوزامنىڭ سېس ئۈچۈن پىلانلىغان پىلانىنىڭ خەتىرىنى ئويلىغىنىدا، دەنۋېر ھوشيارلىشاتتى، لېكىن يەنىلا قارشى تۇرغۇدەك كۈچىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ باشقىلارنى جان - دىل بىلەن ياخشى كۆرۈشكە بەكمۇ ئىنتىزار بولۇپ كەتكەنىدى. «ئورماندىكى بوش يەر» دىكى ئاشۇ ئىش ئۇنى خىجىل قىلاتتى. چۈنكى، سېس بىلەن جان قوزامنىڭ بىرىنى تاللاش ئىشىدا ھېچقانداق زىددىيەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

دەنۋېر ئالچۇقتىن ئايرىلىپ، ئېرىق تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، لېكىن جان قوزام راستلا ئاپامنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولسا، ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك، دېگەن خىيالدىن نېرى بولالمىدى. ئۇ بۇنداق بولۇشىغا قاراپ تۇرالامدۇ؟ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش. نېلسون لورد شۇنداق دېگەن: «ئاپىڭىز قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتى تۈپەيلى سولانمىدىمۇ؟ ئۇ كىرىپ كەتكەندە كەينىدە سىز ئىدىڭىزغۇ؟»

ئاشۇ ئىككىنچى سوئال شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەنۋېرنىڭ سېستىن سورىغان تۈنجى سوئالى بولۇپ قالدى. ئاشۇ چاغدا پولتوڭلاپ كەتكەن نەرسە مۇشۇنداق بىر جايغا نىقتاپ قويۇلغانىدى: قاراڭغۇلۇق، بىر تال تاش، يەنە ئۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان مەلۇم بىر نەرسە. ئۇ جاۋابنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا قۇلىقى پاك بولۇپ قالغان. قۇياش نۇرى چۈشكەن جايلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئېچىلىپ، قۇياش نۇرى يىتكەندە

چىڭگىدە يۇمۇلۇۋالىدىغان يەسىمەنگۈلىدەك، دەنۋېر ئىزچىل ئاشۇ بوۋاقنى كۈتتى. ئەتراپىدىكى ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. پاۋۇل .D كەلگۈچە شۇنداق بولدى. بىراق، پاۋۇل.D نىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى جان قوزامىنىڭ قايتا تىرىلىشى بىلەنلا تەبىئىي ھالدا تەسىرىنى يوقاتتى.

كۆز ئالدىدا، ئېرىق بويىدا دەنۋېر جان قوزامىنىڭ سۈرىتىنى كۆرەلەيدۇ: ئۇنىڭ يالىڭاچ پۇتى سۇ ئىچىدە، قارا كۆڭلىكى پاقالچىقىغىچە تۈرۈلگەن، چىرايلىق بېشى پۈتۈن دىققىتى بىلەن يەرگە ساڭگىلىغان.

دەنۋېر كۆزلىرىدىن ياش ئاققان ھالدا جان قوزامىغا يېقىنلاشتى — ئۇ بىر جۈملە سۆزنى دېيىشكە، كەچۈرۈمنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆزنى دېيىشكە زارىققانىدى.

دەنۋېر ئايىغىنى سالدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پۇتىنى سۇغا تىقتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ نەزىرىنى جان قوزامىنىڭ بېشىدىن بىر نەرسىگە تىكىلىۋاتقان كۆزىگە يۆتكىدى.

بىر تاشپاقا ئېرىقنى بويلاپ ئاستا ماڭغانچە بىر بۇرۇلۇپلا قۇرغاق يەر تەرەپكە يول ئالدى. ئۇنىڭ كەينىدە، يېقىنلا يەردە يەنە بىر تاشپاقىنىڭ بېشىمۇ شۇ يۆنىلىشكە قارىغانىدى. كەينى تەرەپتىكى چۆپلۈكتىن ئەركەك تاشپاقا تېزلىك بىلەن ئۆمىلەپ چىقىپ، يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن چىشى تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىلدى. ئەركەك تاشپاقا ناھايىتى جەسۇر ئىدى، ئۇنىڭ چىشى تاشپاقىنىڭ مۇرىسى يېنىدىكى پۇتى توپىغا پېتىپ كەتتى. ئەركەك تاشپاقىنىڭ بوينى تۆۋەنگە ئىنتىلگەن، چىشى تاشپاقىنىڭ بولسا يۇقىرىغا سوزۇلغان، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرى چىرمىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بېشى بىر - بىرىنىڭكىگە سۈركىلەتتى. چىشى تاشپاقا ئېچىرقىغان گەجگىسىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئادەملەر بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە سوزغاندەك، چىشى تاشپاقا بوينىنى ئەركەك تاشپاقىغا سوزدى، ئەركەك

تاشپاقىنىڭ يۇزىگە قېنىمۇبلىش ئۇچۇن ئۇۋۇسىنىڭ سىرتىدا ھەممە نەرسىگە تەۋەككۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ كېلەڭسىز قاسراقلىرى بىر - بىرىگە ئۇرۇلاتتى...

جان قوزام يوپكىسىنى تۇردى، يوپكىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا كەڭرى ئېچىلدى، ئاندى سۇغا چىلىشىپ، رەڭگى تۇتۇقلاشتى.

«ئەپەندى» نىڭ كۆزى يەتمەيدىغان يەرگە بېرىۋېلىپ، خورازلار بېشىنىڭ خىرىسىدىن قۇتۇلغان پاۋۇل. D تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تىترىشى تۇيۇقسىز باشلانغانمۇ ئەمەس، شۇنداقلا بۇنى ئاسانلىقچە بايقىۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ بوينى ئارغامچا بىلەن باغلىنىپ، ئات هارۋىسىنىڭ ئوقىغا چېتىلغاندا، ئۇ ئامالىنىڭ بارىچە بوينىنى بۇراپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم «قېرىندىشى»نى كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلغاندا؛ كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ قول ـ پۇتىغا كويزا ـ كىشەن سالغاندا ئۇنىڭدىن تىترەشنىڭ ئېنىق ئالامەتلىرىنى سەزگىلى بولمايتتى. ئۇ مىڭ ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى، بەش ئىنگلىز چىسى كەڭلىكتىكى، بەش ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى توپىلىق كارىز ئىدى. ئاشۇ يەردىكى ياغاچ زىندانغا كىردى. زىنداننىڭ ئىشىكى سىرتماق ئارقىلىق ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ ئېچىلاتتى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا بوشلۇق بار ئىدى، ئالدىدا ئۈچ ئىنگلىز چىسى نېرىسىغا كولانغان خەندەك بار ئىدى. ئۆملەيدىغان ۋە ماڭىدىغان نەرسىلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان مۇنداق گۆردىن بۇنىڭكىنى قوشقاندا جەمئىي قىرىق بەشى بار ئىدى. پاۋۇل . D نى «مۇئەللىم» بىراندى هارىقى ئىشلەيدىغان كىشىگە سېتىۋەتكەنىدى. پاۋۇل . D بىراندى هارىقى ئىشلەيدىغان كىشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرگە سولاندى. ئەسلىدە بىراندى هارىقى سودىگىرى پاۋۇل .

D ۋە باشقا ئون قۇلدىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، كېيىنكى ئارقىلىق ۋىرگىنىيە ئىشتاتىغا بارماقچى ئىدى. پاۋۇل . D خالىلى، سىكسو، پاۋۇل . A، پاۋۇل . F ۋە «ئەپەندى» دەپ ئاتىلىدىغان خورازدىن باشقا زادى نېمىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇن بىلەن ئويىنىشىشقا تۇرتكە بولغىنىنى بىلەلمىدى. كېيىن ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئايدىڭلاشتۇرغىنىدا ئاللىبۇرۇن تىترەشكە باشلىغانىدى.

ئاۋۋال كۆكسىدىن باشلىنىپ، ئاندىن دولىسىغا تۇتاشقان تىترەك ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۇز بېرىۋاتقانلىقتىن، بۇنى باشتىن ـ ئاياغ ھېچ كىشى سېزەلمەيتتى. تىترەك دەسلەپتە مەيىن شامالدەك باشلىنىپ، كېيىن ئەسەبىيلىشەتتى، ئۇنى ئېلىپ جەنۇب تەرەپكە كېتىمدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ مۇز تۇتۇپ كەتكەن كۆلگە ئوخشاش قېتىپ كەتكىنىگە يىگىرمە يىل بولغان قانلىرى ئېرىشكە، پارچىلىنىشقا باشلىدى. ناۋادا ئۇنىڭ قېنى ئېرىسە، چۈرگۈلەشتىن باشقىسى بولمايتتى، بۇنىڭدىن باشقا تاللىشى يوق ئىدى. بەزى چاغلاردا تىترەك ئۇنىڭ يوتىسى ئىچىدە بولاتتى، ئاندىن ئۇمۇرتقىسىنىڭ ئاستى تەرىپىگە كۆچەتتى. ئۇ كىشىلەر ئۇنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ، كۆز ئالدىدا ياۋا ئوت ـ چۆپلەر شىلدىرلاپ تۇرغان دۇنيا نامايان بولغاندا، بۇ يەردە ئىت تۇيى ۋە كىچىك ئىككى ئېغىز ياغاچ ئۆيدىن باشقا نەرسە يوقلۇقىنى كۆردى، ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، قانلىرى ھاياجانلىق ئۆركەشلىدى، لېكىن بۇنى ھېچكىم سېزەلمىدى. ئۇ كويزا سېلىنىشى ئۈچۈن قوللىرىنى چىقاردى. ئۇنىڭ بېغىشلىرى كۈچتۈڭگۈر ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ بەدىنىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پۇتلىرىغا كىشەن سالدى. پۇتلىرىمۇ شۇنداق كۈچتۈڭگۈر ئىدى. بىراق، ئۇلار ئۇنى قەپەسكە سولاپ، قەپەس ئىشىكىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن باشلاپ ئۇنىڭ قوللىرى گەپ ئاڭلىماسلا بولدى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىپ كېتەتتى، ھېچقانداق نەرسە بۇ قوللارنى توختىتالمايتتى، شۇنداقلا ھېچقانداق

نەرسە بۇ قوللارنىڭ دىققىتىنى تارتالمايتتى. بۇ قوللار ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى تۇتۇپ كىچىك تەرەت قىلىشىغا ياكى قوشۇق تۇتۇپ ئاغزىغا لىما پۇرچىقى سېلىشىغا بويسۇنماي، قارشىلىق كۆرسىتەتتى، پەقەت تاڭ ئېتىپ، ئۇنىڭ قولىغا بازغان چىققاندا، قوللار ئۇنىڭغا شۇنچىلىكمۇ ماسلىشىپ بېرەتتى.

مىلتىق ئاۋازىدىن قىرىق ئالتە ئەر ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. قىرىق ئالتىسىنىڭ ھەممىسى ئويغاندى. ئۈچ ئاق تەنلىك خەندەكنى بويلاپ كېلىپ، قەپەسلەرنىڭ قۇلۇپىنى كەينى – كەينىدىن ئاچقىلى تۇردى، ئەڭ ئاخىرقى قۇلۇپ ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۈچ ئاق تەنلىك قەپەسلەرنىڭ ئاغزىنى بىر – بىرلەپ ئېچىشقا باشلىدى. نېگىرلار قەپەستىن چىقىشقا باشلىدى. قەپەستە بىرەر كۈن يېتىپ باققانلىكى نېگىر بولسا، قەپەستىن چىقىشتا ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلالاتتى. پاۋۇل. D غا ئوخشاش يېڭى كەلگەنلەرگە بولسا بىرەر قېتىم مىلتىق پايىنىكى تەگكەندىلا ئاندىن چەبدەسلىكنى ئۆگىنەتتى. قىرىق ئالتە ئادەم خەندەك ئىچىدە ئۇزۇن بىر سەپ بولۇپ تىزىلىپ بولغاندا، يەنە بىر مىلتىق ئېتىلىپ، ئۇلارنى خەندەكتىن ئۈستىگە چىقىشنى بۇيرۇيتتى. خەندەكتىن چىققاندا، جورجىيە بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر بۇ ئەمگەكچىلەر زەنجىر – كىشەنلەر بىلەن بىر – بىرىگە چېتىلغان ھالدا بەللىرىنى ئەگكىنىچە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. ئەڭ بېشىدىكى مەھبۇس قۇل زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى كۆتۈرۈپ پۇتىدىكى كىشەنگە باغلايتتى، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، زەنجىرنى يېنىدا تۇرغان مەھبۇسقا بېرەتتى، بۇ مەھبۇسمۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش زەنجىرنى يېنىدا تۇرغىنىغا بېرەتتى. زەنجىرنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان مەھبۇسنىڭ پۇتىغا چېتىلىپ، ھەممە مەھبۇس قۇللار بىر – بىرى بىلەن چېتىلىپ بولغاندا، بۇ بىر سەپ ئەر كەينىگە بۇرۇلۇپ، يۈزىنى بايا ئۆزلىرى يامىشىپ چىققان قەپەس تەرەپكە قارىتاتتى. مەھبۇسلاردىن ھېچبىرى باشقا بىرىگە گەپ

قىلمايتتى. بىرەر گەپ قىلماقچى بولسا كۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى: «بۈگۈن ئەتىگەندە ماڭا بىر ياردەم قىلىۋەتكىن، چاتاق بولدى»، «مەن هايات»؛ «مەن يېڭى كەلدىم»؛ «ئالدىرىما، هازىر ۋاقتى ئەمەس»...

ئۇلار شۇ هالەتلىرى بىلەن تىزلاندى. بۇنداق چاغدا شەبنەملەر كۆپىنچە هالدا تۇمانغا ئايلانغان بولاتتى، بەزىدە ئەهۋال بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولاتتى. ئىت قاۋىماستىن جىمجىت نەپەس ئېلىۋاتقان بولسا، كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلداشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۇلار تۇمان ئارىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە، بىر - ئىككى ياكى ئۈچ گۈندىپاينىڭ قىيناشلىرىنى كۈتەتتى. ئۈچ گۈندىپاينىڭ كاللىسىدا بىرلا ئۇسۇل پەيدا بولۇشى — مەلۇم مەهبۇسقا قانداق تاقابىل تۇرۇش ياكى هېچكىمنى ئازابلىماسلىق ياكى هەممىسىنى جازالاش توغرۇلۇق بىردەك پىكىردە بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— ناشتا؟ ناشتا قىلغۇڭ بارمۇ، زەڭگى؟

— شۇنداق، ئەپەندى.

— قورسىقىڭ ئېچىپتۇ - دە، زەڭگى؟

— هەئە، ئەپەندى.

— ئۇجمەڭنى يە، هۇ ئاناڭنى...

بەزىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغانلاردىن بىرسى كاللىسىغا مىلتىق بىلەن ئۇرۇلۇپ، خۇدانىڭ دەرگاهىغا كېتىشكە تاللىنىشى، ئۇياتلىق جايلىرىنىڭ تېرىلىرى كېسىلگەن هالدا خۇدانىڭ دەرگاهىغا كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدا پاۋۇل . D بۇ بەختسىز كىشىنىڭ كىم بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. كۆزەتچى پاۋۇل . D نىڭ ئوڭ يېنىدىكى تۇمان ئىچىدە تىزلىنىپ تۇرغان مەهبۇسنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا، پاۋۇل . D ئۆزىنىڭ تارتىشىپ قېلىۋاتقان هالىتىنى كۆزەتكەچ، بىر تەرەپتىن كۆزەتچىنىڭ هىدىنى پۇراپ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزەتچىنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان غۇرتۇلدىغان ئاۋازغا زەن سالدى. پاۋۇل . D

ئەمدىكىسىنىڭ ئۆزى بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، قورۇق ھۆ بولىدى. لېكىن، ئۇ ھېچنېمىنى ياندۇرالمىدى. كۆزى ئىتتىك كۆزەتچىدىن بىرسى مىلتىقىنىڭ پايىنىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ دۇمبىسىگە زەرب بىلەن ئۇردى. پاۋۇل . D نىڭ ئالدىغا كېلىشكە تەمشىلىۋاتقان كۆزەتچى ئاياغ ۋە ئىشتانلىرىنىڭ ئۇنىڭ قوسۇقىدا پاسكىنا بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ۋاقتىنچە ئۇنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھەي!

«شوندۇق، ئەپەندى» دېگەن گەپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ قول مەھبۇسلار سېپىنىڭ ئەڭ بېشىدا تۇرغان مەھبۇسنىڭ تۇنجى قېتىم چىقارغان ئاۋازى ئىدى. بۇ مەھبۇس ھەر ئەتىگىنى تۇنجى قېتىم ۋارقىراش رۇخسىتىگە ئېرىشكەنىدى، پەقەت ئۇنىڭلا مۇشۇ ھوقۇقى بار ئىدى. پاۋۇل . D «ھەي» دېگەن بۇ ئاۋازنى زادى قانداق ۋاقىتتا چىقىرىشنى باشتىن - ئاياغ بىلەلمىدى. ئۇلار ئۇنى «ھەي ئۇستام» دەپ چاقىراتتى. پاۋۇل . D دەسلەپتە مەھبۇسلار خەندەكتىن چىقىپ ئەمگەك قىلغاندا تاقىلىدىغان كىشەننىڭ چىقارغان ئاۋازىدىن بىر - ئىككى پەدە تاقىلىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان بەلگىنى قاچان بېرىشنى كۆزەتچى ئۆگەتكەن، دەپ بىلدى. كېيىن ئۇلار تېخىمۇ قاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بوگۇنگىچە ئەتىگەنكى «ھەي» ۋە كەچتىكى «ھوي» نى «ھەي ئۇستام» تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپە، دەپ ئىشىنەتتى. چۈنكى، پەقەت ئۇلا بۇ تاۋۇشنىڭ قانچە قېتىم دېيىلسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى، قانداق بولسا چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى، قانداق ۋاقىتتا توگەپ، قانداق ۋاقىتتا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇلار زەنجىر - كىشەن سېلىنغان ھالدا ئېتىزلارنى ۋە ئورماننى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر چىغىر يولغا يېتىپ كەلدى. چىغىر يولنىڭ باشلىنىشى گوزەللىكىدىن كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان تاش كان ئىدى. بۇ يەردە پاۋۇل . D نىڭ قوللىرى

ئۇنىڭ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۆركەشلەۋاتقان، ئىسيان ئوتى لاۋۇلداۋاتقان قېنىغا قارشى ھالدا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى. «ھەي ئۇستام»نىڭ باشچىلىقىدا، ئۇلار قوللىرىغا ئۆزۈن ساپلىق يوغان بازغانلارنى ئېلىپ، جاپالىق ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار قەلبىدىكى غۇملىرىنى ناخشا بىلەن ئىپادىلىشەتتى، ئاندىن تاش چاقاتتى. باشقىلارنىڭ چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ناخشا تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى. ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئويۇن تاپاتتى. ئۆزلىرى تونۇيدىغان ئاياللارغا ئاتاپ ناخشا ئېيتاتتى، بالىلىقىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتاتتى، ئۆزلىرى باققان ياكى باشقىلار بېقىپ كۆندۈرگەن ھايۋانلار ئۈچۈن ناخشا ئېيتاتتى. ئىش بېشى، غوجايىن ۋە قىزچاقلارنى، قېچىر، ئىت ۋە ھاياتتىكى نومۇسسىزلىقلارنى ناخشىغا قاتاتتى، سەممىمي ھېسسىياتى بىلەن قەبرىلەر ۋە يىراقتا كەتكەن ھەدە ـ سىڭىللىرى ئۈچۈن ناخشا ئېيتاتتى. ئورماندىكى چوشقىلارنى، قازاندىكى تاماقلارنى، قارماقتا ئىلىنغان بېلىقلارنى، شېكەر قومۇشلارنى، يامغۇر سۈيى ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق قاتارلىقلارنى ناخشىغا قاتاتتى.

ئۇلار چاقماقتا، ئىلگىرى ئۆزلىرى تونۇيدىغان، لېكىن ھازىر ئىلكىدە بولمىغان ئاياللارنى، كەلمەسكە كەتكەن بالىلىقىنى چاقماقتا. ئۇلار ئەنە شۇنداق قايتا ـ قايتا، ئۇزۇل ـ كېسىل ھالدا ئىش بېشىدىن بىرنى مىجىپ ئۆلتۈرەتتى، ئۇنى يەنە مىجىپ گۆش قىيمىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قايتىدىن تىرىلدۈرەتتى. ئۇلار ئورماندا ئىسسىق تورتنى تېتىپ، ئۇنى يەنە چاقماقتا. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆلۈم ئەپەندىسىگە ناخشا ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتمەكتە. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىگە يول باشلاپ، قۇياشنىڭ يەنە شەرقتىن چىقىشىنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرغان ئاشۇ ئايالنى ناخشىلىرىدا ئۆلتۈرۈشتى؛ سائەتنىڭ ئاۋازى ئاخىر

ئۇنىڭ غەزەپتىن يىرىلغۇدەك بولۇپ، ئۆركەشلەۋاتقان. ئىسيان ئوتى لاۋۇلداۋاتقان قىنىغا قارشى هالدا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى. «هەي ئۇستام»نىڭ باشچىلىقىدا، ئۇلار قوللىرىغا ئۇزۇن ساپلىق يوغان بازغانلارنى ئېلىپ، جاپالىق ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار قەلبىدىكى غۇملىرىنى ناخشا بىلەن ئىپادىلىشەتتى، ئاندىن تاش چاقاتتى. باشقىلارنىڭ چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ناخشا تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى. ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئويۇن تاپاتتى. ئۆزلىرى تونۇيدىغان ئاياللارغا ئاتاپ ناخشا ئېيتاتتى، بالىلىقىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتاتتى، ئۆزلىرى باققان ياكى باشقىلار بېقىپ كۆندۈرگەن هايۋانلار ئۈچۈن ناخشا ئېيتاتتى. ئىش بېشى، غوجايىن ۋە قىزچاقلارنى، قېچىر، ئىت ۋە هاياتتىكى نومۇسسىزلىقلارنى ناخشىغا قاتاتتى، سەممىي هېسسىياتى بىلەن قەبرىلەر ۋە يىراقتا كەتكەن هەدە - سىڭىللىرى ئۈچۈن ناخشا ئېيتاتتى. ئورماندىكى چوشقىلارنى، قازاندىكى تاماقلارنى، قارماققا ئىلىنغان بېلىقلارنى، شېكەر قومۇشلارنى، يامغۇر سۈيى ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق قاتارلىقلارنى ناخشىغا قاتاتتى.

ئۇلار چاقماقتا، ئىلگىرى ئۆزلىرى تونۇيدىغان، لېكىن هازىر ئىلكىدە بولمىغان ئاياللارنى، كەلمەسكە كەتكەن بالىلىقىنى چاقماقتا. ئۇلار ئەنە شۇنداق قايتا - قايتا، ئۇزۇل - كېسىل هالدا ئىش بېشىدىن بىرنى مىجىپ ئۆلتۈرەتتى، ئۇنى يەنە مىجىپ گۆش قىيمىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قايتىدىن تىرىلدۈرەتتى. ئۇلار ئورماندا ئىسسىق تورتنى تېتىپ، ئۇنى يەنە چاقماقتا. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆلۈم ئەپەندىسىگە ناخشا ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتمەكتە. هەتتا ئۇلار ئۆزلىرىگە يول باشلاپ، قۇياشنىڭ يەنە شەرقتىن چىقىشىنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ئۇلارغا هېس قىلدۇرغان ئاشۇ ئايالنى ناخشىلىرىدا ئۆلتۈرۈشتى؛ سائەتنىڭ ئاۋازى ئاخىر

توختىمدى. پەقەت ئۇلارنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن بۇ مەھبۇسلار بىخەتەر بولالايتتى.

ئۇلار شۇ يەردە سەكسەن ئالتە كۈن ئىشلىدى. ھاياتلىق ئۆلدى. پاۋۇل . D ئۇنىڭ نەپەسى توختىغۇچە ھەر كۈنى ئۇنى توختىماي يانجىدى. سەكسەن ئالتە كۈن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قولى تىترىمەس بولدى. چاشقانلار قۇتراپ كەتكەن ھەربىر كېچىدە ئۇ سەھەردە توۋلىنىدىغان «ھەي» دېگەن ئاۋازنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى، بازغاننىڭ سېپىنى ئاجايىپ ئېتىمزارلىق ئىچىدە چىڭ قامالالايتتى. ھاياتلىق كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆلۈمگە يۈزلەندى. ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇ مۇشۇنداق ئويلايتتى.

يامغۇر ياغدى.

يىلان شەمشاد ۋە قارىغاي دەرەخلىرىدىن ئۆمىلەپ چۈشتى.

يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

بەش كۈنلۈك يامغۇردا يۇيۇنغان ئارچا، شەمشاد، ئاق تېرەك ۋە پالما دەرەخلىرىنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ كەتتى. سەككىزىنچى كۈنىگە كەلگەندە كەپتەرلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى، توققۇزىنچى كۈنى سەمەندەرمۇ يوقالدى. ئىت قولىقىنى سالپايتىپ، ئۆزىنىڭ تىرنىقىغا قارىغىنىچە خىيالغا كەتكەنىدى. ئەرلەر ئىشلەشكە ئامالسىز قالدى. كىشەنلەر بوشىتىلىپ، ئەتىگەنلىك تاماقلار توختىتىلدى. ئىككى قەدەملىك تاقلاشلار شالاڭ چۆپلۈك ۋە پاتقاقتا قەدىمىنى سۆرەپ ئاران مېڭىشقا ئۆزگەردى.

ئاخىرىدا مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى يامغۇر توختىغۇچە ياكى پەسەيگىچە يەر ئاستىدىكى قەپەسلەرگە سولاش قارار قىلىندى. بۇنداق قىلغاندا بىرلا ئادەم كۆزەتچىلىك قىلسىمۇ يېتىشەلەيتتى، مىلتىقلارمۇ يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتمەيتتى، ئۆلگۈر ئىتمۇ دىرىلداپ تىترىمەيتتى. زەنجىرلەر جورجىيە بويىچە ئەڭ ئىشچان قىرىق ئالتە كىشىنىڭ قولىدىكى كويزىلاردىن ئۆتكۈزۈلدى.

يامغۇر ياغماقتا.

خەندەكتىكى مەھبۇس قۇللار بىر تەرەپتىن يامغۇر سۈيىنىڭ خەندەككە تولۇۋاتقان ئاۋازىغا قۇلاق سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن زەھەرلىنىش يىلاندىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇلار پاتقاق سۇدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى، پاتقاق سۇدا ئۇخلاپ، پاتقاق سۇغا سىيەتتى. پاۋۇل . D ئۆزىنى ۋارقىراۋاتىمەن دەپ ئويلىدى: ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلغانىدى، چىرقىراق ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەكتە ئىدى. لېكىن، بۇ باشقىلارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئارقىدىن ئۇ ئۆزىنى يىغلاۋاتىمەن دەپ ھېس قىلدى، بىر نەرسە ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ يېشىنى سۈرتتى. كۆردىكى، ئېقىپ چۈشكەن نەرسىلەر كۆز يېشى ئەمەس، پاتقاق ئىكەن. ئۇ سولانغان قەپەسنىڭ ئۆگزىسىدىن لاي سۇ تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا قۇيۇلماقتا. «ئۆگزە چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — مېنىڭ مىجىقىمنى چىقىرىۋېتىدۇ.» ئىشلار بۇنچە تېز يۈز بېرىۋاتقانلىقتىن، ئۇ ئارتۇقچە ئويلاپ يۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى. بىرسى زەنجىرنى زەرب بىلەن تارتتى، تۇيۇقسىزلا تارتىلغانلىقتىن، پاۋۇل . D پۈتى تېيىلىپ كېتىپ پاتقاقتا يىقىلدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇنى قانداق ئويلىغانلىقى، باشقىلارنىڭ قانداق چۈشەنگەنلىكى باشتىن ـ ئاخىر نامەلۇم ئىدى. لېكىن، ئۇ چۈشەندى، ئۇ چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككى قولىدا زەنجىرنىڭ سول تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كۈچەپ تارتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكىسىمۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدى. سۇ ئۇنىڭ ئوشۇقىدىن ئاشمىغان، لېكىن ئۇخلايدىغان تاختىيىنى بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى دېيىش بىھاجەت. ئاكوپ گۇمۇرۇلۇپ كەتتى. لاي ـ پاتقاقلار قاشانىڭ ئاستى ۋە ئوتتۇرىدىن ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

ئۇلار — قىرىق ئالتە ئادەمنىڭ ھەممىسى ساقلىماقتا. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان

بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ۋارقىرىمىدى. پاتقاق سۇ پاقالچىقىغا كەلمەستىنلا، پاۋۇل . D قاشانى تۇتۇپ تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا زەنجىر يەنە بىر قېتىم قاتتىق تارتىلدى، بۇ قېتىمقىسى سول تەرەپتىن كەلگەن، زەنجىرنى لاي ـ پاتقاقلار بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ بەك كۈچەشكە توغرا كېلەتتى.

يەنە بىر قېتىملىق كۈچەش باشلاندى. زەنجىرنى ماسلىشىپ، ھە ـ ھۇ بىلەن تارتىش نەتىجىسىدە، ئۇلار سەپ بويىچە سۇغا چۆكتى، خەندەكنىڭ قاشاسىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان لاي سۇ ئىچىدە بىر ھازا تىمىسقىلاشتى. يەمى بار بىرنەچچىسى كۆڭلىكىنى بېشىغا ئوراپ، ئەسكى لاتا بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، ئاياغلىرىنى كىيىۋالدى. قالغانلىرى لاي ـ پاتقاقتا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. بىردە چۆكۈپ، بىردە يۇقىرىغا ئىنتىلىپ، بار كۈچى بىلەن ھاۋادىن نەپەسلىنىۋېلىشقا تىرىشاتتى. بىرسى يۆنىلىشىنى تاپالماي قالسا، ھەمراھلىرى ئالاقزەدە بولۇپ، ئۇنى ئامالىنىڭ بارىچە چىڭ تۇتۇۋېلىشقا كۈچەيتتى. چۈنكى، بىرسىلا يۆنىلىشتىن ئېزىپ قالسا، پۈتۈن سەپنىڭ ھەرىكىتى شۇنىڭغا باغلىنىپ قالاتتى. ئۇلارنى بىر قاتار قىلىپ باغلىغان زەنجىر بىر بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزاتتى، بىر بولسا ھەممىسىنى ھالاك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، «ھەي ئۇستام» قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. ئۇلار زەنجىر ئارقىلىق سۆزلىشىشتى. ئاھ خۇدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىقالىدى. توۋا قىلمىغان ئۆلۈكلەرگە ۋە دۇنيا قانۇنلىرىنىڭ جازاسىغا تارتىلمايدىغان مۇردىلارغا ئوخشاش، ئۇلار زەنجىر ـ كىشەننى قولىغا ئېلىشتى. ئۇلار قاراڭغۇ كېچىگە ئىشەنگەنىدى. شۇنداق، ئۇلار «ھەي ئۇستام» ۋە ئۆزلىرىگە ئىشەنگەنىدى.

ئۇلار ئىت كاتىكىدىن ئۆتكەندە، ئىت خامۇش ھالدا ياتاتتى. ئۇلار ئىككى كۆزەتچىلەر ئۆيىدىن، ئۇيقۇغا كەتكەن ئات ئېغىلىدىن، تومشۇقىنى پەيلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالغان

مېكسىيانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇلار ماڭماقتا. ئۇلارنىڭ مېڭىشىغا ئاي ياردەم بەرمىدى، چۈنكى ئۇ نەق مەيداندا يوق. ئېتىزلار سازلىققا، يوللار ئۆستەڭگە ئايلانغان. پۈتكۈل جورجىيە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك، ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇلار يولنى توسۇۋالغان دۈب دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى.

ئۇ چاغلاردا جورجىيە ئىشتاتىنىڭ دائىرىسى پۈتكۈل ئالاباما ۋە مىسسىسسىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئىشتات چېگراسى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىشتاتلار ئارا چېگرانىڭ قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئەسلىدە ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلگەن بولسا، ئۇلار ئالفىرد ۋە تاش كېنىدىن قاچقاندىن كېيىن، ساۋانناغا يېقىن يولىماستىن، تارام - تارام ئېقىندىن ھاسىل بولغان دېڭىزغا ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاقىم ئاراللار يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ چاغدا ئۇلار بۇنى بىلمەيتتى.

تاڭ يورۇدى. ئۇلار سىرىس دەرىخى توپى ئارىسىدا قىستىلىشقىنىچە دۈگىلەك بولۇپ تۈگۈلۈۋېلىشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە جايلىرىدىن قىمىرلاپ تاغقا ياماشتى. يامغۇرنىڭ توختاپ قالماي يېغىپ ئۆزلىرىنى قوغدىشىنى، يامغۇر سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ سىرتقا چىقماسلىقىنى تىلىدى. ئۇلار غوجايىنىنىڭ تۇرغان جايىغا يىراق، ئىچىدە ئارغامچا ئېشىۋاتقان ياكى بەرەڭگى پىشۇرۇۋاتقان بىرەر يالغۇز كەپىنى ئۇچرىتىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇلارغا بىر كېسەل چېروكى ئىندىياننىڭ كەپىسى ئۇچرىدى. بىر خىل ئەتىرگۈل شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىدى.

كىشىلەر شىددەت بىلەن قىرىلىۋاتقان بولسىمۇ، چېروكى ئىندىيانلىرى ئوكلاخوماغا كېتىپ ياشاشتىن بۇ يەردە مەھكۇملارچە ھايات كەچۈرۈشنى ئەلا بىلىپ، ئۆز مەۋقەسىدە قەتئىي بوشاشماستىن چىڭ تۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى

ئەھۋالى ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى نوپۇسىنىڭ يېرىمى قىرىۋېتىلگەن چاغدىكىدەك ئىدى. بۇ ئاپەتلىك مەزگىللەردە ئۇلار لوندونغا بېرىپ گېئورگى III بىلەن كۆرۈشكەن، ئۆز ئالدىغا گېزىت چىقارغان، سېۋەت ياسىغان، ئوگىلېسورپىنى ئورماندىن ئېلىپ چىققان، زوڭتوڭ ئاندرېۋ جېكسونغا ياردەملىشىپ كېرىك ئىندىيانلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان، قوناق دۆملەپ يېگەن، قانۇن تۈزگەن، ئىسپانىيە پادىشاھىغا مەكتۇپ يوللىغان، دارتموس ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەجرىبە قىلىنغان، پاناھگاھلارنى قۇرغان، ئۆز تىلى ئاساسىدا يېزىق ئىجاد قىلغان، مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى تۇرغان، ئېيىق ئوۋلىغان ۋە ئىلاھىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلغانىدى. ئەمما، قىلغان ئەجىرلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار كەتتى. ئۇلار ئۆزى ياردەم بەرگەن زوڭتوڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئارگانزاس دەرياسىغا سۈرگۈن قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسلىق كۆچى تىرىپىرەن بولغان چېروكى ئىندىيانلىرىنىڭ يەنە تۆتتىن بىرى يوقىتىلدى.

ئۇلار تىركىشىشنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، كېلىشىمنامە ئىمزالىغان چېروكى ئىندىيانلىرىنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئورمانغا بېكىنىپ، قىيامەت كۈنىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى كېسىلىنى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا پەقەتلا بىر ئاۋارىگەرچىلىك دېيىشكە بولاتتى، خالاس. بىراق، ئۇلار يەنىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر ـ بىرىنى قوغدىشاتتى. تېنى ساغلاملىرى ئۆز بازىلىرىدىن نەچچە ئىنگلىز مىل ئالدىغا ئەۋەتىلەتتى؛ كېسەل، ئاغرىقچانلىرى ئۆلگەنلەر بىلەن بىللە ئۆز جايلىرىدا قالاتتى، ئۇلار ياكى ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايتتى، ياكى ئۆلۈكلەر سېپىگە قېتىلىپ كېتەتتى.

گېئورگىيەنىڭ ئالفېرد رايونىدىن قېچىپ كەلگەن قاچقۇنلار چېروكى ئىندىيانلىرىنىڭ بازىسىغا يېقىن جايدا يېرىم چەمبەر بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار شۇ يەردە ئولتۇرۇۋەردى، لېكىن ئۇلارنىڭ يېنىغا ھېچكىم كەلمىدى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن

يامغۇر سەل پەسلەشكە باشلىدى. ئاخىر بىر ئايال ئۆيىدىن بېشىنى چىقاردى. كېچە باشلاندى، ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. تاڭ سەھەردە چىرايلىق تېرىلىرنى قۇلۇلە قېپى بىلەن ئورىۋالغان ئىككى ئەر ئۇلار تەرەپكە كەلدى. بىر مەھەلگىچە ھېچكىم گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئاندىن «ھەي ئۇستام» قولىنى كۆتۈردى. ئىككى چېروكىلىق كىشى زەنجىرنى كۆرۈپلا كېتىپ قالدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەن چېغىدا بىردىن پالتا كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئىككى بالا يامغۇردا سوۋۇپ كەتكەن ۋە سۇيۇلۇپ كەتكەن بىر قازان ئۇماچنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلدى.

ئۇلار قاچقۇنلارنى سۇ كالىسى دەپ ئاتاشتى. ئۇلار ئۇماچ كۆتۈرگەن، زەنجىر ـ كىشەنلەرنى چېقىۋاتقان بۇ يېڭى كەلگەن كىشىلەر بىلەن تىلىنى چاينىغان ھالدا گەپلىشىشكە باشلىدى. گېئورگىيە ئالفېرد رايونىدىكى قەپەسلەردە ياشىغان بۇ كىشىلەر چېروكىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كېسىلىدىن پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشىغا قىلچە پىسەنت قىلماستىن، قىرىق ئالتە كىشىنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە قېلىپ قالدى. ئۇلارئارام ئالغاچ، ئەمدىكى قەدىمىنى قانداق بېسىشنى پىلانلاشتى. پاۋۇل . D قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى پەقەتلا بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىلىدىغانلىرى سەپداشلىرىغا قارىغاندا بەكلا ئاز ئىدى. ئۇ سەپداشلىرىنىڭ دەريا، ئىشتات، شەھەر ـ بازار ۋە تېررىتورىيە توغرىسىدا پاراڭلىشىشلىرىنى، چېروكىلارنىڭ دۇنيانىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى توغرۇلۇق ئۇجۇر ـ بۇجۇرگىچە سۆزلەشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقىلا يارايتتى، خالاس. چېروكىلار ئۇلارغا بىرنەچچە ئىنگلىز مىل يىراقلىقتىكى ساغلاملىق لاگېرىدا ئۇلارغا ئوخشاش سۇ كالىسىدىن ئۇچى بارلىقىدىن خەۋەر بەردى. «ھەي ئۇستام» ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش تەكلىپىنى بەردى. بەزىلەر بۇ پىكىرگە قوشۇلدى، بەزىلەر بۇ يەردىن كېتىشنى ئېيتتى، بەزىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن،

پاۋۇل D. ئازراقمۇ كۆز قارىشى بولمىغان بىردىنبىر سۇ كالىسى سۈپىتىدە، بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز قېلىپ قالدى. «ھەي ئۇستام» نىڭ ئىلگىرى دەپ ئۆتكىنىگە قارىماي، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئۇۋ ئىتىنىڭ ئاياغ ئىزىغا ئەگىشىش ئىدى. ھالبۇكى «ھەي ئۇستام» يامغۇردىن كېيىن ئىز قوغلاشنىڭ نەتىجىسى ھەرگىز غەلىبىلىك بولمايدۇ، دېگەنىدى. بۇ يەردە قېلىپ قالغان بىردىنبىر سۇ كالىسى ھېسابلانغان پاۋۇل D. ئاخىر كېسەل باسقان چېروكىلىقلار ئارىسىدا ھوشىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شىمالغا قانداق بارىدىغانلىقى توغرۇلۇق باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدى. ئەركىن شىمال، خاسىيەتلىك شىمال، مېھماندوست، مېھرىبان شىمال. چېروكىلار كۈلۈمسىرەپ ئەتراپقا قارىدى. بىر ئاي ئىلگىرىكى قاتتىق يامغۇر ھەممە نەرسىلەرنى ئېچىلدۇرىۋەتكەن ۋە پارلاندۇرغانىدى.

«ئاشۇ يول بىلەن بارغىلى بولىدۇ، — دېدى ئۇلار، — گۈل ئېچىلغان دەرەخلەرنى بويلاپ مېڭىڭ، گۈل ئېچىلغان دەرەخلەر نەگە ماڭسا سىزمۇ شۇيەرگە مېڭىڭ. گۈل ئېچىلغان دەرەخلەر يوقالغاندا سىز بارماقچى بولغان يېرىڭىزگە بېرىپ بولغان بولىسىز.»

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تاغ يولىدا شاپتۇل چېچىكى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. شاپتۇل چېچەكلىرى بارا - بارا ئازىيىپ، ئاخىرىدا يوقالغان چاغدا گىلاس چېچەكلىرىنى بويلاپ ماڭدى، ئاندىن تەرتىپ بويىچە مودەنگۈل، تاغ ياڭىقى گۈلى، ياڭاق چېچىكى ۋە تىكەنلىك نەشپۈت چېچىكىنى بويلاپ ماڭدى. ئاخىرىدا ئۇ ئەمدىلا مېۋە تۇتۇشقا باشلىغان بىر ئالمىزارغا يېتىپ كەلدى. ئەتىياز پەسلىدە ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن بۇ يەرگىچە كەلدى، ئۇ بۇ ھەمراھىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئەسلىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرگەن بولسا توغرا بولاتتى. 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ئۇ ئىزچىل گۈل - چېچەك ئىزدەپ، شۇلارنى بويلاپ مېڭىپ يۈردى.

ئاخىرىدا گۈل ـ چېچەكلەرنى ئۈچرىتالمىغىنىمىزدا، ئۆزىگە يول باشلايدىغان چېچەكلەرنى تاپالمىغىنىمىزدا، مېڭىشنى توختىتىپ، تۆپىلىكتىكى بىر توپ دەرەخكە يامىشىپ چىقتى.

ئالمىزارلىق ئەسلىدە ھېلىقى توقۇمىچى قىز تۇرىدىغان تېلاۋېير ئىشتاتىغا تەۋە ئىمدى. پاۋۇل D . توقۇمىچى قىز بەرگەن كولباسانى ئەمدى يەپ بولۇشىغا، توقۇمىچى قىز بىردىنلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ئاندىن پاۋۇل D . يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ كارىۋىتىغا چىقتى. توقۇمىچى قىز ئۇنى سىيراكۇستىن كەلگەن جىيەنىم دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى بىۋاستىلا ئاشۇ جىيەنىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىردى. ئون ئايدىن كېيىن پاۋۇل D . يەنە گۈل ئىزدەشكە چىقتى، بىراق بۇ قېتىم ئۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ چىققانىدى.

خېلى بىر مەزگىلدىن كېيىنلا ئۇ جورجىيەنىڭ ئالفېرد رايونىنى، سېكسونى، «مۇئەللىم»نى، خاللىنى، ئاكىلىرىنى، سېسنى، خوراز «ئەپەندى» نى، ئېغىز دۇرۇقنىڭ تەمىنى، قايماق سۈركىگەن مەنزىرىنى، ياڭاقنىڭ پۇرىقىنى، خاتىرە دەپتەرنىڭ ۋاراقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ مەيدە يانچۇقىدىكى تاماكا قۇتىسىنىڭ ئىچىگە سولىۋەتتى. ئۇ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە كەلگىنىدە، دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسە تاماكا قۇتىسىنى ئاچالمايتتى.

ئۇ ئايال پاۋۇل . D نى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

ئۇنىڭ پاۋۇل . D نى قوغلاپ چىقىرىشى ھەرگىزمۇ پاۋۇل . D نىڭ ۋارقىراپ دېرىزىنى چېقىپ، مۇرابىبالارنى قالايمىقان ئۇرۇپ، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى ئەرۋاھنى قوغلاپ چىقارغىنىغا ئوخشىمايدۇ. بىراق، ئۇ ئايال يەنىلا پاۋۇل . D نى قوغلاپ چىقاردى. پاۋۇل . D ئۇنى قانداق توسۇشنى بىلمىدى، چۈنكى قارىماققا ئۇ ئۆزى كۆچۈپ چىقىۋالغاندەك تۇراتتى. ئۇ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، ناھايىتى چىرايلىق كۆچۈپ چىقىۋالدى.

ئىشنىڭ باشلىنىشى بەكلا ئاددىي ئىدى. بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن پاۋۇل . D مەش يېنىدىكى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بەل ۋە پۇتلىرى ئۇيۇشقان، چىلىق ـ چىلىق تەرلىگەن ھالەتتە ئۇيقۇغا كەتتى. سېسىنىڭ ناشتىلىق تەييارلاش ئۈچۈن ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۈشۈۋاتقاندىكى تىۋىشى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

ــ مەن تېخى سىزنى بىرەر يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن، ــ دېدى سېس.

پاۋۇل . D غودۇڭشىپ قويدى، ئۆزىنىڭ ئاخشام ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرغانلىقىنى بايقاپ چۆچۈپ كەتتى.

ــ ئېيتىپ بېقىڭا، مەن پۈتۈن بىر كېچە مۇشۇ يەردە ئۇخلىمىغاندىمەن ـ ھە؟

سىس كولۇپ كەتتى:

— مەندىن سوراۋاتامسىز؟ سىزگە ھېچنېمە دەپ بەرمەيمەن.

— نېمىشقا مېنى ئويغىتىپ قويمىدىڭىز؟

— ئويغاتتىم. ئۈچ - تۆت قېتىم چاقىردىم. يېرىم كېچە بولغاندىلا بولدى قىلدىم. سىزنى بىرەر ياققا كەتكەن چېغى دەپتىمەن.

پاۋۇل . D ئورنىدىن تۇردى. غوللىرىم ئۇيۇشۇپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلىغان، لېكىن ئۇنداق بولماپتۇ، ھېچ يېرىدىن غىرىسلاپ ئاۋاز چىقمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ روھلىنىپ قالغانىدى. بەزى ئىشلار ئاشۇنداق، بۇ ئۇخلاشقا بەك ماس كېلىدىغان جاي ئىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئەتىسى ئاخشىمى پاۋۇل . D يەنە مۇشۇ يەردە ئۇخلىدى، ئۆگۈدىمۇ شۇنداق قىلدى. جان قوزامغا مەپتۇن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ كېچىسى سىس بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ كۆنۈپ قالغانىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ ئۈستىگە چىقىپ سىس بىلەن بىرگە بولۇشى ياكى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى. پاۋۇل D تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئۇخلاش ئۈچۈن بىر باھانە تاپتى. ئۇ دۇمبىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى — جورجىيەدە قەپەسكە سولانغان كۈنلەردە تېپىۋالغان كېسەلنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دۇمبىسىنى بىر نەرسىنىڭ تىرەپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى باھانە قىلىشنى لايىق تاپتى.

سىس بىلەن ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ يېتىشى داۋاملاشماقتا ئىدى. بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ سىسقا يېقىنچىلىق قىلىپ بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشۈپ تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. قانداق بولدى، تۇرۇپلا ئۇنىڭ بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، لېكىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىققۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە، يەنە ئارام ئېلىشقا موھتاج ئىدى. ئۇ بىيىمى

ساگىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. مومىاي جان ئۈزگەن كارىۋاتىنىڭ ئۈستىدە يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. قارىغاندا، ئىش مۇشۇنداق داۋاملىشىدىغاندەك قىلاتتى. بىيىبىي ساگىسىنىڭ ھۇجرىسى پاۋۇل D نىڭ ھۇجرىسى بولۇپ قالدى. سېس بۇنى ئېغىر ئالمىدى. پاۋۇل D كېلىشتىن ئىلگىرى سېس ئۆزىنىڭ قوش كىشىلىك كارىۋىتىدا ئون سەككىز يىل ئۆزى يالغۇز ياتقانىدى. بەلكىم مۇشۇنداق بولغىنى ياخشىدۇ. ئۆيدە ياش قىزلار بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاۋۇل D . سېسنىڭ ئېرى ئەمەس. قانداقلا بولسۇن، پاۋۇل D . نىڭ سېس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقتىن، ئۇ سېسنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن بىرەر ئېغىزمۇ شىكايەت قىلغىنىنى ئاڭلىمىدى.

بۇ خىل ھالەت داۋاملىشىۋەردى. بىر كۈنى پاۋۇل D . سېسنىڭ يېنىدىن قايتىپ چۈشۈپ يەنە بىيىبىي ساگىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى، لېكىن ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۇخلىغۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆيدىن ۋەھىمىگە چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلىدى. ئاسان ئاچچىقلانمايدىغان ئەرلەر بەزىدە ۋارقىراپ - جارقىرىغۇسى كەلگەندە ياكى بىرەر نەرسىلەرنى ئۇرۇپ - چاققۇسى كەلگەندە، ھېچبولمىغاندىمۇ قېچىپ كەتكۈسى كەلگەن چاغلاردا ئاياللارنىڭ ئۆيدە ئۆزىنى سىقىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭغا بەكمۇ چۈشىنىشلىك. پاۋۇل D . بۇنداق ھېسسىياتنى ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن قېتىم ئۆتكۈزۈپ باققان. مەسىلەن، دېلاۋېردىكى توقۇمىچى قىزنىڭ ئۆيدە. بىراق، ئۇ دائىملا ئۆيدىن ۋەھىمىگە چۈشۈش كېسىلىنى شۇ ئۆيدىكى قىز بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈۋالاتتى. ئەمما، بۇ قېتىملىق جىددىيلىشىشنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئايال بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. پاۋۇل D . نىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە ئاشماقتا. ئۇنىڭ كۆكتات تېرىيدىغان قوللىرىنى، يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزگەندە يىپنىڭ ئۇچىنى نەمدەپ قويىدىغان ياكى يىڭنە

ئىشى تۇگىگەندە يىپنى چىشلەپ ئۈزىدىغان ئېغىزلىرىنى بارغانچە ياخشى كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى؛ قىزلىرىنى (ھازىر جان قوزامۇ ئۇنىڭ قىزى بولۇپ كەتتى) قوغدىغاندا ياكى بىرەر قارا تەنلىك ئايال ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا قىزىرىپ قانغا تولۇپ كېتىدىغان كۆزلىرىنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىماقتا. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ئۆيدىن ۋەھىمىگە چۈشۈش كېسىلىدە غەزەپ ـ نەپرەت، بوغۇلۇش ۋە باشقا جايغا تەلپۈنۈش ھېسسىياتى يوق. ئۇ پەقەتلا ئۈستۈنكى قەۋەتتە، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا، بېيبىي ساگىسنىڭ كارىۋىتىدا ئۇخلىيالمايۋاتىدۇ، شۇ يەرلەردە ئۇخلىغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ. ئاخىرى ئۇ قازناققا كىردى.

بۇ خىل ھالەت داۋاملىشىۋەردى. بىر كۈنى پاۋۇل . D سېسنىڭ يېنىدىن قايتىپ چۈشۈپ، قازناقتىكى تۆشىكىگە كىرىپ ياتتى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇ يەردىمۇ تۇرغۇسى كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىن ئايرىلىپ تۇرغان سوغۇق ساقلاش ئۆيىنى نىشانلىدى. سوغۇق ساقلاش ئۆيىدىكى لىق تاتلىقياغىيۇ قاچىلانغان ئىككى خالتىنىڭ ئۈستىدە تۇگۈلۈپ ياتقىنىچە، چوشقا مېيى قىيامىغا تىكىلدى، ئۆزىدە تەۋرىنىش ھېس قىلدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتكىنىدىن ئەمەس ئىدى، بىرسى ئۇنى بۇ يەردىن قوغلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ شۇ ھالەتتە تاڭ يورۇشنى كۈتۈپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. سەھەردە سېسنى ئىزدىدى. كەچ كىرگەندە سوغۇق ساقلاش ئۆيدە ئۇنى كۈتتى.

ئۇ كەلدى. پاۋۇل . D ئۇنى يەرگە بېسىشنى ئويلىدى.

ئوخشئو ئىشتاتىدا پەسىللەر كومپەدىيەلىك ھالدا نۆۋەتلىشىدۇ. پاۋۇل . D 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ كەينىدىكى كەپىگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندا، ياز پەسلى كۈزگە ئورۇن بوشاتتى. كېچىلىرى بەھۇزۇر ئۇخلىۋېلىشى كېرەك

ئىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاۋازلار ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى. پاۋۇل . D ئەدىيالنىڭ بىر ئۇچىنىڭ ئۇستىگە گېزىتلەرنى يېپىپ ئاستىغا سالدى، بىر ئۇچىنى ئۇستىگە يېپىندى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەرگىزمۇ توڭلاپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. كەينىدىن ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن ئۇ كەينىگە ئۆرۈلمىدى.

— سىز بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلماقچى؟ زادى نېمە قىلماقچى؟ — پاۋۇل . D ئەسلىدە ئۇنىڭ ھاسىراشلىرىنى ئاڭلىيالىسا توغرا بولاتتى.

— سىز بەدىنىمگە كىرىپ سىلاپ قويۇڭ، يەنە مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىڭ.

پاۋۇل . D ئەمدىلىكتە تاماكا قۇتىسىدىن ئەنسىرەپ يۈرمىدى. تاماكا قۇتىسى داتلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ، تاشپاقىدەك بېشىنى بۇرىغاندا، پاۋۇل . D نىڭ كۆزلىرى ئاي نۇرى ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان چوشقا مېيىغا تىكىلگەن، بىر خىلدا گەپ قىلىۋاتاتتى:

— ئۇ ياخشى كۆڭلى بىلەن سىزنى ئېلىپ قالدى، سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ياخشىلىقنى قايتۇرۇش نىيىتىدە بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى. سىز ھەرگىز.... سېس سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ. بۇنى سىز بىلىسىز.

پاۋۇل D گەپ قىلىۋاتقاندا جان قوزام كۆڭلىكىنى تۇرۇپ، خىيالغا پاتقانچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. جان قوزام شەپە چىقارماستىن ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپ، پاۋۇل . D نىڭ كەينىگە يېقىن كېلىپ توختىدى.

— ئۇ مېنى مەن ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيدۇ. مەن ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— ئۇنداقتا بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟

— بەدىنىمگە كىرىپ سىلاپ قويۇشىڭىز ئۈچۈن.

— قايتىپ كېتىپ ئۇخلاڭ.

— مېنى سىلاپ قويۇشىڭىز، بەدىنىمگە كىرىپ سىلاپ قويۇشىڭىز كېرەك، ئىسمىمنى چاقىرىشىڭىز كېرەك.

پاۋۇل . D كۆزىنى چوشقا مېيىغا چۇشكەن ئاي نۇرىدىن ئالمىسىلا، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ. بىراق ئۇ تىترەپ، ئايالللارچە ئىستەك بىلەن كەيىندىكى بۇ گۇناھكار يارالمىشقا قارىسىلا، بۇ لەنەتگەردى كەلگۇندىگە ئىچ ئاغرىتسىلا، ئارىسىدىكى يېقىنلىقنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ ئەرۋاھنى باغرىغا باسماقچى بولسىلا، ئېنىقكى، ئۇ ئاداشقان بولىدۇ.

— ئىسمىمنى چاقىرىڭ.

— ياق.

— ئۆتۈنۈپ قالاي. ئىسمىمنى چاقىرسىڭىزلا مەن كېتىپ قالاتتىم.

– جان قوزام، — پاۋۇل. D ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى، ئۇ يەنىلا كەتمىدى. پاۋۇل . D ئۇنىڭ يەنە بىر قەدەم يېقىنلاشقانلىقىنى سەزمىدى، تاماكا قۇتىسىدىكى تۇتاشقان جايدىن ئۇۋاق داتلارنىڭ چۇشۇۋاتقاندىكى ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمىدى، تاماكا قۇتىسىنىڭ ئېغىزى بوشاۋاتقانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. پاۋۇل. D ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىگە كىرىپ بولغىنىنى بىلگەندە توختىماستىن «ئاتەش يۇرەك، ئاتەش يۇرەك» دېيىشكە باشلىدى. بۇنى ئاۋۋال بوش ئاۋازدا دېدى. بارا ـ بارا ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ دەنۋېرنى، شۇنداقلا ئۆزىنىمۇ ئويغىتىۋەتتى. «ئاتەش يۇرەك. ئاتەش يۇرەك. ئاتەش يۇرەك.»

ئەڭ دەسلەپكى ئېچىرقاش ھالىتىگە قايتىش مۇمكىن ئەمەس. دەنۇېر ناھايىتى تەلەيلىك، باشقىلارغا قاراش بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ. بىراق، باشقىلار ئۇنىڭغا قارىسا، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئاشۇ قاراش تېرىلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىچ باغرىدىكى ئېچىرقاش بېرىشقا ئۇلگۇرمىگەن مەلۇم جايغا بېرىپ توختايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھەممىشە روي بەرمەيدۇ. چۈنكى، جان قوزام ئۇنىڭغا كۆپىنچە ھاللاردا ئۇدۇلدىن قارىمايدۇ، قارىغاندىمۇ نەزەرىنى دەنۇېرنىڭ چىرايىدىن تېزلا ئېلىپ قاچىدۇ. دەنۇېر بۇنى ھېس قىلالايدۇ. بەزىدە دەنۇېر تەييارلىقسىز تۇرغان چاغلاردا جان قوزام ئېڭىكىنى تېرىگەن ھالدا دەنۇېرگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلايدۇ.

نېمىدېگەن ئۇماق بېقىشلار. ئۇ قاراش تىكىلىپ قاراشقىمۇ، مۇنداقلا قاراپ قويۇشقىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇ خىل تەرزدە قارىغان چېغىدا جان قوزامنىڭ بىر نەرسىگە ئېھتىياجى بارلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ. دەنۇېر جان قوزامنى تولۇق چۈشەنگەن بولسا، ئەلۋەتتە خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلغان بولاتتى... ئەنە، جان قوزام يۈزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن تۇسۇپ تۇرۇپ، بىر ئايالنى ھازىرمۇ ئەسلىيەلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدىن بۇلاپ كېتەلىگەنلىكىنى ئەسلىيەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، جان قوزامنىڭ ئەسلىمىسىدە ئېنىق قالغىنى ئاشۇ كۆۋرۈك ۋە كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پەسكە قارىغانلىقى

ئىدى. ئۇ بۇنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە بىر ئاق تەنلىك كىشىنىڭ گېپىنى قىلغان.

سىپس مۇشۇ دېتاللاردىن تېخىمۇ مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ بايانلارغا دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ دەنۋېرغا بۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن چاغدا چىقارغان ھۆكۈمىدىن گۇمانلانمايتتى.

— سىز كۆڭلىكىڭىز بىلەن بۇ بىر جۈپ ئايىغىڭىزنى نەدىن تاپقان؟ — دەپ سورىدى سىپس.

— جان قوزام بۇ كىيىملەرنى ئۆزۈم تاپتىم دېگەنىدى.

— كىمدىن ئالغان بولغىيدى؟

سۈكۈت. تىرنىقىنى تاتىلاش. دەنۋېر بىلمەيتتى.

— ئۇف، — دېدى سىپس دەنۋېرغا پەرىزىنى ئېيتىپ، — ئىلگىرى بىر ئاق تەنلىك ئادەم ھاۋايى - ھەۋەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جان قوزامنى سولاپ قويغان. كېيىن جان قوزام كۆۋرۈكتەك بىر جايغا قېچىپ كەلگەن، ئەمما ئاردا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمىگەن. جان قوزامنىڭ بۇ كەچۈرمىشى ئېللانىڭكىگە ئوخشايدۇ. بىراق، ئېللا دادا - بالا ئىككىسىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. دادا - بالا ئىككىسى ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېللانى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بىر ئۆيگە سولاپ قويغان. ئېللا ھەمىشە ئۇ ئىككىسىنىڭ ماڭا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، دەيتتى.

سىپس جان قوزامنىڭ پاۋۇل . D غا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ بۇ ئەردىن بىزار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايتتى ھەم ئۆزىنىڭ يەكۈنىگە تېخىمۇ بەكرەك ئىشىنەتتى.

ئەمما، دەنۋېر سىپسنىڭ يەكۈنلىرىگە ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭ يەكۈنىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. بېشىنى ساڭگىلىتىپ، سوغۇق ساقلاش ئۆيىدىكى ئىشلارنى ئېغىزىدىن چىقارمايتتى. دەنۋېر ئاپىسى بىلەن ياتاق ئۆيدە تىزلىنىپ

ئۆلتۇرۇپ بىللە ئىبادەت قىلغان ئاشۇ ئاق كۆڭلەكنىڭ جان قوزام ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەتتى، يېرىم ئۆمرىنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بوۋاقنىڭ ھەقىقىي قىياپەتتە نامايان بولۇشى، دەپ بىلەتتى. جان قوزام ياتقاندا ياكى كىيىملىرىنى سېلىپ ئۇخلىغاندا دەنۋېر ئۇنىڭ بوينىدىكى ئاشۇ تارتۇقنى كۆرەلەيتتى. دەنۋېر ناھايىتى زەن سېلىپ قارايتتى. سېس ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەندە، ئۇ جان قوزامغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى.

ئۇ كۈنى ئۇلار تېشىدا ئىدى. ھاۋا سوغۇق، قارلار مۇزغا ئايلانغانىدى. دەنۋېر جونېس خانىم ئۆزلىرىگە ئۆگىتىپ قويغان ساناق سان ناخشىسىنى ئېيتىپ بولدى. ئۇ ئارغامچىدىكى قېتىپ كەتكەن ئىچ كىيىملەرنى يىغدى، جان قوزام كىيىملەرنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالاتتى. دەنۋېر قېتىپ كەتكەن كىيىملەرنى جان قوزامنىڭ قۇچىقىغا ئېگىزلىگە تاقاشقۇچە دەستىلىدى. قېتىپ كەتكەن كىيىملەر جان قوزامنىڭ قۇچىقىدا غايەت زور قارتىلاردەك تۇراتتى. ئېشىپ قالغان كۆڭلەك ۋە قوڭۇر رەڭ پايپاقنى دەنۋېر ئۆزى ئېلىۋالدى. توڭلىغىنىدىن ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى. ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىردى. كىيىملەر ئاستا - ئاستا ئېرىپ نەملەشتى. كىيىملەرگە دەزمال سېلىشقا باشلىغاندا، دەزماللىنىۋاتقان كىيىمدىن ئىسسىق يامغۇرنىڭ پۇرىقىدەك پۇراق چىقاتتى. جان قوزام سېسنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ قاراڭغۇلۇقتا گۈل بار - يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆي ئىچىدە ئۇسسۇل ئوينىدى. دەنۋېر مەشكە ئوتۇن سالغاچ، ئۇنىڭغا قاراپ جەزملەشتۈرگەن تەلەپپۇزدا «بار» دېدى. جان قوزام يۈزلىرىنى ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان، كۆڭلەكنىڭ بەل تاسمىسىنى بېلىگە چىڭ باغلىغانىدى، ئۇ پىرقىرىغاچ «ئۇسساپ كەتتىم» دېدى.

دەنۋېر ئالما شەربىتىنى قىزىتىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنداقلا بۇ ئۇسسۇل چولپىنىغا ھەۋەس قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن

خۇشال بولغان هالدا، نېمىلەرنى قىلىش ۋە نېمىلەرنى دېيىش توغرىسىدا ئويلاندى. دەنۋېر ئەمدىلىكتە بارچە ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ بولسىمۇ سېس ئىشتىن قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا جان قوزامنى يېنىدا ئېلىپ قېلىش كويىدا بىر چوڭ هىيلە ـ مىكىرچىگە ئايلانغانىدى. سېس قايتىپ كەلگەندە جان قوزام دېرىزە ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، ئاندىن ئىشىكتىن چىقىپ، پەشتاقتىن چۈشۈپ، چوڭ يول ياقىسىغا قاراپ يول ئالاتتى. هىيلە ـ مىكىر دەنۋېرنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئىلگىرى ئۇ بىر ئىش خۇشياقماس هۇرۇن ئىدى، ئىش قىلىشتىن بەكلا بىزار ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا چەبدەس ۋە چېۋەرلىشىپ، هەتتا سېس ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەرگەن ۋەزىپىلەردىنمۇ ئاشۇرۇپ ئىش قىلىدىغان بولدى. نېمە ئىشلا قىلسا «قىلىپ تۈگەتمىگۈچە بولدى قىلمايمىز»، «ئانام شۇنداق قىلىشىمىزنى بۇيرۇدى» دەيدىغان بولۇپ كەتتى. دەنۋېر بۇنداق قىلمىسا جان قوزام يېتىمسىراپ، بوينى قىسىلىپ قالاتتى ياكى جىمىقىپ كېتىپ بىئارام هالدا يۈرەتتى. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ دەنۋېرغا زەن سېلىپ قارايدىغان پۇرسىتى ئازىيىپ كېتەتتى، هەتتا يوق بولاتتى. دەنۋېر كەچلىك ۋەزىيەتنى كونترول قىلالمايتتى. سېس بىر ئىش قىلىۋاتقانلا بولسا، جان قوزامنىڭ كۆزى هامان ئۇنىڭدىلا بولاتتى. كېچىدە، كارىۋات ئۈستىدە هەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار. قاراڭغۇدا، دەنۋېر ئۇنى كۆرەلمىگەندە ئۇنىڭ هېكايە ئاڭلىغۇسى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ياكى ئورنىدىن تۇرۇپ پاۋۇل . D ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن سوغۇق ساقلاش ئۆيىگە كىرىشى مۇمكىن، ياكى يوشۇرۇن هالدا يىغلىشىمۇ مۇمكىن. هەتتا تاشتەك قېتىپ ئۇخلاپ كەتكەن، شېكەر شىرىنىسى ياكى شىرنىلىك پىرەنىك كۇمىلچى يېگەنلىكتىن نەپەسلىرىمۇ تاتلىقلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. دەنۋېر جان قوزامغا ئالدىنى قىلىپ يېتىشقا ئامراق ئىدى. بۇنداق بولغاندا، جان قوزام ئۇنىڭغا قاراپ ئۇخلاۋاتقان

بولسىلا، ئۇ جان قوزامىنىڭ تاتلىق نەپىسىنى قېنىپ ـ قېنىپ سۈمۈرۈۋالالايتتى. ئەگەر جان قوزام دەنۋېرگە دۈمبىسىنى قىلىپ ياتقان بولسا، دەنۋېر بىردەم ـ بىردەم ئورنىدىن تۇرۇپ، جان قوزامىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ نەپىسىنى پۇرايتتى.

شۇ چاغلاردا دەنۋېر پەقەتلا باشقىلارنىڭ قول ئىشارىتىگە جاۋاب قايتۇرالايتتى. خەقلەر ئۇنىڭغا گەپ قىلسا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايتتى. ئۇ چاغدا ھەربىر كىچىك نەرسە ۋە ھەرقانداق رەڭ ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ ھەرقانداق نەرسىنى كۆرۈشكە رەغبىتى يوق، قۇياشنىڭ پېتىشىنى، تەخسىدەك چوڭلۇقتىكى يۇلتۇزلارنى ۋە كۈن چىققاندىن كېيىنكى تەبىئەت مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقا تاۋى يوق. پەقەتلا ئەڭ سۈس سېرىق رەڭدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ، چۈنكى بۇ سېرىق رەڭ جان قوزامنى ئەسلىتىدۇ.

ئالما مۇراباباسىنىڭ بوتۇلكىسى بەك ئېغىر، ئۇ ئەزەلدىنلا شۇنداق، ئىچىدە ھېچنېمە يوق چاغدىمۇ شۇنداق ئېغىر. دەنۋېر ئۇنى كىچىكىدە ستىنلا كۆتۈرەلەيدىغان بولسىمۇ، جان قوزامنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشكە چاقىردى. بوتۇلكا سوغۇق ساقلاش ئۆيىدىكى شېكەر شىرىنىسى ۋە ئالتە قاداق ئېغىرلىقتىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن ئىرىمچىكنىڭ يېنىدا. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا پاخال كۆرپىدىن ياسالغان كارىۋات بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېزىت ۋە ئەدىيال سېلىنغان. قىشنىڭ سوغۇقى قار ـ مۇزلارغا ئەگىشىپ كىرىپ بولغىلى خېلى بولغان بولسىمۇ، بۇ كارىۋاتنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىغا بىر ئايچە ۋاقىت بولدى.

چىڭقىچۇش مەزگىلى. سىرت يوپيورۇق بولسىمۇ، ئۆي ئىچى ئۇنداق ئەمەس. قۇياش نۇرى تۇڭلۇك ۋە تاملارنىڭ ئاراچلىرىدىن چۈشۈپ تۇرسىمۇ، تەپتى بەكلا ئاجىز بولغانلىقتىن، ھەربىر دەستە نۇر ئۆي ئىچىنى يورۇتالمايدۇ. گۆر قاراڭغۇلۇقى ئاجىز نۇرلارنى بېلىجانلاردەك يۇتۇۋېتىدۇ.

ئىشىك جاڭ قىلىپ يېپىلدى. دەنۋېر جان قوزامىنىڭ نەدە

تۇرغانلىقىنى جەزم قىلالمىدى.

— سىز نەدە؟ — سورىدى دەنۇبىر ناھايىتى بوش ئاۋازدا.

— بۇ يەردە، — دېدى جان قوزام.

— نەدە؟

— كېلىپ مېنى تېپىڭ.

دەنۇبىر ئۇلۇغ قولىنى سوزۇپ ئالدىغا ئىككى قەدەم چامدىدى. ئۇ پۇتى تېيىلىپ كېتىپ پاخال كارىۋاتقا يىقىلدى. گىېزىتلەر ئۇنىڭ ئاستىدا شالدۇر - شۇلدۇر ئاۋاز چىقىرىپ كەتتى. دەنۇبىر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي، ۋاي ! قېنى سىز، جان قوزام؟

جاۋاب كەلمىدى. دەنۇبىر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. بەرەڭگى خالتىسى ۋە بىر پارچە سىۇر گۆشىنىڭ شولىسى ئىچىدىن ئادەمنىڭ شولىسىنى ئىلغا قىلالىدى.

— ئويناشماڭ ئەمدى، — ئۇ بۇ يەرنىڭ سوغۇق ساقلاش ئۆيى ئىكەنلىكىنى، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىڭ چۈشىدە ئەمەس، ئۆڭىدا يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىۋېلىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇياشقا قارىدى. غۇۋا نۇرلار ئۆينىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە غىل - پال كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، دەنۇبىر تۇرغان يەرنى يورۇتالمىغانىدى.

— ئۇسساپ كەتكەنىدىڭىزغۇ. ئالما شەربىتى ئىچەمسىز؟ — دەنۇبىر قوپاللىق بىلەن ئەمەس، سىلىقلىق بىلەن شۇنداق سورىدى. ئۇ ئاچچىقلانماقچى ئەمەس، پۈتۈن ئەزايىنى ئۆزىنىڭ چىچىدەكلا ئورىۋالغان قورقۇنچىنى چاندۇرۇپ قويۇشنىمۇ خالىمايدۇ. جان قوزامنىڭ شولىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئاۋازىمۇ يوق. دەنۇبىر شالدىرلاپ كەتكەن گىېزىتلەرنىڭ ئۈستىدىن قوپتى، قوللىرىنى سوزۇپ ئاستاغىنا ئىشىك تەرەپنى نىشانلاپ ماڭدى. ئىشىكنىڭ يا چۈلۈكى، يا تۇتقۇچى يوق، پەقەت مىخقا باغلاپ قويۇلغان يۇمىلاق سىملا بار. دەنۇبىر ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتى. قۇياشنىڭ سوغۇق نۇرى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئۆينىڭ

ئىچى ئۆلار كىرگەندىكى ۋاقىتتىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ ، لېكىن جان قوزام يوق تۇراتتى. ئۇنى يەنە ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن، دەنۋېر يەنە ئىزدىشى كېرەك، چۈنكى بۇ يوقىتىشنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. دەنۋېر سوغۇق ساقلاش ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاراققىدە ئېچىپ ئۆي ئىچىگە يەنە كىردى. گۆردەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تېز سۈرئەت بىلەن ئۆي ئىچىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۆمۈچۈك تورى قولىغا ئۇرۇلدى، پىشلاقنى تاپتى، ئىشكاپنى ئۆرۈۋەتتى، ھەربىر قەدەم ماڭسا پاخال سىلىنچا ئۇنىڭ پۇتىغا ئىلىنىشاتتى، يەرگە يىقىلىپ چۈشىمۇ يىقىلغىنىنى سەزمەيتتى، چۈنكى ئۆزىنىڭ قايسى ئەزاسىنىڭ بىلىكى، قايسىلىرىنىڭ تىزى ياكى پۇتى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئېرىق يۈزىدىكى قاتتىق توڭلاپ كەتكەن مۇزدىن ئايرىلىپ چىققان مۇز پارچىسىدەك ھېس قىلماقتا. قاراڭغۇلۇقتا توختىماستىن يۆتكىلىپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە بىر ـ بىرلەپ پۇتلاشماقتا. مۇز پارچىسى ئاسان چېقىلىپ، ئاسان ئېرىيدۇ، بىراق ئۇ بەكلا سوغۇق.

ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇشۇ پەيتتە ئۆي ئىچى يورۇغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ يىغلاۋاتىدۇ. ئۇ تېخى باياتىن بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزگەندەك بولغان، راست دېگەندەك ئىشنىڭ يوغىنى چىقتى. بۇ ئىش خۇددى ئۆيگە كىرىش قانچە ئاسان بولسا شۇنداق ئاسان يۈز بەردى. دەرەخلىكتە تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندا يۈزلىرىنى قۇياش نۇرى سۆيۈپ تۇرغانىدى، ئەمدىلىكتە بۇ يەرگە كىرىپ قاراڭغۇلۇقتا جىنىدەكلا يوقالدى.

— كەتمەڭ، — ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى تەسلىكتە بوغۇلۇپ چىقماقتا، — قايتىپ كەتمەڭ.

ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى پاۋۇل. D 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە پەيدا بولغان ئاشۇ كۈنى باشپاناھسىز قالغان ھالدا مەشكە يۈزىنى قىلىپ يىغلاپ كەتكەن چاغدىكىدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ

چاغدا دەنۇېر ئۆزى ئۇچۇن يىغلىغانىدى. ھازىر بولسا ئۆزىنىڭ يوق بولغانلىقى ئۇچۇن يىغلىماقتا. بۇنىڭ بىلەن سىلىشتۇرغاندا ئۆلۈم دېگەن يېپىلمەي قالغان بىر ۋاقلىق تاماق. ئۇ بەستلىك ھالىتىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەپ، نېپىزلەپ، ئېرىپ تۈگەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا. ئۇ چېكىسىدىكى چاچلىرىنى تۇتتى، ئېرىپ تۈگىشىنى بىردەم بولسىمۇ كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن چاچلىرىنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ تاشلاشنى ئويلىدى. دەنۇېر چىشىنى مەھكەم چىشلەپ يىغىدىن توختىدى، بېرىپ ئىشىكنىمۇ ئاچمىدى. چۈنكى سىرتتىكى دۇنيا يوقالغانىدى. ئۇ ئۆي ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ ئاجىز نۇرلارنى يالماپ يۇتۇۋەتكىنىگە ئوخشاش ئۆزىنىمۇ يالماپ يوق قىلىۋېتىشىنى ئويلاپ، مۇشۇ يەردىن چىقماسلىقنى قارار قىلدى. ئۇ ئەمدىلىكتە يەنە بىر قېتىملىق ئايرىلىشقا، يەنە بىر قېتىملىق ئەخمەق قىلمىشقا چىدىمايتتى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، ئاكىلىرىنىڭ سېلىنچا ئۇستىدە ئۆزىنىڭ ئومۇرتقىسىنى نۆۋەتلىشىپ دەسسەۋاتقانلىقىنى بايقىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ، ھاراقنى مومىسىغا ئېلىپ قويۇپ، ئۆزى تۇرۇپ يېگەنىدى. ئاپىسى قولىنى ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكى ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ: «بېيىبى ساگىس كېتىپ قالدى، دەنۇېر» دېدى.

جان قوزام بايا دەنۇېر ئىزدەپ تاپالمىغان جايدا ھېچبىر تىۋىشسىزلا، كۈلۈمسىرىگىنىچە پەيدا بولدى.

دەنۇېر جان قوزامنىڭ كۆڭلىكىنىڭ بۇرجىكىنى تۇتتى:

— مەن تېخى سىزنى مېنى تاشلاپ كەتتى، قايتىپ كەتتى، دەپ ئويلاپتىمەن.

— ماڭا ئۇ يەر كېرەك ئەمەس، تۇرىدىغان جايىم مۇشۇ يەر، — دېدى جان قوزام كۈلۈمسىرىگىنىچە. ئۇ پاخال سېلىنچا ئۇستىدە ئولتۇردى، ئاندىن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە سېلىنچا ئۇستىدە ئوڭدىسىغا يېتىپ، ئۇستىدىكى نۇرغا قارىدى. دەنۇېر جان قوزامنىڭ كۆڭلىكىنىڭ بىر بۇرجىكىنى مەھكەم

سىقىمدىغىنىچە ھەرگىز قويۇۋەتمىدى. ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. جان قوزام بىردىنلا ياتقان يېرىدىن قوپۇپ ئولتۇردى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — سورىدى دەنۋېر.

— قاراڭ، — جان قوزام قۇياشنىڭ ئۇششاق نۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

— نېمىنى دەيسىز؟ مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، — دەنۋېر ئۇ قولىدا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ شۇنداق دېدى.

جان قوزام قولىنى چۈشۈردى:

— مەن شۇنىڭغا ئوخشايمەن.

دەنۋېر جان قوزامنىڭ قەددىنى پۈكۈپ، يۇپيۇمىلاق بولۇپ تۇگۇلگىنىچە تەۋرىنىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزى قوپقۇرۇق، ھېچنېمە يوق، ئىڭرىشىمۇ شۇنچە جانسىز ئىدى. دەنۋېر ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى.

— سىزگە بىرەر ئىش بولدىمۇ، جان قوزام؟

جان قوزام كۆزىنى كۆز نۇرىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىغا تىكتى:

— ئەنە، ئۇنىڭ يۈزى.

دەنۋېر جان قوزام قارىغان جايغا قارىدى، قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

— كىمنىڭ؟ كىمنىڭ يۈزىنى دەيسىز؟

— مېنىڭ. مېنىڭ يۈزۈم.

جان قوزام يەنە كۈلۈپ كەتتى.

«شىرىن ئۆي» دىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەر بۇنداق چاقىرىلىشتىن
ھەيران قالمايتتى. تونۇش - بىلىشلىرىمۇ ئۇنى شۇ نام بىلەن
ئاتايتتى، ئۇ شۇنداق چاقىرىشقا كۆنۈپ قالغانىدى. باشقا
تۆتەيلەنمۇ كۆنۈپ قالغانىدى، بىراق ئۇلار ئاللىقاچان كېتىپ
قالغان، سېتىۋېتىلگىنى ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، يوقىلىپ
كەتكىنىنى ئەمدى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئايان، يەنە بىرى
چوقۇم ئۆلۈپ كەتتى، يەنە بىرىنىڭمۇ ئۆلگەن بولۇشىنى ئۈمىد
قىلىدۇ. چۈنكى، قايماق ۋە ئىرىمچىكلەر ھاياتلىقتىن دېرەك
بەرمەيدۇ، ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىمۇ ئەمەس. ئۇ
كىچىكىدىن ھازىرغىچە كېنتاكىدا نېگىرلاردىن پەقەت ئۆزى
بىلەن قوشۇپ ئاشۇ بەشلا ئەر كىشى بار، دەپ ئويلايتتى. گارنېر
ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئۇنى ئوخشىشىغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە
ئىلھاملاندۇراتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىغىمۇ
يول قوياتتى. ئۇلار ئىش قىلىشتا يېڭى - يېڭى يۈزلىنىشلەرنى
تېپىپ چىقىشقا كۈچەيتتى. نېمە ئىش قىلىشنى كېرەكلىكىگە
قاراپ، غوجايىنىدىن تەستىق كۈتۈپ ئولتۇرماستىنلا، لازىملىق
ئىشلارنى قول سېلىپ ئىشلەۋېرەتتى. بىر ئانىنى ھەق تۆلەپ
قايتۇرۇۋالسا بولاتتى، بىرەر ئات ياكى ئايال كىشىنى
تاللىيالايتتى، قورال - ياراغلىرىنى خالىغانچە ئىشلىتەلەيتتى.
ئۆزلىرى خالىسىلا ھەتتا كىتاب ئوقۇشنىمۇ ئۆگىنەلەيتتى.
بىراق، ئۇلار بۇنى خالىمىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق

مۇھىم ئىشلارنى قەغەزگە يېزىشقا بولمايتتى.

ئۇلارنىڭ گارنېر ئەپەندى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. گارنېر ئەپەندى ئۇلارغا ئىشىنەتتى. ھەممىدىن مۇھىمى، گارنېر ئەپەندى ئۇلارنىڭ گېپىنى يىرمايتتى. گارنېر ئەپەندى ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ قىممىتى بار، دەپ ئويلايتتى. ئۇلارمۇ بۇ ئىشلارغا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتاتتى. ئۆز قۇللىرىنىڭ پىكرىگە بويسۇنۇش گارنېر ئەپەندىنىڭ ھەيۋىسى ۋە ھوقوق ـ مەنپەئەتىنى دەخلىگە ئۇچرىتالمايتتى. «مۇئەللىم» نىڭ ئۇلارغا ئۆگىتىدىغىنى بولسا بۇلارنىڭ دەل ئەكسىچە. قارا بۇغداي ئېتىزىدىكى قارانچۇققا ئوخشاش: ئۇلار «شېرىن ئۆي» دىلا «شېرىن ئۆي» نىڭ ئەرلىرى بولالايدۇ، بۇ ئۆيدىن ئايرىلغاندا بولسا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ چۈپرەندە مەخلۇق بولۇپ قالىدۇ. چىشلىرى قالمىغان ئىشىك باقار ئىتقا، مۈڭگۈزى يوق بۇقىغا، پىچىۋېتىلگەن ئايغىرغا ئوخشاش بىچارىلىشىدۇ.

ئۇ ھەر قېتىمقى كەچلىك تاماقتىن كېيىن 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى تاماق ئۈستىلىدىن تۇرۇپ پەلەمپەي تەرەپكە بۇرالغاندا، ئاۋۋال يۈرىكى ئاغاتتى، ئاندىن كۆڭلى بىئارام بولۇشقا باشلايتتى. ئۇ بىر چاغلاردا بولۇقىدە چېچەكلىگەن قارىئۆرۈك دەرىخى ئاستىدا، يۈرەك سوقۇشى تېخى توختىمىغان كەپتەرنىڭ پوكىنىدىن چىشلەپلا گۆشىنى يەۋەتكەنىدى. چۈنكى ئۇ ئەركىشى ـ دە. ئەر كىشى دېگەن قىلىمەن دېگىنىنى قىلىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ. يەنە بىر قېتىم باشقا بىر ئەر بىلەن بىللە كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭغا ئەر كىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كۆزىگە ئىس كىرىپ كەتسىمۇ كۆزىدىن ياش چىقارماي تۇرغانىدى. مانا ئەمدى شۇنداق قاپ يۈرەك، جەسۇر بىر ئەركەك جورجىيەدىن دېلاۋېرغا كېلىپ، ئەرلەر تۇرۇشقا بولمايدىغان 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە، ئايال كىشىنىڭ ئۆيىدە ئۆزى خالاپ تۇرۇۋاتىدۇ. نە ئات، نە نومۇس.

پاۋۇل . D نىڭ پۇتلىرى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس ئىدى،

بىراق ئۆزىنى يەنىلا سۆزلىيەلەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭىمۇ، ئارىدىكى قاتمال ھالەتكە خاتىمە بېرىش نىيىتىگە كېلىپ، سېس بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ ھەپتە خۇسۇسىدا سۆزلەشمەكچى بولدى، سېس «ئاشپۇزۇل» دەپ ئاتىۋالىدىغان ئۈستى ئوچۇق پىۋىخانىدىن ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆزى يالغۇز ئۆيگە قايتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا دەيدىغانىنىڭ ھەممىسىنى دېيىش قارارىغا كەلدى.

پاۋۇل . D سېسنى ساقلىماقتا. قىش كۈنلىرى قۇياش چۈشتىن قايرىلغان ھامان كىشىگە كەچ كىرگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. پاۋۇل . D ساۋېيىر ئاشپۇزۇلىنىڭ ئارقىسىدىكى تار كوچىدا تۇرۇپ ساقلايتتى، سېسنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىگەچ ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغانلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى.

«بۇ، ھە... قاراڭ، ئۇنداق ئەمەس، راستىلا ئۇنداق ئەمەس... دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ئاجىزلىق ئەمەس، غەلىبە قازىنىش سەپىرىمدىكى ئاجىزلىق ئەمەس. مەن ئازراق ئىش چىقىرىپ قويدۇم. ئۇنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىم سىزگە ئايان. بىراق، ئۇ ماڭا ئەسكىلىك قىلدى، مېنى ئەخمەق قىلدى. سېس، ئۇ مېنى كولدۇرلاتتى، بىراق مەن ئۇنى تاشلىۋېتەلمىدىم.»

نېمە؟ سوقا ـ سەندەلدەك بىر ئەر كىشى بىر قىزغا ئالدىنىپ كەتتى؟ بىراق، ئۇ قىز بالا بولماي، قىز بالا قىياپىتىگە كىرىۋالغان بولسىچۇ؟ مەسىلە تاتلىق قىز بالا قىياپىتىگە كىرىۋالغان پېسەندى بىرىگە چېقىلمىغانلىقىمدا ئەمەس، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە ئەمدى ئازادە كەيپىياتتا تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقىدا. يەنە سېستىن ئايرىلىپ قېلىش خەتىرىمۇ بار. چۈنكى، ئۇ ھازىر ھەقىقىي ئەركەكلەردەك جاسارەتلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا سېس بولمىسا بولمايدۇ. سېس بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، مەسىلىنى ھەل قىلمىسا بولمايدۇ. بىراق، ئۇ ئۆزى قوغدىماقچى بولغان ئائىلىدىن ياردەم سوراش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن نومۇس قىلماقتا. ئەجەبمۇ تەس بولدى.

پاۋۇل . D قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ پۇۋلىدى. غۇررىدە چىققان شامال ئاشخانىنىڭ ئاشقان ـ تاشقان تامىقىنى ساقلاپ تۇرغان ئىتنىڭ تۈكلىرىنى يەلپۈپ ئۆتتى. ئۇ ئىتقا، ئىت ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

ئارقا ئىشىك ئاخىر ئېچىلدى. سىپس ئاشقان تاماقلار ئېلىنغان قاچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. سىپس پاۋۇل . D نى كۆرۈپ «ۋوي» دەۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن خۇشاللىق ھەم ھەيرانلىق ئەكس ئېتەتتى.

پاۋۇل . D سىپسقا كۈلۈمسىرەپ جاۋاب قايتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سوغۇقتا توڭلاپ، تارتىشىپ كەتكەن مەڭزلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى.

— سىز ئۆزۈمنى ماڭا قىز بالىدەك ھېس قىلدۇردىڭىز. ئىشتىن چۈشىدىغاندىمۇ مېنى ئالغىلى كەپسىز. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىممۇ مېنى بۇنداق ساقلاپ باقمىغان.

سىپس چاققانلىق بىلەن يوغان بىر تال ئۇستىخاننى يەرگە تاشلىدى. بۇنداق قىلغاندا، ئىت مۇشۇ سۆڭەككە تويىدىغانلىقىنى بىلىپ، سىپستىن يەيدىغان نەرسە تالىشىپ يۈرمەيتتى. ئۇ ئاشخانىدا ئىشلىتىلمەيدىغان، ئۆزىمۇ كېرەك قىلمايدىغان ئاشقان ـ تاشقان نەرسىلەرنى ئىتنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەپ قويدى. بۇ نەرسىلەردىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— قايتىپ كىرىپ بۇنى يۇيۇۋېتەي، بىردەمدىلا چىقىمەن، — دېدى سىپس.

پاۋۇل . D بېشىنى لىڭشىتتى. سىپس ئاشپۇزۇلغا قايتىپ كىرىپ كەتتى.

لازىملىق نەرسىسىگە ئېرىشكەن ئىت ئاۋاز چىقارماستىن بايىقى نەرسىلەرنى يېمەكتە.

— ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ ياكى بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — سورىدى سىپس.

— ھە، بالدۇرراق قايتقانىدىم.

— ئىشىڭىز بارمىتى؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ، — پاۋۇل . D شۇنداق دەپ ئاغزىنى سۈرتتى.

— ئىشتىن بوشىتىلمىغانسىز؟

— ياق، ياق. ئىشلارغا ئۇلار يېتىشەلەيدۇ. مەن پەقەت...

— ھە؟

— سىز، دېمەكچى بولغان گەپلىرىم سىزگە ياقمايدۇ.

سىز قەدىمىنى توختاتتى. يۈزىنى پاۋۇل . D غا — ئاچچىق شامال تەرەپكە بۇرىدى. زەھەردەك سوغۇق شامال سىزنىڭ باشقا ئايالنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان بولسا، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇ ئايالنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلغان بولاتتى. باشقا ئايال بولغان بولسا پاۋۇل . D نىڭ سۆزىدىن «مەن كېتىدىغان بولدۇم، خوش» دېگەن مەنىنى سېزىپ، پاۋۇل . D غا يالۇۋۇرغان، ھەتتا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىغان بولاتتى.

سىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلماقچى، ئۇنى قويۇپ بەرمەكچى ياكى گۇناھلىق ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەكچى بولغاندەك بىر ھالەتتە پاۋۇل . D غا جىممىدە قاراپ تۇردى. قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقىسى يوق، ھېچكىمنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.

پاۋۇل . D سىزنىڭ ھازىر نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلەتتى. سىز خاتا چۈشىنىپ قالدى، پاۋۇل . D بۇ يەردىن كەتمەكچى ئەمەس، مەڭگۈ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئۇ سىزگە دېمەكچى بولغان ئىش تېخىمۇ قورقۇنچلۇق. ئۇ سىزنىڭ ئەيىبلەش ئىپادىسى يوق مەيۈس چىرايىنى كۆرۈپ، دېمەكچى بولغانلىرىنى دېيىشتىن يالتايدى. پاۋۇل . D نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇق شامالدا كۆزىنى مىتمۇ قىلماي قويمىغان بۇ ئايالغا «مەن ئەركەك ئەمەس» دېيەلمىدى.

— دەۋېرىك، پاۋۇل . D، گەپلىرىڭىزگە رايىم بار ـ يوقلۇقى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

پاۋۇل . D تەييارلاپ قويغان گەپلىرىنى دېيەلمەستىن، ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان گەپلەرنى دەپ سالدى.

— مەن سىزنى ھامىلىدار قىلماقچى، سىس. شۇنداق قىلىشىمنى خالامسىز؟

سىس قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. پاۋۇل . D مۇ كۈلدى.

— بۇ يەرگە كېلىشىڭىز ماڭا مۇشۇ گەپنى قىلىش ئۈچۈنمىدى؟ سىز ھەقىقەتەن بىر ساراڭ ئىكەنسىز. راست دەيسىز، بۇنداق گەپنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. مېنىڭ قېرى كېلىپ قالىدىغىنىمنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ — سىس بارماقلىرىنى پاۋۇل . D نىڭ قوللىرى ئارىسىغا كىرگۈزدى. بۇ ھال ئىلگىرىكى ئۇلارنىڭ سايىلىرىنىڭ جۈپلىشىپ تۇرغاندىكى ھالىتى بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى.

— ئويلىشىپ بېقىڭ، — دېدى پاۋۇل . D. توساتتىن ئۇنىڭ خىيالىغا بىر ئوي كەلدى: سىسنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىسە، ئۆزىنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنى كۆرسىتىپ قويغىلى، يەنە كېلىپ ئاشۇ قىزنىڭ سېھرىي كۈچىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، بۇنداق قىلىش بىر چالمىدا ئۈچ پاختەك سوققانلىق ئەمەسمۇ. پاۋۇل . D سىسنىڭ بارماقلىرىنى ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئاپاردى. سىس زەھەردەك سوغۇق شامالدا، كۈپكۈندۈزدە بۇ ئىشنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كۆلگىنىچە قولىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالدى.

ھازىر پاۋۇل . D نىڭ ئازراق ۋاقتى بار. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋاقىتنى ئۇ سېتىۋالغان. ئۇ ئاشۇ باھانىڭ ئۆزىنى نابۇت قىلىۋەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ ھال بىر چۈشتىن كېيىننى كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش راسخوتى ئۈچۈن سېتىۋالغانغا ئوخشايدۇ.

ئۇلار كۆلكىلىرىنى توختىتىپ، قوللىرىنى قويۇۋېتىشتى، قەددىنى رۇس تۇتۇپ تار كوچىدىن چوڭ يولغا چىقتى. چوڭ كوچىدا سوغۇق شامال ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. بىراق،

قۇرۇق سوغۇق يەنىلا يولدا كېتىۋاتقانلارنى تېز مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى، ھېچكىممۇ ئىشىك ئالدىدا ياكى ماگىزىنلارنىڭ كۆزنىكى ئالدىدا تۇرمىغان، ئاشلىق ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى توشۇيدىغان ھارۋىلار سوغۇقتىن قورققاندەك، ئۇلارنىڭ ئوقىدىن غاراس - غاراس ئاۋاز چىقماقتا. قاۋاقخانا ئىشىكى ئالدىغا باغلانغان ئات كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ھەدەپ تىترىمەكتە. تۆت ئايال ئىككىدىن بولۇپ، بىر - بىرىگە مۈرىلىرىنى يېقىشىپ يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئايىغى ياغاچتىن ياسالغان پىيادىلەر يولىدا دوڭ - دوڭ - دوڭ ئاۋاز چىقىراتتى. پاۋۇل . D سېپسىنى جەينىكىدىن تارتىپ ياغاچ يولدىن چۈشۈرۈپ، كېلىۋاتقان ئاياللارغا يول بەردى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇلار شەھەر چېتىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پاۋۇل . D بىلەن سېپس ئىككىسى قوللىرىنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۇرۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر - بىرىنىڭ كاسىسىنى سىلاپ قويدى. ئۇلار شۇنچە ياشقا كىرىپ قېلىپمۇ بالىلاردەك ئىش قىلىۋاتقىنىدىن بىر تۇرۇپ ھاياجانلانسا، بىر تۇرۇپ خىجىل بولاتتى.

بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، دەپ ئويلايتتى پاۋۇل . D. مۇشۇنداق بولسا، ئانىسى يوق قىزمۇ بوزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، ماكانى يوق كەلگۈندى ئايالمۇ ئۇنى ئانىي تاپالمايدۇ، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي، غەم - ئەندىشىگە چۈشۈپ قالىدىغان ئىشمۇ بولمايدۇ. پاۋۇل . D ئۆزىنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، سېپسىنى مۈرىسىدىن مەھكەم قۇچاقلىدى. سېپس بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى. بۇ پەيت ئىككىلىسى ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى. ئۇلار مېڭىشتىن توختىدى، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغىمۇ پەرۋا قىلمىدى. قىشتىكى كۈن نۇرى غۇۋا ئىدى. سېپس كۆزىنى يۇمدى. پاۋۇل . D يول بويىدىكى دەرەخلەرگە قارىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى سوغۇق شامالدىن قوغداش ئۈچۈن، قوللىرى بىلەن ئۆزىنى دالدا قىلىشتى. توساتتىن قار

لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى. گويا ئاسماندىن قىممەتلىك سوۋغات چۈشۈۋاتقاندەك، سىس كۆزىنى ئىچىپ «ئاھ، بۇ ئىلتىپاتنى قاراڭ» دەۋەتتى. پاۋۇل . D بولسا ئۆزلىرىگە ياغقان بۇ ئىلتىپاتنىڭ ئۇلارنىڭ هازىرقى هېسسىياتلىق هالىتىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ كۈننى ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن چۈشكەنلىكىگە ئىشەندى.

لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار گۈللىرى قېلىن ھەم ئىغىر ئىدى، ھەتتا تاش ئۈستىگە بەش سىنتىملىق تەگمىدەك قاتتىق چۈشەتتى. قار هامان پاۋۇل . D نى هەيران قالدۇراتتى، قاردىكى جىمجىتلىق نەقەدەر يۇكسەك ـ ھە. قار يامغۇرغا ئوخشمايدۇ، بەلكى بىر مەخپىيەتلىككە ئوخشايدۇ.

ــ تېز يۈگۈرۈڭ، ــ دېدى پاۋۇل . D.

ــ سىز يۈگۈرۈڭ، ــ دېدى سىس، ــ مەن پۈتۈن بىر كۈن ئۆرە تۇردۇم.

ــ مەنچۇ؟ ئولتۇرۇۋېلىپتىمەن ـ دە؟ ــ پاۋۇل . D يول بويى سىسقا يېپىشىپ ماڭدى.

ــ توختاڭ، توختاڭ، ــ دېدى سىس، ــ پۇتلىرىم بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ــ ئۇنداقتا كېلىڭ، ــ پاۋۇل . D سىسنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا، ئۇنى هاپىلا ـ شاپىلا هاپاش قىلىپ، چوڭ يولدا يۈگۈرۈپ مېڭىشقا باشلىدى. شۇ هالەتتە ئاقىرىشقا باشلىغان قوڭۇر رەڭلىك دالانى كېسىپ ئۆتتى.

پاۋۇل . D ئاخىر نەپىسى يېتىشمەي، هاسىرىغىنىچە قەدىمىنى توختاتتى. سىس يەرگە چۈشتى. ئىككىسى ئۆزىنى توختىتىۋالالماي كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ سىزگە قار ئۈستىدە ئوينىشىپ بېرىدىغانغا بالىلار كېرەك، ــ سىس شۇنداق دېگەچ ياغلىقىنى ئوڭشىدى.

پاۋۇل . D كۈلگىنىچە توڭلاپ كەتكەن قولىنى هوردىدى.

ــ مەن ئەلۋەتتە شۇنىڭغا موهتاج. بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا يەنە

ئۆزى خالايدىغان ھەمكارلاشقۇچى كېرەك.

— مەن بەكمۇ، بەكمۇ خالايمەن دېيەلەيمەن، — دېدى سىس جاۋابەن.

سائەت تۆت بولاي دېدى، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە يەنە يېرىم ئىنگلىز مىل يول قالدى. بىر ئادەم ئۆلار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، قار گۈللىرى ئارىسىدا كېلىۋاتقان كىشىنىڭ قارىسى بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ تۆت ئايدىن بېرى ئىزچىل ھالدا سىسنى كۈتۈۋالغىلى كېلىۋاتاتتى، ھازىرمۇ پاۋۇل D . بىلەن سىسنىڭ بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىئارام بولۇپ كەتتى.

جان قوزام پاۋۇل D . بىلەن كارى بولماستىن، سىسقا قارىدى. جان قوزام ئۇستىگە چاپانمۇ كىيمىگەن، بېشىدا ياغلىقىمۇ يوق ئىدى. بىراق، قولىدا بىر يېپىنچا بار ئىدى. جان قوزام يېپىنچا بىلەن سىسنى ئوراپ قويدى.

— ئەخمەق قىز، سىرتقا چىققان ئادەم قېلىنىراق بىر نەرسە كىيمەيسىزغۇ؟ — دېدى سىس. ئاندىن ئۇ پاۋۇل D . دىن ئايرىلىپ، يېپىنچىسى بىلەن جان قوزامنىڭ بېشى ۋە مۈرىلىرىنى ئوراپ قويدى، — ئىشنىڭ ئېپىنى ئۆگەنىسىڭىز بولاتتى، — سىس شۇنداق دەپ، سول قولى بىلەن جان قوزامنى قۇچاقلىدى. بۇ چاغدا قار گۈللىرى لەپىلدىمىدى. پاۋۇل D جان قوزام كېلىشتىن ئىلگىرى بەدىنىنىڭ سىسنىڭ بەدىنىگە تېگىشكەن جايلىرىنىڭ مۇزدەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىككى ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى، ۋۇجۇدىنى ئاچچىق پىغان قاپلىغانىدى.

سىس ھەممىنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ بەختەر ۋە كەسكىن ھەرىكىتى ئويلىمىغان يەردىن ھەممە ئىشنى ھەل قىلدى.

— بۇ قېتىم يەنە سىرتتا ئۇخلىمايسىز، شۇنداقمۇ، پاۋۇل.

D؟ — سېس پاۋۇل . D غا كۇلۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئوچاق مورىسى سىرتتىن كىرىۋاتقان سوغۇق ئېقىمغا قارشى يۆتەلمەكتە. دېرىزە رامكىلىرى زەھەردەك سوغۇق شامالدا جالاقلاپ تىترىمەكتە.

پاۋۇل. D لېگەندىكى دۇملىمە گۆشتىن نەزىرىنى يۆتكىدى.

— ئۇستىگە چىقىپ، ئۆزىڭىز ئۇخلاشقا تېگىشلىك جايدا ئۇخلىسىڭىز... شۇ يەردە تۇرىۋەرسىڭىز، — دېدى سېس.

ئۇستەلنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان جان قوزام تەرەپتىن كېلىۋاتقان يامان غەرەزلەر سېسنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرەشلىرى ئالدىدا ئۆز كۈچىنى يوقاتتى.

ئىلگىرى پاۋۇل . D بىرلا قېتىم بىر ئايالدىن مىننەتدار بولۇپ باققان. شۇ قېتىم پاۋۇل . D ئاچلىق ۋە تەنھالىق ئازابى ئىچىدە ئورماندىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ۋىلمىڭتون نېگىرلار رايونىدا ئالدىغا ئۇچرىغان بىرىنچى ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكىنى چەكتى. ئىشىكنى ئاچقان ئايالغا ئۆزىگە ئازراق يەيدىغان نەرسە بەرسىلا، شۇنىڭ بەدىلىگە ئوتۇن كەسلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايال ئۇنىڭغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتى.

— بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئايال ئىشىكنى يوغانراق ئېچىپ قويۇپ. ئايال ئۇنىڭغا چوشقا گۆشى كولباساسى ئاچىقىپ بەردى. ئاچلىقتىن ئۆلەي دېگەن ئادەمنىڭ بۇنداق نەرسىگە كۆڭلى تارتامدۇ دەيسىز. لېكىن، پاۋۇل . D ۋە ئۇنىڭ قورسىقى ئۇنى يېيىشكە باشقىچە پىكىردە بولمىدى. كېيىن پاۋۇل . D ئايالنىڭ ھۇجرىسىدىكى كارىۋاتقا سېلىنغان ئاق پاختا رەخت ياپقۇچنى ۋە ئىككى ياستۇقنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بىر ئەر كىشىنىڭ كۆزىدىكى مىننەتدارلىق يېشىنى يوچۇن ئايالنىڭ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ توپىلىق يەردە، ئوت - چۆپ ئۈستىدە، پاتقاقتا، توپان، يوپۇرماقلار، ئوت - چۆپ، ئۆمۈچۈك تورى، قۇلۇلە قېپى قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىدە ئۇخلاپ باققان،

بىراق ئەزەلدىن ئاپپاق كىرلىك ئۈستىدە ئۇخلاپ باقمىغانىدى. ئۇ خورسىنغىنىچە كىرلىك ئۈستىدە يېتىشقا تەمشەلدى، بەختكە يارىشا ئايالىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ئايالىنىڭ كىرلىكى بىلەن ئەمەس، ئايالىنىڭ ئۆزى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشقا باھانە تېپىلدى. شۇ ئاخشىمى گۆشكە تويۇپ، شەھۋىتىنى قاندۇرغاندىن كېيىن پاۋۇل . D ئۆزىنىڭ ئۇ ئايالدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئايال ئۇنى كارىۋىتىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولغاندا، پاۋۇل . D نى ئۆلتۈرۈۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇ ئون سەككىز ئايدىن كېيىن «شىمالىي قۇتۇپ بانكىسى ۋە تۆمۈريول شىركىتى» گە سېتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاشۇ كىرلىك ئۈستىكى ئۇچرىشىشقا يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

مانا بۈگۈن ئۇنىڭ قەلبىنى ئىككىنچى قېتىملىق مىننەتدارلىق چۇلغىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى بىراۋ چوڭقۇر ھاڭدىن تارتىۋېلىپ، بىخەتەر يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قويغاندەك ھېس قىلاتتى. سېس خالىسىلا، ئۇ سېسنىڭ كارىۋىتىدا ئاشۇ ئىككى ئەخمەق قىزغا تاقابىل تۇرالايتتى. ئۇ گەۋدىسىنى سوزۇپ، قار ئۇچقۇنلىرى چۇشۇۋاتقان دېرىزىگە نەزەر تاشلىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئاشپۇزۇلنىڭ كەينىدە تۇرغاندىكى دەككە ـ دۈككىدىن ئاسانلا قۇتۇلدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۈمىد قىلغىنى بەكلا زور بولدى، ئۇ تىلغا ئالغان قورقۇنچاقلىقلار ھەممە ئادەمدە بولىدىغان نورمال ھالەت ئىدى.

سېس پاۋۇل. D نىڭ بىلەكلىرى ئارىسىغا قىسىلىپ، پاۋۇل. D نىڭ كوچىدا بالا تەلەپ قىلغان ئاشۇ ھالىتىنى خىيال قىلدى. شۇ چاغدا گەرچە ئۇ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە پاۋۇل . D نىڭ قولىنى تۇتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ گەپتىن چۆچۈپ كەتكەنىدى. بالىلىق بولۇش پاۋۇل . D نىڭ ھەقىقىي ئارزۇسى بولسا، ئۇ ھالدىكى يېقىنچىلىق نەقەدەر لەززەتلىك ـ ھە! بىراق، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم بالىلىق بولۇش خىيالى راستىلا قورقۇنچلۇق، دەپ

ئويلىغانىدى سىس. بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق سىناقلارنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايدىغان جاسارەت، زور دەرىجىدىكى چەبدەسلىك كېرەك، يەنە ئالاھىدە كۆيۈنۈش ئاستىدا ئىشلارنى قايتا باشلاش كېرەك. شۇلارغا يېتىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇزاقراق ياشاش كېرەك. ئاھ خۇدا، مېنى قۇتقۇزغىن، دېدى سىس ئىچىدە. غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولمىغان ئانا مۇھەببىتى نەقەدەر قورقۇنچلۇق. ئۇ سىسنى ھامىلىدار قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ سىسنى شۇ ئارقىلىق تۇتۇپ قالماقچىمۇ؟ مۇشۇ باسقۇچلۇق ھاياتىدا شۇ يوسۇندا خاتىرە قالدۇرماقچىمۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزى تۇرغان ھەربىر جايدا بالىسى بولۇشى ئېھتىمال. ئون سەككىز يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئادەم شۇنداق بولماي قالامدۇ. ياق، ئۇ چوقۇم سىسنىڭ بالىلىرىدىن بىزار، چوقۇم شۇنداق. سىس خىيالىنى ئوڭشىۋالدى. بىر بالا، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۇ كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان جان قوزام. بۇ ئىشلار ئۇنى بىزار قىلغان بولۇشى ئېنىق. ئىككى قىزنىڭ سىستىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىدىن ئۇنىڭ رايى كەتكەن. سىس ۋە ئۇ ئىككى قىزنىڭ پاۋۇل. D چۈشىنىپ بولمايدىغان تەرزدە كۈلۈشلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخپىي بەلگىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئىچى سىقىلغان گەپ. ئۇ ئۈچى نېمىلا دېگەنبىلەن بەربىر بىر ئائىلە كىشىلىرى، پاۋۇل . D لا يات ئادەم.

ماڭا ياردەملىشىپ بۇنى تىكىۋېتەمسىز، قوزام؟

ئەلۋەتتە تىكىۋېتىمەن. بۇ كۆڭلەكنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ ئاندىن تىكىۋېتەي. ھەرقانداق ئادەم ئۈچىسىنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. بىراق، ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندىكى كۆڭلىكى بىلەنلا.

پۆرىدىن بىرسىمۇ قالمىدىمۇ؟

دەنۇۋېرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچىسىنى يەۋەتكىنى ئېسىمدە.

پاۋۇل . D نىڭ ئۆينىڭ خالىغان يېرىدە ئۇخلىشىغا ئاغرىنىش

كەتمەيدۇ. بۇگۇن سىپسىنىڭ رەھىمى كېلىپ پاۋۇل . D نىڭ كىچىسى ئۆز جايىغا قايتماسلىقىغا خاتىمە بەردى.

سىپس ئۇھ تارتقىنىچە قولىنى پاۋۇل . D نىڭ مەيدىسىگە قويدى. ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىپس ئۇنىڭ پۇخادىن چىقىشىغا يول قويمايتتى، سىپس بۇنىڭدىن بىر ئاز خىجىل ئىدى. سىپسقا ئۆزىنىڭ باللىرى يېتىپ ئاشاتتى. ناۋادا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلسە، جان قوزام بىلەن دەنۇېر يەنە تۇرۇۋەرسە... ۋاي خۇدا، بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى قاتتىق غەمگە سالىدىغان ئىش بولاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىپس يولدىكى ئۈچ كىشى قول تۇتۇشقان سايىنى كۆرگەندىن كېيىن ھايات يۆنىلىشىدە نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى ـ ھە! يەنە شۇ چاغدا ئاياغ ۋە كۆڭلەكنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان. كۈن نۇرى ئاستىدا كۆيۈۋاتقان ئاشۇ چىرايىنى يىللاردىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان ئەمەسمىدى.

پاۋۇل . D نىڭ كۆكرىكى ئۇنىڭ قوللىرى ئاستىدا بىر ـ كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسەيمەكتە.

دەنۇېر چىنىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. جان قوزام سېس بىلەن پاۋۇل . D ئۇستىگە چىقىپ كەتكەندىن بېرى مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن مۇشۇ يەردە بارمىقىنى شوراپ ئولتۇراتتى. دەنۇېر جان قوزامنىڭ يۇزىگە بىر هازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ پاۋۇل . D نىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

جان قوزام بارمىقى بىلەن ئاغزىنى كولىغاچ:

— ئۇنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭ، — دېدى.

— ئۇ كەتسە سېس سىز بىلەن قېيىدىشىپ قالىدۇ.

جان قوزام باش بارمىقىنىمۇ ئېغىزىغا سېلىپ، قۇرت يېگەن بىر تال چىشىنى تارتىپ چىقاردى، پەقەتلا قان چىقمىغان بولسىمۇ، دەنۇېر يەنىلا ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ۋاي.... ئاغرىدىمۇ؟

جان قوزام چىشىغا قاراپ: «ئاخىر كەلدى. كېيىنكى قېتىمقىسى بىلەك، قول، پۇتىنىڭ بارمىقى بولىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئەزالار بىر ـ بىرلەپ ياكى بىراقلا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن، بەلكىم بىر كۈنى ئەتىگەندە دەنۇېر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشتىن ئىلگىرى، سېس ئىشقا كەتكەندىن كېيىن، ئۇ چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ ئۆزى يالغۇز چېغىدا بېشىنى بوينى ئۇستىدە، پۇتىنى يانپىشىدا تۇرغۇزۇشى بەكلا مۇشكۇل ئىدى. ئۇ ئېسىگە ئالالمىغان مۇنداق

بىر ئىش بار: ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قايسى كۇنى ھوشىغا كەلگىنىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر دۆۋە ئۇششاق دېتاللارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئىككى قېتىم چۇش كۆردى: بىر قېتىمدا ئۆزىنىڭ پارتلاپ كەتكىنىنى، يەنە بىر قېتىمدا يىتتۇرۇۋېتىلگىنىنى چۇشىدى. ئۇنىڭ چىشى چۇشۇپ كەتكەندە — ئېنىق چىشى چۇشۇپ كەتكىنىدە ھالاكەتنىڭ باشلانغانلىقىنى سەزدى.

— بۇ چوقۇم ئەقىل چىشى، ئاغرىمىدىمۇ؟ — سورىدى دەنۋېر.

— ئاغرىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا نېمىشقا يىغلىمايسىز؟

— نېمە؟

— ئاغرىغان بولسا، نېمىشقا يىغلىمايسىز؟

شۇنىڭ بىلەن، جان قوزام يىغلاشقا باشلىدى. ئورنىدا ئولتۇرۇپ، بەكمۇ نۇرلۇق ئالىقىنىغا چىشىنى ئېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئاشۇ قېتىمقىغا ئوخشاش، قىزىل رەڭلىك قۇش دەرەخ ئارىسىدا يوقىلىپ، ئارقىدىن ئىككى تاشپاقا سۇ ئىچىدىن ئارقىمۇئارقا چىققان چاغدىكىدەك، ئاق پەلەمپەي ئاستىدا سىپىنىڭ پاۋۇل D تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرگەندە يىغلىغىنىدەك يىغلىدى. ئۇ ئېغىزىغا كىرىپ كەتكەن تۇزلۇق ياشلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ باقتى. دەنۋېرنىڭ ئۆزىنى مۇرىسىدىن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۆز جىسمىنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى بىر جۇپلەر ھېچنېمىنى ئاڭلىماستىن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىشتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئاستىدا، سىرتتا، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئەتراپىدا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. قارلار دۆۋىلىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى كۆمۈۋاتاتتى. قارلار ئېگىزلەپ، بارغانچە چوڭقۇرلىشىۋاتاتتى.

بىبىي ساگىسنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە مۇنداق بىر خىيال بولۇشى مۇمكىن: خۇدا رەھمىتىنى ياغدۇرۇپ، خاللى كۈھىقاپتىن قۇتۇلۇپ چىقالىسا، بۇ ئىشنى خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلەش كېرەك. پەقەتلا كىچىك ئوغۇل دادىسى ئۈچۈن ئىشلەشكە ئۈنىدى. خۇددى ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ دادىسى ئاۋۋال بىبىي ساگىس ئۈچۈن، ئاندىن ئۈچ بالىسى ئۈچۈن ئىشلىگىنىگە ئوخشاش. بىر ياز كېچىسى جون بىلەن ئېللا ئۈچ بالىنى بىبىي ساگىسنىڭ ئۆيى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. باللار يېتىپ كەلگەندە سېس تېخى كەلمىگەنىدى. بۇنىڭدىن بىبىي ساگىس بەكلا قورقتى، شۇنداقلا مەمنۇن بولدى. مەمنۇن بولۇشى: ھايات قالغان باللار ئۆزىنىڭ نەۋرىلىرى ئىدى. دەسلەپتىكى بىرنەچچىسى، ئۆزى بىلىدىغان ئاشۇ نەۋرىلىرى — ئىككى ئوغۇل نەۋرىسى ۋە ئۆمىلەشكە باشلىغان قىز نەۋرىسى ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئۆيۈپ تۇراتتى. سېس بىلەن خاللىغا نېمە ئىش بولدى، ئۇلار نېمىشقا كەلمىدى، سېس نېمىشقا ھارۋىدا بىللە كەلمىدى، دېگەنلەرنى سوراشنى خالىمىدى. ھېچكىممۇ ئۆزىگە تايىنىپلا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇركۇتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەندەك تۇتۇلۇپ قېلىشى، تورغا چۈشكەن توشقاندەك قولغا چۈشۈپ قېلىشىنى دېمەيلا تۇرايلى، ئۇلار قانداق قېچىشنىمۇ بىلمەيدۇ. يول باشلاپ بېرىدىغان ئادەم بولمىسا، مەڭگۈ ئادىشىپ، ئېزىپ يۈرۈشى

مۇمكىن.

شۇڭىلاشقا، سىس يېتىپ كەلگەندە (پۈتۈن بەدىنىنىڭ تىتمىا تالمىغى چىقىپ كەتكەن، قولىدا بوۋىقى بار ئىدى) بېيىبى ساگىسنىڭ خۇشاللىقتىن سۈرەن سالغۇسى كەلدى. بىراق، تېخىچە خاللىنىڭ ئىز ـ دېرىكى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىسمۇ ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بېيىبى ساگىس تەنتەنە قىلىشتىن يالتايدى. ئالدىراپ خۇش بولۇپ كېتىپ، كېيىنكى پۈرسەتلەردىن مەھرۇم قېلىشنى خالىمىدى.

بۇنى ستەمپ پېيد باشلىغانىدى. سىس 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە كېلىپ يىگىرمە كۈن بولغاندا، ستەمپ پېيد جىمىنىڭ چاپىنىغا يۆگەلگەن بوۋاقنى كۆرگىلى كەلدى، ئۆز قولى بىلەن يىلانبېلىق كاۋىپى بەرگەن ئانىنى يوقلاپ كەلدى. ئاندىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىككى چېلەكنى ئېلىپ، دەريا بويىدىكى پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان جايغا باردى. بۇ يەردە شېرىن تەملىك قارا بۆلجۈرگەنلەر ئۆسۈپ كەتكەن، يېگەن ئادەمگە ئىبادەتخانىغا بارغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىر تال بۆلجۈرگەننى يەپ قالسىڭىز، مەلھەم سۈركەپ قويغاندەك تۇيغۇغا كېلىسىز. ئۇ ئالتە ئىنگلىز مىل يول يۈرۈپ، دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى، چاتقاللار ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن يېقىن كېلىشمۇ تەس بولغان جىلغىغا يۆگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ تىكەنلەر ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈردى، قاتار تىزىلىپ تۇرغان قانخور تىكەنلەر ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئىشتىنىنى يىرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ پاشا، ھەرە ۋە مۇشۇ ئىشتات بويىچە زەھىرى ئەڭ يامان بولغا ئانا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا چىدىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىلىنغان، ھاشاراتلارغا يەم بولغان بولسىمۇ، ئۇ قىلماقچى بولغىنىنى مۆۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى: ھەربىر تال بۆلجۈرگەننى بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ناھايىتى ئاۋايلاپ ئۈزدى، بىرىنىمۇ زېدە قىلىۋەتمىدى. كەچ كىرەي دېگەندە ئۇ 124 ـ

نومۇرلۇق ئۆيگە يېتىپ كەلدى. لىق بۆلجۈرگەن قاچىلانغان ئىككى چېلەكنى دالان ئۆيگە قويدى. بېيبىي ساگىس ئۇنىڭ تىتىلىپ كەتكەن كىيىملىرىنى، قان تەپچىرەپ تۇرغان قوللىرىنى، تىلىنىپ كەتكەن يۈز ۋە بويۇنلىرىنى كۆرۈپ، ئولتۇرغىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بۇگلار، خوۋارد، شىلەپە كىيگەن ئايال ۋە سېپس ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، بۇ ھىيلىگەر، چىداملىق قېرى نېگىر ئەرنىڭ تۇرقىدىن بېيبىي ساگىس بىلەن بىرلىكتە كۈلگىلى تۇردى. ئۇ يەر ئاستى خەۋەرچىسى، بېلىقچى، كېمىچى، كېمە سۆرىگۈچى، قۇتقۇزغۇچى پىدائىي، رازۋېدكىچى قاتارلىق كۆپ خىل ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى، قولىغا بۆلجۈرگەندىن بىر تال ئېلىپ، ئۇچ ھەپتىلىك بولغان دەنۋېرنىڭ ئاغزىغا سېلىۋىدى، ئاياللار چۇرقىراپ كېتىشتى.

— ئۇ تېخى كىچىك، ستەمپ.
— ئۇچەيلىرى يېرىلىپ كەتمىسۇن.
— ئۇنى يېسە ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ.

ھالبۇكى، بوۋاق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئاغزىنى تەمشىپ، ئاغزىغا سېلىنغان شېرىن تەملىك بۆلجۈرگەنلەرنى يېيىشكە باشلىدى. بېيبىي ساگىس بالىلارنىڭ قولىدىن چېلەكنى تارتىۋېلىپ، ستەمپنى چېلەكتىكى بۆلجۈرگەنلەرنى تۇرۇبىغا ئاپىرىپ يۇيۇپ كېلىشكە ماڭدۇردى. بېيبىي ساگىس بۇ ئەر كىشىگە يۈز كەلگۈدەك ۋە ئۇ ياخشى كۆرگۈدەك بىر ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئىش شۇنداق باشلاندى.

ئۇ پېچىنە پىشۇرۇش ئۇچۇن خېمىر يۇغۇردى. ئاندىن جون بىلەن ئېللانى مېھماندارچىلىققا چاقىرىشنى ئويلاشتى. چۇنكى ئۇچ ياكى تۆت تال پۆرە بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۇچۇن جىق بولۇپ كېتەتتى. سېپس يەنە ئىككى توخۇ قوشۇۋېتىش خىيالىنى ئېيتتى. ستەمپ ئوكۇن ۋە ئامۇرسوم بېلىقلىرىنىڭ ھازىر

كېمىگە بېشىنى سوزۇۋاتقىنىنى، ئۇلارغا قارماق تاشلاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى.

دەنۇۋېرنىڭ ھاياجانلانغان كۆزلىرىنى قوشقاندا مېھماندارچىلىق توقسان كىشىلىك زىياپەتكە ئايلاندى. 124 - نومۇرلۇق ئۆيدىن چىققان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار كېچە ئاسمىنىدا تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. توقسان كىشى بەھۇزۇر يەپ، شادىمان كۈلدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچ باغرى بۇنىڭدىن ئەلەمگە تولدى. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگىنى ئويغىنىپ، سەمەپ پېيدىنىڭ ئوكۇن بېلىقىنى ياڭاق دەرىخىنىڭ ياغىچىغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى؛ قايماق سېلىپ پىشۇرۇلغان قوناق قاتلىمىسىنى ئەسلەشتى؛ يەپ - ئىچىپ تويغان بالىلارنىڭ چارچاپ كېتىپ پاخال سېلىنچىلاردا قوللىرىدا كاۋاپ قىلىنغان توشقان ئۇستىخىنىنى تۇتقىنىچە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ، ئاچچىقى كېلىشكە باشلىدى.

بېيبىي ساگىس ئۈچ - تۆت تال پۆرىنى ئون ياكى ئون ئىككى تالغا كۆپەيتكەندى. سېسىنىڭ ئىككى توخۇسى بەش كۈرۈك توخۇغا ئاۋۇغان، يىراق سىنىسىناتىدىن تاۋۇز ۋە يالپۇزلارغا قوشۇپ ھاراق ياساش ئۈچۈن ئەكېلىنگەن مۇز پارچىسى داسقا تۆكۈلگەن بۆلجۈرگەنلەرگە ئارىلاشتۇرۇلغانىدى. 124 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ كۈلكە سادالىرى، سەمىمىيلىك ۋە توقسان كىشىنىڭ تويماس نەپسى ئارىسىدا تەۋرىشى ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. بەك چەكتىن ئېشىپ كەتتى، دەپ ئويلايتتى ئۇلار. بېيبىي ساگىس نېمىسىگە تايىنىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋالىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئىككىسى باشتىن - ئاخىر ئۇلارنىڭ مەركىزىدە بولىدۇ؟ ئۇ نېمىسىگە تايىنىپ قانداق ۋاقىتتا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ؟ پىكىر - تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى، خەۋەر يەتكۈزىدىغانلىقى، كېسەللەرنى داۋالايدىغانلىقى، قاچقۇنلارنى مۆكتۈرۈپ قويىدىغانلىقى، تاماق ئېتىشنى، ۋەز ئېيتىشنى، ناخشا

ئېيتمشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، شۇنداقلا ھەربىر كىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى سەۋەبلىك پەقەت ئۇلا ئاشۇ سالاھىيەتنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولۇشى ئېھتىمال.

مانا ئەمدىلىكتە ئۇ ئىككى چېلەك بۆلجۇرگەندىن ئون ياكى ئون ئىككى قاتلىما پىشۇردى. پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ يېيىشكە يېتىدىغان كۇرۇك توخۇلارنى، توققۇز ئايلىق كۆك پۇرچاقنى، يېڭى قايماقلارنى، سۇتلۇك بولكىنى، باقالىنى، ئېچىپ قالغان بولكىنى، سىرىق ماي قوشۇلغان بولكىنى — ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىۋەتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭ دەردىنى تارتتى. ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇلار قورسىقىدىكى قاتتىق بىئاراملىقنى سودا سۇيى ئىچىش ئارقىلىق بېسىقتۇردى. 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي سىخىيلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ئاشۇ زىياپەت ئۇلارغا باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى.

ھاۋادا غەلىتە بىر پۇراق ، ئۇلار ھېچقاچان پۇراپ باقمىغان بىر پۇراق بار ئىدى. بېيبىي ساگىس نەۋرىلىرى ئۇچۇن ئۇماچ قاينىتىۋېتىپ بۇ پۇراققا دىققەت قىلدى. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ قارىموچ مايسىسىنىڭ توۋىنى بوشىتىۋاتقاندىمۇ بايىقى پۇراقنى پۇرىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئۇ تۇرغان يەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان نەچچە يارد يىراقلىقتا، سىپس پۇرچاقلىق ئارىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. دۈمبىسىدىكى يارنى داۋالاش ئۈچۈن كۆڭلىكىنىڭ كەينىگە قويۇلغان فلانېل سەۋەبىدىن سىپسنىڭ مۈرىسىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇراتتى. يېنىدىكى سېۋەتكە ئۈچ ئايلىق بوۋىقى سىلىنغانىدى. بېيبىي ساگىس بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق ئىدى، يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئۈلۈمنىڭ ئىزناسى تېپىلمايتتى. ئۇ قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلىدى، يەنە تېخى يىراقتىكى ئېرىق سۇيىنىڭ بىر ئاڭلىنىپ، بىر ئاڭلانماي شىلدىرلاپ ئېقىشلىرىغا قۇلاق سالدى. ئىت تۈنۈگۈنكى

زىياپەتتىن ئېشىپ قالغان بىرنەچچە تال سۆڭەكنى غاجىلاۋاتاتتى. ئۆي تەرەپتىن خوۋارد، بۆگلار ۋە ئۆمىلىگۈدەك بولغان قىزچاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىماققا بىرەر غەيرىي ئەھۋال بايقالمىغان بولسىمۇ، قاياقلاردىندۇر كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. بېيبىي ساگىس كۆكتاتلىقتا يىراق، ئەمما ئېرىقتا يېقىن كۈنگەي ئېتىزغا قوناق تېرىغانىدى. زىياپەت ئۈچۈن قوناقلار بەكلا كۆپ ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، قوناقلىقتا قوناق باشاقلىرى يەنىلا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بېيبىي ساگىس بۇنى جايىدا تۇرۇپلا ئېنىق كۆرەلىدى. ئوتىغۇچنىڭ بىسى ياۋا گىياھنى گاچچىدە كەستى. كېسىلگەن گىياھنى ئۇ شىلەپىسىنىڭ يىرتىلغان يېرىگە قىستۇرۇۋالدى، شىلەپىنىڭ يىرتىقىغا پاتمىغانلىرىنى بىر ياققا چۆرۈۋەتتى. ياغاچ كەسلىگەندىكى تاق ـ تۇق ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ستەمپ تۈنۈگۈن ئۆزى ۋەدە قىلىپ قويغان ئىشقا تۇتۇش قىلغانىدى. بېيبىي ساگىس قولىدىكى ئىشلارغا قاراپ خورسىنىپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بېلىنى رۇسلاپ، ئاشۇ سېسىق پۇراقنىڭ زادى نەدىن كېلىۋاتقىنىنى يەنە بىر قېتىم ھىدلاپ چىقتى. ئۇ ئوتىغۇچنىڭ سېپىنى تۇتۇپ، ناھايىتى تەپسىلىي ھىدلايتتى. ئۇ ھېچكىمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماسلىقىغا كۆنۈپ قالغانىدى. لېكىن، ھەر تەرەپتە لەيلەپ يۈرگەن بۇ سېسىق پۇراق ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. ئۇ ھەرگىز ئاق تەنلىك ئەمەس — ئۇ بۇنى تولۇق جەزملەشتۈرەلەيتتى — شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قارا تەنلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ بەك مەردلىكى تۇتۇپ كېتىپ، يىراق ـ يىراقلاردىن مېھمان چاقىرغانلىقى، ئىسراپ قىلماسلىققا تېگىشلىك نەرسىلەرنى كەڭ قوللۇق بىلەن زىياپەتكە ئىشلىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دوستلىرى ۋە قوشنىلىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

بېيبىي كۆزىنى يۇمدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ توغرىدۇ. ئۇ

توساتتىن سىېسىق پۇراقتىن كېيىن ناھايىتى يىراقلاردىن كېلىۋاتقان يەنە بىر پۇراقنى سەزدى. ئۇ پۇراق تاپ باستۇرۇپ كەلمەكتە. سىېسىق پۇراقنىڭ كۈچلۈك ھىدى ئۇنى بېسىپ كەتكەچە، بېيبىي بۇنىڭ نېمە پۇراق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭقالدۇرۇپ، بۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆرگىنى پاسونىنى ئۇ ياخشى كۆرمەيدىغان بىر جۈپ ئېگىز قونچلۇق ئاياغ بولدى. بېيبىي مەيۈسلۈك ۋە تەشۋىش ئىلكىدە ئۇتىغۇچ بىلەن يەرنى بوشىتىشنى داۋاملاشتۇردى. مىغىلداپ كەلگەن بۇ نەرسە زادى نېمىدۇ؟ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئازار يەتكۈزمىگەن نېمە قالغان بولغىيتتى؟ خالىلىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمىدۇ؟ ياق. ئۇ خالىلىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ئۇنىڭ ھايات قالغانلىقىدىنمۇ بەكرەك ئىدىيەۋى تەييارلىق قىلىپ بولغان. خاللى ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ كىچىكى. خاللى تۇغۇلغاندا بېيبىي ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپمۇ قويمىغان. چۈنكى، ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقىنى تونۇۋېلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى. بەلكىم خالىلىنىڭ چوڭ ئەر بولۇپ كەتكەن ھالىتىنى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. بېيبىي يەتتە قېتىم شۇنداق قىلغان: ئۇنىڭ كىچىككىنە پۇتىنى تۇتقان، بارماقلىرى بىلەن ئاشۇ كىچىك بارماقلارنى تەكشۈرۈپ باققان. ئۇ ھازىرغىچە بالىلىرىنىڭ چىشى چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن قانداق چىش چىققانلىقىنى، ماڭغان چېغىدا بېشىنى قانداق تۇتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. پەتتىنىڭ تىلى قانداق بولغاندۇ؟ فېيموسنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى قانداق بولغىيتتى؟ جونىنىنىڭ مەڭزىدىكىسى تارتۇق بولغىيمىدى ياكى زىنىخ بولغىيمىدى؟ ئۇ ئاغزىنى ئاچسىلا مەڭزىدىكى ئۇ ئويمان يوقىلىپ كېتەر بولغىيمىدى؟ تۆت قىز، ئۇ ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىدە، ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىغا تۈك چىقمىغانىدى. ئاردېلىيە ھازىرمۇ بولكىنىڭ كۆيۈكىنى يېيىشنى ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟ يەتتىسىنىڭ ھەممىسى كەتتى ياكى ئۆلۈپ

تۈگىدى. ئەڭ كىچىككىگە بۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىپ كېتىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بىراق، نېمە سەۋەبتىنكىن، ئۇلار بېيبىنىڭ خاللىنى ئېلىپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىشقانىدى.

خاللى ئاپىسىغا ئەگىشىپلا يۈرەتتى، ئاپىسى نەگە بارسا شۇ يەرگە باراتتى.

كارولىنادىكى چېغىدا بېيبىنىڭ كاسىسى يارىلانغانىدى. بۇ يارا گارنېر ئەپەندىنىڭ ئۇنى ئون ياشلىق نېگىر بالىدىنمۇ ئەرزان سېتىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. گارنېر ئەپەندى ئانا ـ بالا ئىككىسىنى كېنتاكىغا ئەكېلىپ، «شېرىن ئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان ئېكىنزارلىققا يەرلەشتۈردى. كاسىسىدىكى يارا سەۋەبلىك، بېيبي ئۈچ پۇتلۇق ئىتقا ئوخشاش دىڭگۇسلاپ مېڭىپ يۈردى. ئۇ «شېرىن ئۆي» نىڭ شال ئېتىزلىرىنى ياكى تاماكا ئېتىزلىرىنى كۆرۈپ باقمىدى، ئۇنى ھېچكىم بىرەر قېتىممۇ ئۇرۇپ باقمىدى. نېمىشقىكىن لىللىيەن گارنېر بېيبي ساگىسنى جېنىنى دەپ چارقىراتتى. بىراق، گارنېر ئۇنى ئۇرۇپ ياكى تىللاپمۇ باقمىغانىدى. ھەتتا ئۇ كالا تېزىكىگە تېيىلىپ كېتىپ ئېتىكىدىكى تۇخۇملارنىڭ ھەممىنى چېقىۋەتكەندىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا «ۋاي، قارا قانجۇق، نېمىش قىلدىڭ» دەپمۇ باقمىدى. ھېچكىممۇ ئۇنى ئۇرۇپ باقمىدى.

«شېرىن ئۆي» بېيبي ساگىس ئىلگىرى تۇرغان جايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا بەكلا كىچىك ئىدى. گارنېر ئەپەندى، گارنېر خانىم، بېيبي ساگىس، خاللى، كۆپىنىڭ ئىسمى پاۋۇل بىلەن باشلىنىدىغان تۆت يىگىت بۇ يەردە بار ـ يوق ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى شۇ ئىدى. گارنېر خانىم ئىش قىلىۋاتقاندا ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئىدى: گارنېر ئەپەندىچۇ؟ قارىماققا يەرشارى ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىدەك ھالەتتە ئىدى. ھېچكىم بېيبىگە يەر تېرىيسەن دېمەيتتى. گارنېر ئەپەندىنىڭ بالىلىرى، خاللىمۇ ئۇنداق دېمەيتتى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ تەلىيى بولسا كېرەك، لېكىن بېيبي بەربىر ئۇ ئىشلارنى قىلالمايتتى. ئۇ پەقەت ناخشا

غىڭشىپلا يۇرىدىغان لىللىيەن گارنىپىرنىڭ يېنىدا بولاتتى، ئىككىسى بىرلىكتە تاماق ئېتەتتى، كۆكتات چىلايتتى، كىر يۇياتتى، دەزمال سالاتتى؛ شام، سوپۇن ۋە ئالما شەربىتى قاتارلىقلارنى ياسايتتى، كىيىم ـ كېچەك تىكەتتى؛ توخۇ، چوشقا، ئىتلارنىڭ قورسىقىغا مەسئۇل ئىدى؛ كالا ساغاتتى، قايماق ئېلىشتۇراتتى، چوشقا مېيى قاينىتاتتى، ئوت قالايتتى... بۇلارنى ئىش دېگىلى بولسۇنمۇ. لېكىن، ھېچكىممۇ ئۇنى ئۇرۇپ باقمىدى.

بېبىينىڭ كاسىسى ھەر كۈنى ئاغرىيتتى، لېكىن ئۇ بۇنى ھېچكىمگە دېمەيتتى. پەقەتلا خاللى ئەڭ ئاخىرقى تۆت يىلدا ئاپىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئاپىسىنىڭ كارىۋاتقا چىقىپ ـ چۈشكەندە يوتىسىنى ئىككى قولى بىلەن يۆتكەيدىغانلىقىنى بىلدى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى، ئۇ گارنىپىر ئەپەندىگە ئۇنى ئازاد قىلىۋېتىشنى، ئۇ ئولتۇرۇۋالسا كېسىلىدە ياخشىلىنىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نېمىدېگەن كۆيۈمچان پەرزەنت ـ ھە! خاللى ئاپىسى ئۈچۈن جاپالىق بىر ئىشنى ئۈستىگە ئالدى: ئەمگىكىنى، تۇرمۇشىنى ئۇنىڭغا ئاتىدى. مانا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بالىلىرىنىمۇ ئاپىسىغا ئاتىغانىدى. ھازىر بېبىي كۆكتاتلىقتا تۇرۇپ، سېسىق پۇراققا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاۋاتقىنىدا، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، «شېرىن ئۆي» ھەقىقەتەن بىر كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش ئىدى. بىراق، بۇمۇ بەربىر؛ ھەسرەت ئۇنىڭ روھىدا، ئۆزىنى يوقاتقان ئۆزلۈكى ماكان تۇتقان مۇزدەك قەلبىدە ئىدى.

ئۇ ناخشا ئېيتالامدۇ؟ (ناخشىنى چىرايلىق ئېيتالامدۇ؟) ئۇ چىرايلىقمۇ؟ ئۇ ياخشى دوست بولالامدۇ؟ ئۇ بىر مېھرىبان ئانا بولالامتى؟ ۋاپادار ئايال بولالامتى؟ مېنىڭ بىر ھەدەم بار، ئۇ مېنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ ئەگەر ئانام مېنى تونۇپ قالسا، ئۇ يەنە مېنى ياخشى كۆرۈۋېرەرمۇ؟

بېيبي لىللىيەن گارنېرنىڭ ئۆيىدىن — كاسسىنى زەخىملەندۈرىدىغان دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن، روھىنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان ھارغىنلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقتى. لىللىيەن گارنېرنىڭ ئۆيىدە ھېچكىم ئۇنى يەرگە بېسىپ باسقۇنچىلىق قىلالمايتتى. ئۇ ئاق تەنلىك ئايالنىڭ ئىش قىلغاچ غىڭشىۋاتقان ناخشىلىرىغا قۇلاق سالدى. گارنېر ئەپەندى كىرىپ كەلگەندە ئۇنىڭ يۈزلىرىنىڭ باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ، كۆڭلىدە بۇ يەر بەك ياخشى ئىكەن، لېكىن مەن بۇ يەردەك ياخشى ئەمەسكەنمەن دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭچە، گارنېر ئەر ـ ئايال ئالاھىدە بىر خىل قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان، قول ئاستىدىكىلەرگە ياللانما ئىشچىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى، قۇللارنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، ئۇلار بىلمىگىنى، ئۆگىنىشنى خالىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا ئۆگىتىپ قوياتتى.

بېيبي ساگىس ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئامال بار ئاز گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ دېگۈدەك نېمە گەپلىرى بار دەيسىز. بۇنىڭدىن ئاق تەنلىك خانىم يېڭى كەلگەن قۇلىنىڭ كەم سۆز ۋە ئىشچان، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلغاچ، ئۇنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سالىدىغان ياخشى ياردەمچى ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدى.

گارنېر ئەپەندى خاللىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇنيادا خاللى ئۈچۈن بېيبي ساگىسنىڭ ئازادلىقىدىنمۇ بەكرەك مەنىلىك بولىدىغان يەنە بىر ئىش يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بېيبي ساگىس ئۆز رايى بويىچە دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇلدى. ئۇ تاللاش قىيىن بولغان ئىككى خىل ئىش ئۈستىدە بەكلا ئىككىلىنىپ قالدى: بۇ يەردە مەڭگۈلۈككە تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ ياكى دۇنيادا بەلكىم بىردىنبىر ھايات ياشاۋاتقان ئەڭ كىچىك بالىسىدىن ئايرىلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇ ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان ئاشۇ قىيىن ئىشنى تاللىدى. ئىزچىل ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئوغلىدىن

مەسلىھەتمۇ سورىمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئاتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان، ئۈچ پۈتلۈق ئىتتەك دىڭگۈسلاپ ماڭىدىغان بىر ئايال قۇلغا ھۆرلۈكنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇنىڭ پۈتلىرى ئەركىنلىك تۇپرىقىغا دەسسىگەن چاغدا، ئۇ خالىنىڭ ئۆزىدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئەزەلدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ باقمىغان خالىنىڭ دۇنيادا ھۆرلۈكتىن ئارتۇق يەنە بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇ بۇلاردىن چۆچۈپ كەتتى.

ئازراق مەسىلە چىقتى. نېمە مەسىلە چىقتى؟ نېمە مەسىلە چىقتى؟ بېيىبىي ساگىس ئۆزىدىن شۇنداق سورايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەق ـ تۇرقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى ھەم ئۇنى بىلىشكە قىزىقمايتتى. توساتتىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىنى بايقىدى. شۇندىلا ئۇنىڭ كاللىسى سەگەكلىشىپ، ئوي ـ خىياللىرى سۆزۈلدى: «بۇ بىر جۈپ قول ماڭا تەۋە. بۇ مېنىڭ قولۇم.» بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇ كۆكرىكىنىڭ زەربىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر نەرسىنى — دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان ئۆزىگە تەۋە يۈرىكىنى بايقىدى. قالايمىقان تېپچەكلەۋاتقان بۇ يۈرەك ئىزچىل مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرارمۇ؟ ئۇ ئۆزىنى بەئەينى بىر ساراڭدەك ھېس قىلىپ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ قاقاھلاپ كۈلدى. گارنېر ئەپەندى بېشىنى بۇراپ، قوڭۇر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

— كۈلگۈدەك نېمە ئىش بولدى، جېننى؟

ئۇ تېخىچە كۈلكىدىن توختىمايتتى.

— يۈرىكىم سوقۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

بۇ راست ئىدى.

گارنېر ئەپەندى قاقاھلاپ كۈلدى.

— قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق، جېننى. باشتا قانداق بولغان بولساڭ، ئاخىرىغىچە شۇنداق بولىسەن، ساڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ.

بېيىبىي بەك يۇقىرى ئاۋازدا كۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاغزىنى توسۇۋالدى.

— سىېنى كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان كىشى ساڭا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. ئىسمى بودۇىن. ئاكا ـ سىڭىل، شوتلاندىيەلىك. ئۇلار بىلەن تونۇشقىنىمغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى.

بېيىبىي ساگىس بۇنىڭ ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇزاقتىن بېرى سورىيالماي يۈرگەن بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— گارنېر ئەپەندى، سىز نېمىشقا مېنى جېنىنى دەپ چاقىرىسىز؟

— سېنىڭ سېتىلىش باھا تاختاڭغا شۇنداق يېزىلىپتىكەن، قىزچاق. ئۇ سېنىڭ ئىسمىڭ ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈڭنى نېمە دەپ ئاتايسەن؟

— ياق. مەن ئۆزۈمنى ھېچنېمە دەپ ئاتىمايمەن.

گارنېر ئەپەندىنىڭ يۈزى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتتى.

— سېنى كارولىنادىن ئېلىپ مېڭىۋاتقىنىمدا، ۋېتلوۋ سېنى جېنىنى دەپ چاقىرغان، سېنىڭ باھا تاختاڭدىمۇ جېنىنى ۋېتلوۋ دەپ يېزىلغانىكەن. سېنىڭ ئىسمىڭ جېنىنى ئەمەسمۇ؟

— ياق، ئەپەندى. ئۇ مېنى شۇنداق ئاتىغان تەقدىردىمۇ، مەن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— ئۇنداقتا، سەن ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرەتتىڭ؟

— ھەر خىل جاۋاب بېرەتتىم. لېكىن، ئېرىمنىڭ ئىسمى ساگىس.

— سەن توي قىلغانمۇ، جېنىنى؟ بۇنى مەن تېخى بىلمەيدىكەنمەن.

— توي قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

— ئېرىڭنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن، ئەپەندى.

— ئۇ خاللىنىڭ دادىسىمۇ؟
— ياق، ئەپەندى.
— ئۇنداقتا، سەن نېمىشقا خاللىنى ساگىس دەپ چاقىرىسەن؟ ئۇنىڭ باھا تاختىسىدىمۇ سىنىڭكىگە ئوخشاش ۋېتلوۋ دەپ يېزىلغانىكەن.
— ساگىس مېنىڭ فامىلەم، ئەپەندى، ئېرىمنىڭكىگە بېقىنغان. ئېرىم مېنى جېنىنى دەپ چاقىرمايتتى.
— ئۇ سېنى نېمە دەپ چاقىراتتى؟
— بېيىبىي دەپ.
— شۇنداقمۇ، — گارنېر ئەپەندى يەنە بىر قېتىم كۈلدى، — سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، ئىزچىل ھالدا جېنىنى ۋېتلوۋ دېگەن ئىسمىنى قوللىناتتىم. ئازاد قىلىنغان ئايال قۇلغا نىسبەتەن بېيىبىي ساگىس خانىم دېگەن نام ئاڭلىماققا ئادەمنىڭ ئىسمىغا ئوخشىمايدۇ.
بەلكىم شۇنداقتۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىراق، «بېيىبىي ساگىس» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ ئاتالمىش ئېرىدىن قالغان بىردىنبىر نەرسە ئىدى. ئەستايىدىل، مىسكىن ئۇ ئەر بېيىبىيغا ئاياغ تىكىشنى ئۆگىتىپ قويغان. ئۇ ئىككىسى كىمگە پۇرسەت كەلسە، شۇ قېچىپ كېتىدۇ، بىللە قېچىپ كېتەلىسەك تېخى ياخشى، بىراق يالغۇز قېچىشقا پۇرسەت چىقىپ قالسا، يەنە بىرىگە ھەرگىز تارتىشمايدۇ، دەپ شەرت قويۇشقانىدى. ئۇنىڭ ئېرىگە پۇرسەت كېلىپ، ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى، شۇنىڭ بىلەن بېيىبىي ئۇنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. ھازىر بېيىبىي ئۆزىنى سېتىۋېتىلگەن چاغدىكى ئىسىم بىلەن ئاتىسا، ئېرى ئۇنى قانداق تاپالايدۇ، كىشىلەردىن نېمە دەپ سورۇشتۇرىدۇ؟
بېيىبىي شەھەرگە كۆنەلمىدى. نوپۇسى كارولىنادىكىدىنمۇ كۆپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشى تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئىككى قەۋەتلىك بىنالارنى ھەممىلا يەردە

ئۆچراتقىلى بولىدۇ. پىيادىلەر يولى تەپتەكشى كېسىلگەن ياغاچ تاختىلاردىن ياسالغان، يول گارنېر ئەپەندىنىڭ داچىسىدەك كەڭرى.

— بۇ بىر سۇ شەھىرى، — دېدى گارنېر ئەپەندى، — ھەممە نەرسە سۇ ئارقىلىق توشۇپ كېلىنىدۇ. دەريا سۈيى ئۆلڭ كەلمىسە قانالالار ئارقىلىق توشۇلىدۇ. بۇ شەھەر شەھەرلەر ئىچىدىكى خانىش، جىننى. سەن خىيالىڭغا كەلتۈرگەن ھەممە نەرسىنى بۇ يەردىكىلەر ئۆز ئەينى بويىچە ياساپ چىقىرالايدۇ. مەش، تۈگمە، كېمە، كۆڭلەك، تارغاق، سىر، ھور ماشىنىسى، كىتاب قاتارلىق ھەممىنى. تىككۈچى ئۇستاملارنىڭ ماھارىتى كۆزۈڭنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. راستىلا شۇنداق. مانا بۇ بىر ھەقىقىي شەھەر. ئەگەر سەن چوقۇم شەھەردە تۇرۇشنى خالىساڭ، مۇشۇ يەر ئەڭ مۇۋاپىق.

بودۇن ئاكا - سىڭىللار بىر چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى قاتمۇقات ئۆي سېلىنغان ۋە دەرەخلەر تىكىلگەن ئۆيلەردىن بىرىدە تۇراتتى. گارنېر ئەپەندى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتنى مۇستەھكەم تۆمۈر قوزۇققا باغلىدى.

— مانا كەلدۇق.

بېيىبىي بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ، كاسىسىدىكى جاراھەت ۋە نەچچە سائەتلىك سەپەر جاپاسى تۈپەيلى ھارۋىدىن ناھايىتى تەستە چۈشتى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە گارنېر ئەپەندى كارىدوردىن ئۆتۈپ، پېشايۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغانىدى. بېيىبىي بۇ چاغدا ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، تار يول ئارقىلىق ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن بىر قارا تەنلىك قىزنى كۆردى. قارىماققا ئۇ بەك ئۇزاق كۈتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا بىر قىزچاق ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بېيىبىينى دېرىزە ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— سىزگە ئازراق يەيدىغان نەرسە تەييارلاپ بېرەيمۇ، خانىم؟ — دەپ سورىدى قىزچاق.

— ياق، قەدىرلىكىم. مەن پەقەت ئۇسساپ قالدىم، خالاس.

قىزچاق چىنە يۇيۇش كۆلچىكى يېنىغا بېرىپ بىر ئىستاكان سۇ ئەكەلدى، ئىستاكاننى بىيىبىي ساگىسنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— مېنىڭ ئىسمىم جېينىي، خانىم.

بىيىبىي سۇدىن سەل شەكلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىچكەن ئادەمگە دورىدەك تېتىيدىغان بۇ بىر ئىستاكان سۇنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى.

— ساگىس، — دېدى ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېغىزىنى سۈرتۈپ، — بىيىبىي ساگىس.

— سىزنى كۆرگىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن، ساگىس خانىم. سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچىمۇ؟

— نەدە تۇرۇپ قېلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مېنى بۇ يەرگە گارنېر ئەپەندى ئەكەلدى. ئۇ ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتقانىدى، — بىيىبىي شۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى، — مەن ھۆرلۈككە چىقتىم، سىز بىلسىڭىز كېرەك.

جېينىي كۈلدى.

— شۇنداق، بىلىمەن، خانىم.

— ئۆيىڭىزدىكىلەر يېقىن ئەتراپتا تۇرامدۇ؟

— شۇنداق، خانىم. ھەممىمىز بىلۇستون كوچىسىدا تۇرىمىز.

— بىز تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتتۇق، — دېدى بىيىبىي ساگىس، — بەلكىم بىر يەرگە جەم بولىدىغىنىمىزغىمۇ ئۇزاق ۋاقىت قالمىغاندۇ.

«ئاھ، قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار، — دەپ ئويلايتتى بىيىبىي، — ئىشنى نەدىن باشلىسام بولار؟ بىرەرسىنى تېپىپ ۋېتلوۋغا خەت يازدۇرسام بولامدىكىن، پەتتىي بىلەن روسالىنى كىم ئەكەتتىكىن.» ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە، دان ئىسىملىك بىرى ئاردېلىيەنى ئېلىپ غەربكە كېتىپتۇ. نەنسىي بىلەن فېيموس

ۋىرگىنىيە قىرغىقىدا ساۋاننىاغا مىڭىش ئۇچۇن تەمشەلگەن كېمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بېيبىينىڭ بىلىدىغىنى مۇشۇ.

ۋېتلوۋ تەرەپتىكى ئىش بېشى بېيبىيغا خەۋەر ئەكەلدى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ ئارقىلىق بېيبىينى خالىغانچە بوزەك قىلىشقا يول ئېچىش ئىدى. كېمە باشلىقى پورتتا ساق ئۈچ ھەپتە تۇرۇپ، كېمىگە ماللارنى لىق قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن قوزغالغانىكەن. مال بۆلۈمچىسىدە جېنىدىن ئايرىلغان نېگىر قۇللاردىن ئىككىسى ۋېتلوۋنىڭ قۇللىرى ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىسمى... ئىش بېشى مۇشۇ خەۋەرنى بېيبىيغا يەتكۈزگەنىدى.

بىراق، بېيبىي ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلىدۇ. شۇنداق، ئۇ بىلىدۇ. بېيبىي قۇلاقلىرىنى قولى بىلەن مەھكەم ئېتىۋېلىپ، ئىش بېشىنىڭ ئاغزىدىن ئاشۇ ئىسمىنى ئاڭلاشتىن ئۆزىنى تارتتى.

جېينىي ئازراق كالا سۈتى قاينىتىپ، ئۇنى ئىستاكانغا قۇيدى، سۈت بىلەن بىللە بىر تەخسە قوناق بولكىسىنى بېيبىينىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بېيبىي ساگىس بىر ئاز تەكەللۇپ سۆزى قىلىۋېتىپ، ئۇدۇل كېلىپ شىرە ئالدىدا ئولتۇردى. بولكىدىن ئازراق ئۇشتۇپ سۈتكە چىلىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆمرىدە ھازىرقىدەك ئېچىرقاپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ھال مەلۇم نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

— ئۇلار بۇنىڭغا بىر نېمە دەرمۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى جېينىي، — قانچىلىك يېگۈڭىز بولسا شۇنچىلىك يەڭ. بۇ بىز يەيدىغان نەرسىلەر.

— بۇ يەردە يەنە باشقا كىشىلەر بارمۇ؟

— مەن يالغۇزلا، ئاندىن ۋۇدراف ئەپەندى بار. ئۇ سىرتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ھەپتىسىگە ئىككى - ئۈچ قېتىملا كېلىدۇ.

— سىلەر ئىككىڭلارلا بار ئىكەنسىلەر - دە؟

— شۇنداق، خانىم. مەن تاماق ئېتىمەن، كىر يۇيۇش

ئىشلىرىغا مەسئۇل.
— بەلكىم سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر ياردەملىشىدىغان ئادەمگە موھتاج بىرەرنى بىلىدىغاندۇ؟
— مەن سىزگە ئۇقۇشۇپ بېرەي. مەن قۇشخانىغا بىر ئايال كىشىنىڭ لازىملىقىنى بىلىمەن.
— نېمە ئىشقا سالىدىكەن؟
— بىلمىدىم.
— ئەرلەرگە ياقمايدىغان بىرەر ئىش بولسا كېرەك، پەرىز ىمچە.
— نەۋرە ھەدەمنىڭ دېيىشىچە، چوشقا گۆشىدىن قانچىلىك ئالىمەن دېسە شۇنچىلىك ئالغىلى بولارمىش، ئاندىن سائەتلىك ھەققى ئىككى يېرىم سېنىت ئىكەن. ئۇ يازلىق كولباسا تەييارلايدۇ.
بېيبىي ساگىس قوللىرىنى بېشىغا كۆتۈردى. پۇل؟ پۇل؟ ئۇلار ھەر كۈنى پۇل بېرىدۇ؟ پۇل؟
— ئۇ قۇشخانا قەيەردە؟ — سورىدى بېيبىي ساگىس.
جېينىي جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا، بودۇن ئاكا - سىڭىللار ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن گارنېر ئەپەندى كۈلگىنىچە ئەگىشىپ كىرىۋاتاتتى. ئاكا - سىڭىل ئىككىسى ئوخشاشلا كۈل رەڭلىك كىيىم كىيگەن، قاردەك ئاپپاق چاچلىرى ئاستىدىكى يۈزلىرى ئۇلارنى تولىمۇ ياش كۆرسىتەتتى.
— ئۇنىڭغا يېگۈدەك نەرسە بەردىڭمۇ، جېينىي؟ — سورىدى بودۇن ئەپەندى.
— بەردىم، ئەپەندى.
— بولدى، ئورنۇڭدىن تۇرما، جېينىي، — دېدى بودۇن ئەپەندىنىڭ سىڭلىسى، قارىغاندا خۇش خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەمدى چىقىدىغاندەك قىلاتتى.
ئۇلار بېيبىيدىن نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى سورىدى.

بېيبىي ئۆزى قىلغان نەچچە يۈز تورلۇك ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتمەستىنلا، ئاشۇ قۇشخانىنىڭ گېپىنى چىقاردى. «ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا يېشى چوڭ كېلىپ قالدۇ» دېيىشتى ئۇلار.

— ئۇ سىلەر ئۇچرىتالايدىغان موزدۇزلارنىڭ ئەڭ ئۇستىسى، — دېدى گارنېر ئەپەندى.

— موزدۇز؟ — بودۇين ئاكا - سىڭىللارنىڭ قاپقارا قاشلىرى لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — ساڭا كىم ئۆگەتكەن؟

— بىر قۇل ئۆگەتكەن، — جاۋاب بەردى بېيبىي ساگىس.

— يېڭى ئاياغ تىكەمسەن ياكى كونىلىرىنى ياماسەن؟

— يېڭى - كونا ھەممىسىنى قىلىمەن.

— ياخشىكەنغۇ، قالتىسكەنسەن، لېكىن سەن يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىشىڭ كېرەك، — دېدى بودۇين ئەپەندى.

— كىرلەرنى ئاپىرىپ يۇيىدىغان ئىش بولسىمۇ قىلامسەن؟ — سورىدى بودۇين ئەپەندىنىڭ سىڭلىسى.

— قىلىمەن، خانىم.

— بىر قادىقى ئىككى سېنىت.

— بولىدۇ، خانىم. لېكىن، قەيەرگە ئاپىرىپ يۇيىمەن ؟

— نېمە؟

— ئۆزىڭىز كىرلەرنى ئاپىرىپ يۇيىدىغان ئىش بولسىمۇ قىلامسەن، دەپ سورىدىڭىز، مەن كىرنى ئاپىرىپ يۇيىدىغان جاي قەيەر؟

— مۇنداق گەپ، جېنىنى، — دېدى گارنېر ئەپەندى، — بۇ ئىككى جانابنىڭ بىر ئۆيى بار، ئۇنى ساڭا بېرىدۇ. ئۇ ئۆي شەھەر سىرتىدا.

ئۇ ئۆي ئۇلار شەھەرگە كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. يېقىنىدا ئۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان بىرمۇنچە قارا تەنلىكلەر ئوخشىمىغان ئىشتاتىدىن باشقا يەرگە كېتىشكەنىدى. بېيبىي ساگىس بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئۇستۈنكى قەۋىتى ئىككى ئېغىزلىق،

ئاستىنقى قەۋەتتى ئىككى ئېغىزلىق ئۇ ئۆي بەك چوڭ كېلىپ قالىدۇ. لېكىن، بېيىبىيغا ئاشۇ ئۆيىنى بېرىش ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى، شۇنداقلا بىردىنبىر تاللىشى ئىدى. كىر يۇيۇش، يىڭنە ئىشى قىلىش، مۇرابىبا ياساش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش بەدىلىگە ئۆيىنى چوقۇم پاكىز تۇتۇش شەرتى بىلەن، ئۇلار بېيىبىيىنى ئاشۇ ئۆيدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئىلگىرى ئولتۇرغان قارا تەنلىكلەر ئۆيىنى تازا پاكىز تۇتالمىغان. بېيىبىي ساگىس بۇ ئىشلارنى قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بېيىبىي ساگىسنىڭ پۇل تاپىدىغان ئاشۇ ئىشنى قىلىش نىيىتى سوغا چىللاشقان، ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ بىئارام بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىككى قەۋەتلىك ئۆي ئۇنى بەكلا ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى، گەرچە ئۇ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقالمىسىمۇ. گارنېر ئەپەندى بودۋىن ئاكا ـ سىڭىللارغا بېيىبىيىنىڭ ئاياغ تىككۈچىلىكىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، تاماق ئېتىشتىمۇ ئېپى بارلىقىنى ئېيتتى. گارنېر تومپايغان قورسىقى ۋە پۇتىنى كۆرسىتىۋىدى، كۆپچىلىك قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— نېمە لازىم بولسا بىزگە دېگىن، — دېدى بودۋىن ئەپەندىنىڭ سىڭلىسى، — بىز قۇلدارلىق تۈزۈمىنى قوللىمايمىز. ھەتتا گارنېر تۇتقان يولنىمۇ شۇنداق.

— ئۇلارغا دېگىن، جېينىي. سەن مېنىڭ ئۆيۈمدىنمۇ ياخشىراق جايدا تۇرۇپ باققانمۇ؟

— ياق، تۇرۇپ باقمىغان، ئەپەندى.

— سەن «شېرىن ئۆي» دە قانچىلىك تۇردۇڭ؟

— مېنىڭ ھېسابلىشىمچە، ئون يىل تۇردۇم.

— ئاچ قېلىپ باقتىڭمۇ؟

— ياق، ئەپەندى.

— سوغۇقتا قېلىپ باقتىڭمۇ؟

— ياق، ئەپەندى.

— بىرەرسى سېنىڭ بىر تال بارمىقىڭغا چېقىلىپ باقتىمۇ؟

— ياق، ئەپەندى.
— خاللىنىڭ سىنى ئازاد قىلىش تەلىپىگە قوشۇلدۇممۇ؟
— قوشۇلدىڭىز، ئەپەندى. قوشۇلدىڭىز، — دېدى بېيىبىي ساگىس. «لېكىن، سىز مېنىڭ ئوغلۇمنى ئىگىلىۋالدىڭىز، شۇنداقلا مېنىڭ بارلىقىمنى ئىگىلىۋالدىڭىز. مەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، خاللىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشى ئۈچۈن، سىز ئۇنى خالىغان يەرگە ئىجارىگە بېرىۋاتىسىز» دېدى ئۇ ئىچىدە.
ئۇلار «ۋۇدراف ئۇنى بۇ يەردىن ئەكېتىدۇ» دەپ، ئۇچىلىسى ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدىن غايىب بولۇشتى.
— ئەمدى تاماق ئېتىشىم كېرەك، — دېدى جېينىي.
— مەن ياردەملىشەي، — دېدى بېيىبىي ساگىس، — بويىڭىز بەك پاكار ئىكەن، ئوتقا بويىڭىز يەتمەي قالمىسۇن.
ۋۇدراف ئاتقا قامچا سېلىپ ئۇچقاندەك ماڭغان چاغدا ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ قويۇق ساقاللىق يىگىت ئىدى، ئېڭىكىدىكى كۆيۈپ جاراھەتلەنگەن يېرىگە ساقال ئۈنمەي قالغانىدى.
— سىز مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانمۇ؟ — سورىدى بېيىبىي ساگىس ئۈنىڭدىن.
— ياق، خانىم. ۋىرگىنىيەدە چوڭ بولغان. بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئىككى يىل بولدى.
— ھە، ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە.
— سىز بارىدىغان ئۆي بەك ياخشى ھەم چوڭ. ئىلگىرى ئۇ ئۆيدە بىر پوپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرغان. ئۇنىڭ ئون سەككىز بالىسى بار ئىدى.
— ۋاي خۇدايىم! ئۇلار نەگە كەتتى؟
— ئىللىنويسقا كېتىشتى. ئېپىسكوپ ئېلىن ئۇنى شۇ يەردىكى بىر چوڭ چېركاۋنى باشقۇرۇشقا قويدى.
— بۇ تەرەپلەردە چېركاۋ بارمۇ؟ چېركاۋغا قەدەم بېسىپ باقمىغىنىمغا ئون يىل بوپتۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟
— بىزنىڭ ئۇ ياقلاردا چېركاۋ يوق. تەڭرى مەندەك بىر قۇلىنى ئۇنتۇپ كەتتى چوقۇم.
— پايىك ئىسىملىك پوپنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ، خانىم. ئۇ سىزنى قايتىدىن چېركاۋغا تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ.
— ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ھاجىتىم يوق. ئۆزۈمنى ئۆزۈم تونۇشتۇرالايمەن. ئۇ بالىلىرىمنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويسىلا بولدى. ئۇ خەت تونۇيدىغاندۇ؟
— ئەلۋەتتە.
— بۇ ياخشى بولدى. نۇرغۇن ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىم كېرەك.
بىراق، ئۇلارنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن خەۋەرلىرى بەكلا ئاز بولغانلىقتىن، بېيبىي ساگىس ئۇ ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتىن يالتايدى. بېيبىي ساگىس پوپقا ئىككى يىل خەت يازدۇردى. ئىككى يىلدا ئۇ كىر يۇيۇش، ياماق ياماش، مۇراببا ياساش، ئاياغ تىكىش، كۆكتات تېرىش ۋە چېركاۋغا بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئېرىشكەن خەۋىرى پەقەت « ۋېتلوۋغا تەۋە جاي يوق » دېگەن ئۇچۇرلا بولدى. ئەمما، مۇنداق خۇش خەۋەرمۇ بار: خاللى توي قىپتۇ، پات ئارىدا بالىسى تۇغۇلىدىكەن. شۇ خەۋەردىن كېيىن بېيبىي ساگىس پۈتۈن زېھنىنى قىلماقچى بولغان ئىشى ئۈستىگە قويدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئوخشىمىغان ئۆتۈشكەنلا تېپچەكلەپ كېتىدىغان يۈرىكىنى تىنچلاندۇرماقچى ئىدى.

تۆت ئاتلىق ئادەم — «مۇئەللىم»، ئۇنىڭ جىيەنى، قۇل ئوۋلىغۇچى ۋە ساقچى ئەمەلدارى بىلۇستۇن كوچىسىدىكى بۇ ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، ئۆي تولىمۇ جىمجىت ئىدى. ئۇلار بەك كېچىكىپ كېلىپ قاپتۇق، دەپ ئويلاشتى. ئۇچى ئاتتىن چۈشتى، بىرسى ئىگەردىن مىدىرلىماستىن، «ئىتلار چىشلىۋالمىسۇن» دېگەن ئەندىشە بىلەن مىلتىقىنى بەتلەپ، ئۆينى كۆزەتتى. ئالتە - يەتتە قارا تەنلىك چوڭ يولدىن ئۆي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. قۇل ئوۋلىغۇچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئىككى ئوغۇل، سول تەرىپىدىن بىرنەچچە ئايال يېقىنلاپ كەلدى. قۇل ئوۋلىغۇچى مىلتىقىنى بەتلىدى. ئاياللار ۋە باللار ئۆز جايىدا چىپپىدە توختاپ قالدى.

ھېلىقى جىيەن ئوغۇل ئۆي ئىچىگە ئوغرىلىقچە قارىدى. قايتىپ كېلىپ، بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ جىم تۇرۇشنى ئىشارەت قىلدى، ئاندىن ئىزدەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە ئىكەنلىكىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى. قۇل ئوۋلىغۇچى ئاتتىن چۈشۈپ باشقىلارغا قوشۇلدى. «مۇئەللىم» بىلەن جىيەن ئوغۇل ئۆينىڭ سول تەرىپىگە ماڭدى، قۇل ئوۋلىغۇچى بىلەن ساقچى ئەمەلدارى ئوڭ تەرەپتىن ماڭدى. بىر دەلدۈش، قېرى قارا تەنلىك قولىدا پالتا، ياغاچلار ئارىسىدا تۇراتتى، سارائ ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇڭشىپ، مۇشۇكتەك مىياڭشىيتتى. ئۇنىڭدىن يىگىرمە يارد يىراقلىقتا شىلەپىسىگە

گۈل قىستۇرۇۋالغان يەنە بىر قارا تەنلىك ئايال تۇراتتى، قارىماققا ئۇمۇ ساراڭدەك قىلاتتى. ئۇ جايدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ كۆز ئالدىدىكى ئۆمۈچۈك تورىنى بۇزماقچى بولغاندەك قولىنى ئۇياق ـ بۇياققا شىلتىيتتى. قارا تەنلىك ئادەم بىلەن قارا تەنلىك ئايال ئىككىلىسى ئوخشاشلا ياغاچ كەپىگە قاراپ تۇراتتى. جىيەن ئوغۇل قارا تەنلىك قىرىنىڭ قىشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى پالتىنى ئېلىۋالدى. ئاندىن تۆت ئادەم ياغاچ كەپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ياغاچ كەپىدە ئىككى ئوغۇل بالا بىر قارا تەنلىك ئايالنىڭ ئايىغى ئاستىدا قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئايال بىر قولى بىلەن قانغا بويالغان ئوغلىنى كۆكسىگە تاڭغان، يەنە بىر قولى بىلەن يەنە بىر بوۋىقىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئايال ئۇلارنى كۆرمىدى. ئۇ پۇتىدىن تۇتقان بوۋاقنى تامغا قارىتىپ ئاتتى، بوۋاق تامغا تەگمىگەنلىكتىن يەنە بىر قېتىم شۇنداق قىلىشقا تەمشەلدى. كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى بۇ غەلىتە قىلمىشقا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قېلىشقانىدى. بۇ چاغدا مۈشۈكتەك مىياڭشىغان قار تەنلىك بوۋاي ياغاچ كەپىگە ئېتىلىپ كىرىپ بوۋاقنى ئايالنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

ھەممە ئىش ئېنىق بولدى. «مۇئەللىم»گە نىسبەتەن بۇ يەردە ئۇلار قايتۇرۇپ كەتكۈدەك ھېچنېمە يوق بولۇپ چىقتى. ئۇلارنى ئىزدەپ كەلگەنلەر ئەسلىدە ئۇ ئۈچ قارا تەنلىك (ھازىر تۆت بولغان، ئايال قاچقۇن يولدا بىرنى تۇغقان) بالىنىڭ ھايات بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان، ئۇلارنى كېيىنچە ئەكېتىپ تەربىيەلەپ، «شېرىن ئۆي»دە دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سېلىشنى ئويلىغانىدى. بىراق، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن ئۇلارنىڭ خىياللىرى سۇغا چىلاشتى. بالىلارنىڭ ئىككىسى كۆزلىرىنى پۇلتايتقىنىچە ھەرە كېپىكى ئۈستىدە ياتاتتى. ئۈچىنچىسىنىڭ بەدىنىدىن ئاققان قان ئۇلار ئىزدەپ كەلگەن ئاساسلىق شەخس ھېسابلانغان، «مۇئەللىم» ھەرجايدا ماختاپ ئۇچۇرغان ئاشۇ

ئايالنىڭ كۆڭلىگە سىرغىماقتا. «مۇئەللىم» ئۇ ئايالنىڭ سىياھ ياسىشى، شورپا قاينىتىشى، كىيىملەرگە «مۇئەللىم» ياخشى كۆرىدىغان ھالەتتە دەزمال سېلىشى، تېخى ئۇنىڭ يەنە ئون يىل بالا تۇغالايدىغانلىقى قاتارلىقلارنى تىلغا ئالغانىدى. بىراق، ھازىر ئۇ ئايال سارالڭ بولۇپ قاپتۇ، جىيەن ئوغۇل ئۇنى خورلىغانلىقى، قاتتىق ئۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قېچىپ كەتكەن، مۇشۇ ھالغان چۈشۈپ قالغانىدى. «مۇئەللىم» جىيەن ئوغلىنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلىدى.

ساقچى ئەمەلدارى بۇرۇلۇپ، قالغان ئۈچەيلەنگە شۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە باشقا ئىشىڭلار قالمىغاندەك قىلىدۇ، بالدۇرراق كېتىڭلار. نۆۋەت ماڭا كەلدى.

«مۇئەللىم» شىلەپىسىنى يانچىسىغا كۈچەپ ئۇرۇپ قويۇپ ياغاچ ئۆيدىن چىققاچ يەرگە شالاقىدە تۈكۈردى. جىيەن ئوغۇل بىلەن قول ئوۋلىغۇچى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقتى. ئۇلار شىلەپىسىگە گۈل تاقىۋالغان ھېلىقى ئايالنى، قول ئوۋلىغۇچىنىڭ مىلتىقى ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقان يەتتە چىرايىنى توسۇپ قالالمايۋاتقانلىقىنى كۆرمىدى. ھەممىسى قارا تەنلىكلەرنىڭ كۆزلىرى ئىدى. قارا تەنلىك ئوغۇل بالا ھەرە كېپىكى ئارىسىدىن نەزەر سالاتتى؛ قارا تەنلىك قىزچاقنىڭ كۆزى قانغا چىلاشقان بارماقلارغا تىكىلگەنىدى. قارا تەنلىك بوۋاقنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى قارا تەنلىك بوۋاينىڭ قۇچىقىدا مۆلدۈردەك ياش تۆكەتتى. قارا تەنلىك بوۋاينىڭ كۆزى ئىككى تال سىزىقتىن پەرقلەنمەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۇتىغا تىكىلگەنىدى. ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى ئاشۇ قارا تەنلىك ئايال، قارىماققا ئۇنىڭ كۆزى يوقتەك تۇراتتى، كۆزىنىڭ ئېقى يوقالغان، كۆز قارىسى تېرىسى بىلەن ماسلىشىپ، ئۇنى قارىغۇدەك كۆرسىتەتتى.

بوۋاينىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق ئىڭراپ يىغلىماقتا. كۆزىنىڭ ئېقى يوقالغان ئايال كۆزلىرىنى ئالدىغا تىكىپ ئولتۇرماقتا. ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرۇشاتتى. بىراق، يەردىكى بالىدىن بىرى

ئىگراپ قالدى. بالىنىڭ ئىگرىشى ساقچى ئەمەلدارنى خىيالىدىن ئويغىتىپ، ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى.

— سېنى تۇتۇپ كېتىمەن. ئەمدى يەنە ئاۋارىچىلىك تاپما. ھېلىمۇ قىلغانلىرىڭ يېتەر. مەن بىلەن ماڭ!

ئايال ئورنىدىن مىدىرلىمىدى.

— باغلاپ ئېلىپ مېڭىشىمدىن بۇرۇن ياۋاشلىق بىلەن ماڭ. ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئايال يەنىلا مىدىرلىمىدى. ساقچى ئايالغا يېقىنلىشىپ، ئامال قىلىپ ئۇنىڭ قان تامچىپ تۇرغان قوللىرىنى باغلاشنى نىيەت قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىشىكتىن بىرسىنىڭ سايىسى كۆرۈندى، شىلەپىسىگە گۈل قىستۇرۇۋالغان قارا تەنلىك ئايال كىرىپ كېلىۋاتاتتى

.

بېيىبىي ساگىس كىمنىڭ نەپىسى بار، كىمنىڭ نەپىسى يوقلۇقىغا دىققەت قىلغاچ، ئۇدۇل توپىدا ياتقان بالىلار تەرەپكە ماڭدى. بوۋاي ھېلىقى ئايالغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە شۇنداق دېدى:

— سېس، قوچىقىمدىكىنى سىز ئېلىڭ، سىزدىكىسىنى ماڭا بېرىڭ.

سېس بېشىنى بۇراپ، قوچىقىمدىكى بوۋىقىغا قارىدى. بولكىغا تۈز سېلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندىكىدەك، گېلىدىن غەلىتە ئاۋاز چىقاردى.

— مەن چىقىپ هارۋا چاقىرىپ كىرەي، — دېدى ساقچى باشلىقى. ئاخىر ئۆيگە قۇياش نۇرى چۈشتى.

بىراق، مەيلى ستەمپ پېيد بولسۇن ياكى بېيىبىي ساگىس بولسۇن، ئىككىلىسى سېسنىڭ ئۆملىگۈدەك بولغان قىزنى قولىدىن ئاجرىتالمايتتى. بېيىبىي ساگىس ئوغۇل بالىلارنى ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى يۇيۇپ، كۆزلىرىنىڭ قاپاقلىرىنى سۈرتكەچ، پەس ئاۋازدا: «كەچۈرۈڭلار! كەچۈرۈڭلار» دەيتتى.

ئۇ باللارنىڭ يارىلىرىنى تاڭدى، ئۇلارغا كامفورا سۈمۈرتكۈزدى. ئاندىن سېسقا قارىماقچى بولدى. بېيبىي ساگىس ستەمپ پېيدنىڭ قولىدىن يىغلاۋاتقان بوۋاقنى ئالدى، بوۋاقنى مۈرىسىگە ئارتىپ توپتوغرا ئىككى مىنۇت تۇردى، ئاندىن بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا باردى.

— بوۋىقىڭىزنى ئېمىتىدىغان ۋاقىت بولدى.

سېس بوۋاقنى قۇچىقىغا ئالدى، لېكىن جان ئۈزۈپ بولغان بوۋاقنى يەنىلا قولىدىن ئاجراتمىدى.

بېيبىي ساگىس بېشىنى چايقىدى.

— بىر قېتىمدا بىرسىنى ئېمىتىسىز، — ئۇ جان ئۈزۈپ بولغان بوۋاقنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ چىققاندا، سېس قۇچىقىدىكى بوۋىقىنىڭ ئاغزىغا قانغا مىلەنگەن ئەمچىكىنى سالماقچى بولۇۋاتاتتى.

بېيبىي ساگىس قولى بىلەن جوزىغا ئۇرۇپ:

— ئاۋۋال ئەمچىكىڭىزنى پاكىز يۇيۇڭ! پاكىز يۇيۇڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇرۇشۇپ كەتتى. ھەر ئىككىسى سۈت ئېمىشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان بوۋاقنى تالىشاتتى. سېسنىڭ پۈتى يەردىكى قانغا تېيىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، دەنۋېر ھەدىسىنىڭ قېنى بىلەن قوشۇپ ئاپىسىنى ئەمگىلى تۇردى. ئۇلار ساقچى باشلىقى قوشنىسىنىڭ يۈك ھارۋىسىنى ئەكېلىپ، ستەمپ پېيدنى ھارۋا ھەيدەشكە بۇيرۇغۇچە شۇ ھالەتتە تۇرۇشتى.

بۇ چاغدا سىرتتىكى بىر توپ قارا رەڭلىك يۈزلەر كۆسۈرلاشتىن توختىدى. سېس بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ ھارۋىغا چىقتى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغان پەيتتە بىلۇستون كوچىسىدا تاخشا ئاۋازى ياڭراپ كەتكەنىدى. مەلۇم خىل ئاۋازدىن بالقىغان يېپىنچا تېزلىك بىلەن سېسنى ئوراپ، يول بويى ئۇنى يۆلەپ ماڭدى. ھالبۇكى، ئۇلار ھارۋىنىڭ غەربكە بۇرۇلۇپ شەھەر تەرەپكە مېڭىشىنى، شۇ

چاغدىلا ناخشا ئېيتىشنى كۈتۈۋاتاتتى. ئارقىدىن ئۇلار غىڭشىغىلى تۇردى، ناخشا تېكىستى يوق، غىڭشىشلا بار ئىدى.

بىبىي ساگىس ئەسلى يۈگۈرگەن پېتى كارىدورنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن چۈشۈپ، ئات هارۋىسىدىكىلەرگە ۋارقىراپ: «ياق، ياق. ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ئەڭ كىچىك بوۋاقنى ئەكەتمەڭلار» دېيىشنى ئويلىغانىدى. ئۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلىش قارارىغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىدىن چىققاندا، ئات هارۋىسى ئاللىقاچان يىراققا ئۇزاپ كەتكەن، لېكىن باشقا بىر چوڭ هارۋا گۈلدۈرلەپ كېلىۋاتاتتى. قىزىل چاچلىق بىر ئوغۇل بالا بىلەن سېرىق چاچلىق قىز هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئادەملەر ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئوغۇل بالا بىر قولىدا يېرىمى يېيىلىپ بولغان تاتلىق لازا تۇتقان، يەنە بىر قولىدا بىر جۈپ ئايىغىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— ئاپام چارشەنبە كۈنىگىچە ئوڭشاپ بولۇشىڭىزنى تاپىلىدى، — دېدى ئۇ چۈچۈك تىلى بىلەن.

بىبىي ساگىس ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، ئارقىدىن چوڭ يولدا ئارغامچىنى سۆرەپ يۈرگەن ئايال كىشىگە قارىدى.

— ئاپام چارشەنبە كۈنىگىچە ئوڭشاپ بەرسۇن دېدى، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ، بىبىي؟

بىبىي ساگىس بالىنىڭ قولىدىن ئېگىز قونچلۇق، لاي چاپلاشقان ئاياغنى ئېلىپ شۇنداق دېدى:

— ئاھ تەڭرىم، كەچۈرگىن، مېنى كەچۈرگىن.

يۈك توشۇيدىغان ئات هارۋىسى غىچىرلىغىنىچە كېتىپ باردۇ. هارۋىدىكى هېچكىم گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئولتۇرىدۇ. هارۋىنىڭ تەۋرىنىشىدىن بوۋاق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. قۇياشنىڭ كۈچلۈك تەپتى سېسىنىڭ كۆڭلىكىنى قۇرۇتۇپ، جەسەتتەك قاتۇرۇۋەتكەنىدى.

ئۇ سىسنىڭ ئاغزى ئەمەس.

ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان ئادەم ياكى ئۇنى ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكىدىن مۇنداقلا كۆرۈپ قالغان ئادەم بولسا، ئۇنى سىسنىڭ ئاغزى دەپ قارىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئىش پاۋۇل . D غا ھەممىدىن ئايدىڭ. ھە شۇنداق، پېشانىسىدىكى شۇنچىكى خاتىرجەملىك سىزگە سىسنى ئەسلىتىدۇ، بىراق سىز شۇنىڭغا قاراپلا ئۇنى سىسنىڭ ئاغزى دېسىڭىز قامالاشمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ستەمپ پېيدقا ئېغىز ئاچتى:

— بىلەلمىدىم، تاغا. ئىشقىلىپ، سىسنىڭ ئاغزىغا ئوخشىمايدۇ. سىسنىڭ ئاغزىنى تونۇيمەن، ھەرگىز بۇنداق ئەمەس ئىدى، — ئۇ بارمىقى بىلەن گېزىتنىڭ قىيمىۋېلىنغان پارچىسىنى تەكشىلەپ، مىدىر - سىدىر قىلماستىن تەپسىلىي قاراشقا باشلىدى.

چوشقىلار تۆپىلىكتە چىرقىراشماقتا. پاۋۇل . D، ستەمپ پېيد ۋە باشقا يىگىرمە نەچچە ئادەم پۈتۈن بىر كۈننى چوشقىلارنى قوغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇلار چوشقىلارنى قانالدىن قىرغاققا، ئاندىن تۆپىلىككە، ئاخىرىدا قۇشخانىغا ھەيدەپ ئېلىپ باردى. ئاشلىقلار غەربكە توشۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، سېينىت لۇيىس شەھىرى بىلەن چىكاگو بۇ كەملەردە نۇرغۇنلىغان كارخانىلارنى ھالسىرىتىپ قويغانىدى. بىراق، سىنسىنناتى ئوخشىمىغاقلارنىڭ نەزىرىدە تېخىچە چوشقا توشۇيدىغان پورت ئىدى. بۇ پورتنىڭ

ئاساسلىق رولى شىماللىقلارنىڭ گۆش ئىستېمالىدا كەم بولسا بولمايدىغان چوشقىلارنى ئەكېلىپ ئۆلتۈرۈش ۋە يۇقىرى ئېقىنغا توشۇش ئىدى. شۇڭىمۇ قىشتا بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە چوشقا ئۆلتۈرگەندىكى سېسىق پۇراقتا ۋە ئۇدا يىگىرمە نەچچە سائەت ئۆرە تۇرۇپ ئىشلەشكە چىدىسىلا، سەرگەردانلارغا قىلىدىغانغا ئىش چىقاتتى. پاۋۇل . D بۇ ئىشلارغا بەكلا پىششىق ئىدى.

پاۋۇل . D بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى پاكىز يۇغان بولسىمۇ، ئۆتۈكىدە ئازراق چوشقا پوقى قېلىپ قالدى. پاۋۇل . D بۇنىڭدىن مەسخىرىلىك كۆلگىنىچە ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى. ئۇ ئۆتۈكىنى كەينىگە قويۇپ قويۇپ، بىر بۇلۇڭدا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئاندىن ئۆيگە قايتاتتى. پاۋۇل . D ماڭغان يول ئۇنى بىر قەدىمىي قەبرىستانلىققا ئېلىپ باردى. مىئاملىقلارنىڭ ئەرۋاھلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى بۇ يولنى بىر ئالغاندى. قارىماققا، ئۇ ئەرۋاھلار قەبرىلىرىدە يېتىۋېرىشكە رازى بولمىغاندەك قىلاتتى. ئەرۋاھلارنىڭ بېشى ئۈستىدە باشقا ئىرقتىكى ناتونۇش كىشىلەر مېڭىپ يۈرمەكتە. بۇ يول ئۆلارنىڭ زېمىنىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن، قۇدۇقلار ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۆلارنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتكەندى. ئەرۋاھلار خاتىرجەملىكى بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز زېمىنىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە بولغان ساددا ئېتىقادى تۈپەيلى دەرغەزەپكە كەلگەندى. شۇڭلاشقا ئەرۋاھلارنىڭ لىكىڭ دەرياسى ساھىلىدا نەرە تارتىشى، كاتېرىن كوچىسىدىكى دەرەخلەر ئۈستىدە ھەسرەت چېكىشى، شاماللارغا مىنگىشىپ چوشقا قوتىنى ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. پاۋۇل . D ئەرۋاھلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، يەنىلا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەنىلا يامان ئەمەس خىزمەت ئىدى، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە سىنسىنناتى قۇشخانىچىلىق ۋە سۇ تىرانسپورتى جەھەتتە ئەۋزەل شارائىتقا

ئىگە ئىدى. ئامېرىكىنىڭ ھەربىر شەھىرىدە چوشقا گۆشىگە بولغان ئېھتىياج شىددەت بىلەن ئېشىۋاتاتتى. ئەگەر چوشقا باقارلار يەنىمۇ كۆپلەپ چوشقا بېقىپ، چوشقىلارنى تېخىمۇ يىراقلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتقان بولسا، يەنىمۇ كۆپلەپ كىرىم قىلالىغان بولاتتى. گېرمانلار جەنۇبىي ئوخىئو ئىشتاتىغا چوشقا گۆشىگە تەم كىرگۈزۈش تېخنىكىسىنى ئەكېلىپ، چوشقىنىڭ بازىرىنى تېخىمۇ چىقىرىۋەتتى. چوشقا توشۇيدىغان كېمىلەر ئوخىئو دەرياسىدا ئۆچرەتتە تۇرۇپ كېتەتتى. كېمە باشلىقلىرىنىڭ ئۇشقىرتىشلىرى چوشقىلارنىڭ چىرقىراشلىرىنى بېسىپ كېتەتتى. بۇ ھال ھاۋادىن ياۋا غازلار ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەندەكلا نورمال ئىش ھېسابلىناتتى. دەريادا يەنە قوي ۋە باشقا ئۆي ھايۋانلىرى، كالا سۈتى قاتارلىقلارمۇ توشۇلاتتى. ئىشلىگۈسى بار قارا تەنلىكلەر بۇ جايدىن چوشقا بوغۇزلاش، گۆشنى پارچىلاش، تېرىسىنى ئايرىش، چوشقا گۆشىنى يەشىكلەرگە قاچىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئېرىشەلەيتتى.

چىرقىراق چوشقىلاردىن يۈز يارد يىراقلىقتا — غەربىي لىنىيە شىركىتىگە تەۋە لاپاسىنىڭ ئارقىسىدا ئىككى كىشى تۇرىدۇ. مۇشۇ بىر ھەپتىلىك خىزمەت جەريانىدا ستەمپ پېيدىنىڭ نېمە ئۈچۈن پاۋۇل . D غا تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقى، نېمە ئۈچۈن كېچىلىك ئىسمېنا نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەندە ئىشنى توختىتىپ، پاۋۇل . D نىڭ يېتىشىۋېلىشىنى ساقلىغانلىقى ئەمدىلىكتە ئايدىڭلاشتى. ستەمپ پېيد گېزىتتىكى ئاغزىدىن باشقا ھەممە يېرى سېسىنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئايالىنىڭ رەسىمىنى پاۋۇل . D غا كۆرسىتىش قارارىغا كەلگەنىدى. بىرلا يېرى، رەسىمدىكىسى سېسىنىڭ ئاغزى ئەمەس ئىدى.

پاۋۇل . D ستەمپ پېيدىنىڭ قولىدىن كېسىۋېلىنغان گېزىت پارچىسىنى ئالدى. ئۇ گېزىتتىكى قوغۇشۇن باسمىسىدا بېسىلغان

خەتلەرنى تونۇمايدىغانلىقى ئۈچۈن، گېزىتكە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ گېزىت پارچىسىدىكى رەسىمگە قاراپ تۇرۇپ «ئەمەس، بۇ سىسنىڭ ئاغزى ئەمەس، ئاغزىغا قارىماسىز» دېدى بېشىنى چايقاپ. گېزىتتە نېمە دېيىلىشىدىن، ستەمپ پېيدىنىڭ قانداق چۈشەندۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، پاۋۇل . D رەسىمدىكىسىنىڭ سىس ئەمەسلىكىدە چىڭ تۇردى. بىر قارا تەنلىك تۇرمىگە كىرىپ قالغان تەقدىردىمۇ، سەزگۈزەشتىسىنىڭ قانچىلىك قىزىقارلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رەسىمنىڭ گېزىتكە بېسىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بايىقى رەسىمدىكى قارا تەنلىكنىڭ شەپقەتسىزلەرچە قامچىلىنىشى يۈرەكنى ئېزەتتى. بىر قارا تەنلىكنىڭ گېزىتكە چىقىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىر ساغلام بوۋاق ئاپىرىدە قىلغانلىقى ياكى زوراۋانلاردىن قېچىپ قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس. بىر قارا تەنلىكنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇرۇپ ئەيىبناق قىلىپ قويۇلغانلىقى، نۇتۇۋېلىنغانلىقى، كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى، قاماپ قويۇلغانلىقى، قامچا يېگەنلىكى، پالانغانلىقى، ۋەيران قىلىنغانلىقى، باسقۇنچىلىق قىلىنغانلىقى، ئالدانغانلىقى بۇ دۆلەتتە گېزىتتە خەۋەر قىلغۇدەك ئىش ھېسابلانمايدۇ. قارا تەنلىكلەر ھەقىقىدە گېزىتكە خەۋەر قىلسا، چوقۇمكى، ئۇ ئاق تەنلىكلەرنى قىزىقتۇرىدىغان، غۇلغۇلا قوزغايدىغان، ئۇلارنى بىر ھازا ئويغا سېلىپ ئۇھ تارتقۇزۇۋېتىدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ قارا تەنلىكلەر توغرىسىدا سىنسىنناتىدىكى ئاق تەنلىك دېھقانلارنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىدىغان خەۋەرنى تېپىش بەسىي مۇشكۇل.

ئۇنداقتا، ئاغزى سىسنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، لېكىن كۆزلىرى سىسنىڭكىگە ئوخشايدىغان بۇ ئايال زادى كىم؟ رەسىمدىكى ئايالنىڭ بېشى پاۋۇل . D نىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە بىر ياققا قىيسايغانىدى. پاۋۇل . D كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— بۇ ئۇنىڭ ئاغزى ئەمەس. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ قانداقلىقىنى

ياخشى بىلىمەن، ئۆنىڭ ئاغزى ھەرگىز بۇنداق ئەمەس، — دېدى پاۋۇل . D ستەمپ پېيد ئېغىز ئېچىشقا ئۇلگۈرەلمەستىنلا. ھەتتا ستەمپ پېيد رەسمىي سۆزگە ئۆتكەندىمۇ، پاۋۇل . D بايىقى سۆزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ستەمپ پېيدنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى. بىراق، ئۇنىڭ سۆزىنى قانچە ئاڭلىغانسېرى، رەسىمدىكى ئېغىز شۇنچە ناتونۇشلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ستەمپ پېيد بېيبىي ساگىن بەرگەن زىياپەتتىن باشلاپ سۆز قىلدى. ئاندىن سۆزدىن توختاپ، گەپنى باشتىن باشلاپ ، قارا بۆلجۈرگەننى تىلغا ئالدى. ئۇ قارا بۆلجۈرگەنلەر تۇپراقتىكى مەلۇم بىر نەرسىنىڭ كۈچى بىلەن ئاشۇ ھالەتتە ئۆسكەنىدى.

— قارا بۆلجۈرگەنلەر كۈنگەي يەرلەردە ئۆسىدۇ، بىراق قۇشلارئۇنىڭ ئاستىدا يىلان بارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى يېيەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بۆلجۈرگەنلەر ھەم يوغان، ھەم تاتلىق، مەي بولۇپ پىشىدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى ستەمپ پېيد، — قارا بۆلجۈرگەنلەرنى مەندىن باشقا ھېچكىم ئۈزەلمەيتتى، مەندىن باشقا ھېچكىم ئۇ ساھىلغا چۈشەلمەيتتى، شۇنداقلا ھېچكىممۇ ياردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئۇ بۆلجۈرگەنلەرنى ئۈزۈشنى خالىمايتتى. مەنمۇ ئەسلا خالىمايتتىم. بىراق، ئاشۇ كۈنى قىلىشنى خالىمايدىغان ئاشۇ ئىشنى قىلدىم. نېمىشقىكىن، شۇنداق قىلىشنى خالاپ قالدىم. سىزگە دېسەم، ئۇ بۆلجۈرگەنلەر مېنى ئوبدانلا ھەرەج تارتقۇزدى، بەدەنلىرىمنى تىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، مەن يەنىلا لىق ئىككى چېلەك بۆلجۈرگەننى ئۈزۈپ بېيبىي ساگىسنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردىم. بۆلجۈرگەن ئۈزۈشۈم شۇ چاغدىن باشلاندى. سىز ئۇ خىل مەنزىرىنى ئەمدى ھەرگىز كۆرەلمەيسىز. بىز تەڭرى بىزگە ئاتا قىلغان بۇ تۇپراقتىن چىققان جىمىكى نەرسىنى كاۋاپ قىلدۇق، قورىدۇق، دۈملىدۇق. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كەلدى، ھەممەيلەن يەپ تويدى. تاماق بەك كۆپ ئېتىلگەنلىكتىن، ئەتىسى ئوت

قالايدىغان بىر تال ئوتۇنمۇ ئېشىپ قالمىدى. مەن ئوتۇن كېسىپ بېرىش ئۈچۈن ئەتىسى ئەتىگىنى كەلدىم.

— بىراق ئۇنىڭ ئاغزى بۇنداق ئەمەس، ھەرگىز بۇنداق ئەمەس، — دېدى پاۋۇل . D.

ستەمپ پېيد پاۋۇل . D غا قارىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئەتىگىنى بېيبىي ساگىسنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەتراپتىكى ئاۋازغا قانداق قۇلاق سالغىنىنى، قوناقلىقنىڭ نېرىسىدا تۇرۇپ ئېرىقتا نەزەر سالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئىختىيارسىز ئېرىق تەرەپكە قاراپ سالغانلىقىنى پاۋۇل . D غا ئېيتماقچى ئىدى. شۇ كۈنى ستەمپ پېيد دەرەخكە پالتا ئۇرغاچ، بېيبىي ساگىس قارىغان تەرەپكە قارىغانىدى. شۇڭلاشقا، بېيبىي ساگىسمۇ، ستەمپ پېيدمۇ خاتا يۆنىلىشكە — ئېرىق تەرەپكە قاراش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز قالغانىدى. ئۇلار تۆت ئادەم بولۇپ، كۈتكەن تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى چوڭ يول تەرەپتىن كەلدى. تۇرقىدىن شېرىك ئىكەنلىكى، سۇرلۇكلۇكى چىقىپ تۇرىدىغان تۆت مۆتىۋەر ئاتقا مىنىپ تۇراتتى. ستەمپ پېيد بۇ ئىشنى ناھايىتى مۇھىم بىلگەنلىكى ئۈچۈن، پاۋۇل . D غا ئېيتماقچى ئىدى، ئۆزى ۋە بېيبىي ساگىسنىڭ نېمە ئۈچۈن شەپە كېلىۋاتقان تەرەپنى خاتا مۆلچەرلەپ قويغانلىقىنى ئېيتماقچى ئىدى، ئۇ يەنە ئاشۇ كەچلىك زىياپەت ھەققىدە گەپ قىلماقچى. چۈنكى ئاشۇ زىياپەت نېمە ئۈچۈن بىرەر قارا تەنلىكنىڭ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئالدىن بېرىپ خەۋەر بەرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. شۇ كۈنى شەھەر تەرەپتىن تۆت ئاتلىق كېلىپ ئاتلىرىنى سۇغىرىۋاتقان، باشقىلاردىن گەپ سوراۋاتقان چاغدا، بىرمۇ قارا تەنلىك ئايىغى يېنىك بىرەر بالىسىنى خەۋەر بېرىشكە ئەۋەتمىگەنىدى. ئېللامۇ، جونمۇ ۋە باشقىلارمۇ بىلۇستون كوچىسىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ تۆت ئاتلىق ئاق تەنلىك يوچۇن كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلمىغانىدى. ستەمپ پېيد مۇشۇ

ئىشلارنى ئېيتماقچى ئىدى. ھېلىقى تۆت ئاتلىق مۆتىۋەر ھەربىر قارا تەنلىككە بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى. ئۇ ئاق تەنلىكلەر ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن بۇرۇنلا ئېگىز كۆتۈرۈلگەن چىۋىقلىرى، قامچىسى، مۇشتى ۋە يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. ئاتلىقلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم ئۇلارغا — 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ — 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكىلەرمۇ پۈتۈن بىر كۈن قورسىقى ئېچىپ كەتكۈچە يېيىشنىڭ باشقا قارا تەنلىكلەرنى گالۋاڭلاشتۇرۇپ قويغانلىقىغا ياكى باشقا بىر سەۋەبنىڭ (مەسىلەن، پەسكەشلىكنىڭ) ئۇلارنى بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. شۇنداقلا، باشقا قارا تەنلىكلەرنىڭ بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاڭلىماسقا سېلىپ تۈگۈلۈپ تۇرۇۋېلىشىغا ياكى كېلىۋاتقان ئاق تەنلىكلەرنىڭ خەۋىرىنى قارا تەنلىكلەردىن بىرىگە ئېيتمىغان تەقدىردىمۇ، قارا تەنلىكلەردىن بىرىنىڭ بۇ خەۋەرنى چىرايلىق بىر ئايال تۇرۇۋاتقانلىقىغا بىر ئايدىن ئاشقان بىلۇستون كوچىسىدىكى ئاشۇ ئۆيگە يەتكۈزۈپ قويمىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ياش، قابىل بۇ ئايالنىڭ تۆت بالىسى بار ئىدى. بالىلاردىن بىرى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە كېلىشىدىن بىر كۈن بۇرۇن تۇغۇلغان. بۇ دەملەردە ئۇ بېيبىي ساگسىنىڭ پەزىلىتى، سېخىيلىقى ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى. بەلكىم قارا تەنلىكلەر بېيبىي ساگسىنىڭ راستلا باشقىلاردىن پەرقلىق ياكى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ قايسى جەھەتتە ئۆزلىرىدىن تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش غەرىزىدە بولغىيتتى. ستەمپ پېيد بۇلارنى پاۋۇل . D غا دېمەكچى ئىدى. بىراق، پاۋۇل . D قاقاھلاپ كۈلگىنىچە «ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، چىرايى ئوخشىغاندەك قىلسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئاغزى ئەمەس» دېدى.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ستەمپ پېيد ئۇ چىرايلىق

ئايالىنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان بۇركۇتتەك چاققانلىق بىلەن بالىلىرىنى چەتكە ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا تۇمشۇق پەيدا بولغانلىقىنى، قوللىرىنىڭ بۇركۇت پەنجىسىگە ئوخشاش ھەرىكەتكە ئۆتۇپ، بالىلىرىنىڭ بىرىنى مۇرىسىدىن، بىرىنى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ، بىرىنى قولىدىن يېتىلەپ، يەنە بىرىنى قىرقىراتقىنىچە سۆرەپ، قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان ــ ياغاچ بىلەن ئەمەس، ياغاچ قىرىندىلىرى بىلەن تولغان ياغاچ كەپىگە قانداق ئەكەلگىنىنى پاۋۇل . D غا ئېيتىمىدى. ئوتۇن ـ ياغاچلار ئالدىنقى كۈنىدىكى زىياپەتتە قالاپ تۈگىتىلگەنلىكتىن، ستەمپ پېيد بۇ چاغدا ئوتۇن يېرىۋاتاتتى. ستەمپ پېيد شۇ كۈنى ئەتىگىنى ياغاچ كەپىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يەردە نېمىلەر بارلىقىنى بىلەتتى. ياغاچ كەپىدە كۈن نۇرى، ھەرە كېپىكى ۋە بىر دانە تۆمۈر گۈرجەكتىن بۆلەك ھېچنېمە يوق ئىدى. پالتىنى ستەمپ پېيد ئۆزى ئەكەلگەنىدى. توغرا، ياغاچ كەپىدە يەنە ھەرە بار ئىدى.

ــ ئۇنى بۇرۇندىلا تونۇيدىغانلىقىم ئېسىمگە ئىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، ــ دېدى پاۋۇل . D، ــ ئۇ كىنتاكىدىكى چېغىدا بىر گۆدەك قىز ئىدى. ئۇنى تونۇغىنىمغا بىرنەچچە ئايلا بولغىنى يوق، ئۇنى ئۇزاقتىن بېرى تونۇيمەن. جەزملەشتۈرىمەنكى، بۇ ئۇنىڭ ئاغزى ئەمەس، قارىماققا ئوخشايدىغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەمەس.

شۇ سەۋەبلىك، ستەمپ پېيد دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى پاۋۇل . D غا ئېيتىمىدى. ستەمپ پېيد ئۇلۇغ كىچىك تىنغىنىچە، پاۋۇل . D «ئۇنىڭ ئاغزى ئەمەس» دەۋاتقان ئېغىزغا يېقىنلىشىپ، رەسىم ئاستىدىكى پاۋۇل . D تونۇمايدىغان خەتلەرنى ئاستا ئوقۇدى. ستەمپ پېيد ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پاۋۇل . D دەسلەپكى قېتىمدىكىدىنمۇ بەكرەك ساددىلىق بىلەن:

ــ كەچۈرۈڭ، ستەمپ پېيد، بۇ يەردە خاتالىق كۆرۈلۈپتۇ، چۈنكى رەسىمدىكى ئۇنىڭ ئاغزى ئەمەس، ــ دېدى.

ستەمپ پېيد پاۋۇل . D نىڭ كۆزىگە قارىدى. پاۋۇل . D نىڭ كۆزلىرىدىن بالقىۋاتقان قەتئىي ئىشەنچ ئون سەككىز يىل ئىلگىرى بېيىبىي ساگىس بىلەن ئۆزى يۆنىلىشنى خاتا پەرق ئېتىپ قاراپ تۇرغىنىدا، بىر چىرايلىق قۇل ئايالنىڭ ئاق تەنلىك مويسىپىتلاردىن بىرىنىڭ شىلەپىسىنى تونۇپ قېلىپ، شۇ هامان ياغاچ كەپىگە ئۇچقاندەك كىرىپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ راستلىقىدىن ستەمپ پېيدنى گۇمانلاندۇرۇپ قويدى.

— مەن بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئۆملىيەلىگۇدەك بولغانىكەن. ئۇنى هارۋىغا سالغىنىمدا، ئۇ ئولتۇرۇش ۋە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈشتىن باشقىسىنى قىلالمايتتى. ئۇنى بىر هەپتە كۆرمىسەملا ئۇ ئۆملەشنى ئۆگىنىپتۇ، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىشتا بىيىنى ئاۋارە قىلمايدىغان بوپتۇ. بۇگۈنكى دەۋرنىڭ بالىلىرى يەرگە دەسسەش بىلەنلا ئۆرە تۇرالايدۇ، ماڭالايدۇ. بىراق، يىگىرمە يىل ئىلگىرى مەن تېخى قىز چېغىمدا، بالىلار خېلى ئۇزاققىچە مېڭىشنى بىلمەيتتى. خوۋارد تۇغۇلۇپ توققۇز ئاي بولغۇچە بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمىدى. سىز بىلىسىز، بۇنى بېيبي ساگىس يېمەكلىكتىكى مەسىلە دېگەنىدى. ئەگەر سىز بولسىڭىز ئۇلارغا بېرىدىغانغا سۈتىڭىزدىن بۆلەك هېچ نەرسە تاپالمايسىز. بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۇزاققىچە ئىشقا يارىغۇدەك بولالمايتتى. مېنىڭ ئەزەلدىنلا سۈتۈمدىن باشقا نەرسەم يوق ئىدى. مەن ئۇلارغا چىش چىقسا يېمەكلىكلەرنى چاينىيالايدىغان بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. بۇ هەقتە تەلىم سورىغۇدەك ئادىمىم يوق ئىدى. گارنېر خانىم تۇغماس ئايال ئىدى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن مەندىن باشقا ئايال زاتى يوق ئىدى.

سېپس ئۆي ئىچىنى ئايلانماقتا. ئۇ مۇرابىا ئىشكاپىنى، دەهلىزىلەرنى، ئالدى ئىشىكىنى، يەنە بىر دەهلىزنى، چىنە - قاچا ئىشكاپىنى، ياتاق ئۆي ئىشىكىنى، قۇرۇق كۆلچەكنى، مەشنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ مۇرابىا ئىشكاپىغا كەلدى. پاۋۇل . D

شىرە ئالدىدا سىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئاستا سۆرئەت بىلەن بىر ئىزدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان ھارۋا چاقىدەك پىرقىرىشقا قاراپ ئولتۇراتتى. سىس پىرقىراۋېتىپ بەزىدە قولىنى ئارقىسىغا قىلىۋالاتتى، بەزىدە قولىقىنى تۇتۇپ قوياتتى، يەنە بەزىدە ئاغزىنى ئېتىۋالاتتى ياكى بولمىسا بىلەكلىرىنى كىرىشتۇرۇپ كۆكرىكىنى توسىۋالاتتى، پىرقىرىغاچ ساغرىسىنى ئۇۋۇلايتتى، لېكىن پىرقىراشتىن ھەرگىز توختاپ قالمايتتى.

— مىنوۋ كەنتىدىن كەلگەن فىللىس ھامما ئېسىڭىزدىمۇ؟ ھەر قېتىم تۇغىدىغان چېغىمدا گارنېر ئەپەندى ئۇنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن سىزنى ئەۋەتەتتى. مەن پەقەت ئاشۇ قېتىملا ئۇنى كۆرەلىگەنىدىم. مەن دائىملا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىشنى ئويلايتتىم. مەن ئەسلىدە گارنېر خانىم ئىبادەت قىلىشقا ماڭغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن مېنى مىنوۋ كەنتىگە قويۇپ قويۇشنى، ئىبادەتنى تۈگىتىپ قايتاشىدا مېنى ئېلىۋېلىشنى ئىلتىجا قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئۇنىڭدىن ئۆتۈنسەم، ئۇنىڭ ماڭا رۇخسەت بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. بىراق، خالىلى ئىككىمىز پەقەت يەكشەنبە كۈنىلا قۇياش نۇرى ئاستىدا بىر — بىرىمىزنى كۆرەلەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، گارنېر خانىمدىن ھېچقاچان رۇخسەت سوراپ باقمىغانىدىم. شۇڭلاشقا، مېنىڭ ھېچكىمىم يوق ئىدى. دېمەكچىمەنكى، مەن قاچاندىن باشلاپ باللارغا يېمەكلىك چايناپ بەرسەم بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدىغان ئادەمگە موھتاج ئىدىم. تاماق چايناپ بېرىش ئارقىلىق بالىسىغا چىش چىقامدۇ ياكى چىش چىققاندىن كېيىن تاماق چايناپ بېرىش كېرەكمۇ؟ شۇنداق، ئەمدى بىلدىم، چۇنكى بېيبىي ساگس ئۇنى ناھايىتى ياخشى باققانلىقتىن، ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن، يەنى مەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۆمىلەشكە چۇشكەن، توسىۋالسىمۇ ئۇنىماستىن ئۆمىلەيدىغان بولغانىكەن. ئۇ پەشتاقنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز پەشتاقنى سىرلىۋەتتۇق. بۇنداق بولغاندا، ئۇ ئەڭ ئۈستۈنكى پەشتاققا

چىقىپ بولغۇچە پەشتاقتا تايىنىپ ماڭالايتتى.

سىپس شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن كۈلكىدىن توختاپ، ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتتى. بىراق، ئۇ تىترەپمۇ قويمىدى، كۆزىنىمۇ يۇمۇۋالمىدى. سىپس يەنىلا شۇ ھالەتتە پىرقىرىماقتا.

— مەن كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىشكە ئېھتىياجلىق ئىدىم. بىراق، بابا ئېيتقاندەك، «شېرىن ئۆي» دە بۇ ئىشلارنى بىلىدىغان بىرمۇ ئايال يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «شېرىن ئۆي» گە كېلىشتىن ئىلگىرى كۆرگەنلىرىمنى ئەسلەشكە باشلىدىم. ئۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم. ئۇلار ھەممە ئىشنى بىلەتتى، باللارنى دەرەخكە ئېسىپ قويىدىغان ئاشۇ نەرسىنى قانداق ياساشنىمۇ بىلەتتى. بۇ ئارقىلىق ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ئۆز باللىرىغا بىرەر پېشكەللىك كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرالايتتى. ئۇلار يەنە باللىرىغا مەلۇم بىر خىل دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى چايناش ئۈچۈن بېرەتتى. مېنىڭچە، باللارنىڭ چاينىغىنى بىر بولسا يالپۇز ياكى بولمىسا سېرىق كامفور. بەلكىم بەلىز گۈلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئاشۇ سېۋەتنى قانداق توقۇغانلىقىنى بىلمەيمەن. تەلىيىمگە، مېنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاشخانىدا ياكى قازناق ئۆيدە بولغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ئۇ سېۋەتلەرگە ھاجىتىم چۈشمەيتتى. بىراق، ئاشۇ خىلدىكى ياپراقنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇ چاغلاردا مېنىڭمۇ ئۇنى چاينىشىمغا بولاتتى. چوشقا گۆشى سۇرلەيدىغان چاغدا بۇگلارنى باغلاپ قوياتتىم. چۈنكى ئۇ گۇركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يېنىغىمۇ قورقماستىن كېتىۋېرەتتى. نەچچە قېتىم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم. بىر قېتىم ئۇ قۇدۇقنىڭ لېۋىگىلا كېلىپ قالدى. مەن ئۇچقاندەك بېرىپ تۇتۇۋالدىم. شۇنداق قىلىپ، مەن چوشقا مېيى قايناتىۋاتقاندا،

چوشقا گۆشى سۇرلەۋاتقاندا ئۇنى قويۇپ بەرسەم بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويىدىغان بولدۇم. ئارغامچا ئۇ ئاز ـ تولا ھەرىكەتلىنىپ ئوينىيالىغۇچىلىكلا ئۇزۇنلۇقتا ئىدى، قۇدۇق ۋە ئوچاق بويىغا يەتمەيتتى. ئۇنى مۇنداق قىيناشنى خالىمىساممۇ، شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. بالىنىڭ پۇتىدىن باغلاپ قويۇش ئادەمنى بەك بىئارام قىلىدۇ. سۆزۈمنى چۈشىنەلەۋاتامسىز؟ ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلاتتىم، ماڭا ياردەم قىلىدىغان بىرمۇ ئايال يوق ئىدى. خالىنىڭ ياخشىلىقى ياخشى ئىدى، بىراق ئۇ قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن باشقا جايلارغا بېرىپ ئىشلىمىسە بولمايتتى. ئۇ مېنىڭ تەسلىكتە ئۇخلايدىغانلىقىم ۋاقىت تاپقاندا، مەن تايىنى يوق ئىشلار بىلەن ئۇنىڭغا دەخلى قىلىشنى خالىمايتتىم. سىكسو ماڭا چوڭ ياردەم قىلغانىدى. مېنىڭچە سىز بۇنى ئەسلىيەلمەيسىز، ئاشۇ قېتىم خوۋارد سۇت ئامبىرىغا كىرگەندە قىزىل كورا ئۇنىڭ قولىغا چىقىۋېلىپ، خوۋاردنىڭ باش بارمىقىنى قايرىۋېتىپتۇ. مەن بارسام قىزىل كورا ھەدەپ ئۇنى چىشلىگىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنى قانداق ئاجرىتقانلىقىمنى تا ھازىرغىچە ئەسلىيەلمەيمەن. سىكسو ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەلدى. سىكسونىڭ قانداق قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە خوۋاردنىڭ باش بارمىقىنى جايىغا كەلتۈرۈپ، باش بارماقنى ئېھتىيات بىلەن چىمچىلاق بارماققا قوشۇپ تېڭىپ قويدى. بۇنداق قىلىشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغىنىمىزغا قارىمامدىغان. سىكسو ماڭا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتكەن.

پاۋۇل. D نىڭ بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. پاۋۇل. D بۇنى سىيىنىڭ توختىماستىن پىرقىرىشىدىن كۆردى. ئۇ بىراۋ پاراڭ تېمىسىنى چۆرىدەپ پاراڭغا چۈشكەندەك، پاۋۇل . D نى چۆرىدەپ پىرقىرىدى. سىيى بىر خىل رېتىمدا توختىماستىن پىرقىرايتتى. ئۇ پىرقىرىمىغان بولسا بەلكىم

پاۋۇل . D نىڭ بېشى ئارام تېپىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمدىلىكتە پاۋۇل . D بېشى قېيىشىنى سىپسنىڭ ئۆزى ئەتراپىدا پىرقىرىشىدىن ئەمەس، بەلكى سىپسنىڭ ئاۋازىنىڭ بەك يېقىن يەردىن كېلىۋاتقانلىقىدىن كۆردى. سىپس پىرقىراۋاتقان جايلارنىڭ پاۋۇل . D بىلەن بولغان ئارىلىقى كەم دېگەندىمۇ ئۈچ گەز كېلەتتى. سىپسنىڭ ھالىتى بىر كىچىك بالىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ بوش ئاۋازدا پىچىرلاۋاتقان ھالىتىگە ئوخشايتتى. بۇ ھالەتتە لەۋلەر قۇلىقىڭىزغا بەكلا يېقىن تۇرغانلىقتىن، پەقەتلا لەۋلەرنىڭ مىدىرلىشىنى ھېس قىلىپ، دېيىلىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭقىرغىلى بولمايتتى. پاۋۇل . D دېيىلگەن گەپلەرنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى ئاڭقىرالمىدى. بۇنداق بولسىمۇ ھېچ گەپ يوق، چۈنكى سىپس تېخى گەپنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرىنى تىلغا ئالمىغان — پاۋۇل . D سىپس كۆرىدىغان جايغا قويۇپ قويغان، ئۇدۇل سورىماستىن، كۇلۇمسىرەپ قويۇپلا بولدى قىلغان گېزىت توغرىسىدىكى مەسىلىگە تېخى جاۋاب بەرمىگەنىدى. چۈنكى، پاۋۇل . D كۇلۇمسىرىگىنىچە رەسىمنى سىپسنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ئۇزاتقاندا، سىپس بۇ يۇمۇردىن قاقاھلاپ كۇلگەندە — باشقا نېگىر ئاياللىنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىشكە تېگىشلىك تېڭىرقاشنىڭ سىپسنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىشىگە، شۇ سەۋەبلىك سىپس بىلەن بىرلىكتە قاقاھلاپ كۇلۇشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. «سىز بۇ ئىشقا ئىشىنەمسىز؟» دەپ سورىدى پاۋۇل . D. «ستەمپ پېيدىنىڭ راستىلا كاللىسى جايىدا ئەمەس ئىكەن» دېدى سىپس كۇلۇمسىرىگەن ھالدا.

پاۋۇل. D نىڭ كۇلۇمسىرىشى ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ئۇنىڭ كۇلۇمسىرىشى سۇس ھەم غېرىب ئىدى. سىپس كېسىۋېلىنغان گېزىت پارچىسىغا تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ، ئۇنى پاۋۇل. D غا قايتۇرۇپ بەردى.

سىپس پاۋۇل . D نىڭ كۆزى ئارقىلىق ھېس قىلغان، ھەر دائىم تەييار ھالەتتە تۇرغان ئەركىن ھەم سەمىمىي مۇھەببەت

سىنىڭ بىيىبىي ساگىسقا ئەزەلدىن ئۆيتمىغان بىر ئىشنى ئەمدىلىكتە بۇ يەردە ئېيتىشىغا تۇرتكە بولغانىدى. سىس ئىلگىرى بۇ ئىشنى پەقەت بىيىبىي ساگىسقىلا چۈشەندۈرۈش مەجبۇرىيىتىم بار، دەپ قارايتتى. بۇنداق بولمىغان بولسا، سىس ئۆزى توغرۇلۇق گېزىتكە بىسىلغان سۆزىدىن باشقا بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىغان بولاتتى. سىس گېزىتكە بىسىلغان يەتمىش بەش سۆزنىلا تونۇيتتى. بىراق، ئۇ ئۆزى تونۇيدىغان شۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزى دېمەكچى بولغان گەپلەردەك تەسىرچانلىقا ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئاشۇ جىلمىيىش ۋە سەمىمىي مۇھەببەت سىسىنىڭ بىر قېتىم سىناپ بېقىشىغا تۇرتكە بولدى.

— «شىرىن ئۆي» نىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى سىزگە ئېيتىپ يۈرۈشۈم ھاجەتسىز. بىراق، ئۇ يەردىن قانداق ھېسسىياتتا قېچىپ چىققانلىقىمنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

سىس ئالىقىنى بىلەن يۈزىنىڭ ئاستىنقى يېرىمىنى توسقىنىچە بىرئاز جىم تۇرۇپ، ئاشۇ قېتىملىق مۆجىزىنىڭ چولڭ ـ كىچىكلىكىنى ۋە تەمىنى خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزدى.

— مەن غەلىبە قىلدىم. خالىلغا تايانماستىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنى ئاچىقتىم. ئۆز ئالدىمغا قىلغان بىردىنبىر ئىشىم شۇ بولدى. ئىشلار ئويلىغىنىمدەكلا ئوڭۇشلۇق بولدى. ھەممىمىز بۇ يەرگە كەلدۇق. بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كەلدى، مەنمۇ كەلدىم. بالىلارنى ئۆزۈم تۇغدۇم، ئاندىن ئۇلارنى يەنە ئۆزۈم قۇتقۇزۇپ چىقتىم. بۇنى چولڭ ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئىشلارنى ئۆز ئالدىمغا قىلدىم. مېنىڭ ياردەمچىلىرىم بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بىر ئەمەس، نەچچە ئونى بار ئىدى. بىراق، يەنىلا ئۆزۈم قىلدىم. ماڭايلى دېدىم، تېز بولۇڭلار دېدىم. بەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆردۈم. ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئەقلىمنى ئىشلەتتىم. قىلغانلىرىم بۇلا ئەمەس. بۇ بىر تۇرلۇك شەخسىيەتچىلىك. ئىلگىرى بۇ جەھەتتە ھېچ نەرسە بىلمەيتتىم. كۆڭۈللۈك ھېس

قىلدىم. توغرا قىلدىم، دەپ ئويلىدىم. پاۋۋل. D ، مەن ناھايىتى گەۋدىلىك، تەتۈر ئۈستىخان ئىدىم. باغرىمنى ئېچىپ باللارنىڭ ھەممىسىنى قوينۇمغا سولىدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەندەك تۇرىمەن. بەلكىم كېنتاكىدىكى چېغىمدا ئۇلارنى ھەقىقىي رەۋىشتە سۆيۈشۈمگە يول قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغان بولسام كېرەك، ئۇلار باللىرىمنى سۆيۈشۈمگە يول قويمايتتى. بۇ يەرگە كېلىپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشكىنىمدىن كېيىن، پەقەت مەن خالىسام‌لا، دۇنيادا سۆيۈشۈمگە رۇخسەت قىلىنمايدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغانىدى. مەقسىتىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟

پاۋۋل . D ئۈندىمىدى. چۈنكى سېس ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتمىگەن، ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، پاۋۋل . D سېسنىڭ مەقسىتىنى تامامەن چۈشەنگەنىدى. جورجىيەنىڭ ئالفېرد رايونىدا كەپتەرنىڭ بۇقۇلداشلىرىنى ئاڭلىغىنىدا، پاۋۋل . D بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش ھوقۇقى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ يەر تۇمان، قۇياش نۇرى، مىس دېتى، ئاي ـــ ئىشقىلىپ ھەممىلا نەرسىگە مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان ئاشۇ كىشىلەر ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ بويى پاكار ئىدى، ئەگەر پاۋۋل . D نىيىتىنى بۇزسىلا، ئۇلارنىڭ ئىگىز ـ پاكار ھەممىسىنى قوشۇپ دەرەخنىڭ شېخىنى يىرغاندەك يىرىپ، يەر چىشلىتىۋېتەلەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنىڭ قولىدىكى مىلتىقىدا ئىكەنلىكىنى، مىلتىقىدىن ئايرىلسا ئۆزلىرىنى ھەتتا تۈلكىلەرمۇ مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭدىن قىلچىمۇ نومۇس ھېس قىلمايتتى. ئەگەر سىز چىشى تۈلكىلەرمۇ مازاق قىلىدىغان بۇ «ئەركەك» لەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا قاراپ تۇرسىڭىز، ئۇلارنىڭ سىزنى كەپتەرلەرنىڭ بۇقۇلدىشىدىن، ئاي نۇرىنى ياخشى كۆرۈشىڭىزدىن توسۇغىنىنى توسۇغانىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئۆزىڭىزنى قوغداش يۈزىسىدىن ناھايىتى ئەرزىمەس

نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈشىڭىزگە توغرا كېلەتتى. ئۆزىڭىز ئۇچۇن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ كىچىكىنى تاللىۋېلىپ، ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يۇلتۇزىڭىزغا قاراش ئۇچۇن بېشىڭىزنى بۇرايتتىڭىز. پوت ـ قولىڭىزغا كىشەنلەر سېلىنغاندا، خىجىلچانلىق بىلەن ئورمان تەرەپكە لەپپىدە نەزەر تاشلاپ، ئوت ـ چۆپ، سەمەندەر، ئۆمۈچۈك، تۆمۈرتۇمشۇق، ماي قوڭغۇزى، چۇمۇلە قاتارلىق كىچىك نەرسىلەرگە ئوغرىلىقچە قارىۋالىسىز. بۇلاردىن سەل چوڭراق نەرسىلەردىن ھەرقانداقىغا قاراپ سېلىشىڭىزغا بولمايدۇ. بىر ئايال، بىر بالا، بىر قېرىندىشىڭىز، جۇملىدىن جورجىيەنىڭ ئالفېرد رايونىدا شۇ دەرىجىدىكى چوڭقۇر مۇھەببىتىڭىز سىزنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىدۇ. پاۋۇل. D سېسنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەندى: ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ياخشى كۆرۈشكە يول قويىدىغان جايغا — ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلمايدىغان جايغا ئەكېتىش كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ھۆرلۈك دېمەكتۇر.

سېس ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، نەق گەپكە كەلمەستىن، يەنە باشقا گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— گارنېر خانىم ماڭا بىر ياخشى نەرسىنى — يولىرىغا گۈل تۇتۇلغان، تەخمىنەن بىر يارد ئۇزۇنلۇقتىكى گۈللۈك رەختنى بەردى. بۇ رەخت پەقەت بىر دانە ياغلىق قىلىشقىلا يېتەتتى. مەن بولسام دائىملا بۇ چىرايلىق رەختتىن قىزىمغا كىيىم قىلىپ بېرىشنى ئويلايتتىم. بۇ رەخت بەك چىرايلىق ئىدى. قىزىل ئەتىرگۈل ئارىسىغا سېرىق رەڭ ئېلىنغان بۇ رەختنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغىنىنىمۇ بىلمەيتتىم. مەن بەكمۇ كۆپ ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ ئۇنىڭغا كىيىم ئېتىپ بېرىشكە تەييارلىق قىلدىم. بىراق، سىز بىلمەيسىز، كالۋالىق قىلىپ رەختنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويدۇم. چۈنكى، ھېرىپ ھېچ ھالىم قالمىغانىدى. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇلار مېنى كارىۋاتتىن

چۈشۈشكە مەجبۇرلاشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا بىيىبىي ساگىسنىڭ بىر پارچە رەختىدىن كىيىم تىكىپ بەرگەنىدىم. شۇنداق، بۇ ئىشنى ئىلگىرى ئۆزۈمدە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان شەخسىيەتچىلىك سەۋەبلىك يۈز بەرگەن دېسەممۇ بولىدۇ. ھەممە ئىشلارنىڭ يەنە ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتىپ كېتىشىنى، ئۆمىلىگۈدەك بولغان قىزىمنىڭ ياكى ئوغۇللىرىمنىڭ «مۇئەللىم» نىڭ قول ئاستىدا ياشىشىنى خالىمىدىم. ئۇ ئىشلار ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى.

سېس ئۆزىنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى، پاۋۋل . D ۋە پاراڭ تېمىسىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار دەرھال چۈشەنمىسە، سېسمۇ بۇ توغرۇلۇق مەڭگۈ چۈشەنچە بەرمەيتتى. چۈنكى ئىشنىڭ جەريانى شەكىل ئۆزگەرتىش، دەرەخكە سېۋەت ئېسىش، شەخسىيەتچىلىك، پۈتىنى ئارغامچىدا باغلاش ۋە قۇدۇق قاتارلىق ئىشلاردەك ئايىغى چىقماس بولماستىن، ئەكسىچە ناھايىتى ئاددىي ئىدى. بەكلا ئاددىي: سېس كۆكتاتلىقتا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، يەنە كېلىپ «مۇئەللىم» نىڭ شىلەپىسىنى تونۇۋالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى. ھەرىقۇش تۇمشۇقىنى سېسنىڭ ياغلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ چېچىنى چوقۇغىنىچە قانات قاقاتتى. ناۋادا سېسنى بىر نەرسە ئويلىدى، دېيىشكە توغرا كەلسە، ياق، ياق، ياق، ئۇ ھېچ نەرسە ئويلىمىدى. ناھايىتى ئاددىي، سېس ئۇچتى، ئۇ ئۆز تېنى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەربىر جان ئىگىسىنى، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك گۆھەرلىرىنى، گۈزەل بۆلەكلىرىنى تارتقۇچلاپ، ئىتتىرىپ چىمىلدىقتىن ئاچىقىپ، ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان جايغا ئېلىپ باردى. ئۇ جايدىن يىراقلىشىپ، ئاشۇ بىخەتەر جايغا بېرىۋالدى. ھەرىقۇش توختىماستىن قانات قاقاتتى. سېس پىرقىراشتىن توختاپ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويدى. ئەينى چاغدا ھويلىنىڭ دەرۋازا ئورنىتىلغان رېشاتكا بىلەن قورشالغانلىقى سېسنىڭ ئېسىدە ئىدى. كىشىلەر داۋاملىق

ئىشىكتىن كىرىپ چىقىپ يۈرەتتى. ئۇ چاغلاردا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي شەھەر كوچىلىرىدەكلا ئاۋات ئىدى. سېس ئاق تەنلىكلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ قاشانى ئۆرۈپ، تۇۋرۇكلىرىنى قومۇرۇپ، ئىشىكنى چېقىۋەتكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئويۇن كۆرگىلى كەلگەندە ئاق تەنلىكلەرنىڭ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتكىنىنى كۆرمىگەنىدى. كىشىلەر 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە كېلىشنى توختاتقاندىن باشلاپ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي چۆلدەرەپ كەتتى. پەقەت بىلۇستون كوچىسىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرلا بۇ ئۆيگە قاراپ سىلجىيتتى.

سېس تۈرمىدىن قايتىپ كەلگەندە، ھويلا رېشاتكىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. ئۇ دەل ئاشۇ ئاق تەنلىك مويسىپىتلار ئاتلىرىنى باغلىغان جاي ئىدى. شۇ چاغدا سېس كۆكتاتلىقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ھويلا رېشاتكىسى ئۈستىدىن «مۇئەللىم» نىڭ شىلەپىسىنى كۆرۈپ قالدى. سېس ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلگەن چاغدا، سېسنىڭ قۇچىقىدىكى مەلۇم نەرسە ئۇنىڭ ئىز قوغلىشىنى توسۇۋالدى. بوۋاقنىڭ يۈرىكى ھەربىر قېتىم دۈپۈلدىسە، «مۇئەللىم» كەينىگە بىر قەدەم چېكىنەتتى، ئۇ تاكى بوۋاقنىڭ يۈرەك سوقۇشى تامامەن توختىغۇچە شۇنداق قىلدى.

— مەن «مۇئەللىم» نى توسۇۋالدىم، — سېس ئىلگىرى ھويلىنىڭ رېشاتكىسى بار جايغا قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — بالىلىرىمنى بىخەتەر جايغا ئېلىپ باردىم.

پاۋۇل · D نىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەرە تارتىش سېس تەكىتلىگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلاشتىن ئۇنى توسۇپ قالالمىدى. پاۋۇل· D توساتتىن شۇنى بايقىدىكى، سېس بالىلىرى ئۇچۇن قولغا كەلتۈرگەن نەرسە 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە بولۇشقا تېگىشلىك بىخەتەرلىك ئىدى. بۇ دەل ئاشۇ كۈنى ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندا قوبۇل قىلغان تۇنجى قېتىملىق سىگنال ئىدى. پاۋۇل· D 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينى بىخەتەرلىككە ئېرىشتۈردۈم،

خەتەرنى يوقاتتىم، ھېلىقى يۈزى قېلىن ئەرۋاھنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇ ئەرۋاھقا ۋە باشقىلارغا قېچىردەك كۆچتۈڭگۈر بىرسى بىلەن بىر نەشپۈتنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىپ قويدۇم، دەپ قارايتتى. چۈنكى، پاۋۇل . D كېلىشتىن ئىلگىرى سىز ئەرۋاھقا پاۋۇل . D قوللانغان ۋاسىتىنى قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. پاۋۇل . D سىزنىڭ ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى سىزنىڭ شۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىغانلىقىدىن، دەپ چۈشەنگەنىدى. سىزنىڭ باشقا تاللىشى بولمىغانلىقتىن، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئوڭايسىزلىققا باش ئەگكەنىدى. ئىرىدىن، باللىرىدىن، قېيىنئانىسىدىن ئايرىلغان سىز ۋە سىزنىڭ مىس ـ مىس قىزىغا بۇ غېرىب كۆلبىدە كۈن كەچۈرمەكتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. «شېرىن ئۆي» دىكى خالىلىنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىك، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ مەھبۇبىسى ئىلگىرى خاللىغا ئوخشاش رايىش، خاللىغا ئوخشاش خىجىلچان، خاللىغا ئوخشاش ئىش تەلۋىسى ئىدى. پاۋۇل . D خاتالاشقانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى سىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۆيدىكى ئەرۋاھ ئۇنى ئاۋارە قىلمىغان؛ يىپپىيېڭى ئاياغ كىيگەن، بىكار يەپ، بىكار ياتىدىغان ئايال پېرىخون بۇ ئۆيدە سىزنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. كۆز ئالدىمىزدىكى سىزمۇ باشقا ئاياللاردەك مۇھەببەت توغرۇلۇق، بوۋاقلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكى توغرۇلۇق پاراڭ سالىدۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسىتى سۆڭەكلەرنى پارچىلىۋېتىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى سىز ياغاچ كېسىدىغان ھەرە ئەكەلگەن بىخەتەرلىك توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ يىپپىيېڭى سىز دۇنيانىڭ نەدە توختاپ، نەدىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. پاۋۇل . D تۇساتتىن ستەمپ پېيد ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن نەرسىنى كۆرۈپ قالدى: سىزنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىنمۇ بەكرەك مۇھىم بولغىنى، ئۇنىڭ غەرىزى ئىدى. بۇ ھال پاۋۇل . D نى قورقۇتۇۋەتتى.

— سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز بەك قويۇق ئىكەن، — دېدى پاۋۇل . D. ئۇ كۆڭلىدە ھېلىقى قانجۇق ماڭا قاراۋاتىدۇ، بېشىم ئۈستىدە تۇرۇپ ماڭا نەزەر تاشلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى.
— بەك قويۇق ئىكەن؟ — دېدى سېس. ئۇ بېيىبىي ساگىسنىڭ «ئورماندىكى بوش يەر» دىكى چاقىرىشىدىن ئېسكولۇس دەرەخلىرىنىڭ قاسراقلىق مېۋىلىرىنىڭ چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى، — يا مۇھەببەت، يا مۇھەببەت ئەمەس. ئاجىز مۇھەببەت مۇھەببەت ئەمەس.
— شۇنداق، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە كېرىكى يوق. ئۇنىڭ كېرىكى بولدىمۇ؟ — سورىدى پاۋۇل . D.
— كېرىكى بولدى.
— قانداق كېرىكى بولدى؟ بالىلىرىڭىز كەتتى، بىراق ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيسىز. قىزىڭىزدىن بىرى ئۆلدى، يەنە بىرى ھويلىنىڭ سىرتىغا بىر قەدەم ئاتلاشنىمۇ خالىمايدۇ. مۇھەببىتىڭىزنىڭ زادى نېمىگە كېرىكى بولدى؟
— ئۇلار «شېرىن ئۆي» گە ئەكېتىلمىدى، «مۇئەللىم» ئۇلارنى تۇتۇپ كېتەلمىدى.
— بەلكىم بۇ تېخىمۇ ناچار ئاقىۋەت ھېسابلىنار.
— ناچار ئاقىۋەت دېگەنلەرنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەقەتلا قورقۇنچ، ئاندىن ئۇلارنى يىراقلارغا قاچۇرۇۋەتتىم. مەن شۇنداق قىلالىدىم.
— خاتا قىپسىز، سېس.
— ئەجەبا شۇ يەرگە قايتىپ كېتىشىم كېرەكمىدى؟ بالىلىرىمنى قايتۇرۇپ ئەكېتىشىم كېرەكمىدى؟
— بەلكىم باشقا ئامال تېپىلار بولغىيتتى.
— قانداق ئامال؟
— سىزدە بار بولغىنى ئىككى پۇت، سېس. تۆت پۇت ئەمەس، — پاۋۇل. D شۇنداق دېدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يولنى

تاپقىلى بولمايدىغان جىمجىت بىر ئورمان پەيدا بولدى، ئۇلار سۈكۈتكە چۆمدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پاۋۇل . D سېسقا ئۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب نېمىدۇ، دەپ ئويلاندى. ياشلىق دەۋرىدىكى چىشى موزايمۇ؟ ياكى پاۋۇل . D دىكى تورۇستا بىراۋنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىغا بولغان شەكسىز ئىشەنچمۇ؟ پاۋۇل . D تېزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ شەرمەندىچىلىكىدىن سېسىنىڭ شەرمەندىچىلىكىگە يۆتكەلدى. نېمىدېگەن تېز ـ ھە ! ئۇ ئۆزىنىڭ قازناق ئۆيدىكى خۇپىيانە ئىشلىرىدىن سېسىنىڭ قويۇق مۇھەببىتىگە يۆتكەلگەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشۇ ئورمان ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى توسۇپ قويدى، ئۇ ئارىلىقتا مۇناسىۋەتلىك شەكىل ۋە ئېغىرلىق ئاتا قىلدى.

پاۋۇل . D شىلەپىسىنى ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىۋالمىدى، ئاۋۋال قوللىرى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى توسۇقنى ئۆرۈپ باقتى، ئۆزىنىڭ قانداق ھالەتكە كېلىپ قېلىشىنى، قانداق قىلغاندا قېچىپ كەلمىگەن ئاساستا مەيداندىن چېكىنگىلى بولىدىغانلىقىنى دەڭسىدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، بىر قېتىم بولسىمۇ قارىماستىن كېتىپ قېلىشقا بولمايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئاق پەلەمپەيگە قارىدى. ئۇ چوقۇم ئاشۇ يەردە. ئۇ پاۋۇل . D غا دۈمبىسىنى قىلىپ تىككىدە تۇرماقتا. پاۋۇل . D ئىشىككە قاراپ يۈگۈرمىدى، ئىشىككە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى. ئاندىن ئىشىكنى ئاچتى، سېسقا كەچلىك تاماقتا ئۆزىنى ساقلىماسلىقنى ئېيتتى. ئۇ مۇشۇ چاغدىلا شىلەپىسىنى كىيىۋالدى.

نېمىدېگەن سۆيۈملۈك، دەپ ئويلىدى سېس. پاۋۇل . D جەزمەن ئۆزىنىڭ دەيدىغانلىرىغا مېنى چىدىيالمايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى ئېيتقىنىمدىن كېيىن، ئۇ ماڭا

مېنىڭ قانچە پۈتۈم بارلىقىمنى ئېيتسىپ، «خەير ــ خوش» دېيىش ئارقىلىق مېنى پارچە ــ پارچە قىلىۋەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ئەمەسمۇ؟

— خەير ــ خوش، — سېس ئورمانىنىڭ يىراق بىر چېتىدە شۇنداق دەپ پىچىرلىدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

124 ـ نومۇرلۇق ئۆينى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىغانىدى. ستەمپ پېيد ئۆيدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى چوڭ يولدا تۇرۇپمۇ ئاڭلىدى. ئۇ مۇمكىنقەدەر بېشىنى تىك تۇتۇپ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنى پايلاقچىغا ئوخشاش ھېس قىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ يەنىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ مېڭىشقا تىرىشتى، بۇنداق ماڭسا كىشىلەر ئۇنى ئوغرىلىقچە ئىش قىلىدىغان پايلاقچى دېيەلمەيتتى. ستەمپ پېيد گېزىتنىڭ قىيىلغان پارچىسىنى پاۋۇل . D غا بەرگىنىدىن ۋە پاۋۇل . D نىڭ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدىن كېيىن، ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇپ يۈرەلمىدى. ستەمپ پېيد ئۆزى ئۆز كۆرىدىغان بىر ئايالنىڭ ئىشلىرىنى باشقا بىر ئەرگە دېيىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ھەر خىل ئويلاردا بولدى. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلىشى كېرەكلىكى توغرۇلۇق بىر قارارغا كەلدى. ئاندىن سېس ئۈچۈن غەم يېيىشكە باشلىدى. ئۇ بىر ياخشى ئەر سېسقا بەخت ئەكېلىدىغان بىردىنبىر پۇرسەتتىن سېسنى مەھرۇم قىلدىمۇ؟ سېس بۇ سەۋەبلىك زىيانغا ئۇچرارمۇ؟ ئۆزىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغان، ئۆز دوستىنىڭ، شۇنداقلا بېيبىي ساگىسنىڭ دوستىنىڭ ئېرىنىڭ ئەپقاچتى گەپنى بىھۇدىلا يوغىنىتىۋەتكىنىدىن ئازابلىنارمۇ؟

«مەن بەكلا قېرىپ كەتتىم، — دەپ ئويلىدى ستەمپ پېيد،

— بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ تولۇق ئەسلىيەلمەس بولۇپ قالدىم. بەكلا قىرىپ كەتتىم. كۆرگەن - بىلگەنلىرىممۇ ئاز ئەمەس.» ئۇ قۇشخانىدىكى چاغدا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىۋېتىشتە چىڭ تۇرغانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۆزىنىڭ زادى كىمنى قوغداۋاتقانلىقى توغرۇلۇق گاڭگىراش ئىلكىدە قالدى. شەھەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا پەقەت پاۋۇل . D لا بۇ ئىشنى بىلمەيتتى. گېزىتكە بېسىلغان خەۋەر قانداقسىگە قۇشخانىدا مەخپىي كۇسۇرلىشىپ ئېيتىشىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدۇ؟ بۇ ئىشنى زادى كىمدىن مەخپىي تۇتۇش كېرەك؟ مەخپىي تۇتۇشقا توغرا كەلسە سېستىن مەخپىي تۇتۇش كېرەك. ئۇ بىر پايلاقچى كەبى تىمىسقىلاپ يۇرۇپ سېسىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ يۇرۇش ئۇنىڭ خىزمىتى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئېنىق ۋە مۇقەددەس بىر نىشان ئۈچۈن ئىدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ يۇرۇش ئىدى: ئۇ قاچقۇنلارنى يوشۇرۇپ قوياتتى، مەخپىي خەۋەرلەرنى كۆپچىلىككە ئاشكارىلىۋېتەتتى، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق كۆكتاتلىقىنىڭ ئاستىغا دەريادىن ئۆتۈپ قېچىپ كەلگەن نېگىرلارنى يوشۇرۇپ قوياتتى، ھەتتاكى ئۇنىڭ ئەتىيازدا ئۆلتۈرگەن چوشقىسىمۇ ئۆزىنىڭ ھەرخىل مۇددىئالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ تەمىنلەپ بەرگەن ئۇستىخان ۋە چوشقىنىڭ ئىچ باغرى بىلەن ھاياتىنى قامدايتتى. ئۇ ئۇلار ئۈچۈن خەت يېزىپ بېرەتتى، ئۇلارغا كەلگەن خەۋەرلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ كىمنىڭ سۇلۇق ئىششىقتا گىرىپتار بولغىنىنى، كىمنىڭ ئوتۇنغا موھتاج ئىكەنلىكىنى؛ قايسى ئائىلىنىڭ بالىسىنىڭ بەخت - تەلىيى بارلىقىنى، قايسى بالىنىڭ تەربىيەگە موھتاجلىقىنى؛ ئوخشۇ دەرياسىدىكى ۋە ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدىكى مەخپىيەتلىكلەرنى؛ قايسى ئۆيلەردە ئادەم يوق، قايسى ئۆيلەردە ئادەم بارلىقىنى؛ كىمنىڭ ئۇسسۇلنى ياخشى

ئوينايدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئىككى ئېغىز گەپنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئاۋازىنىڭ ھەممىدىن گۈزەللىكىنى، كىمنىڭ ناخشىغا ئىخشىشىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇ ۋەجدىن، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزاق ئويلانغاندىن كېيىن ياغاچ ساندۇقنى ئېچىپ، پاۋۇل . D غا ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئون سەككىز يىل ئىلگىرىكى كېسىۋېلىنغان ئاشۇ گېزىت پارچىسىنى ئىزدىدى.

شۇ ئىشتىن ئىلگىرى ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشتىن كېيىن ستەمپ پېيد ئۆزىنىڭ شۇ قىلمىشىدا سىياسىينىڭ ھېسسىيات مەسىلىسى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. ئۇ بۇلارنى شۇ ئىشتىن كېيىن ئويلاپ يېتەلىگەنلىكى ئۈچۈن بەكلا بىئارام بولدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى شۇ ئىشتىن بۇرۇن ئويلاپ يېتەلىگەن بولسا، بەلكىم شۇ ئىشقا ئارىلاشماس بولغىيتتى؛ ياكى سىس ئۇ ئىشنى پاۋۇل. D غا ئېيتىدىغان ۋاقىت ئەمدى كەلدى، دەپ قاراپ، ئۆزلۈكىدىن ئېيتار بولغىيتتى. ئەمدىلىكتە 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي پاۋۇل . D بۇ شەھەرگە كېلىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتقاندى. ستەمپ پېيد چوڭ يولدا تۇرۇپلا بىر توپ ئەرۋاھلارنىڭ سىس ۋە دەنۋېرنى ئارامىدا قويمايۋاتقانلىقىنى بايقىدى. سىسنى ئەرۋاھلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرالايدۇ، دېگەن تەقدىردىمۇ، ستەمپ پېيد سىسنىڭ قىزىنىڭ ئۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. دەنۋېرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن بىر نورمال ئادەم بولمىسا بولمايتتى. دەنۋېر تۇغۇلغان چاغدا تەقدىر ستەمپ پېيدنى ئاشۇ يەردە بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. دەنۋېر ئۆزىنى ئۆزى تونۇپ يېتىشتىن ئىلگىرىلا ستەمپ پېيد ئۇنى قارىغۇلارچە ياخشى كۆرەتتى. بىلىشىڭىز كېرەككى، ستەمپ پېيد تۆت ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ساغلام تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. شەھەردىن ئەڭ ياخشى قارا بۆلجۈرگەنلەرنى تېپىپ كېلىپ، تەسلىكتە قولغا كەلتۈرگەن شۇ بۆلجۈرگەنلەرنى

بىيىبىي ساگىسقا كۆرسىتىشكە ئۆلگۈرمەستىنلا، دەنۋېرنىڭ ئاغزىغا ئىككىنى سېلىپ قويغانىدى. ئۇ تا بۈگۈنگىچە ئۆزى ئەكەلگەن بۆلجۈرگەنلەرنى دەنۋېرنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشىدىكى بىردىنبىر ۋاسىتە، دەپ قارايتتى. ئەگەر ئۇ شۇ يەردە ئۇتۇن كېسىۋاتمىغان بولسا، سېس بوۋاق ھالەتتىكى دەنۋېرنىڭ بېشىنى ياغاچقا قويۇپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتكەن بولاتتى. ستەمپ پېيد مۇشۇ خەۋەرنى پاۋۇل . D غا ئاشكارىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇشتىن ئىلگىرى سېسنى ئۇيلاپمۇ قويمىغانىدى. ھېچبولمىغاندىمۇ دەنۋېرنى ئويلاپ قويۇشى كېرەك ئىدى. بىيىبىي ساگىس ئۆلگەندىن كېيىن دەنۋېرنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر نورمال ئادەم پاۋۇل . D ئىدى. بىراق، بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسى ئىدى.

سېس ۋە دەنۋېرنى ئويلاپ قويمىغاندىنمۇ، سارائىنىڭ يانچۇقىدىكى بىر تەڭگە پۇلغا ئوخشاش ئۇنى ئارامىدا قويماي‌ۋاتقىنى بىيىبىي ساگىسنىڭ يوكسەك ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئىدى. ستەمپ پېيد يولدا تۇرۇپلا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلاۋاتقان بولسىمۇ، بىيىبىي ساگىسقا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆز قەلب تۆرىدىكى ئورنى سەۋەبلىك بېشىنى تىك تۇتقىنىچە 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ھويلىسىغا قەدەم باستى.

«ئاپەت»(ئۇ سېسنىڭ «قاچقۇنلۇق جىنايىتى» ئۈچۈن ئەشەددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ قىلغان ئىشىنى ئاپەت دەپ ئاتايتتى) تىن كېيىن ئۇ بۇ ئۆيگە بىيىبىي ساگىسنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىش ئۈچۈن پەقەت بىرلا قېتىم كىرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ بىيىبىي ساگىسنى قۇچىقىغا ئالغىنىدا، بىيىبىي ساگىس ئۇنىڭغا ياش قىزلاردەكلا بىلىنگەنىدى. ستەمپ پېيد بىيىبىي ساگىس ئۈچۈن خۇشال بولغانىدى. چۈنكى، بىيىبىي ساگىس ئۆز جەسىتىنىڭ خارلىنىپ قالماي، ئاخىر كۆتۈرىدىغانىغا ئادەم چىققانلىقىنى

بىلگەندى. بېيبىي ساگىس بىرئاز ساقلىغان بولسا، ئۇرۇشنىڭ ياخشى نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرەلەيتتى، ئۇلار غەلىبىنى بىرلىكتە تەبرىكلىگەن بولاتتى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ كۆلەملىك نۇتۇق سۆزلەش مۇراسىمىغا بارالىغان بولاتتى. شۇ چاغدا پەقەتلا ستەمپ پېيد قاتار سىلىنغان ئۆيلەرگە بىر ـ بىرلەپ كىرىپ، ئۆي ئىگىسى نېمە بەرسە شۇنى يەپ ـ ئىچىپ يېنىپ چىققانىدى. بىراق، بېيبىي ساگىس بۇ ئىشلارغا ئۇلىشالمىدى. ستەمپ پېيد چوڭقۇر ئازاب ئىچىدە ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. دەپنە مۇراسىمىدا سىپس بىلەن دەنۋېرنىڭ كۆزىدىن مىت قىلىپمۇ ياش چىقمىدى. سىپس ئۇنى «ئورماندىكى بوش يەر»گە كۆمەيلى، دېيىشتىن باشقا ھېچقانداق يولىيورۇق كۆرسەتمىدى. ستەمپ پېيد سىپسنىڭ دېگىنىدەك قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاق تەنلىكلەر كەشىپ قىلغان، قايسى مېيىت قانداق جايغا كۆمۈلسە ئارام تاپىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە تۈپەيلىدىن، بېيبىي ساگىسنى ئۇ كۆرسەتكەن جايغا كۆمەلمىدى. بېيبىي ساگىس بوغۇزلىنىۋېتىلگەن بوۋاقنىڭ يېنىغا كۆمۈلدى. ستەمپ پېيد بۇ يېقىن ئارىلىقنىڭ بېيبىي ساگىسنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى.

ستەمپ پېيدتىن بۆلەك ھېچكىم 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە قەدەم باسمايدىغانلىقى ئۈچۈن، دەپنە مۇراسىمى ھويلىدا ئۆتكۈزۈلدى. سىپس پوپ پايك رىياسەتچىلىك قىلغان دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىششىنى رەت قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرى ئۇچرىغان زىيانكەشلىككە ئىنكاس قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە چىن دىلىدىن ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇماستىن، قەبرىستانلىقتا بېرىپ سۈكۈتتە تۇرۇشتا بېيبىي ساگىسنىڭ قەبرىسى بىلەن بەسلەشتى. بۇ خورلۇق يەنىلا تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. تەزىيەچىلەر 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئارقا ھويلىسىدا سىپس تەييارلىغان

يىمەكلىكلەرگە قاراپمۇ قويماستىن، پەقەت ئۆزلىرى ئەكەلگەن يىمەكلىكلەرنىلا يېدى. سىسمۇ ئۇلارنىڭ يىمەكلىكىدىن يېمىدى، دەنۋېرغىمۇ ئۇلارنىڭ يىمەكلىكىنى يېمەسلىكنى تاپىلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئازاد بولغان هاياتنى تەقدىم قىلغان چىقىشقاق بېيبىي ساگىس تەكەببۇرلۇق، قورقۇنچ، تەنە ۋە ئۆچمەنلىك كەيپىياتى ئاستىدا دەپنە قىلىندى. يۇرتتىكى ھەممە كىشى دېگۇدەك سىسنىڭ پىشكەللىككە يولۇقۇشىنى كۈتەتتى. سىسنىڭ ئوساللىقى ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى جاۋابقا ئېرىشمىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، ئۆمرىدە ئازراقمۇ ئەسكىلىك قىلىپ باقمىغان ستەمپ پېيد شەھەردىكى بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭ «ھالى ئۇستۇن موزاي ئۆزىنى ئازگالدا كۆرەر» دېگەن ئۇمىدىنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك يۇقۇپ قالغىنىدىن گۇمانلاندى. شۇڭىلاشقا ئۇ پاۋۇل . D غا كېسىۋېلىنغان گېزىت پارچىسىنى بېرىۋاتقاندا، سىسنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە دەنۋېرنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتمىغانىدى.

ناۋادا بىر ھازادىن كېيىن سىس ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالسا، ئۇ سىسقا نېمە دېيىش، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر سىس ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە سىسقا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بەرگەن بولاتتى. ئەگەر سىس ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە سىسنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ستەمپ پېيد ئۆزىنىڭ بېيبىي ساگىسنىڭ يېقىن ئادىمىگە قىلىپ قويۇشى مۇمكىن بولغان خاتا ئىشنى بىۋاستە سېزىمىگە ئاساسەن توغرىلىدى. شۇنداقلا، بىۋاستە سېزىمىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى ئەرۋاھنىڭ بارغانچە كۈچىيىۋاتقان زىيانكەشلىكىگە يېقىنلاشتى. ستەمپ پېيد ئەرۋاھنىڭ ئاۋازىنى يولدا تۇرۇپمۇ ئاڭلىيالايتتى. يەنە تېخى ستەمپ پېيد خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆزىدىنمۇ كونا، بىراق كۈچلۈك بولمىغان ئىشلارغا تاقابىل تۇردى.

ستەمپ پېيد كارىدورغا يېقىنلاشقاندا، ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ بىلۇستون كوچىسىدا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتقاندا ئۆيدىكى قالايمىقان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ نېمىگە، كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېيىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ باش ـ ئايىغىنى بىلگىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇ قېرى ئەقلىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپمۇ دېيىلىۋاتقان گەپلەرنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇ بىلەلىگەن بىردىنبىر گەپ «مېنىڭ» دېگەن سۆز ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا گەپلەر ئۇنىڭ چۈشىنىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە قاراپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كەلگەندە بايىقى كالدۇر ـ كۇلدۇر ئاۋازلار بىردىنلا كۇسۇرلىشىشقا ئايلاندى. بۇ ھال ئۇنى مېڭىشتىن توختىتىپ قويدى. ئۆي ئىچىدىن ئەمدىلىكتە بىرە ـ بىرە غۇدۇڭشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز كىشىنى بىزار قىلمايتتى، شۇنداقلا قورقۇتمايتتى. بۇ پەقەتلا ئايالالار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشى ئارىسىدىكى ئاشۇنداق مەڭگۈلۈك، مەخپىي دىيالوگ ئىدى.

ستەمپ پېيد ئۆزى ئەزەلدىن چېكىپ باقمىغان ئىشىكنى چەكمەكچى بولۇپ (چۈنكى، بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوچۇق ئىدى) قولىنى كۆتۈردى، بىراق ئىشىكنى چېكەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدى ئاشۇ قارا تەنلىك قەرزدارلىرىدىن بارلىق جاۋابقا ئېرىشىش ئىدى. ناۋادا ستەمپ پېيد سىزگە بىر چاپان ئالغاچ كەلسە، بىرەر خەۋەرنى سىزگە يەتكۈزسە، ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزسا ياكى ياغاچ چېلىكىڭىزنى ئوڭشاپ بەرسە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەكلا كىرىۋېرەتتى. ئۇ ھەر كەلسە بىر ياخشىلىق ئەكېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندىكى قەدەم ئاۋازى ۋە ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى قىزغىن قارشى ئېلىناتتى. ئۇ ئۆزى ئېرىشكەن بىردىنبىر ئالاھىدە ھوقۇقىدىن

ئايرىلىپ قېلىشنى پەقەتلا خالىمىغاچقا، قولىنى چۈشۈرۈپ كارىدوردىن چىقىپ كەتتى.

ستەمپ پېيد قايتا ـ قايتا ئويلاندى. قىيا ـ چىيا ئاۋازلارغا، غەلىتە گەپ ـ سۆزلەرگە ۋە غۇدۇڭشىشلارغا پەرۋا قىلماي سېسىنى يوقلاشنى قارار قىلدى. ئارقىدىن ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ ئۆزى دائىم ماڭىدىغان يولدىن قايرىلىپ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئالتە قېتىم چەكتى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە قوللىرىنىڭ مۇزلاپ كېتىشى ئۇنىڭ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئۇچۇن بىر يات ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھەر قېتىم ئىشىكنى چېكەلمەستىن ئۆزىنىڭ قاردىكى ئىزىنى بويلاپ قايتىپ ماڭغاچ ئۇھ تارتتى. ھەقىقەتەن، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى.

ستەمپ پېيد بېيبىي ساگسىنىڭ ئورنىدا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينى يوقلاش نىيىتىگە كەلگەندە، سېس بېيبىي ساگسىنىڭ ئىلگىرى ئۆزىگە «قىلىچ ـ قالقانلىرىڭىزنى تاشلاڭ» دېگەن نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىش ئۇچۇن پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سېلىۋاتاتتى. سېس بېيبىي ساگسىنىڭ نەسىھەتىگە ساداقەت كۆرسىتىپلا قالماي، راستلا ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. پاۋۇل D سېسنىڭ نەچچە پۈتى بارلىقىنى ئەسكەرتىپ تۆت كۈندىن كېيىن، سېس بىر توپ ناتونۇش ئاياغلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ كانكى ئايىغىنى نەچچە قېتىملاپ ئاختۇردى. ئۇ كانكى ئايىغىنى مۇشۇ ئاياغ دۆۋىسىنىڭ ئارىسىدا دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئايىغىنى ئىزدىگەچ، بىر تەرەپتىن پاۋۇل D ئوچاق يېنىدا ئۆزىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيگەندە، ئۇنىڭغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ ئۆزىنى تاپشۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ئۆزىگە ئۆچلۈكى كېلىۋاتاتتى. ئۇ پاۋۇل D نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپلا قالسا، شەھەردىكى باشقا كىشىلەردەك ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى

تونۇپ يېتىشى كېرەك ئىدى. ئايال ھەمسۆھبەتداشلىرى، قېيىنئانىسى ۋە بالىلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن بىرلىكتە ياشىغان يىگىرمە سەككىز كۈن، قوشنىدارچىلىق بىلەن ئۆتكەن يىگىرمە سەككىز كۈن، قوشنىلىرىنى ئۆز ئادەملىرىم دەپ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ يىگىرمە سەككىز كۈن ئالىلىقاچان كەلمەسكە كەتكەنىدى. «ئورماندىكى بوش يەر»دىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، يىغىلىشلار كەلمەسكە كەتكەنىدى. «قاچقۇن دېلوسى»، «تەڭرى يولى» ۋە نېگىرلارنىڭ چېركاۋدىكى ئورنى توغرىسىدىكى قىزغىن ياكى جىمجىت بەس ـ مۇنازىرىلەر، قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى ھەرىكەتلەر، ئاز ادلىق چۇقانلىرى، ئىرقىي سايلام، دېموكراتچىلار، كىتاب ئوقۇش، كۆچمەنلەرنىڭ يوغان چاقلىق ئات ھارۋىسى، ئوخشئو ئىشتاتى، دېلاۋېر ناھىيەسىدىكى نېگىر ئايالىلار بىرلەشمىسى ۋە بىرلەشمىنىڭ ئەزالىرىنى مىخلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇشلار، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئۇلارنى ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن قىيناش قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر؛ «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى» توغرىسىدىكى غەلىتە خەۋەرلەرنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈشلەر، يېڭى خائىنلارنىڭ چىقىشى ياكى كىچىككىنە غەلىبە ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن چاۋاك چېلىشلار كەلمەسكە كەتكەنىدى.

يىگىرمە سەككىز كۈنلۈك بەختلىك كۈنگە ئەگىشىپ كەلگىنى ئون سەككىز يىللىق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە غېرىبلىق بولدى. ئاندىن بۇ جاپا ـ مۇشەققەت يولىدا قولتۇقلىشىپ ماڭغان سايە ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئايلىق بەختىيار تۇرمۇش؛ پاۋۇل . D بىلەن بىللە بولغاندا باشقا نېگىرلارنىڭ ئەيمىنىش ئىلكىدە ئەھۋال سورىشى؛ سېسقا تەۋە بولغان كارىۋاتتىكى ھۇزۇر دېگەنلەر باشتىن ئۆتتى. دەنۋېرنىڭ دوستىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى غايىب بولدى. بۇ بىر قانۇنىيەتمىدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئەجەبا قىيىنچىلىقتا ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرى ھەر ئون سەككىز يىلدا

بىر قېتىم بىردەملىك خۇشال ـ خۇراملىقتىن كېيىن قالايمىقانلىشىپ كېتىش ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنمۇ؟

ھەي، تۇرمۇش دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدىكەن.

سىس تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پولنى يۇماقتا. دەنۋېر قولىغا قۇرۇق لاتا ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن سۈرمەكتە. بۇ چاغدا جان قوزام كېلىپ «نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. سىس قولىغا چوتكا ئېلىپ جان قوزامغا ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى كانكىغا قارىدى. سىس كانكى تېپىلىشنى ئەسلا بىلمەيتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ بىيىبىي ساگىسنىڭ «ھەممىنى تاشلاڭ» دېگەن نەسىھەتىنى ئاڭلاش قارارىغا كەلدى. سىس چېلەكنى نېرىغا ئىتتىرىپ، دەنۋېرنى يېپىنچىسىنى ئاچىقىشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا ئاشۇ بىر دۆۋە ئاياغلار ئارىسىدا كانكى ئايىغىنى بار دەپ ئويلاپ، ئاياغلارنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىغىلى تۇردى. سىسقا ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەر، ئۇنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆي ئىچىگە ماراپ باقىدىغان ھەرقانداق بىرسى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتكەچ (پاۋۇل. D مۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سىسنىڭ ئۆز بالىلىرىنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىم قۇربانلىق بېرىپ، خۇشال ھالدا مۇز تۇتقان ئۆستەڭگە ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلەيتتى.

ئۇ ئاياغلارنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ بىر ئەرەنچە كانكىنى تاپتى.

— بىز نۆۋەت بىلەن كېلەيلى، بىرىمىز بىر جۈپ كانكى ئايىغى كىيەيلى، يەنە بىرىمىز بىر پاي كانكى ئايىغى كىيەيلى، ئاياغ يەتمىگەن يەنە بىرەيلەن ئۆزىنىڭ ئايىغى بىلەن تېيىلسۇن، — دېدى سىس.

ئۇلارنىڭ يىقىلىپ چۈشكىنىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، بىر ـ بىرىنى يۆلەپ مۇز ئۈستىدە پىرقىرىدى. جان قوزام ئىككىلى پۇتىغا، دەنۋېر بىر پۇتىغا كانكى ئايىغى كىيگەنىدى. ئۇ مۇز ئۈستىدە

تېيىلىشقا ماسلىشالمايۋاتاتتى. سېس ئۆز ئايىغىدا تېيىلماقچى بولغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئەمدىلا ئۆستەڭگە قەدەم ئېلىپ، بىر - ئىككى قەدەم چامداپ بولغۇچە، تېيىلىپ كېتىپ كاسىچىلاپلا يىقىلدى. قىزلارمۇ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىقىلدى. ئۇلار مەيلى يۇمىلاق بولۇۋالسۇن ياكى ئۇزۇنىسىغا بىر سەپ بولۇپ بىر - بىرىگە تايىنىۋالسۇن، ھامان مۇز ئۈستىدە يىقىلغىنى يىقىلغانىدى. بىراق، ھېچكىم ئۇلارنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرمەيتتى.

مۇز ئۈستىدە مۇقىم تۇرغان ئىككىسىگە يەنە بىرى ياردەم بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ھالبۇكى ھەربىر قېتىملىق يىقىلىش ئۇلارنى شادلىققا چۆمدۈرەتتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، يەرنىڭ تارتىش كۈچىگە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقاندا، قىرغاقتا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دۇب دەرەخلىرى ۋە شىلدىرلاپ تۇرىدىغان قارىغايلار ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرى قاناتقا ئوخشاش لەپىلدەيتتى، يۈزلىرى خىرە كۆن نۇرى ۋە جاڭ - جاڭ سوغۇقتا ئاقىرىپ كېتىۋاتاتتى.

ھېچكىم ئۇلارنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرمەيتتى.

ئاخىر ئۇلار ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، ئۆزىنى مۇز ئۈستىگە ئوڭدىسىغا تاشلاپ، قاتتىق ھاسىراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان باشقا بىر ئىقلىم ئىدى. قىش كۈنلىرىدىكى يۇلتۇزلار قۇياش ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى قولىنى سوزسىلا تۇتۇۋالغۇدەك يەردە جىلۋە قىلاتتى. سېس بىر ھازاغىچە يۇلتۇزلار ئاتا قىلغان خاتىرجەملىك ئىلكىدە ئوڭدىسىغا ياتتى. دەنۋېر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا تېيىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى كانكى بىر تال مۇز پارچىسىغا سوقۇلدى، ئۇ يىقىلغاندا بىلەكلىرى مۇزغا شۇنچىلىك قاتتىق چۈشتىكى، بۇ ھالدىن دەنۋېر ئۆزى، جان قوزام، سېس ئۈچىلىسى قاقاھلاپ كۈلۈۋېرىپ يۆتىلىپ كەتتى. سېس قولى ۋە تىزىغا تايىنىپ

قەددىنى رۇسلىدى، ئۇ قاتتىق كۇلگىنىدىن كۆكرەكلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇز ئۈستىدە تۆت پۇتلۇق بولۇپ بىر هازا تۇردى. بىراق، ئۇنىڭ كۇلكىسى توختىغان بولسىمۇ، كۆز يېشى توختىماستىن سىرغىپ چۇشۇۋاتاتتى. جان قوزام بىلەن دەنۋېر بىر هازادىن كېيىن بۇنى بايقاپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سېسىنىڭ مۇرىسىنى يېنىك سىلىغىلى تۇردى.

ئورمانىنى بويلاپ ئۆيگە قايتقاندا، سېسىنى ئىككى قىزچاق ئىككى تەرىپىدىن قولتۇقلىۋالغانىدى. ئۇلار مۇز تۇتۇپ كەتكەن يولدا ئاۋايلاپ ماڭماقتا، ئۇلار تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇچۇن بىر - بىرىگە ئېسىلىۋېلىشقانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ يىقىلغىنىنى هېچ كىشى كۆرمەيتتى.

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كىرىپلا ئۆزلىرىنىڭ توڭلاپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلدى. ئايغىنى ۋە هۆل بولۇپ كەتكەن پايپاقلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، قۇرۇق يۇڭ پايپاقلىرىنى كىيىۋالدى. دەنۋېر مەشكە چاپلاشتى. سېس بىر قازان سۇت قاينىتىپ، سۇتكە شېكەر ۋە دورا - دەرمەكلەرنى سالدى. ئۇلار مەش ئالدىدا يوتقان ۋە ئەديياللارغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ سۇت ئىچتى.

— ئارراق بەرەڭگە پىشۇرساق بولغۇدەك، — دېدى دەنۋېر.

— ئەتە پىشۇرايلى، هازىر ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولدى، — دېدى سېس.

ئۇ قىزلارنىڭ چىنىسىگە قىزىق هەم تاتلىق سۇتتىن لىقلاپ بەردى. مەشتە گۇركىرەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى.

— مەشكە ئوتۇن لىقلاپ قويدىڭىزمۇ؟ — سورىدى جان قوزام.

— هەئە، سۇتنىڭ هەممىسىنى ئىچىۋېتىڭلار. ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولدى، — دېدى سېس.

بىراق، ئۇلار مۇزدەك كارىۋاتنى ئويلاپ، ئىسسىق ئەديىيال ۋە

مەش ئالدىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەدى. ئۇلار داۋاملىق سوت ئىچكەچ مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇرۇۋەردى.

تاراق - تۇرۇق قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. سېس دەماللىققا بۇنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەلمەدى. كېيىن بۇ ئاۋازنىڭ باشتىلا چىققانلىقى ئاپتاپتەك ئايدىڭ بولدى. بۇ ناخشا باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى، سېس ئۈچ نوتىنى ئاڭلاشتىن ئىلگىرىكى، ھەتتا ئاساسي مېلودىيە ئېنىقلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئاۋاز ئىدى. جان قوزام ئالدىغا بىر ئاز ئېگىلگەن ھالدا بوش ئاۋازدا غىڭشىۋاتاتتى. جان قوزام ناخشىنى ئېيتىپ بولۇشىغا، سېس ئاشۇ تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازنى — خەۋەرلەرنىڭ پارچە - پۇرات جايلىرىنى ئەسلىي ھالىتىگە قايتۇرىدىغان ئاشۇ ئاۋازنى ئېسىگە ئالدى. سېس بۇرۇلۇپ جان قوزامنىڭ سايىسىگە نەزەر سالدى. جان قوزامنىڭ ئېڭىكى، ئاغزى، بۇرنى، پېشانىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەشنىڭ يورۇقىدا كەينىدىكى تامغا غايەت زور شولا بولۇپ چۈشكەنىدى. جان قوزامنىڭ دەنۋېر يىگىرمە — ئوتتۇز سېكىلەك قىلىپ ئۆرۈپ قويغان چېچى مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. سېس ھازىرقى ئورنىدا ئولتۇرغاندىن باشلاپ جان قوزامنىڭ تەق - تۇرقىنى تەپسىلىي كۆزىتەلمەدى. ئۇنىڭ چېچىنى، قېشىنى، لەۋلىرىنى... ئېنىق كۆرەلمىدى.

— پەقەت شۇنىلا ئەسلىيەلەيمەن، — دەيتتى بىيىبىي ساگىس، — ئۇ بولكىنىڭ كۆيۈكىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ناۋادا ئۇ ھازىر كىچىككىنە قوللىرى بىلەن مېنى ئۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنى تونۇيالمايمەن.

... ھاملە مېڭىنى، ھەتتا چىشلىرىنىڭ رەڭگىنى، قۇلىقىنىڭ شەكلىنى، يەنە...

— بۇ ياققا قاراڭ، مانا بۇ سىزنىڭ ئانىڭىز. ئەگەر مېنىڭ چىرايىمنى تونۇيالمىسىڭىز بۇ يەرگە قاراڭ.

... بارماقلىرىنى، تىرناقلىرىنى، ھەتتا يەنە ...

بىراق، يەنىلا ئۈلگۈرگىلى بولىدۇ. تاراق ـ تۇرۇق قىلغان ئاۋاز توختىدى. ھەممە نەرسە تېگىشلىك ئورنىنى تېپىپ پۇرسەت كۈتمەكتە.

— ئۇ ناخشىنى مەن توقۇغان، — دېدى سېس، — باللارنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن توقۇغان. باللىرىم بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم ئۇ ناخشىنى ئېيتىشنى بىلمەيدۇ.

— ئۇ ناخشىنى مەن ئوقۇيالايمەن، — دېدى جان قوزام سېسقا بۇرۇلۇپ.

ئورماندىن تېپىۋېلىنغان، قالپاقلىق مىخ قېقىلغان بىر ئۈنچە ـ مەرۋايىت قېپى بار. ئۇنى ئېچىشتىن ئاۋۋال ناھايىتى ياخشى ئاسراش كېرەك. ساندۇقنىڭ قۇلۇپى بەلكىم ئاللىبۇرۇن داتلىشىپ كەتكەن بولۇشى ياكى ئىلمىكى سۇنۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق، سىز چوقۇم مىخنىڭ ئۈچىنى سىلاپ بېقىپ، ئۇنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرۈشىڭىز كېرەك. ئۇنى يوشۇرۇنۇپ ياتقىنىغا ئۇزاق بولغان قەبرىسىدىن قېزىپ چىقىرىشتىن ئىلگىرى، پالتا بىلەن چېقىپ تاشلاشتىن ھەزەر ئەيلىشىڭىز كېرەك. كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزىگە مۇئامىلە قىلغاندا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، مۆجىزە ئەزەلدىنلا ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاياغ ئۆزىڭىز ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىزگە باغلىق.

سېس قازاننىڭ قىرىغا تۇتۇپ قالغان ئاق داكىغا ئوخشايدىغان سۈتنىڭ يۇقىنى قىرىۋېتىپ، قىزلارغا ياتاق ئۆيدىن ياستۇق ئاچىقىپ بەردى. ئۇنىڭ قىزلارغا مەشىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىقنى، ئەگەر ئۆچۈرۈپ قويغۇدەك بولسا ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ يېتىشنى تاپىلىغانلىكى ئاۋازى تىترىمەستىن چىقتى.

ئاندىن ئۇ ئەدىيال بىلەن جەينەكلىرىنى چىڭ ئوراپ، ئاپپاق پەلەمپەي بىلەن يېڭى كېلىندەك چىقىپ كەتتى. سىرتتا قارلار چىرايلىق شەكىللەردە قېتىپ كەتكەنىدى. قىش پەسلىدىكى

يولتوزلارنىڭ جىمجىتلىقى قارىماققا مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك تۇراتتى. ستەمپ پېيد قولىدا كىچىككىنە يىپەك لېنتىنى ئويىنىغىنىچە 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

«سۆڭەكلىرىمدە ماغدۇر قالمىدى، — دەپ ئويلىدى ستەمپ پېيد، — بىر ئۆمۈر ھېرىپ چارچىدىم، ھەتتا ئۇستىخانلىرىمدىمۇ ماغدۇر قالمىدى. ئەمدىكى نۆۋەت يىلىكىمگە كەلدى». ستەمپ پېيد بېيبىي ساگىس ئەينى چاغدا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئاخىرقى ھاياتىنى رەڭلەرنى خىيال قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن چاغلىرىدا چوقۇم مەندەك ھېسسىياتتا بولغان، دەپ ئويلىدى. بېيبىي ساگىس ئەينى چاغدا ئۆز مەقسىتىنى ئېيتقاندا، ستەمپ پېيد بېيبىي ساگىسنى خىجىل بولۇپ گېپىنى دېيەلمەيۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بېيبىي ساگىسنىڭ مۇنبەردىكى شۆھرىتى، ئورماندىكى ئۇسسۇلى، تەسىرلىك نەسىھەتلىرى (ئۇ كىشىلەرگە دىنىي تەلىمات ياكى ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلىگەن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىشقا لايىق ئەمەسلىكىدە چىڭ تۇرغان. ئۇ چاقىرىق قىلسا كىشىلەر قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان، خالاس) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئارقا ھويلىدىكى قانلىق ۋەقە سەۋەبلىك مەسخىرە ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچرىغانىدى. پەرۋەردىگار ئۇنى ئازدۇرۇۋەتتى، بىراق ئۇ پەرۋەردىگار ئۈچۈن نومۇس ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بېيبىي ساگېس كارىۋاتتا يېتىپ، نەرسىلەرنىڭ رەڭگى توغرۇلۇق ئويلانماقچى ئىكەنلىكىنى ستەمپ پېيدقا ئېيتتى. ستەمپ پېيد ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن توستى. سېپس ستەمپ پېيد قۇتقۇزۇۋالغان ئەمچەكتىكى بوۋىقى بىلەن تۇرمىدە ئىدى. سېسىنىڭ ئىككى ئوغلى قورقىنىدىن بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەيتتى. ناتونۇش ياكى تونۇش كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە توختاپ، يۈز بەرگەن ئىشنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي سۈرۈشتە قىلىۋاتاتتى. بىراق، بېيبىي ساگىس توساتتىنلا جەڭنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بېيبىي

ساگىس شۇنى ئېلان قىلىپ بولۇپلا كىرىپ كەتتى. سېس تۇرمىدىن چىققاندا، بىيبىي ساگىس رەڭلەر ئارىسىغا غەرق بولغان بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇ سېرىق رەڭدىن ئۆتۈۋاتاتتى.

دەسلەپىدە ستەمپ پىيد بىيبىي ساگىسنى تۈرمىگە تاماق توشۇۋاتقان ھالەتتە ئەمەس، شەھەرگە ئاياغ توشۇۋاتقان ھالەتتە بىرە - بىرە ھويلىدا كۆرۈپ قالاتتى. بىيبىي ساگىسنىڭ بۇ ھالىتى كىيىنچە كۆزگە كۆپ چېلىقمىدى. ستەمپ پىيد بىيبىي ساگىسنى كارىۋىتىدا يېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسىنىڭ ئار - نومۇس ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ زىددىيەتلىك ھالدا ئاخىرلاشقان دەپنە مۇراسىمىغا سەككىز يىل، «ئاپەت» نىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئون سەككىز يىل بولغاندا ستەمپ پىيد كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى. بىيبىي ساگىسنىڭ يىلىكى چارچاپ كەتكەن، بۇ يىلىكلەر ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئاشۇ قەلبكە بىيبىي ساگىسنىڭ سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاخىر ئۆزى جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىگەن رەڭگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندى. بىيبىي ساگىسنىڭ ھارغىنلىقىمۇ ستەمپ پىيدنىڭكىگە ئوخشاش تۇيۇقسىز پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزاق يىل داۋاملاشقان ھارغىنلىق ئىدى. بىيبىي ساگىس بالىلىرىدىن ئايرىلغان ئاتمىش يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىپ، ئاندىن ئۇنى خۇددى بېلىق قىلتىرىقىنى تۈكۈرگەندەك تۈكۈرۈۋەتكەن كىشى ئۇلارغا ئېرىشكەندى. ئاندىن ئۆز كەلگۈسى بەدىلىگە بىيبىينىڭ ھاياتىنى سېتىۋالغان كىچىك ئوغلى بىيبىي ساگىسقا بەش يىللىق ھۆرلۈك ئاتا قىلدى. بۇنداق بولغاندا، ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى خالىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى بىيبىي ساگىسقا ئايان ئىدى. كېلىنگە ئېرىشىش ۋە بىر نەچچە نەۋرىلىك بولۇش، ئاندىن كېلىنىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغىنىنى كۆرۈش؛ ھۆر نىگىرلار توپىغا قوشۇلۇپ ئۇلارنى سۆيۈش ۋە ئۇلارنىڭ سۆيۈشىگە نائىل بولۇش، تەلىم بېرىش ۋە تەلىم

ئېلىش، قوغداش ۋە قوغدىلىش، بېقىش ۋە بېقىلىش، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۆز جامائىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇلار بىلەن ئارىلىق ساقلاش... ھەي، ھەتتا بېيىبىي ساگىستەك بىر ئايالنىڭمۇ بۇ ئىشلار ئۈچۈن زېھنى خورايتتى.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، قىزچاق، — دېگەنىدى ستەمپ پېيد بېيىبىي ساگىسقا، — ۋەز ئېيتىشتىن ۋاز كەچسىڭىز بولمايدۇ. سىزگە شۇنداق ئىقتىدار ئاتا قىلىنغان، ئۇ سىزنى سۆز قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بېشىڭىزغا قانداق كۈنلەر كېلىشى بىلەن كارىم يوق، ۋەز ئېيتىشتىن ۋاز كەچسىڭىز بولمايدۇ.

ئۇلار رىچموند كوچىسىدا قېلىن يوپۇرماقلارغا دەسسىگەن ھالدا تۇرماقتا. بۇ يەردىكى كەڭتاشا ئۆيلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنىڭ دېرىزىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىراغ نۇرى كېچىنى ئەمەلىيەتتىكىدىنمۇ قاراڭغۇ كۆرسىتەتتى. غازاڭلارنىڭ كۆيگەن پۇرىقى گۇپۇلدەپ دىماققا ئۇرۇلاتتى. ستەمپ پېيد بايا مال يەتكۈزگەندىكى پارچە پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، يولنىڭ ئۇ بېقىدا ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقان قەدىناس ئايال دوستىنى كۆرۈپ قالدى. ستەمپ پېيد نەچچە ھەپتىدىن بېرى ئۇنى ئۈچرىتالمىغانىدى. ئۇ تېزلىك بىلەن يولنى كېسىپ ئۆتتى. يولنىڭ ھەممە يېرى قىزىل رەڭلىك يوپۇرماقلار بىلەن چۈمكەلگەنىدى. ستەمپ پېيد ئايالدىن ئەھۋال سوراپ ئۇنى مېڭىشتىن توختاتتى. ئايال ئېرەنسىز ھالدا ستەمپ پېيدكە قارىدى. ئايالنىڭ يۈزىنى بەئەينى بىر تاۋاقنىڭ ئۆزى دېيىشكە بولاتتى. ئايال ئاياغ بىلەن لىق توشقان خالتا كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئايال ئۇنىڭ ئۆزىدىن گەپ كوچىلىشىنى ياكى ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشىنى كۈتتى. ئەگەر ئايالنىڭ كۆزىدىن ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۇچقۇنداپ تۇرغان بولسا، ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن بولاتتى. بىراق، ئازاب ـ ئوقۇبەت بولۇشقا تېگىشلىك جاينى سوغۇقلۇق قاپلىغانىدى.

— ئۈچ ھەپتىدىن بېرى «ئورماندىكى بوش يەر»گە

بارمىدىڭىز؟ — دېدى ستەمپ پېيد ئايالغا. ئايال بېشىنى بۇراپ، كوچا قاسىنىقىدىكى ئۆيلەرگە نەزەر تاشلىدى.
— كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كەلگەن.
— كىشىلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ.
— ئەكېلىڭ، مەن كۆتۈرۈۋالاي، — ستەمپ پېيد خالتىنى كۆتۈرۈۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئايال خالتىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزمىدى.
— يېقىن ئەتراپتىن ئىش ئالماقچى ئىدىم، ئۇنىڭ ئىسمى تاكىر، — دېدى ئايال.
— ئۇنىڭ ئۆيى ئاۋۇ ياقتا، — دېدى ستەمپ پېيد، — ئىككى تۈپ كاشتان دەرىخى بار ھويلا شۇ، ئۇ دەرەخلەرگە كېسەل تەگكەن.
ئۇلار بىر ئاز بىللە ماڭدى. ستەمپ پېيد ئۇنىڭ ئاقساشلىرىغا ماسلىشىپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى.
— قانداق قىلىسىز؟
— نېمىنى قانداق قىلىمەن؟
— شەنبە كۈنى «چاقىرىق» قىلامسىز؟
— مەن ئۇلارغا «چاقىرىق» قىلسام، ئۇلارغا دېگۈدەك زادى نېمە گەپ بار؟
— ۋەز ئېيتىسىز! — ستەمپ پېيد ئۆزىنىڭ ۋارقىراش ۋاقتىنىڭ بەكلا كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلدى. غازاڭ كۆيدۈرۈۋاتقان ئىككى ئاق تەنلىك بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ستەمپ پېيد بېشىنى ئېگىپ ئايالنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — ۋەز، ۋەز.
— ئۇمۇ ئوخشاشلا مېنىڭدىن بۇلاپ كېتىلگەن نەرسىلەر قاتارىدا، — دېدى ئايال. شۇنداق قىلىپ، ستەمپ پېيد ئايالغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەل قويۇۋەتمەسلىكنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭغا ۋەز ئېيتىش ئىقتىدارى ئاتا قىلىنغانىكەن، ئۇ چوقۇم ۋەز ئېيتىشى كېرەك ئىدى،

ئېيتمىسا قەتئىي بولمايتتى.

ئۇلار ئىككى توپ كاشتان دەرىخىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئاق رەڭلىك ئۆينى تاپتى.

— مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسىز؟ — دېدى ستەمپ پېيد، — بۇنىڭدەك يوغان دەرەختىن ئىككىنى بىر قىلسىمۇ كىچىك بىر توپ كاشتان دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا تەڭ كەلمەيدۇ.

— مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم، — ئايال ئاق رەڭلىك ئۆيدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن جاۋاب بەردى.

— چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئۇ، — چوقۇم شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك. ھېچكىم سىزچىلىك «چاقىرىق» قىلالمايدۇ. سىز چوقۇم شۇ يەرگە بېرىشىڭىز كېرەك.

— مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئېلىش. مەن قەلبىمنى بۇ دۇنيادىكى زېيىنى يوق نەرسىگە قويۇشنى خالايمەن.

— سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز قايسى دۇنيا؟ جاھاندا زىيانسىز ھېچنېمە يوق.

— بار. كۆك رەڭ. ئۇ ھېچ كىشىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ، سېرىق رەڭمۇ شۇ.

— كارىۋاتتا يېتىشىڭىز رەڭنى كۆزىتىش ئۈچۈنمۇ؟

— مەن سېرىق رەڭنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟ كۆك رەڭ بىلەن سېرىق رەڭدىن بەھرە ئېلىپ بولغاندىن كېيىنچۇ؟

— بىرنېمە دېيەلمەيمەن. بۇ ئىشنى پىلانلىغىلى بولمايدۇ.

— بۇنداق قىلىشىڭىز تەڭرىگە دوق قىلغىنىڭىز، — دېدى ستەمپ پېيد، — قىلىۋاتقىنىڭىز مۇشۇنىڭدىنلا ئىبارەت.

— ياق، ستەمپ. ئۇنداق قىلمىدىم.

— ئاق تەنلىكلەر غەلىبە قازىنىدۇ، دېدىڭىزمۇ؟ مەقسىتىڭىز شۇمۇ؟

— ئۇلارنى هويلىمىزغا كىردى دەۋاتىمەن.
— سىز مۇھىم ھېسابلىغۇدەك ھېچ ئىش يوق، دەۋاتىسىز.
— ئۇلارنى هويلىمىزغا كىردى دەۋاتىمەن.
— ئۇنى سېس قىلغان.
— ئەگەر ئۇ قىلمىغان بولسىچۇ؟
— تەڭرىنى خالىمىدى دېمەكچىمۇ سىز؟ بىزنىڭ قان ئېقىتىشىمىزدىن باشقا، بىز ئۇچۇن ھېچ نەرسىنى قالدۇرمىدىمۇ؟
— ئۇلارنى هويلىمىزغا كىردى دەۋاتىمەن.
— سىز خۇدا ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزدىڭىز، شۇنداقمۇ؟
— ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرى ئالدىدا مېنىڭ قىلغىنىم ھېچ گەپ ئەمەس.
— ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، بېيبىي. ئۇنداق قىلىشىڭىز توغرا ئەمەس.
— مەن ئۆتمۈشتە نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتىم.
— هازىرمۇ بىلىسىز.
— مەن پەقەت كۆرگىنىمنى بىلىمەن: بىر نېگىر ئايالنىڭ بىر خالتا ئاياغنى سۆرىۋالغىنىنى بىلىمەن.
— ئاھ، بېيبىي، — ستەمپ پېيد لەۋلىرىنى يالاپ، دېيىش ئۇچۇن سۆز ئىزدىدى. ستەمپ پېيد شۇ سۆزلىرى ئارقىلىق بېيبىي ساگسنى نېمىتىدىن ياندۇرۇپ، غەم ـ ئەندىشىسىدىن خالاس قىلماقچى ئىدى، — بىز مۇستەھكەم تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. نېمىنى ئىزدەۋاتىسىز؟ مۆجىزىنىمۇ؟
— ياق، — دېدى بېيبىي ساگس، — كىرىشىم كېرەك بولغان ئارقا ئىشىكنى (ئەينى چاغدا ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەرنى ئۆينىڭ ئالدى ئىشىكىدىن كىرگۈزمەيتتى) ئىزدەۋاتىمەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئاقسىغان هالدا ئارقا

ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇلار بىبىبىنى ئىشىكتىن كىرگۈزمىدى. بىبىي پەلەمپەيدە تۇردى، ئۇلار ئايىغىنى ئالدى. بىبىي ساگىس يانپىشىنى پەلەمپەينىڭ تۇتقۇچىغا يۆلىگىنىچە ئاق تەنلىك ئايالنىڭ بىر سىنىت ئاچقىپ بېرىشىنى ساقلىدى.

ستەمپ پېيد قارىشىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۆيىگە بىبىي بىلەن بىللە قايتالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىيالمايدىغانلىقى ئۈچۈن غەزەپتىن بوغۇلدى. ستەمپ پېيد بىبىي ساگىسقا تىكىلىپ بىر هازا تۇرغاندىن كېيىن، ياندىكى دېرىزىدىكى سەزگۈر ئاق چىرايغا كۆرۈنمەستىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

ستەمپ پېيد ئەمدىلىكتە 124 ــ نومۇرلۇق ئۆينى ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن ئۇنىڭ قەلبىنى قاتتىق پۇشايمان قاپلىدى. ئۇ يۇقىرى ئاۋازلىق بىر ناخشىغا غىڭشىدى. ستەمپ پېيد ئۆز قەلبىدىكى تاغدەك ئوبرازغا ئىگە ئايالنىڭ يىلىكلىرىدىكى چارچاشنى تەن ئالغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ بىبىي ساگىسنى چۆشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بەكلا كېچىككەن. قىزغىن مۇھەببەتلىك قەلب، ۋەز ئېيتىدىغان ئېغىز دېگەنلەر هېچنېمىگە هېساب بولمىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاق تەنلىكلەر ئۇنىڭ هويلىسىغا كىردى. بىبىي ساگىس سېسىنىڭ ئاجايىپ تاللىشىنى يا ماختاشقا، يا تەنقىدلەشكە ئامالسىز قالدى. بەلكىم مەلۇم بىر ئىشنى تاللاش ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، بىراق، ئۇ ئىككى خىل ئېھتىياجنىڭ قوشلاپ زەربىسى ئاستىدا كارىۋاتتا يېتىۋالدى. ئاق تەنلىكلەر ئاخىر ئۇنى روهىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۇزۇل ــ كېسىل تۈگەشتۈردى.

ستەمپ پېيدمۇ شۇنداق. 1874 ــ يىلى ئاق تەنلىكلەر بۇرۇنقىدەكلا چېكىدىن ئاشقان غالجىرلىق بىلەن دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىدىكى نېگىرلارنى پۈتۈن شەھەر بويىچە يوقاتتى. بىر يىلنىڭ ئىچىدە پەقەت كېنتاكىدىلا يەتمىش ئالتە نېگىرغا ئۆلۈم

جازاسى بېرىلدى، تۆت نېگىر مەكتىپىگە ئوت قويۇۋېتىلدى. چوڭلار كىچىك بالىدەك دۇمبالىنىپ، باللار چوڭلارغا ئوخشاش تاياق يېدى؛ قارا تەنلىك ئاياللارغا نۇۋەت بىلەن باسقۇنچىلىق قىلىندى، مال ـ مۈلۈكلەر بۇلاندى، باشلار تەنلەردىن جۇدا قىلىندى. ستەمپ پېيد ئادەم تېرىسىنىڭ ۋە ئىسسىق قاننىڭ پۇرىقىنى پۇرىدى. ئادەم تېرىسى باشقا مەسىلە، ئادەم قېنىنىڭ ئوت ئىچىدە ئازاب چېكىشى يەنە باشقا مەسىلە ئىدى. سېسىق پۇراق جاھاننى بىر ئالغانىدى. بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى» نىڭ بەتلىرىدە، گۇۋاھچىلارنىڭ ئېغىزلىرىدا تولۇپ يۈرەتتى. قولدا يېزىلغان قىڭغىر ـ سىڭغىر پوچېركىلاردا بۇ ئىشلار خاتىرىلەگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ يىلىكلىرىنى ئاجىزلىتىۋەتكەن ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنى ئۇپراتقىنى ئاشۇ يىپەك لېنتا. شۇ چاغدا ستەمپ پېيد قولۋىقىنى لىكىلىك دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا چىقاردى. قولۋاقنى قىرغاققا مەھكەم باغلاپ قويۇش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتقاندا، قولۋاق ئاستىدىن بىر قىزىل رەڭلىك نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. ستەمپ پېيد ئۇنى قولۋاققا چاپلىشىپ قالغان بىر قىزىل رەڭلىك پەي، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى. ستەمپ پېيد ئۇ نەرسىنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭ قولىغا چىققىنى ھۆل، بۇدۇر چاچلار يېپىشىپ كەتكەن قىزىل رەڭلىك شايى لېنتا بولدى. شايى لېنتىغا يەنە باشنىڭ تېرىسمۇ چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ لېنتا ئۈستىدىكى چاچلارنى چىملىققا تاشلىۋېتىپ، لېنتىنى يانچۇقىغا سالدى. ئۆيگە قايتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلىپ، بېشى قېيىشقا باشلىدى. ستەمپ پېيد قەدىمىنى توختاتتى. نەپىسى سىقىلىش بېسىققاندىلا مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ نەپىسى يېتىشمەي يەنە ھاسىراشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇ بىر چىتلاققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ ھالەتتە بىر ئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى

ئۇ قەدىمى ئاستىدىكى توك تۇتقان پاتقاق يولغا ۋە يىراقتىكى دەريا سۈيىگە قاراپ «بۇلار قانچىلىك كىشىلەر زادى؟ ئاھ تەڭرىم، بۇلار نېمىگە ھېساب» دېدى.

ستەمپ پېيد ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا بەكلا ھېرىپ كەتكەنلىكتىن سىڭلىسى ۋە كۈيئوغلى تەييارلىغان كەچلىك تاماقنى يېيىشكىمۇ ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلى ئۇزاققىچە سوغۇق كارىدوردا ئولتۇردى. ستەمپ پېيد سىڭلىسىنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن چاقىرغان ئاۋازىدىن جىددىيلىشىپ كېتىپ، كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىۋالدى. ئۇ شايى لېنتىنى قويۇپ قويدى. ئادەم تېرىسىنىڭ پۇرىقى ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەن يىلىكى ئۇنىڭغا بېيبىي ساگىسنىڭ «دۇنيادا زېمىنى يوق نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ» دېگەن گېپىنى ئەسلەتتى. ستەمپ پېيد بېيبىي ساگىسنىڭ سېرىق، كۆك ياكى يېشىل رەڭلەرگىلا ئېتىبار بېرىپ، قىزىل رەڭگە قاراپ قالماسلىقىنى ئۇمىد قىلاتتى.

ستەمپ پېيد بېيبىي ساگىسنى خاتا چۈشەنگەن، ئۇنى ئەيىبلىگەن، ئۇنى شىكايەت قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بېيبىي ساگىسقا ئۆزىنىڭ ھەممىنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى، بېيبىي ساگىس ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى ئارزۇ قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ يىلىكلىرىگە ھاردۇق يېتىشىگە قارىماستىن، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تەرەددۇت قىلدى. بۇ قېتىم گەرچە ئۇ پەقەت بىرلا سۆزنى ئاڭقىرالىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ سۆزنى كىمنىڭ دېگەنلىكىنى بىلدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. بوينى ئۈزۈلگەن كىشىلەر، قىپقىزىل قانلىرى قايناۋاتقان كىشىلەر، يىپەك لېنتىسىنى يوقىتىپ قويغان قارا تەنلىك قىزلار...

قانداق بىر نەرە تارتىش ـ ھە !

سىپس كۆلۈمسىرىگىنىچە ئۆيىقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىق بىلەن چىقارغان قارارىغا پاكىت كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جان قوزام پەيدا بولغان كۈنى ۋە «ئورماندىكى بوش يەر»دىكى ئاشۇ سۆيۈلۈشنى مەززە قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپلا يېتىۋالغانىدى. كۆتۈلمىگەندە ئۇ ئۇخلاپ قالدى. سىپس ئەتىسى ئاغزىدىن چىققان ھورنى كۆرگىلى بولىدىغان سوغۇق سەھەردىمۇ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ئويغاندى. ئۇ بىردەم ئېغىناپ يېتىۋەتكىنىدىن كېيىن جاسارىتىنى يىغىپ، ئۈستىدىكى ئەدىيالنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ مۇزدەك پولغا دەسسىدى. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئىشقا كېچىكىش ئالدىدا تۇراتتى.

سىپس ئىشقا مېڭىش ئۈچۈن ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشكەندە دەنۇېر بىلەن جان قوزام ئاخشام ئۇخلاپ قالغان جايدا بىر ـ بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىپ، ئەدىيالغا مەھكەم يۆگەنگىنىچە ياستۇققا يۈزىنى پاتۇرۇپ ئۇخلاپ ياتاتتى. بىر جۈپ كانكى ئايىغى ئالدى ئىشىك يېنىدا تۇراتتى. مەشىنىڭ كەينىدىكى مىخقا ئىلىپ قويۇلغان بىرنەچچە جۈپ پايپاق تېخىچە قۇرۇپ بولالمىغانىدى.

سىپس جان قوزامنىڭ چىرايىغا قاراپ كۆلۈمسىرىدى.

سىپس تىۋىش چىقارماستىن، بەكمۇ ئېھتىيات بىلەن جان قوزامدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ مەشكە ئوت قالىدى. ئاۋۋال بىر ۋاراق قەغەزگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئاندىن قەغەزدىكى ئوتنى بىرنەچچە تال تەمەچكە تۇتاشتۇردى. تەمەچكە ئوت تۇتىشىپ چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىغاندىلا ئوتۇنلارنى لىقلاپ سالدى. سىپس مەش بىلەن ھەپىلەشمەكتە، مەشتىكى ئوت بارغانچە جانلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ئۇ ئوتۇن ئەكىرىش ئۈچۈن كەينىگە ماڭغاندا، ئۇ يەردىكى توڭلاپ قالغان ئەرەنچە ئاياغ ئىزلىرىغا دىققەت قىلمىدى. ئۇ غاچ ـ غۇچ دەسسىگىنىچە ئۆينىڭ كەينىگە

ئايلىنىپ ئۆتتى. ئوتۇنلار قېلىن قار بىلەن چۈمكىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوتۇنلار ئۈستىدىكى قارلارنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قۇچىقىغا قۇرۇق ئوتۇندىن بولۇشىغا ئالدى. سېس ھەتتا كەپىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «قىزىم مېنىڭ قىلغىنىمدىن ھەرگىز ئاغرىنمايدۇ. ئازراقمۇ رەنجىمەيدۇ» دەپ ئويلىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئەينى چاغدا يول ئۈستىدە قول تۇتۇشقان سايىلەر پاۋۇل . D مۇ ئەمەس، دەنۋېر بىلەن ئۆزىمۇ ئەمەس، بەلكى «ئۇلار ئۈچى» — ئالدىنقى كۈنى كەچتە قوللىرىنى تۇتۇشۇپ مۇز تېيىلغان ئۈچى ئىدى، تەملىك كالا سۈتىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشكەن ئۈچى ئىدى. شۇنداق بولغانىكەن، ئەگەر سېسنىڭ قىزى ۋاقتى يوق جايدىن ئۆيگە قايتىپ كېلەلىسە، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلالايتتى، ئۆزلىرى بارغان ھەرقانداق بىر جايدىن قايتىپ كېلەلەيتتى.

سېس تىلى بىلەن چىشلىرىنى توسۇپ سوغۇقتىن دالدىلاندى. ئۇ قۇچىقىدا ئوتۇن، بەللىرى مۈكچەيگەن ھالدا ئۆينى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كارىدورغا كىردى. ئۇ سىرتتىكى توڭلاپ قالغان قەدەم ئىزلىرىنى دەسسەپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا قىلچە دىققەت قىلمىدى.

قىزلار تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. بىراق، سېس سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ئۇلار ئورۇنلىرىنى يۆتكەپ مەشنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىۋالغانىدى. قىزلار بىر قۇچاق ئوتۇننى ياغاچ ساندۇققا تۆككەن ئاۋازدىن ئۆرۈلۈپ قويغان بولسىمۇ، ئويغانمىدى. سېس ئامال بار تىۋىش چىقارماسلىققا تىرىشىپ، مەشكە ئوتۇن لىقلىدى. تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقاندىمۇ ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنى ئويغىتىۋەتمەسلىككە تىرىشتى. سېس تاماق ئېتىۋاتقاندا قىزلارنىڭ ئۆز يېنىدا ئۇخلىشىنى ياخشى كۆرەتتى. ھەممىدىن چاتاق يېرى، ئۇ ئىشقا كېچىكىدىغان بولدى. بەك چاتاق بولدى. ئون ئالتە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئىشقا

كېچىكىدىغان بولدى. بەكمۇ چاتاق بولدى.
ئۇ تۇنۇگۇن كەچتە ئېشىپ قالغان قوناق هور نېنىنىڭ ئارىسىغا ئىككى تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ، ئازراق چوشقا گۆشى بىلەن بىللە دۇملىدى. بۇ چاغدا دەنۋېر ئويغىنىپ، ئاھ ـ ئۇھ دەپ كېرىلدى.
— دۇمبىلىرىڭىز ئۇيۇشۇپ كەتكەندۇ؟
— ھەئە.
— ئەمەلىيەتتە، پولدا ئۇخلىسىڭىز پايدىلىق.
— دۇمبەم بەك ئاغرىپ كەتتى.
— تۇنۇگۇن مۇزغا يىقىلغاچقا ئاغرىۋاتقان گەپ.
— بەك كۆڭۈللۈك بولىدىكەن، — دېدى دەنۋېر كۈلگىنىچە، ئاندىن يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان جان قوزامىغا قارىدى، — ئۇنى ئويغىتايمۇ؟
— ياق، ئۇخلاۋەرسۇن.
— ئۇ ئەتىگىنى ئىشىكتىن چىققىنىڭىزنى كۆرۈشكە ئامراق.
— مەن چوقۇم ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى سېس. ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى: «باشتا ياخشى ئويلىناي، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلگىنىمنى ئېيتاي. ئاۋۋال ئەسلەش زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئاشۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلىناي، بېبىي ساگسنىڭ دېگىنىدەك قىلاي. باشتا ياخشى ئويلىنىپ، ئاندىن ھەممىنى تاشلاي. پاۋۇل D سىرتتا باشقا بىر دۇنيانىڭ بارلىقىغا، شۇ يەردە ياشىيالايدىغانلىقىمغا مېنى ئىشەندۈرگەن. ئەسلىدە بۇنى چۈشىنىشىم كېرەك ئىدى. ئىلگىرى ياخشى چۈشىنەتتىم. ئىشىكىمنىڭ سىرتىدا نېمە ئىشلار يۈز بەرسۇن، ھەممىسى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز. دۇنيانىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆينىڭ ئىچىدە. بۇ يەردە ھەممە نەرسە بار، ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەسمەن.»

ئۇلار پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ئەرلەردەك يەپ ـ ئىچەتتى،

ئاچ قالغان چىلبۆرىلەردەك يالماپ ـ يۇتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە يەنە بىر مېھمان ھەمراھ بولغانلىقى، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەنلىكى ئۈچۈن خۇشاللىناتتى، ناھايىتى ئاز گەپ قىلىشاتتى.

سېس باش ـ كۆزىنى ئوراپ، قېلىن كىيىنىپ شەھەرگە كىرگەندە چۈشتىن بۇرۇنقى ھايات ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيىدىن ئايرىلغاندا ئۆيى ئالدىدىكى توڭلاپ قالغان قەدەم ئىزلىرىنى بايقىمىغان، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن چىقىۋاتقان خىرقىراق ئاۋازنى ئاڭلىمىغانىدى.

تېخى بايىلا چۈشكەن ھارۋا چاقىنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭغان سېس ئويلاشقا تېگىشلىك بولمىغان ئاشۇ ئىشنى ئويلاپ قېلىپ، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

مەن ھېچنېمىنى ئەسلىمەسلىكىم كېرەك، ھەتتا چۈشەندۈرۈپمۇ يۈرمەيمەن. قىزىم ھەممىنى چۈشىنىدۇ. بېيىبىي ساگىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ قانداق كېرەكتىن چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ ئازراقمۇ ئىزنا قالدۇرماستىن ھاياتىدا قانچىلىك ئېزىلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكىنىم ياخشى. ئۇنىڭ ماڭا تاماق ئاپىرىپ بەرگەن چاغدىكى كۆز ئىپادىسىنى، ماڭا خوۋارد بىلەن بۇگلارنىڭ ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىشكە ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى، ئوينىغاندىمۇ، ئۇخلىغاندىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتسەم بولىدۇ. ئۇ يېمەكلىكلەرنى سېۋەتتىن ئېلىپ، بىر پارچە لاتىغا ئوراپ تۆمۈر رېشاتكىدىن ماڭا ئۇزاتقاچ: «بودۇن ئەپەندى سوتچى بىلەن كۆرۈشكىلى كەتتى، ئۇ ھازىر سوتچىنىڭ ئىشخانىسىدا» دېدى، خۇددى بۇ گەپلەرنى ئۇ ياكى مەن چۈشىنىدىغاندەك. ئوخشىمىغان ئىشتاتى دېلاۋېير ناھىيەلىك نېگىر ئايالىلار بىرلەشمىسى ماڭا بېرىلگەن دارغا ئېسىش جازاسىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرۇلۇق يۇقىرىغا بىر پارچە ئىلتىماس يازغانىكەن. ئىككى ئاق تەنلىك پوپ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەن

بىلەن پاراڭلىشىشقا قوشۇلۇپتۇ، يەنە تېخى مەن ئۇچۇن ئىلتىجا قىلماقچى بوپتۇ. ئاڭلىشىمچە، بىر ئايال مۇخبىرمۇ كەپتۇ. ئۇ بۇ خەۋەرلەرنى ماڭا ئوقۇتۇرغاندا، ئۆزۈم ياتقان كامېردىكى چاشقانلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ئادەمگە موھتاج ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇنىڭ دەنۇۋېرنى ئاچچىقىپ كەتكۈسى بار ئىكەن. مەن قوشۇلمىدىم. ئۇ جىددىيلىشىپ قوللىرىنى شاپىلاقلاپ كەتتى. «ھالقىڭىز قېنى، سىزگە ساقلاپ بېرەي» دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭغا تۇرمىدىكى گۇندىپاينىڭ مېنى قوغداش يۈزىسىدىن ھالقامنى ئاچچىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. بېيىپى ساگىس ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى: «مۇئەللىم، شەھەردىن چىقىپ، بىر پارچە ئىلتىماسنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئېتىنى مىنگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇلار سىزنى دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىشىڭىز ئۈچۈن ئەمەس، مېيىتنى يەرلىككە قويۇۋېتىشىڭىز ئۈچۈن قويۇۋەتمەكچى.» ئۇلار شۇنداق قىلدى. ساقچى ئەمەلدارى مەن بىللە بىللە ماڭدى. ھارۋىدا دەنۇۋېرنى ئېمىتىدىغان چاغدا ئۇ مەندىن يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ھېچكىم خوۋارد بىلەن بۇگلار ئىككىسىگە يېقىن كېلىشىمگە يول قويمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىشىمغىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. مەن بۇ يەردە نۇرغۇن ئادەم بار، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق مېنىڭ كۆرگىنىم پەقەتلا مېيىتساندۇقى بولدى. پوپ پايكىنىڭ سۆز قىلغاندىكى ئاۋازى خېلىلا يۇقىرى بولسىمۇ، مەن پەقەت ئۇنىڭ «سۆيۈملۈك جان قوزام...» دەپ باشلىغان سۆزىدىن باشقىسىنى ئاڭلىمىدىم. ئۈچ ئايدىن كېيىن دەنۇۋېر يېمەكلىكلەرنى چاينىيالمىغۇدەك بولدى، ئۇلارمۇ مېنى ئۇزۇل - كېسىل قويۇۋەتتى. مەن سىز ئۈچۈن بىر قەبرە تېشى ياساتماقچى بولدۇم. بىراق، قەبرە تېشىنى ياسىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇلۇم يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمدە بار بولغان نەرسىگە قەبرە تېشىنى تېگىشتىم (سىزمۇ ئۇنى سودا دەپ ئويلىشىڭىز ئېنىق). مەن ھازىرغىچە ئۇنىڭغا خەتنىڭ ھەممىسىنى ئويۇۋېتىشى

توغرۇلۇق يالغۇزلۇق ھېس قىلمىغىنىمدىن پۇشايمەن قىلىمەن. مەن پايىك پوپېنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم. قەدىرلىك جان قوزام، ماڭا نىسبەتەن ئۇ دەل سىز ئىدىڭىز. ھازىر مەن پەقەت بىرلا سۆز ئويىدۇرالىغانلىقىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلىمەن، شۇنداقلا قۇشخانىدا ۋە قۇشخانىنىڭ ھويلىسىدا ئىش قىلىدىغان «شەنبىلىك ئايال» نى ئەسلىشىم بىھاجەت. مەن قىلغان ئاشۇ ئىشنىڭ بىبىي ساگىسىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتكىنىنى ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك. ئەمدىلىكتە «ئورماندىكى بوش يەر»مۇ يوق، دوستلىرىممۇ يوق. مەن پەقەت يۈيىدىغان كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغلارغا موھتاج. ھازىر مەن بۇ ئىشلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتسەم بولىدۇ. چۈنكى، قەبرە تېشىنى ئەمدىلا ئورنىتىپ تۇرۇشۇمغا، سىز ئۆيىمىزدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىڭىزدىن بىزنى خەۋەردار قىلىپ، بىزنىڭ جىمجىتلىقىمىزنى بۇزغانىدىڭىز. ئۇ چاغدا مەن چۈشەنمىگەنىكەنمەن. مەن سىزنى مەندىن خاپا دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ھازىر بىلدىم. سىز ئىلگىرى ئاچچىقلىنىپ باققان بولسىڭىزمۇ، ھازىر ئۇنداق قىلمىدىڭىز، ئەمدى مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلدىڭىز. دېمەك، مەن باشتىن ـ ئاخىر خاتالاشمىدىم. ئىككىمىزنىڭ سىرتىدا باشقا دۇنيا يوق. مېنىڭ پەقەت بىر ئىشنى بىلگۈم بار — جاراھەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلگۈم بار.

سېس ئىشقا كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئون ئالتە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئىشقا كېچىكىشى ئىدى. ئۇ ئىشقا كېتىۋاتقان مۇشۇ چاغدا ستەمپ پېيد ھارغىنلىق ۋە ئۆمۈرلۈك ياشاش ئادىتى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتاتتى. بىبىي ساگىس نېگىرلارنى غەلىبىگە ئېرىشتى دەپ ئويلىغانلىقتىن، «ئورماندىكى بوش يەر»گە بارمىدى. ستەمپ پېيد بۇ خىل ئاتالمىش غەلىبىنى ئىنكار قىلغانىدى. بىبىي ساگىسنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا ئىشىكى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ستەمپ پېيد سوغۇققا چىداشلىق بېرىپ، ئاۋاز تېمىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ

بىردىنبىر ئىشىكنى چەكتى. ئۇ يانچۇقىدىكى يىپەك لېنتىنى سىقىمدىدى، ئاۋۋال بوش، كېيىن چىڭ سىقىمدىدى. ئاخىرىدا غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئىشىكنى گومۇلدىتىپ ئەسەبىيلەرچە مۇشتىلىدى. قارا تەنلىكلەرنىڭ تۇرالغۇسى بولغان بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى تېخىچە ئۇنىڭغا ئېچىلمىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ يىغلاپ تاشلاشنى ئويلىدى. ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدە ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى، لېكىن بىرەرسىمۇ ئىشىكنى ئاچمىدى. ستەمپ پېيد بوۋاي قولىدىكى يىپەك لېنتىنى مىجىۋېرىپ يوق قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، كەينىگە بۇرىلىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدا ئۆزى ئۇچرىغان بۇ خورلۇق ۋە بىئاراملىققا نىسبەتەن بىر خىل قىزىقىش پەيدا بولدى. ئۇ دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە قاراپ ئىككى سايىنىڭ يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردى. سايىلەردىن بىرسىنىڭ بېشى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى، يەنە بىر سايە ئۇنى بىئارام قىلدى. ئۇ بۇ سايىنى تونۇمايتتى. 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيىنى زىيارەت قىلىدىغان ھېچكىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ستەمپ پېيد بۇ سايىنىڭ كىملىكىنى ئويلاپ يېتەلمىدى.

ستەمپ پېيد بىسەرەمجان ھالدا ناشتا قىلىپ بولۇپ، جون بىلەن ئېللانىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بەلكىم ئۆز چۈشەنمەسلىكلىرىنى ھەل قىلالىشى مۇمكىن ئىدى. ستەمپ پېيد بىر ئۆمۈر چېچەن ۋە چەبدەسلىك بىلەن ياشىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمى خاتا قويۇلغانىدى (ستەمپ پېيد دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى «قەرزى تۆلەندى» دېگەنلىك بولاتتى). ھالبۇكى، ئۇ بىر مۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ خوتۇنىنى غوجايىنىنىڭ ئوغلىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەندە، بورن جوشۇئا دېگەن ئىسمى ستەمپ پېيدقا ئۆزگەرتىلدى. ئۇ خوتۇنىنى شۇ يەرگە ئەۋەتىش ئارقىلىقلا بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ساقلىنالايتتى. چۈنكى، خوتۇنى ئۇنىڭغا ھايات قېلىشنى

تاپىلمىغانىدى. ئەگەر ستەمپ پېيد ئۆلۈۋالسا ياكى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسا، ھېلىقى ئەبلەخ ئۇنىڭ خوتۇنىدىن كۆڭلىنى ئېچىپ بولۇپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارسا، خوتۇنىغا كىم قارايدۇ؟ خوتۇنىنى بىراۋغا سوۋغا قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ھېچكىمدە ھېچقانداق قەرزى قالمىغانلىقىغا جەزم قىلدى. ئۇ شۇ چاغدا ھېچقانداق قەرزى قالمىغانلىقتىن، ئاخىرىدا خالىغان ئىشنى قىلىدىغان، ھەتتا ھاراقكەش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، راستلا شۇنداق بولدى. بىراق، ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. بېرىلىپ ئىشلەش، خۇشياقماسلىق بىلەن ئىشلەش؛ ئاز ـ تولا ئىشلەپ قويۇش، قىلچە ئىشلىمەسلىك؛ يولىدا سۆزلەش، يولىدا سۆزلىمەسلىك؛ ئۇخلاش، ئويغىنىش؛ مەلۇم ئادەمنى ياخشى كۆرۈش، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەسلىك ــــ قارىماققا بۇلار تۇرمۇشقا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق ھايات كەچۈرۈشتىن ئۇ ئۆزىمۇ رازى ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئۇ نامرات كىشىلەرنىڭ قەرزدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، پۈتكۈل قەرزدىن خالاس بولىدىغان بۇ خىل ئۇسۇلنى باشقىلارغا ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۇ قاچقۇن نېگىرلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىغا ھەق ئالمىدى، ئۇلارنىڭ ھېساباتىنى ئۆزلىرىگە تۇتقۇزدى، «قەرزدىن قۇتۇلدىڭىز، تۇرمۇش سىلەرگە قەرز.» ئەمما، تالونچۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئەزەلدىن چەكمەيدىغان، ھەرقاچان ئۇنى قارشى ئالىدىغان ئىشىك ئېللا بىلەن جوننىڭ ئىشىكى ئىدى. ئۇ ئېللا بىلەن جوننىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ «ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟» دەپ بىرلا قېتىم چاقىرىشىغا، ئېللا مىلەڭزىنى ئاچتى.

ــــ بۇ كۈنلەردە بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىزمۇ قانداق؟ مەن جونغا ئەگەر ستەمپ پېيدمۇ ئۆيگە سولىنىۋالىدىغان بولسا، بۇ ھاۋانىڭ تولىمۇ سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دېدىم.

ــــ ھە، مەن سىرتلاردا بولۇپ قالدىم، ــــ ستەمپ پېيد

شىلەپىسىنى ئېلىپ، بېشىنى قاشلاپ قويدى.
— نەنىڭ سىرتلىرىدا، بۇ ياقلاردا ئەمەسمۇ؟ — ئېللا ئىچ كىيىمىنى مەشىنىڭ كەينىدىكى تانىغا يايدى.
— بۈگۈن ئەتىگەن بېيبىي ساگىسىنىڭ ئۆيىگە باردىم.
— ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىسىز، بىرەرسى سىزنى تەكلىپ قىلغانمىدى؟
— ئۇلار بېيبىينىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى. ئۇلارنى يوقلاش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنىشىم بىهاجەت.
— هى، — ئېللا جىممىدى. ئۇ بېيبىي ساگىسىنىڭ دوستى ئىدى. هېلىقى ۋەهشىيلىكتىن ئىلگىرى سېپسىنىڭمۇ دوستى ئىدى. ئۇ كارنىۋال بايرىمىدا سېپسقا بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن باشقا، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىپ باقمىدى.
— ئۇ يەردە يېڭى پەيدا بولغان بىر قىز بار. سىز ئۇبدان ئويلانسىڭىز، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەلەيسىز.
— بۇ شەهەرگە يېڭى كەلگەن نېگىرلاردىن مەن تونۇمايدىغىنى يوق، — دېدى ئېللا، — ئۇنىڭ تەق - تۇرقى قانداقراقكەن؟ سىز ئۇنىڭ دەنۋېر ئەمەسلىكىگە جەزم قىلالامسىز؟
— مەن دەنۋېرنى تونۇيمەن. ئۇ بەك ئورۇق.
— دەۋېردىن باشقا قىزنى كۆرگەنلىكىڭىزگە جەزم قىلالامسىز؟
— مەن ئۆزۈمنىڭ كىمنى كۆرگەنلىكىنى بىلىمەن.
— 124 - نومۇرلۇق ئۆيدە هەرقانداق نەرسىنى كۆرگىلى بولۇشى مۇمكىن.
— بەرهەق.
— ئەڭ ياخشىسى پاۋۇل . D دىن سوراپ باققان تۈزۈك، — دېدى ئېللا.
— ئۇنى تاپقىلى بولمايدۇ، — دېدى ستەمپ پېيد، ئۇنىڭ

پاۋۇل . D نى ئىزدىگۇدەك مادارى بولمىسىمۇ، ئېيىتقىنى توغرا ئىدى. ستەمپ پېيد ئۆزىنىڭ مەخپىي خەۋەرلىرى سەۋەبلىك هاياتى ئۆزگىرىپ كەتكەن پاۋۇل. D غا يۇزلىنىشكە تەييارلىق قىلىپ بولالمىغانىدى.

— ئۇ چېركاۋدا ئۇخلايدۇ، — دېدى ئېللا.

— چېركاۋ ! — ستەمپ پېيد قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، يۇرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

— شۇنداق، ئۇ پايك پوپتىن چېركاۋنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ئۇ يەر بەك سوغۇق تۇرسا !

— مېنىڭچە، شۇنداقلىقىنى ئۇ بىلىدۇ.

— ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟

— ئۇ سەل هاكاۋۇر. قارىماققا شۇنداق كۆرۈنىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس ! هەرقانداق ئائىلە ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئېللا بۇرىلىپ ستەمپ پېيدقا قارىدى.

— هېچكىم بىراۋنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ هەممىسى باشقىلاردىن سوراش بولدى.

— نېمىشقا؟ ئۇ نېمىشقا سورايدۇ؟ هېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنالماپتىغۇ؟ شەهەرگە كىرگەن بىر نېگىرنىڭ لالما ئىتتەك يەر ئاستى ئۆيىدە ئۇخلىشى قاچاندىن باشلانغان؟

— ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ستەمپ.

— ياق. ئۆزىنىڭ خىرىستىيان مۇرىتى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتەلەيدىغان، ئەقلى - هوشى جايىدا بىرسى ئوتتۇرىغا چىقمىغۇچە، هەرگىزمۇ ئاچچىقىمنى بېسىۋالالمايمەن.

— ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا تېخى نەچچە كۈنلا بولدى.

— ئۇ ئۇ يەردە بىر كۈنمۇ تۇرماسلىقى كېرەك. سىز هەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا نېمىشقا ياردەم قىلمىدىڭىز؟ بۇ سىز دەيدىغان گەپ ئەمەس، ئېللا. ئىككىمىز بىرلىكتە قارا

تەنلىكلەرنى سۇ ئاستىدىن تارتىپ چىقارغىنىمىزغا يىگىرمە نەچچە يىل بولدى. ئەمدىلىكتە سىز بىر قارا تەنلىك ئەرگە، ئۆزىنىڭ جىنىنى ئۆزى قامدىيالمايدىغان ئەرگە بىر كارىۋاتنىمۇ بەرمەسلىك كېرەك دەۋاتىسىز.

— ئەگەر ئۇ ئىغىز ئاچسىلا، نېمە دېسە بېرىمەن.

— ئۇ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تونۇشمايمەن.

— سىز ئۇنىڭ قارا تەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلىسىز!

— ستەمپ پېيد ! قاق سەھەردە مېنى چېچىلدۇرماڭ. مەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن.

— ئاشۇ ئايال ئۇچۇن، شۇنداقمۇ؟

— قايسى ئايال؟

— سېسچۇ. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئارىلاشقان، سېسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان، لېكىن سىز خالىمايسىز...

— بولدى قىلىڭ. ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەي تۇرۇپ سۆزلىمەڭ.

— خانىم، بولدى قىلىڭ. بىز ئۇزاق يىللىق دوستلارمىز. ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ.

— ئۇنداقتا ياخشى، ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى كىم بىلىدۇ؟ ئاڭلاپ تۇرۇڭ. مەن سېسنى تونۇمايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ تونۇمايمەن.

— نېمە؟

— مەن پەقەت ئۇنىڭ بېيبي ساگسىنىڭ ئوغلىغا تەگكەنلىكىنىلا بىلىمەن. يەنە دېسەم، ئۆزۈمنىڭ بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىمغا جەزم قىلالمايمەن. ئۇ قەيەردە، ھە؟ جون سېسنى مەن ئالدىغا تېڭىپ قويغان بالىسى بىلەن قوشۇپ سېسنىڭ ئىشكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇشتىن ئىلگىرى بېيبي ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغان.

— ئۇنىڭ بالىسىنى مەن تېگىپ قويغان. سىز ھارۋىدا ئولتۇرغان، شۇڭا ئۇنىڭغا يىراق ئىدىڭىز. سىز ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىگىنىڭىز بىلەن، بالىلىرى ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ سېسنى ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئەمەس، دېگىنىم يوق. لېكىن، ئۇلارنىڭ بېيىبىي ساگىسىنىڭ نەۋرىلىرى ئىكەنلىكىگە كىممۇ ھۆددە قىلالايدۇ؟ سېس نېمىشقا قېچىپ قۇتۇلدى. نېمىشقا ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئىز - دېرىكى يوق؟ ماڭا جاۋاب بېرىڭ! ئۇ بالىسىنى دەرەخلىكتە قانداق قىلىپ يالغۇز تۇرغۇزالىدى؟ بىر ئاق تەنلىك قىز ئورماندا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا ياردەم بەردى، دېگەن قانداق گەپ. ھېم، سىز شۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈردىڭىزمۇ؟ ئاق تەنلىك ئايال؟ ھېم، بۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان گەپلىكىنى بىلمەمدىم؟

— ئۇف. ئۇنداق ئەمەس، ئېللا.

— ئورماندا مېڭىپ يۈرگەن ھەرقانداق ئاق نەرسىنى كۆرسەم، ئۇنىڭ قولىدا قورال بولمىسىلا، مەن ئۇلارغا يېقىنلاشمايمەن.

— سىلەر ئىككىڭلار دوست.

— شۇنداق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ بىلەن دوست ئىدىم.

— ئېللا!

— مېنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ھەرىدەيدىغان ئۇنداق دوستۇم يوق.

— سىز سۇغا بەك چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىپسىز، خانىم.

— بولدى، بولدى. مەن قۇرغاق جايدا تۇرۇۋاتمەن، يەنە داۋاملىق تۇرىمەن. سىز نەملىشىپ قاپسىز.

— دېگەنلىرىڭىزنىڭ پاۋۇل . D بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

— ئۇ نېمىشقا كەتتى؟ دەپ بېقىڭە.

— ئۇنى مەن كەتكۈزۈۋەتكەن.
— سىز؟
— مەن ئۇنىڭغا گېزىتتىكى خەۋەرنى كۆرسەتكەن. سىبىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن. پاۋۇل . D شۇ كۈنىلا كېتىپ قالدى.
— سىز بۇ ئىشنى ماڭا دېمىگەن. مەن بۇ ئىشنى پاۋۇل . D بىلىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.
— ئۇ ھېچنېمىسنى بىلمەيتتى، پەقەت سىبىنىلا بىلەتتى. ئۇلار ئىلگىرى بىيىبىي ساگىس تۇرغان يەردىكى چاغدىلا بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشاتتىكەن.
— پاۋۇل . D بىيىبىي ساگىسنى تونۇيتتىمىكەن؟
— ئەلۋەتتە، خاللىنىمۇ تونۇيتتىكەن.
— ئۇ زادى سىبىنىڭ قايسى ئىشى سەۋەبلىك كېتىپ قالدى؟
— ئۇنىڭغا تۇرىدىغان باشقا جاي چىقىپ قالغان بولسا كېرەك.
— گېپىڭىزگە قارىغاندا، بۇ ئىشنىڭ باشقا سەۋەبلىرى بار ئىكەن

ستەمپ پېيد ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلەتتى.
— سىز بۇ يەرگە پاۋۇل . D نىڭ دېرىكىنى قىلغىلى ئەمەس، يېڭى كەلگەن قىزچاق ئۈچۈن كەپسىز ـ دە؟
— شۇنداق.
— ئۇنداقتا، پاۋۇل . D ئۇنىڭ كىملىكىنى ياكى نېمىلىكىنى بىلىدۇ.
— پۈتۈن ئەس ـ يادىڭىز جىن ـ ئەرۋاھ بىلەن قاپتۇ. قاياقىلا قارىسىڭىز جىنلاردىن بىرسىنى ئۇچرىتىسىز.
— سىزگىمۇ ئايان. ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكەنلەر گۆرىدە جىم ياتمايدۇ.

ئېللا ستەمپ پېيدنىڭ دېگەنلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالدى. شۇنداق قىلىپ، ستەمپ پېيد ئېللانىڭ

پىشلىقىدىن بىرنى يېيىش ئارقىلىق، ئېللادىن خاپا بولمىغىنىنى ئىپادىلىدى، ئاندىن ئىشىكتىن چىقىپ پاۋۇل . D نى ئىزدەش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇ پاۋۇل . D نى چېركاۋنىڭ پەلەمپىيىدىن تاپتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، ئىككى قولىنى تىزلىرى ئارىسىغا تىقىپ ئولتۇراتتى.

سېس ئاشخانىغا كىرگەندە سەۋىيىر ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتى. سېس پەرۋا قىلماستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، پەشتاما تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھازىر كىرىش ئېغىزى يوق ئىدى. تامدا يېرىقمۇ، دەزمۇ يوق ئىدى. سېسنى يەنە خىيال بېسىۋالدى. ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر ئىدى. ئۇلار خالىلىنىڭ يۈزىگە قايماق سۈركەپ، پاۋۇل . D نىڭ ئاغزىغا ئېغىزدۇرۇق سېپتۇ، سېكسونى كاۋاپ قىپتۇ، ئانىسىنى دارغا ئېسىپتۇ. سېس ئاق تەنلىكلەرگە ئائىت ھەرقانداق خەۋەرنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. ئېللا، جون ياكى ستەمپ پېيدلار بىلىدىغان ئىشلارنى بىلىشنى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ خاھىشى ئۈچۈن بېزەلگەن دۇنيانى چۈشىنىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاق تەنلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارچە خەۋەرلەر ئۇنىڭ چېچى ئارىسىدىكى قۇش بالىسىدەك جىمىقىشى كېرەك ئىدى.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۇ ئاجىز ھەم ساددا ئىدى. گارنېر خانىمغا ۋە ئۇنىڭ ئېرىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئۆزىگە سوۋغا قىلىنغان ھالقىنى تاقىماستىن، خاتىرە سۈپىتىدە يوپكىسىنىڭ ئىچىگە تۈگۈپ ساقلاپ يۈردى. ھالقا ئۇنى ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغانلى- قىغا ئىشەندۈرەتتى. «مۇئەللىم» بارلا يەردە ئەيىمىمۇ بولاتتى؛ ئوقۇغۇچى بارلا يەردە گارنېر ياكى بودۋېن بار بولاتتى. ھەتتا ساقچى باشلىقى سېسنىڭ جەينىكىنى سىپايىلىك بىلەن تۇتاتتى. سېس بالىسىنى ئېمىتىدىغان چاغدا يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىۋالات- تى. سېس ئاستا - ئاستا بېيبىي ساگسىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆ- زىگە ئىشىنىشكە باشلىدى. سېس ئاق تەنلىكلەرگە، بەخت - تە-

لەيگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئۇچۇرنى يەرلىكنىگە قويۇۋەتكەندى. پاۋۇل . D شۇ ئۇچۇلارنى قېزىپ چىقىرىپ، سېسىنىڭ جىسمىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ يېرىلىپ كەتكەن دۈمبىسىنى سۆيۈپ، خاتىرىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، يەنە تېخى كۆپلىگەن يېڭى خەۋەرلەرنى ئەكەلدى: قۇرت توغرىسىدىكى، ئېغىزدۇرۇق توغرىسىدىكى، خورازنىڭ كۇلۇمسىرىشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئەكەلدى. بىراق، ئۇ سېس توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، سېسىنىڭ پۇتلىرىنى ساناپ بېقىپ، ئاخىرىدا ئىز-دېرەكسىز يوقالدى.

— ماڭا گەپ قىلماڭ، سەۋېر ئەپەندى.

— نېمە؟ نېمە؟ ماڭا گەپياندۇرۇۋاتامسىز؟

— ماڭا گەپ قىلماڭ دەۋاتىمەن.

— سەھەردىلا خۇرۇچلارنى تەييار قىلىۋېتىڭ.

سېس مېۋىلەرنى سىلاپ قويۇپ، مېۋە ئاقلاش پىچىقىنى قولىغا ئالدى.

مېۋە شەربىتى كاۋاپدانغا تېمىپ پىژىلداشقا باشلىغاندا، سېس بەرەڭگە سالاتى تەييارلاۋاتقانىدى. سەۋېر سېسىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— بەك تاتلىق قىلىۋەتمەڭ. سىز دائىم تاتلىق قىلىۋېتىدىكەنسىز. ئۇنداق قىلسىڭىز خېرىدارلار يېمەيدۇ.

— مەن ئەزەلدىن شۇنداق قىلىمەن.

— ئۇنداق قىلسىڭىز بەك تاتلىق بولۇپ كېتىدىكەن.

كولباسالار ئازراقمۇ ئېشىپ قالمايدۇ. ئاشپەز ئۇستامنىڭ قولى ناھايىتى تەملىك، شۇڭلاشقا سەۋېر ئاشپۇزۇلنىڭ كولباسالىرى ھەرگىزمۇ ئېشىپ قالمايدۇ. سېس كولباسا يېمەكچى بولسا، چوقۇم كولباسا پىشقان ھامان ئازراق ئايرىۋېلىشى كېرەك. پەقەت گۇرۇچ ئېتىلدۇرمىسى ۋە كۆيۈپ كەتكەن قاتلىمىلارلا ئېشىپ قالىدۇ. سېس قاق سەھەردە ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشنى قويۇپ، ئىشىغا ئەستايىدىلراق

مۇئامىلە قىلغان بولسا، كەچ بولغاندا قىسقۇچپاقىدەك ھەر تەرەپتىن تاماق ئىزدەپ يۈرمىگەن بولاتتى. سېس ۋاقتىنى بىلىشتە سائەت كېرەك قىلمايتتى. سائەتنىڭ ئىككى تىلى سائەت يۈزىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ئۈستمۇئۈست چۈشكەندە، ئۇ بىر كۈنلۈك خىزمىتىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلەتتى. سېس ماي قەغەزگە ئورالغان قاتلىمىلارنى كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن چىنە - قاچىلارنى يۇيۇشقا چۈشتى. ئۇنىڭ ئىلىنىۋالغانلىرىنى ئاشپەز ئۇستامنىڭ ۋە ئىككى كۈتكۈچىنىڭ ئېلىنىۋالغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايتتى. سەۋيېر ئەپەندى چۈشلۈك تاماقنى مائاشقا قوشۇپ ھېسابلايتتى. سېس دەسلەپتە ئىشلەشكە چۈشكەندىلا، ئۆزىنىڭ كەچلىك تاماقنى ئاشخانىدىن ئېلىۋېلىش توغرۇلۇق سەۋيېر ئەپەندى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىۋالغانىدى. ئۇ بىرە - بىرە سەرەڭگە، كىرسىن، تۇز، قايماق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالاتتى. بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يېتمىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىلمىشىدىن خىجىل بولۇپ قالاتتى. ئۇ پەقەت باشقىلار بىلەن بىرلىكتە فىلىپىس ماگىزىنىنىڭ مېلىنى ساقلاپ دۇكان ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. دۇكان غوجايىنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ بولغاندىلا ئاندىن ئارقا ئىشىكتە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر توپ قارا چىرايلارغا مال سېتىپ بېرىشكە چۈشەتتى.

— چوشقا كۈچۈكىنى سەن ئوغرىلىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ چوشقا كۈچۈكىنى سەن ئوغرىلاپسەن، — «مۇئەللىم» سوغۇققان، ئەمما قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق دەيتتى. ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىۋاتقان كىشىدەك، ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىزمۇ جاۋاب كۈتمەيتتى. سىكسو ئۆز جايىدا قىمىرلىماستىن ئولتۇراتتى، يا ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپ كەتمەيتتى، يا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئىنكار قىلمايتتى. ئۇ قولىدا ئورۇق گۆشنى تۇتقىنىچە جايىدا

مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئۇلتۇراتتى.

— چوشقا كۈچۈكىنى سەن ئوغرىلىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

سىكسو قولىدىكى گۆشكە تىكىلگەن هالدا:

— ئۇنداق ئەمەس، ئەپەندى، — دېدى.

— سىنىڭ ئوغرىلىغىنىڭنى ئېنىق كۆرگەن تۇرسام، سەن تېخى مەن ئوغرىلىمىدىم دەيسىنا؟

— شۇنداق، ئەپەندى، ئۇنى مەن ئوغرىلىمىدىم.

«مۇئەللىم» كۈلۈمسىرىدى:

— ئۇنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟

— هەئە، مەن ئۆلتۈردۈم، ئەپەندى.

— ئۇنى سەن بوغۇزلىدىڭمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندى.

— سەن پىشۇردۇڭمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندى.

— ياخشى. ئۇنىڭ گۆشىدىن يېدىڭمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندى. ئەلۋەتتە يېدىم.

— ئەمدى دېگىنە، قىلغانلىرىڭ ئوغرىلىق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندى، ئوغرىلىق ئەمەس.

— ئۇنداقتا، سىنىڭ قىلغىنىڭنى نېمە دەيمىز؟

— مېلىڭىزنى كۆپەيتىپ قويدۇم، ئەپەندى.

— نېمە دېدىڭ؟

— سىكسو قارا بۇغداي تېرىپ تۇرمۇشىڭىزنى پاراۋانلاشتۇردى. سىكسو كۈچ سەرپ قىلىپ يېرىڭىزنى پەرۋىش قىلىپ، سىزگە تېخىمۇ كۆپ مول هوسۇل يىغىپ بەردى. سىكسو ئۆزىنىڭ قورسىقىنى ئۆزى باقسا، سىز ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىپ بېرىدۇ.

سىكسو ناهايىتى توغرا گەپ قىلغان بولسىمۇ، «مۇئەللىم» هۆكۈمىنىڭ هۆكۈمگە بويسۇنغۇچى تەرىپىدىن ئەمەس، هۆكۈم چىقارغۇچى تەرىپىدىن چىقىرىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش

ئۈچۈن سېكسونى ئۇردى. گارنېر ئەپەندى ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىدا تۆشۈك بار ئىدى. گارنېر خانىم بۇنى شامال دارىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كەتكەن، دەپ چۈشەندى. سېكسو بولسا، ئوق ـ دورا سەۋەبىدىن بولغان، دېدى. شۇ قېتىمقى سېكسونى ئۇرۇش ئىشىدىن كېيىن، ئۆيدىكى قۇللار ھەرقانداق نەرسىگە ئۆز مەيلىچە چېقىلسا، بۇنىڭغا ئوغرىلىق دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان بولدى. بىر نەچچە باش قوناق ئۈچۈنلا ئەمەس، مېكىيانلار تۇغۇپ قويۇپ ئۆزىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر نەچچە تال تۇخۇم ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان بولدى. «مۇئەللىم» «شېرىن ئۆي»دىكى قۇللارنىڭ قوللىرىدىكى قورالنى يىغىۋالدى. چوشقىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن قۇللارغا بولكا، بەرەڭگە، ئۇماچ، كۆكتات قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن باشقا نەرسىلەر بېرىلمەيدىغان بولدى. شۇندىلا ئۇلار ئوغرىلىق قىلىشقا چۈشتى. ئوغرىلىق قىلىش بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بولۇپلا قالماي، مەجبۇرىيىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

شۇ چاغدا سىس چۈشىنەتتى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ قولى پۇل كۆرىدىغان خىزمىتى ۋە ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىرىنى ئىشلىتىشنى خالايدىغان ئاق كۆڭۈل غوجايىنى بولغانلىقتىن، مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن مىلىچمال شىركىتى ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرۇشتىن بىزار بولۇپ، ئاشپۇزۇلدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلاشقا سەۋەبچى بولۇۋاتقان كۆرەڭلىكىگە ئۆچلۈكى كېلىۋاتاتتى. ئۇ مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىستىلىشىپ يۈرۈشنى خالىمايتتى، ھازىر تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى، ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. بىر كۈنلۈك خىزمىتى ئاياغلىشا ـ ئاياغلاشمايلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئاشۇ قېتىملىق قېچىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇ قېتىمقىدەك

ئۇچۇن سېكسونى ئۇردى. گارنېر ئەپەندى ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭ قولىقىدا تۆشۈك بار ئىدى. گارنېر خانىم بۇنى شامال دارىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كەتكەن، دەپ چۈشەندى. سېكسو بولسا، ئوق ـ دورا سەۋەبىدىن بولغان، دېدى. شۇ قېتىمقى سېكسونى ئۇرۇش ئىشىدىن كېيىن، ئۆيدىكى قۇللار ھەرقانداق نەرسىگە ئۆز مەيلىچە چېقىلسا، بۇنىڭغا ئوغرىلىق دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان بولدى. بىر نەچچە باش قوناق ئۇچۇنلا ئەمەس، مېكىيانلار تۇغۇپ قويۇپ ئۆزىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر نەچچە تال تۇخۇم ئۇچۇنلا ئەمەس، ھەرقانداق ئىش ئۇچۇن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان بولدى. «مۇئەللىم» «شېرىن ئۆي»دىكى قۇللارنىڭ قوللىرىدىكى قورالنى يىغىۋالدى. چوشقىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ نارتىۋېلىنغاندىن كېيىن قۇللارغا بولكا، بەرەڭگە، ئۇماچ، كۆكتات قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن باشقا نەرسىلەر بېرىلمەيدىغان بولدى. شۇندىلا ئۇلار ئوغرىلىق قىلىشقا چۈشتى. ئوغرىلىق قىلىش بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بولۇپلا قالماي، مەجبۇرىيىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

شۇ چاغدا سېس چۈشىنەتتى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ قولى پۇل كۆرىدىغان خىزمىتى ۋە ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىرىنى ئىشلىتىشنى خالايدىغان ئاق كۆڭۈل غوجايىنى بولغانلىقتىن، مال سېتىۋېلىش ئۇچۇن مىلچىمال شىركىتى ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرۇشتىن بىزار بولۇپ، ئاشپۇزۇلدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلاشقا سەۋەبچى بولۇۋاتقان كۆرەڭلىككە ئۆچلۈكى كېلىۋاتاتتى. ئۇ مال سېتىۋېلىش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىستىلىشىپ يۇرۇشنى خالىمايتتى، ھازىر تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى، ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. بىر كۈنلۈك خىزمىتى ئاياغلىشا ـ ئاياغلاشمايلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئاشۇ قېتىملىق قېچىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇ قېتىمقىدەك

كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاشپۇزۇل جايلاشقان كوچىدىكى ئىتلارغا يەيدىغان نەرسە تۆكۈپ بېرىپ، لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۇلارنىڭ قىزغانغان ھالىتىگە قاراپ تۇردى. بۈگۈن ھارۋىدىكىلەر ئۇنىڭ چىقىشىغا رۇخسەت قىلسىلا، ئۆيىگە ھارۋا كىرا قىلىپ قايتىشنى ئويلىدى. لېكىن، ھارۋىدىكىلەردىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ چىقىشىغا يول قويمايتتى. ئون ئالتە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقى ئۇنى ئۇلارغا ئېغىز ئېچىپ يالۋۇرۇشتىن توسۇپ كەلدى. بىراق، بۈگۈن. ھەئە، بۈگۈن. ھازىر ئۇنىڭغا سۈرئەت كېرەك، دەرھال ئۆيىگە قايتىدىغان يول بىلەن ئۆيگە بېرىۋېلىشى كېرەك.

سەۋىر ئۇنى يەنە بىر قېتىم كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغاندا، سىبس بۇنى ئاڭلىماي قالدى. سەۋىر خۇشخۇي كىشى ئىدى، قول ئاستىدىكىلەرگە ئىش تاپشۇرغاندا ناھايىتى تەمكىنلىك ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىراق، ئوغلى ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ مىجەزى يىلدىن ـ يىلغا چۈشلىشىپ كەتتى. ئۇ سىبسنىڭ قارا يۈزلىرىدىنمۇ ئاغرىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ماقۇل، — دېدى سىبس. ئۇ كۆڭلىدە ۋاقىتنى تېزرەك توشقۇزۇپ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان، ۋاقىت مەۋجۇت بولمىغان مەڭگۈلۈك ئارىسىغا يېتىپ بېرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى.

غەم قىلماسلىق كېرەك. سىبس قەددىنى ئېگىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئۇنتۇپ كېتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشتە ئىدى.

خۇداغا شۈكۈر، سىز ھەممىنى بىلىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، بىرەر ئىشنى ئەسلىشىمنىڭ ۋە شۇ ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق. سىزدىن پەقەت ئايرىلغۇم يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىسىز. ئەينى ۋاقىتتا مەن پەقەت مۇشۇنىلا ئويلىغان. ھارۋا ئەترىتى كېلىشى بىلەنلا ھەرىكەتنى باشلىدىم. «مۇئەللىم» بىزگە بىز بىلمەيدىغان بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىتىۋاتاتتى. مەن

ئۆلچەش تانىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى پەقەتلا ياراتمايتتىم، سېكسودىن باشقا ھەممىمىز ئۇنى مەسخىرە قىلاتتۇق. ئۇ ھېچنېمىنى زاڭلىق قىلمايتتى. بىراق، مەن ئۇ نەرسىلەرنى ياراتمايتتىم. «مۇئەللىم» قولىدىكى ئۆلچەش تانىسىنى بېشىمدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئايلاندۇردى. بۇرنۇم ۋە كاسامنى ئۆلچىدى، چىشلىرىمنى سانىدى. مەن ئۇنى ئەخمەق دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرى ماڭا تولىمۇ ئەخمىقانە بىلىنەتتى.

شۇ كۈنى ئاكىلىرىڭىز بىلەن ئىككىنچى ئېتىزدىن كەلدۇق. پۇرچاق، سامساقلار تېرىلغان بىرىنچى ئېتىز ئۆيگە بەكلا يېقىن ئىدى، ئىككىنچى ئېتىز يىراقراق بولۇپ، ئۇنىڭغا بەرەڭگە، كاۋا قاتارلىقلار كۆكتاتلار تېرىلاتتى. ئۇ چاغدا ئېتىزلاردا تېخى ھېچ نەرسە ئۈنمىگەنىدى، ئۈنۈشكە تېخى بالدۇر ئىدى. بىرئاز يۇمران كۆكتاتلار ئۈنۈپ چىقىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە ئۈنۈپ چىقمىغانىدى. بىز ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ، ھەر ئىشنى ياخشى باشلىدۇق. ئىشىمىزنى تۈگىتىپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇق. يەر يۈزى ئىككىنچى پارچە ئېتىزلىقتىن باشلاپ پەسلەپ ماڭاتتى. بىر ئېگىزلىكنى شەكىللەندۈرەتتى، دېمىگەن تەقدىردىمۇ، شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتەتتى. خوۋارد بىلەن بۇگلار ئىككىسى قايتقۇچە يۈگۈرۈپ بىردە ئېگىزگە چىقسا بىردە پەسكە چۈشەتتى. ئىلگىرى مەن چۈشۈمدە ئۇلارنىڭ كىچىك، بۇدۇرۇق پۇتلىرى بىلەن تۆپىلىككە چىقىۋاتقانلىقىنى چۈشەيتتىم، ھازىر بولسا ئۇلارنىڭ تۆمۈريولنى بويلاپ ماڭغىنىچە مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىلا كۆرەلەيمەن. ئۇلار مەندىن داۋاملىق يىراقلاشماقتا. بىراق، ئاشۇ كۈنى ئۇلار تۆپىلىككە چىقىپ - چۈشۈپ بەكلا خۇشال ئوينىدى. كۆك پۇرچاقلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ھازىرمۇ يادىمدا. ئوت - چۆپلەر ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن، ھەممە يەرنى ئاپپاق چېچەكلەر ۋە ئۈزۈن غوللۇق قىزىلگۈل قاپلاپ كەتكەنىدى، يەنە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان، قوناق پۆپۈكىگە ئوخشايدىغان، رەڭگى كۆك، تۈتۈق،

ئاق رەڭلىك ئۆسۈملۈكمۇ بار ئىدى. بەلكىم تېزرەك مېڭىش كېرەكتۇ، چۈنكى سىزنى ئۆيگە، ھويلىدىكى سېۋەتكە قويۇپ قويغان. توخۇلار دەخلى قىلمايدىغان جايغا قويۇپ قويغان. ئەلۋەتتە، بۇنى سىز بىلمەيسىز. قايتىپ كېتىشكە ئالدىرىمىدىم، ھەر ئىككى ـ ئۈچ قەدەمدە بىر قېتىم گۈللەرنى، ئاسماننى تاماشا قىلىپ ماڭدىم. بىراق، ئاكىلىرىڭىز ئۆيگە تېزرەك بېرىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. ئۇلار ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈيتتى. مېنىڭمۇ ئۇلار بىلەن كارىم بولمىدى. ھەر يىلى شۇنداق ۋاقىتتا ھاۋادا بىر خىل تاتلىق نەرسە ئېقىپ يۈرەتتى. شامال نورمال چىققان تەقدىردە، كىممۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىشنى خالايدۇ دەيسىز. مەن ئۆيگە يېتىپ كېلىپ، خوۋارد بىلەن بۇگلار ئىككىسىنىڭ تامنىڭ يېنىدا قىيا ـ چىيا قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. قولۇمدىكى ئوتىغۇچنى تاشلاپ، ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سىزنى قولۇمغا ئالدىم. دەرەخنىڭ سايىسى يۆتكىلىپ كەتكەنلىكتىن، مەن يېنىڭىزغا كەلگەندە قۇياش سىزگە نۇر سەپكىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا سىز مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتقان ئىكەنسىز. مەن بىر تۇرۇپ سىزنى قۇچىقىمغا ئېلىشنى ئويلىدىم، بىر تۇرۇپ سىزنىڭ ئۇخلاۋاتقان ھالىتىڭىزنى ئۇزاقراق كۆرۈۋېلىشنى خالىدىم. قانداق قىلىشنى بىلەلمىدىم. يۈزىڭىز بەك ئوماق ئىدى. يېقىنلا يەردە گارنېر ئەپەندى ياسىغان ئۈزۈم بارىڭى بار ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان بۈيۈك پىلانلىرى بار ئىدى. ئۆزى ھاراق ئېچىتىپ، ئۆزى ياسىغان ھاراقنى ئىچىپ مەست بولماقچى ئىدى. بىراق، ئۇ يەر ھەم سايە، ھەم سالقىن بولغانلىقتىن، باراڭغا بىر چەينەك مېۋە شەربىتى چىققۇدەك ئۈزۈم چۈشمىدى. مەن سىزنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. بىر پارچە داكا بولغان بولسا، قۇرت ـ پۇرت دېگەنلەرنىڭ سىزگە چېقىلالمايدىغانلىقىنى ئويلىدىم. ئەگەر گارنېر خانىم مېنى باشتىن ـ ئاياغ ئاشخانىدا تۇرۇشقا بۇيرۇمىغان بولسا، ئورۇندۇقنى تېشىغا ئاچىقىپ كۆكتات ئۈزگەن بولاتتىم. بۇنداق

بولغاندا ئىككىمىز بىر يەردە تۇرالايتتۇق. ئاشخانا جاھازىسىدىكى داكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئارقا ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئوت - چۆپلەرگە دەسسەپ ماڭغان پۈتۈم باشقىچە راھەتلىنىپ كەتتى. ئارقا ئىشىككە يېتىپ بارغاندا، «مۇئەللىم»نىڭ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئولتۇرۇپ بىر ئاز كىتاب ئوقۇشىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا تاپىلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ھاۋا ياخشى بولغان بولسا، ئۇلار پېشايۋان ئاستىدا دەرس ئوقۇغان بولاتتى. «مۇئەللىم» يېزىشنى بۇيرۇسا ئۇلار يازاتتى. ئەگەر «مۇئەللىم» كىتابقا قاراپ ئوقۇسا، ئۇلار ئاڭلاپ يازاتتى. بۇ ئىشنى مەن باشقىلارغا ئەزەلدىن دەپ باقمىدىم. گارنېر خانىمغا دەي دېگەنىدىم، بىراق ئۇ چاغدا ئۇ بارغانچە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئىشنى بىرىنچى بولۇپ سىزگە دەۋاتىمەن. بۇنداق بولغاندا، مېنىڭ چۈشەندۇرۇپ يۈرۈشۈمگە ھاجىتىڭىز قالمايدۇ. ئاڭلىغۇڭىز كەلمىسە ئاڭلىمىسىڭىز بولىۋېرىدۇ. بىراق، شۇ كۈنى مەن ئاڭلىماسلىققا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم. «مۇئەللىم» ئوقۇغۇچىلارغا گەپ قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدىم: «سىلەر نېمە يېزىۋاتىسىلەر؟» ئوقۇغۇچىلاردىن بىرسى «سىپس دېگەن خەتنى» دەپ جاۋاب بەردى. شۇ چاغدا مەن مېڭىشتىن توختىدىم. چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاۋاتاتتىم. ئاندىن مەن بىرنەچچە قەدەم ماڭدىم. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى ئېنىق كۆرەلىدىم. «مۇئەللىم» بىر قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بارماقلىرىنى بىرنەچچە قېتىم نەمدەپ، كىتابىنىڭ ۋاراقلىرىنى ئۆرىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى ئاستا ئىدى. مەن كەينىمگە بۇرىلىپ، داكىنى ئېلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشۇمغا، ئۇنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «توغرا ئەمەس. خاتا يېزىپسەن. مەن ساڭا دەپ بەرگەنىدىم. ئايالچە ئىسىملارنى سول تەرەپكە، چىشى ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى ئوڭ تەرەپكە يازىسەن. مۇشۇ شەكىلدە تىزىشنى ئۇنتۇپ قالما.» مەن كەينىمچىلەپ

مېڭىشقا باشلىدىم، كەينىمگە قاراپمۇ باقمىدىم. پەقەتلا پۈتۈمنى يۆتكەپ كەينىچىلەپ ماڭدىم. شۇ ئاندا بىر تۈپ دەرەخكە سوقۇلدۇم. بېشىم يىڭنە سانجىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. بىر ئىت هويلىدا قازاننىڭ تېگىنى شالاپشىتىپ يالاۋاتاتتى. ئۆزۈم بارىڭنىڭ ئاستىغا بىردەمدىلا قايتىپ كەلدىم. بىراق، داكىنى ئەكېلەلمىدىم. يۈز - كۆزلىرىڭىزگە چۈشۈپ ئۆلىشىپ كېتىپتۇ. بېشىم بىرسى يىڭنە سانجىۋاتقاندەكلا چىدىغۇسىز ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. مەن بۇنى خاللىغا ياكى باشقا بىرسىگە ئېيتىپ باقمىدىم. بىراق، شۇ كۈنى مەن گارنېر خانىمدىن سورىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، ماڭالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئالدىبۇرۇن ماڭماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئېڭىكى ئاستىدا يوغان بىر ئىششىق پەيدا بولغانىدى. گەرچە ئاغرىمايدىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنى ئاجىزلىتىۋەتكەنىدى. دەسلىپىدە ئۇ ئەتىگەنلىرى تولىمۇ روهلۇق ئويغىناتتى. بىراق، ئىككىنچى قېتىملىق سۈت سېغىشتىن كېيىن تۇرالماس بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تولا ئۇخلايدىغان بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا چىققان شۇ كۈنى، ئۇ پۈتۈن بىر كۈن كارىۋاتتا ياتتى. ئۇنىڭغا پۇرچاق شورپىسى قايناتتىم. ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم. ئۇ ماڭا پوسمىسىنىڭ ئاستىدىن قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە نۇر دىدارى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ پايپىقى يەردە ياتاتتى. بۇنىڭدىن مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشكە ئۇرۇنغانلىقىنى بىلدىم.

— سىزگە ئازراق پۇرچاق شورپىسى قايناتقانىدىم، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ئىچەلمەيدىغاندەك تۇرىمەن.

— ئازراق بولسىمۇ ئىچىڭ.

— بەك قويۇق بولۇپ كەتتى. قويۇق بولۇپ كەتكىنىنى جەزم قىلالايمەن.

— ئەمىسە ئازراق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ سۇيۇلدۇرايمۇ؟

— ياق. ئاچمىقىپ كەتكىن. ماڭا ئازراق مۇزدەك سۇ بەر. باشقىسى كېرەك ئەمەس.
— بولىدۇ، خانىم. خانىم، سىزدىن بىر سوئال سورىماقچى ئىدىم.
— نېمە سوئال، سېس؟
— خاسلىق دېگەن گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟
— نېمە؟
— ئۇ بىرلا سۆز. خاسلىق.
— ھە، — گارنېر خانىمنىڭ بېشى ياستۇق ئۇستىدە ئۇياق - بۇياققا تەۋرەندى، — ئالاھىدىلىك دېگەن گەپ. بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟
— «مۇئەللىم»نىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.
— بۇ سۇنى ئالماشتۇرۇپ بەر، سېس، ئىسسىپ قاپتۇ.
— بولىدۇ، خانىم. ئالاھىدىلىك؟
— سۇ! سېس. مۇزدەك سۇ!
مەن ئىستاكان بىلەن پۈرچاق شورپىسىنى پەتنۇسقا سېلىپ ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۈشتۈم. سوغۇق سۇ ئېلىپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە يەنە چىقتىم. ئۇ سۇنى ئىچكەندە بېشىنى يۆلەپ تۇردۇم. ئۇ ئېغىكى ئاستىدىكى ئىششىق تۇپەيلى سۇنى بەك تەستە ئىچىپ تۈگەتتى. ئۇ سۇنى ئىچىپ بەك راھەتلەنگەندەك تۇراتتى. بىراق، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ماڭا شۇنداق دېدى:
— ئېسىمگە كېلەلمەيدىغان ئوخشايمەن، سېس. ئۇخلىغۇملا كېلىپ تۇرىدۇ.
— ئۇنداقتا ئۇخلاۋېرىڭ. ھالىڭىزدىن مەن خەۋەر ئالىمەن.
ئاندىن ئۇ «ئۇ قانداق؟ بۇ قانداق؟» دەپ كوتۇلداشقا چۈشتى. خالىلىغا ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى، بىراق «مۇئەللىم»نىڭ پاۋۇل ئاكا - ئىنىلەر بىلەن سېكسوغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى بىلگۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.
— خانىم، ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك تۇرىدۇ، — دېدىم

ئۇنىڭغا.

— ئۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنامدۇ؟

— ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

— ناھايىتى ياخشى. خەيرلىك ئىش بوپتۇ. بىر - ئىككى كۈنگۈچە پەسكە چۈشۈشۈم كېرەك. مەن پەقەت ياخشىراق ئارام ئېلىشقا موھتاج. دوختۇرنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئەته كېلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئالاھىدىلىك دېدىڭىزما، خانىم؟

— نېمە؟

— ئالاھىدىلىك.

— شۇنداق. يازنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئىسسىقلىقىدا. خاسلىقلاردىن بىرى دەل ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

— ئۇنىڭدىن باشقىسىنى دەپ بېرەمسىز؟

— خاسلىقلارنى سەنمۇ كۆرۈپ تۇرسەن. سەن بىلمىسەن. بوۋاقنىڭ باش بارمىقىنى شۈمىشى ئۇنىڭ خاسلىقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بوۋاقنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ خاسلىقلىرى بار. بۇقىنى ئىنەككە يېقىنلاشتۇرما. گارنېر ئەپەندى ئۇنىڭ يىلدا بىرنى موزايلىشىنى خالىمايتتى. ئاڭلىدىڭمۇ، سېبس؟ دېرىزىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ گەپ تىڭشىما.

— بىلدىم، خانىم.

— سىڭلىمنىڭ ئېرىگە كەچلىك تاماقتىن كېيىن يېنىمغا چىقىشىنى تاپىلاپ قوي.

— بىلدىم، خانىم.

— بېشىڭنى يۇساڭ، بېشىڭدىكى پىتلار يوقىلىدۇ.

— بېشىمدا پىت يوق، خانىم.

— بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم يۇيۇشۇڭ كېرەك. ماڭا سوپۇن تۇگەپتۇ دېگۈچى بولما.

— بولىدۇ، خانىم. بولدى. ماڭا ھېچ ئىش بولمىدى، گەپ قىلىۋېرىپ چارچاپ كەتتىم.
— ماقۇل، خانىم.
— رەھمەت ساڭا، سىس.
— بىلدىم، خانىم.
سىز ئۇ چاغدا بەكلا كىچىك ئىدىڭىز. ئاشۇ تۇرالغۇنى ئەسلىيەلمەيسىز. ئىككى ئاكىڭىز دېرىزىنىڭ ئاستىدا ئۇخلايتتى. مەن، سىز، دادىڭىز ئۈچىمىز تامنىڭ يېنىدا ئۇخلايتتۇق. «مۇئەللىم»نىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلچەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئاشۇ ئاخشىمى پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم. خاللى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن «مۇئەللىم» توغرۇلۇق قانداق ئويلايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ئويلىغۇدەك ھېچ ئىش يوقلىقىنى ئېيتتى.
— ئۇ ئاق تەنلىك، شۇنداقمۇ؟ — دېدى دادىڭىز.
— ئۇمۇ گارنېر ئەپەندىگە ئوخشاشمۇ؟ — دەپ سورىدىم.
— نېمىنى بىلگۈڭىز بار، سىس؟
— گارنېر ئەر - خوتۇن ئىلگىرى مەن كۆرگەن ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشىمايدىكەن. مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى تۇرغان جايدىكىلەرگە ئوخشىمايدىكەن، — دېدىم مەن.
— ئۇلار بىلەن بۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان نەرى بار؟
— ھېم، ئەڭ ئاددىيسى، بۇلارنىڭ گەپ قىلغاندىكى مۇئامىلىسى بەك سىپايە ئىكەن.
— ئۇنداق قىلىشى بەرىبىر، سىس. مەيلى ۋارقىراپ - جارقىراپ تۇرۇپ گەپ قىلسۇن ياكى سىلىق - سىپايىلىك بىلەن گەپ قىلسۇن، ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى ئوخشاشلا بىر گەپ.
— گارنېر ئەپەندى ئاپىڭىزنى ئازاد قىلىشىڭىزغا قوشۇلۇپتۇ.
— شۇنداق، ئۇ قوشۇلدى.
— ئۇنداقتا؟

— ئەگەر ئۇ قوشۇلمىغان بولسا، ئاپامنىڭ ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم كىرىپ كەتكەن بولاتتى.
— نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئاپىڭىزنى ئازاد قىلىشىڭىزغا رۇخسەت قىپتۇ.
— ھا ـ ھا ـ ھا...
— ئۇيقۇڭىزنى ئېچىڭ، خاللى.
— مەن ھا ـ ھا... دېدىم.
— ئۇ ياق دېيىشنى دەيتتى. سىزگە ياق دېمەپتۇ ياخشى.
— شۇنداق، ئۇ مېنى رەت قىلمىدى. ئاپام بۇ يەردە ئون يىل ئىشلىدى. يەنە ئون يىل ئىشلەيدىغان بولسا، سىزنىڭچە ئاپام نېمە بولۇپ كېتەر؟ مەن ئۇنىڭغا ئاپامنىڭ كەلگۈسى ئون يىللىق پۇلىنى تۆلىۋەتتىم. ئەكسىچە، ئۇ سىزگە، ماڭا ۋە چوڭ بولۇۋاتقان ئۈچ بالىمىزغا ئېرىشتى. يەنە بىر يىل ئىشلىسەم قەرزىم تۈگەيدۇ. بىر يىل. «مۇئەللىم» مېنى بۇنىڭدىن ۋاز كەچتۈردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق قىلىشىمنىڭ ھاجىتى قالماپتۇ. مەن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك ئىكەن، بىراق «شېرىن ئۆي»دە قىلسام بولمايدىكەن.
— ئوشۇق ئىشلىگىنىڭىز ئۈچۈن ئۇ سىزگە پۇل بېرەمدىكەن؟
— ياق.
— ئۇنداقتا، سىز قەرزىڭىزنى قانداق تۆلەپ بولىسىز؟ قانچىلىك قەرزىڭىز بار؟
— بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ دوللار يەتمىش سېنت.
— ئەجەبا، ئۇ قايتىپ كېتىشنى ئويلىمامدىكەن؟
— ئۇنىڭغا لازىمى باشقا.
— نېمە؟
— مەنمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ باشقا نەرسە. ئۇنىڭ مېنى «شېرىن ئۆي»دىن كەتكۈزگۈسى يوق. باشقا يەردە ئىشلىگەن تەقدىردىمۇ، ئوغۇللار كىچىك ۋاقتىدا ئىشلىسە پۇل بەرمەيدۇ.

— سىزنىڭ قەرزىڭىزنى قانداق قىلىدىغان گەپكەن؟
— ئۇ بۇنى باشقا يول ئارقىلىق تىرىلدۈرۈۋالىدۇ.
— قانداق يول بىلەن؟
— بىلمەيمەن، سىپس.
— ئۇنداقتا، ئاساسلىق مەسىلە قېلىپ قالغان قەرزدىمۇ؟ ئۇ ئاشۇ پۇلغا قانداق ئېرىشەلەيدۇ؟
— توغرا ئەمەس. بۇ مەسىلىلەر ئىچىدىكى بىر مەسىلە. يەنە بىر مەسىلە بار تېخى.
— قايسى مەسىلە؟
خاللى ئۆرۈلۈپ ئوڭدىسىغا ياتتى، بارماقلىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلىدى.
— هازىرقى مەسىلە سىزنى ئازاد قىلىش، ئاندىن ئۆزۈمنى، ئاندىن ئۇنى، — ئۇ سىز ياتقان جايغا ئىشارە قىلدى.
— نېمە؟
— ئەگەر مېنىڭ ئەمگىكىمنىڭ ھەممىسى «شېرىن ئۆي»گە مەنسۇپ بولسا، ئارتۇق ئىشلىگىنىم ئۇچۇن ماڭا نېمە قالىدۇ؟
ئۇ ئۇيقۇغا چۈشتى. مەن ئۇخلىيالماسمەنمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ھەرھالدا بىردەم ئۇخلىيالىدىم. بەلكىم ئۇ ئېيتقان بىرەر ئېغىز سۆز ياكى ئۇ دېمىگەن بىرەر ئېغىز سۆز مېنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەن بىرەرسى مېنى ئۇرغاندەكلا چاچراپ تۇرۇپ ئورنۇمدا ئولتۇردۇم. سىزمۇ ئويغىنىپ كېتىپ يىغلاشقا باشلىدىڭىز. سىزنى بىر ئاز يەپىلىدىم. ئۆي ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭغۇدەك بوشلۇق بولمىغانلىقتىن، سىزنى سىرتقا ئاچىقىپ ئايلاندۇرماقچى بولدۇم. مەن ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي ماڭاتتىم. ھەممە يەر قاپقاراڭغۇ، پەقەتلا ئۆينىڭ ئۈستىدىكى دېرىزىلەرنىڭ بىرىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ چوقۇم تېخىچە ئويغاق.
شۇنىڭدىن باشلاپ بىز پىلان تۈزۈشكە چۈشۈشىمىز كېرەك ئىدى. بىراق، بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. مەن بىزنىڭ نېمە

ئويلاۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيتتىم. لېكىن، بىزگە نىسبەتەن چىقىپ كېتىش پۇلغا باغلىق ئىدى. پۇل بىلەن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلالايتتۇق. قېچىپ كېتىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىدۇق. ھەممىمىز قاچامدۇق ياكى بىر نەچچىمىزمۇ؟ نەگە بارىمىز؟ قانداق ماڭىمىز؟ پاۋۇل F. سېتىۋېتىلگەندىن كېيىن، شۇنداق قىلىشنى ئاخىر سىكسو ئوتتۇرىغا قويدى. تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن گارنېر خانىم ئۇنى سېتىۋەتكەنىدى. ئۇنى سېتىۋەتكەن پۇلنى گارنېر خانىم ئىككى يىل خىراجەت قىلدى. بىلىشىمچە، ئۇ پۇللارنى خەجلەپ بولغاندىلا، ئاندىن ئىشلارنى باشقۇرۇپ بېرىشكە «مۇئەللىم»نى تەكلىپ قىلدى. گارنېر خانىمنىڭ باشقۇرۇشىدا «شېرىن ئۆي»نىڭ ئەرلىرىدىن تۆتى بار ئىدى. كىشىلەر گارنېر خانىمغا پۈتۈنلەي نېگىرلارنىڭ ئارىسىدا يالغۇز ياشىماسلىق كېرەكلىكىنى تاپىلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «مۇئەللىم» ۋە ھېلىقى ئىككى ئوغۇل بالىنى كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. «مۇئەللىم» كەلدى. ئۇ يوغان شىلەپە كىيگەن، كۆزئەينەك تاقىغان، يەنە تېخى لىق بىر ھارۋا قەغەز ئەكەلگەنىدى. ئۇ ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلاتتى، چىرايىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى. مەن ئىككىنچى قېتىم ئۇنى كۆرگىنىمدە، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئورمانىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇرغانىدى. سىكسو ئاسمانغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. پەقەت سىكسولا كېچىلىرى سىرتقا چىقىپ كېتىشنى ياخشى كۆرەتتى. خاللىنىڭ دېيىشىچە، ھارۋا ئەتىرىتىنىڭ خەۋىرىنى سىكسو ئەكەلگەنىكەن.

— ئاشۇ يول، — دېدى خاللى ئات ئېغىلىنىڭ كەينىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئاپامنى ئاشۇ يول بىلەن ئۆزىتىپ قويغان. سىكسو ئاشۇ يولنى ئەركىنلىك دېدى. بىر چوڭ ھارۋا ئەترىتى ئاشۇ يولدىن يولغا چىقىدىكەن. ئەگەر بىز ئاشۇ ھارۋا ئەترىتىگە ئۈلگۈرەلىسەك، كۈچىمىزنى داۋاملىق سېتىشنىڭ ھاجىتى قالمايدىكەن.

— هارۋا ئەترىتى؟ ئۇ قانداق نەرسە؟ — سورىدىم مەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مەن بار يەردە گەپلەشمەس بولدى. ھەتتا خاللىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بىراق، ئۇلار ھەرقاچان بىر - بىرى بىلەن كۇسۇرلىشاتتى. سېكسو ئاسمانغا قارايتتى، ئاسماننىڭ قەرىگە ئەمەس، دەرەخنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئېگىزلىككە قارايتتى. ئۇنىڭ يۇرىكىنىڭ ئاللىقاچان «شېرىن ئۆي»دىن ئايرىلىپ كەتكىنىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايتتىڭىز.

بۇ بىر ياخشى پىلان ئىدى. پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە مەن دەنۋېرغا ھامىلىدار بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن پىلانغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزدۇق، ئازراقلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدۇق. خاللىنىڭ يۇزىگە قايماق سۇركەلگەنىدى (پاۋۇل . D ماڭا شۇنداق دەپ بەرگەن). سېكسو ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بىراق، مەن سىزنى ئايرىۋالدىم، قوزىچىقىم. ئىككى ئاكىڭىزنىمۇ ئايرىدىم. ھارۋا ئەترىتىنىڭ خەۋىرى كەلگەندە پەقەت سىلەرنىڭلا تەييارلىقىڭلار پۇتۈپ بولغانىدى. مەن خاللى ۋە باشقا كىشىلەرنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. سېكسونىڭ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگىنىنى، پاۋۇل . D نىڭ كىشى ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە يۇگەنلەنگىنىنى بىلمەيتتىم. بۇ ئىشلاردىن كېيىن خەۋەر تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەممىڭلارنى قوناقلىقتىكى ئاشۇ ئايالنىڭ ھارۋىسىغا سېلىپ بەردىم. ھا - ھا - ھا... قوزىچاقلىرىم ئىككىنچىلەپ خاتىرە دەپتەر ۋە ئۆلچەش تانىلىرىنى كۆرمەيدىغان بولدى. كېيىن سىلەرنى دەپ چوقۇم بەرداشلىق بېرىش كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بەرداشلىق بەردىم. كېتىۋېتىپ دەرەخكە ئېسىلغان يىگىتلەرنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ بىرى پاۋۇل . A نىڭ كۆڭلىكىنى كىيگەن، بېشى بىلەن پۇتى يوق ھالەتتە ئىدى. مەن ئۇدۇللاپ مېڭىۋەردىم. چۈنكى مەن بولسىلا، سىزنى ئېمىتكۈدەك سۈتىمۇ بولاتتى.

پەرۋەردىگارىم چەكسىز قۇدرەتلىكتۇر. مەن بېرىپ سىلەرنى ئىزدىشىم كېرەك ئىدى. مەن قىلغان ئاشۇ ئىشلار ئېسىڭىزدە، شۇنداقمۇ؟ بۇ يەرنى تېپىپ كەلگەندىن كېيىن سۈتۈم ھەممىڭلارغا يەتكىنى ئېسىڭىزدە، شۇنداقمۇ؟

سېس يەنە ئەگىلمىدىن ئۆتسىلا، ئۆز ئۆيىنىڭ تۈرخۇنىنى كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭ تېپچەكلەپ تۇرغان يۈرىكى ئۇنىڭ قولىدا سوقۇشتىن توختاپ باقمىغاندەك ھېس قىلاتتى.

سېس ئۆيگە كىردى، ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىدى.

شۇ كۈنى ستەمپ پېيد دېرىزىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئىككى سايىنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشكىنىنى كۆرگەن، ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن، يوچۇن، ئېنىقسىز ئاۋازنى غەزەپلەنگەن نېگىرنىڭ ئەرۋاھىنىڭ ئاۋازى، دەپ چۈشەنگەنىدى. بېيبىي ساگسقا ئوخشاش كارىۋىتىدا يېتىپ ئۆلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. ئۇ تونۇيدىغان، بېيبىي ساگسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەردىن بىرەرسىنىڭ ھاياتىمۇ كۆلپەتسىز، رىيازەتسىز ئۆتمىگەن. ھەتتا مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ئاشۇ نېگىرلار ئارىسىدىكى دوختۇر، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، سودىگەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاياتى شۇنداق ئۆتكەن. ئۇلارغا كاللىسىغا تايىنىپ ھاياتىنى قامداشتىن سىرت، ئۆز ئىرقىغا ئائىت ئىشلارنى ئورۇنلاش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى كاللا بولغاندىلا ئاندىن يېتەرلىك بولاتتى.

ستەمپ پېيد 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، كىرىش رۇخسىتىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، سېسنى يوقلاش نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى. بۇنداق قىلغاندا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي ئىچىدىكىلەرگە ئوڭچە قالاتتى. سېس ئىشىكنى تاقىغاندىن كېيىن 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى ئاياللار ئاخىر ئۆزى ئارزۇ

قىلغان ئەركىنلىككە ئېرىشتى. نېمىگە يولۇقسا شۇنىڭغا زەن سالدى، كاللىسىغا نېمە ئوي كەلسە، شۇ ئوي بىلەن بەند بولدى.

ئاساسەن شۇنداق بولدى. 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى ئاۋازدىن ستەمپ پېيد پەرقلەندۇرەلەيدىغان، ئەمما تېگىگە يېتەلمەيدىغىنى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىكى ئاياللارنىڭ ئۈن ـ تىنسىز سۇرىدىغان خىيالى ئىدى.

جان قوزام. ئۇ مېنىڭ قىزىم. مانا، ئۇ ئۆزى خالاپ يېنىمغا قايتىپ كەلدى. شۇنداق بولغانىكەن، مېنىڭ يەنە چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق. ئىلگىرى چۈشەندۈرىدىغانغا ۋاقتىم يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئىشنى نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە بىر تەرەپ قىلىش، تېزلىك بىلەن ھەل قىلىش كېرەك ئىدى. مەن ئۇنى بىخەتەرلىككە ئېرىشتۈردۈم. بىراق، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم بەك چوڭقۇر ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىدىغىنىنى بىلەتتىم. پاۋۇل . D ئۇنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن نورمال ئادەمگە ئايلىنىپ يېنىمغا قايتىپ كېلىشتىن باشقا تاللاش يوق ئىدى. مەن ئۇ تەرەپتە ئۇنىڭغا بېيىبي ساگىسىنىڭ ياردەم بەرگەنلىكىگە جەزم قىلالايمەن. ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىگە يول قويمايمەن. چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشۈمنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا چوقۇم چۈشەنچە بەرمىسەم بولمايدۇ. ئەينى چاغدا نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك. ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھامىنى ئۆلۈپ كېتەتتى. بىراق، مەن ئۇنىڭ ئۇنداق ئىشقا دۇچار بولۇشىنى خالىمىدىم. ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەكچى بولغان چېغىمدىلا ئۇ چۈشىنىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىنى چۈشىنىكلىك. مەن ئۇنى زارىقىپ كۈتتۈم. باشقا ئانىلار ھەرگىزمۇ بىر بالىسىنى — بىر قىزىنى مەن كۈتكەندەك كۈتمەيدۇ. مېنىڭ بالىلىرىمدىن باشقا ھېچكىم

ئىككىنچىلەپ مېنىڭ سۈتۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. مېنىڭمۇ سۈتۈمنى ئاللىكىملەرگە بېرىش مەجبۇرىيىتىم يوق. شۇ چاغدا ئۇلار مېنى بېسىپ تۇرۇپ سۈتۈمنى بۇلاپ قاچقان، مېنىڭ جان قوزامغا مەنسۇپ سۈتۈمنى بۇلاپ قاچقان. ئاپام شال ئېتىزىدا بولغانلىقتىن، نەن ئاق تەنلىك بالىلارنى ۋە مېنى بېقىش ئۈچۈن مەن ئىچىدىغان سۈتنى بۇلىغان. نەن سۈتنى باشتا ئاق تەنلىك بوۋاقلارغا بەردى، ئېشىپ قالغىنىنى مەن ئىچتىم. بەزىدە ماڭا سۈت يەتمەيتتى. ئۇنى مېنىڭ ئىچىشىم ئۈچۈن تەييارلانغان سۈت، دېيىشكە بولمايتتى. بىراق، مەن ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان سۈتنىڭ قانداق تەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. سۈت ئىچىش ئۈچۈن بېرىپ بۇلىشىڭىز، ۋارقىراپ - جارقىرىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئازراق سۈتكە ئېرىشەلەيسىز. مەن ئۇ ئىشنى جان قوزامغا ئېيتىمەن. ئۇ چوقۇم چۈشىنىدۇ. ئۇ مېنىڭ قىزىم. مەن ئامال قىلىپ سۈتۈمنى ئۇنىڭغا ئېمىتتىم، ھەتتا ئۇلار سۈتۈمنى بۇلاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلدىم. ئۇلار ماڭا بىر ئىنەككە مۇئامىلە قىلغاندەك، ياق، بىر ئۆچكىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشتى. ئۇلار مەندىن يىرگەنگەنلىكتىن، مېنى ئاتىنىڭ يېنىدىمۇ تۇرغۇزماي، ئات ئېغىلىنىڭ كەينىگە ئاپىرىشتى. بىراق، مەن ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بەرسەم، گارنېر خانىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسام، ئۇلار بۇنىڭدىن يىرگەنمەيتتى. مەن قىزىمنى كۈتتۈم. ئاپام مېنى قانچە كۈتكەن بولسا، مەن قىزىمنى ئاپام مېنى كۈتكەندەك كۈتتۈم. ئاپام مېنى تاشلىۋەتمىگەنىدى. گارنېر خانىمغا قىلغانلىرىمنى ئاپامغا قىلغان بولسام، ئاپام ئاغرىپ قېلىپ ماڭا موھتاج بولغان بولسا، گەرچە ئۇنى گارنېر خانىمنى كۈتكەندەك ياخشى كۈتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئاپام ئۆلگۈچە ياكى ساقايغۇچە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولاتتىم. نەن مېنى تارتقۇچلىمىغان بولسا، شۇ ئىشتىن كېيىنمۇ ئۇ يەردە قېلىپ گارنېر خانىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولاتتىم. مەن ئاشۇ

بەلگىنى كۆزىتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم. مەن گارنىر خانىمنىڭ مۈلكى ئىدىم. لېكىن، ئۇزاققىچە بۇنىڭغا ئىشىنەلمەي يۈردۈم. ئاشۇ شىلەپىنى ھەر تەرەپتىن ئىزدىدىم. كېيىن تىلىمنى چايناپ گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. خالىلىنى ئۇچراتقۇچە شۇنداق بولدۇم. ئۇھ، ھەر نېمە بولسا ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. مەن ھازىر بۇ يەردە. مەن بەرداشلىق بېرەلىدىم، قىزىمىمۇ قايتىپ كەلدى. ھازىر قايتىدىن بىر نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان بولدۇم. چۈنكى، قىزىمىمۇ مەن كۆرگەننى كۆرۈپ تۇرماقتا. ياغاچ كەپىدىكى ھادىسىدىن كېيىن ھېچنېمىگە قارىماس بولدۇم. ھازىر بولسا، ئەتىگىنى مەشكە ئوت قالايدىغان چاغدا دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇياشنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىغا قاراپ باقىمەن. قۇياش ئاۋۋال تۇرۇبىغا تىكىلدىمۇ ياكى جۇمەككىمۇ، بۇنى كۆزىتىمەن. ئوت ـ چۆپلەر كۈل رەڭدىمۇ ياكى قوڭۇر رەڭدىمۇ، زادى قايسى رەڭدە ئىكەنلىكىگە زەن سالىمەن. بېيبىي ساگىسىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر نەچچە يىلدا نېمە ئۈچۈن رەڭلەرنى كۆزىتىدىغان بولۇپ قالغىنىنى ئەمدى چۈشەندىم. ئىلگىرى ئۇنىڭ رەڭلەردىن ھوزۇرلانماق تۇگۇل، ئۇنىڭغا قارايدىغانغىمۇ چولىسى يوق ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ باشتا كۆك رەڭنى، ئاندىن سېرىق رەڭنى، ئاندىن يېشىل رەڭنى كۆزىتىپ تۈگەتتى. ئۇ ئۆلىدىغان چاغدا نۆۋەت بىنەپشە رەڭگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قىزىل رەڭنى كۆزىتىشكە تاۋى يوق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتىم. چۈنكى جان قوزام ئىككىمىز قىزىل رەڭدە بويىلىپ تۇرۇپ نومۇر ئورۇنلىغانىدۇق. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ قىزىل رەڭ بىلەن ئۇنىڭ قەبرە تېشىنىڭ بىنەپشە رەڭگى مېنىڭ ئېسىمدە قالغان ئەڭ ئاخىرقى رەڭ ئىدى. ئەمدىلىكتە يىراقلارغا نەزەر تاشلىشىم كېرەك. ئەتىياز پەسلىنىڭ ماڭا نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ. ئۇ چاغدا مەن سەۋزە تېرىيمەن. بۇنى ئۇ كۆرەلەيدۇ. يەنە تۇرۇپ تېرىيمەن. ئىلگىرى ئۇلارنى كۆرۈپ باققانمىدىڭىز، قوزىچىقىم؟

پەرۋەردىگار مۇشۇنىڭدەك چىرايلىق نەرسىلەرنى يارىتىدۇ. ئاق ھەم قوڭۇر. قۇيرۇقلىرى يۇمشاق، شاكىلى قاتتىق. قولىڭىزغا ئالسىڭىز شۇنچىلىك راھەت بىلىنىدۇ، پۇرىسىڭىز لاتقىدەك ئاچچىق پۇرايدۇ، لېكىن تولىمۇ كۆڭۈللۈك. بىز ئۇلارنى بىللە پۇرايمىز، جان قوزام، جان قوزام. چۈنكى سىز مېنىڭ. مەن چوقۇم بۇ نەرسىلەرنى سىزگە كۆرسىتىشىم كېرەك، ئانا ئۆز بالىسىغا ئۆگىتىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىشىم كېرەك. بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، باشقا ئىشلارنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋالغىنىڭىز تولىمۇ قىزىق ئىش بوپتۇ. مەن ئاق تەنلىك قىزچاق ئەيمىينىڭ ئاشۇ بىر جۈپ قولىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن. كۆزلىرىنىڭ كۆل رەڭ ئىكەنلىكى ئېسىمدە. قارىغاندا مۇشۇنى بولسىمۇ ئېسىمدە تۇتۇۋاپتىمەن. گارنېر خانىم ساغلام ۋاقتىدا كۆزى سۇس قەھۋە رەڭدە ئىدى، كېسەل بولغاندا كۆزىنىڭ رەڭگى قېنىقلاشتى. ئىلگىرى ئۇ تىمەن ئايال ئىدى. يېشى توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا «ئىلگىرى مەن قېچىردەك تىمەن ئىدىم، جېنىنى» دەپ قوياتتى. ئۇ كوتۇلداشقا باشلىسىلا، مېنى «جېنىنى» دەپ چاقىراتتى. ئۇنىڭ ھەم ئېگىز، ھەم تەمبەللىكىگە گۇۋاھ بولالايمەن. ئىككىمىز بىللە ياغاچ كۆتۈرسەك، ئەرلەردەكلا كۆتۈرەتتۇق. كېيىن ئۇ ياستۇقىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. بىراق، مەن ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن «مۇئەللىم»گە موھتاج بولۇپ قالغىنىنى ھازىرغىچە چۈشەنمەيمەن. ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش تىك تۇرالىغان ـ تۇرالمىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىمدە ئۇ يىغلاشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمىدى. مەن بولسام بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ئىشىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. بۇ ئىشنى بىرەرسى بىلىپ قالمىسا بولمايتتى. سۆزۈمنى ئاڭلاڭ! بىرەرسى بىلىپ قالمىسا بولمايتتى. بەلكىم ئۇ ئورنىدىن تۇرالىغان بولۇشى مۇمكىن. «مۇئەللىم» ئۇنىڭغا ماڭا مۇئامىلە

قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايتتى. تۈنجى قېتىم يېگەن تايىقىم ئەڭ ئاخىرقى تاياق يېيىشىم بولۇپ قالدى. ھېچكىممۇ مېنى بالىلىرىمدىن ئايرىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەنلا بولۇپ كەتمىگەن بولسام، نېمە ئىشلار بولۇۋاتقىنىنى بىلگەن بولار ئىدىم. بەلكىم خاللى مېنى ئىزدەپ يۈرىدىغاندۇ. مەن گارنېر خانىمنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئۇنىڭ سۈيدۈك تۇڭىنى ئىشلىتىپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇنى كارىۋىتىغا يۆلەپ چىقارغىنىمدا، ئۇ توڭلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھاۋا بەكلا ئىسسىق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يوتقان ئۈستىگە يوتقان يېپىشىمنى، دېرىزىنى يېپىۋېتىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇنداق قىلسام بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ ئىسسىقلىققا موھتاج ئىدى، مەن بولسام سالقىنلىققا موھتاج ئىدىم. مەن ئۈچۈن پەقەت ئاشۇ سېرىق رەڭلىك دېرىزە پەردىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرسىلا بولاتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىم كېرەك ئىدى. بەلكىم مىلتىق ئاۋازىغا ئوخشاش ئاڭلانغان ئاۋاز راستىلا مىلتىق ئاۋازى بولغىيتتى. بەلكىم مەن مەلۇم ئىشنى ياكى مەلۇم كىشىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن بولغىيتتى. بەلكىم شۇنداق بولۇر بولغىيتتى. ئىشقىلىپ، مەيلى خاللى بار بولسۇن ياكى يوق بولسۇن، بالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوناقلىققا ئېلىپ باراتتىم. ئۇ ئايالنىڭ كۇسۇرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ: «يەنە باشقىلار بارمۇ؟» دېدى. «بىلمەيمەن» دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇ بۇ يەردە بىر كېچە ساقلىغانلىقىنى، ئەمدى ساقلاشقا تاقىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭ ئۇنى ساقلىغۇم بار ئىدى. ئۇ: «ئەمدى ساقلاشقا بولمايدۇ، يۈرۈڭ، ماڭايلى» دېدى. ئەتراپتا باشقا ئەر كىشى يوق. بالىلار قورقۇپ كەتتى. سىز مېنىڭ دۈمبەمدە ئۇخلاپ قالدىڭىز. دەنۋېر بالىياتقۇمدا ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىلگەندەك ھېس قىلدىم. ئۇ ئايالغا ھەممىڭلارنى ئېلىپ كېتىشنى تاپىلىدىم. مەن قايتىپ كەتمىسەم بولمايتتى. ئۇ ئايال ماڭا شۇنداق دېدى: قىزچاق، سىز؟ ئۇلار دۈمبەمنى

يېرىۋاتقاندا تىلىمنى چىشلىۋالدىم. تىلىمنىڭ گۆشىنى تېرىسى ئاززاقلا تۇتۇپ قالغانىدى. مەن ئۇنداق قىلىشنى ئويلىمىغانىدىم. تىلىمنى شۇنچىكىلا چىشلىسەم ئۈزۈلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن «ئاھ، خۇدا! مەن ئۆزۈمنى يەۋېتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىغانىدىم. بالىنى زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، قورسىقىمغا لايىق بىر ئورەك كولاپ بەردى. دەنۋېر بۇ ئىشنى سۆزلىشىمنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ «شېرىن ئۆي»گە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشتىن بىزار، پەقەتلا ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ چاغدا سىز بەك كىچىك بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۇ ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيسىز. شۇنداقتىمۇ، سىز نەق مەيداندا بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، بۇلارنى سىزگە دەۋاتىمەن. ئاشۇ ئۆزۈم بارىڭىز ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ مەن شۇنچىلىك تېز يۈگۈردۈم. چىۋىنلەر مەندىن بىر قەدەم ئالدىدا كېلىپ سىزگە ئېتىلدى. شۇ كۈنى ئەسلىدە ئاۋۇال سىزنى تونۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، سىزنى ئۆزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كەلگەندە قۇياش نۇرى يۈزىڭىزنى خىرەلەشتۈرىۋەتكەنىدى. ئەسلىدە بىلىشىم كېرەك ئىدى، بىراق پاۋۇل . D دىققىتىمنى بۆلىۋەتتى. مەن سىزنىڭ پېشانىڭىزدىكى پۈتۈن دۇنيا كۆرۈپ تۇرغان تىرناق يارىسىنى كۆردۈم. بۇ كەپىدە سىزنىڭ بېشىڭىزنى يۆلىگەن چاغدا چۈشكەن يارا ئىدى. كېيىن سىزنىڭ ئوينىشىڭىز ئۈچۈن ئاشۇ بىر جۈپ ھالقامنى پۇلاڭلاتقىنىمدا، ئەگەر پاۋۇل . D بولمىغان بولسا، سىزنى شۇ ھامان تونۇۋالغان بولاتتىم. مىنىڭچە، پاۋۇل . D باشتىلا سىزنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغان، مەن بۇنىڭغا يول قويمىدىم. سىز قانداق ئويلىدىڭىزكىن؟ قارىماسىز، ئۇ مېنىڭ كەپە ئۆيدە سىزگە قىلغان ئىشىمنى بىلگەندىن كېيىن ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇ ئىش بەك قاباھەتلىك ئاڭلانغانىدى. مۇھەببىتىڭىز بەك كۈچلۈك ئىكەن، دېگەنىدى ئۇ. مېنىڭ مۇھەببىتىم بەك كۈچلۈك ئىمىش. ئۇ نېمىنى بىلەتتى؟

بوگۈندىن باشلاپ مەيلى ئادەم بولسۇن ياكى جىن بولسۇن، ھېچكىم سىزگە چېقىلىشنى ئويلىمىسۇن. سىز ھېچ يەرگە بارمايسىز، بالىلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسى بارمايدۇ. سىزگە سىز مېنىڭ، دېگەنىدىم. بۇ گەپتىن مېنىڭمۇ سىزگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىمنى بىلگىلى بولىدۇ. بالىلىرىم بولمىسا نەپەسمۇ ئالالمايمەن. بېيىبىي ساگىسقا ئېيتقىنىمدا، ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تەڭرىدىن مېنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلىگەنىدى. بىراق، رېئاللىق شۇنداق تۇرسا. مېنىڭ پىلانىم ھەممىگىلارنى ئېلىپ ئاپام تۇرغان جايدا ياشاش ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىڭىزنى توسۇۋالالمىغانىدى. ھا ـ ھا ـ ھا... سىز ناھايىتى ياخشى قىز بولۇپ، يېنىمغا تېزلا قايتىپ كەلدىڭىز.

بىراق، سىز ھەممە ئىشنى بىلدىڭىز. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنى ئەقىللىك دېيىشەتتى. مەن بۇ يەرگە كەلگەندە سىز ئۆمىلىگۈدەك بوپتىكەنسىز، پەلەمپەيدىن چىقىشنى ئۆگىنىۋېتىپتىكەنسىز. بېيىبىي ساگىس پەلەمپەينى ئاق سىردا سىرلىۋېتىپتۇ. بۇنداق بولغاندا، چىراغ يېقىلمىغان چاغلاردىمۇ پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىۋېرىدىكەنسىز. ئاھ، خۇدا، سىز پەلەمپەينى بەكلا ياخشى كۆرەتتىڭىز.

مەن «شەنبىلىك خېنىم»لارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشكە تاسلا قالغانىدىم. خەت ئويۇش ئۈستىسىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەۋاتاتتىم. ئۇ يەر قۇشخانىنىڭ يېنىدىلا ئىدى. قەبرە تېشىنى تىكلەۋاتقان ۋاقتىمدا، قەبرىگە سىز بىلەن بىللە كىرىپ، بېشىڭىزنى مورەمگە قويۇپ يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. شۇ چاغدا مەن ئۆيسىز، سەرسان ھالەتتە ئىدىم. ئەگەر بۇگىلار، خوۋارد ۋە دەنۋېرلار ماڭا موھتاج بولمىغان بولسا، مەن راستىلا قەبرىگە كىرىپ سىز بىلەن بىللە ياتقان بولاتتىم. سىز بىلەن بىللە گۆردە يېتىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسامۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنداق قىلالمىدىم. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ ھەرقانداق جايغا

بېرىپ خاتىرجەم ياشىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھازىر مۇمكىن بولدى. ئاھ، خۇدا، سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن ئۆلۈكتەك ئۇخلىيالايدىغان بولدۇم. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلدى. مېنىڭ قىزىم قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭكى.

جان قوزام مېنىڭ ئاچام. مەن ئاپامنىڭ سۈتىنى ئۇنىڭ قېنى بىلەن بىللە قوشۇپ ئىچىپ كەتكەن. قۇلىقىم پاك بولۇپ قالغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئاۋاز ئۇنىڭ پەلەمپەيگە چىقىۋاتقاندىكى ئاۋازى بولدى. پاۋۇل . D كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئىزچىل مېنىڭ مەخپىي ھەمراھىم ئىدى. پاۋۇل . D ئاچامنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. كىچىككىمدىن باشلاپلا ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم ئىدى. ئىككىمىز بىرلىكتە دادامنى ساقلايتتۇق. مەن ئاپامنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىنى — ئاچامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن گەرچە ماڭا بەكلا كۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ئىككى ئاكامنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. بۇنى ئۇلارمۇ بىلمىدۇ. ئۇلار ماڭا ئايال پېرىخوننى ئۆلتۈرۈش ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەگەر مەن تەلەپ قىلغان بولسام، ئۇلار ئايال پېرىخوننى قانداق ئۆلتۈرۈشنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغان بولاتتى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشكە تاس قالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بېرىپ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ماڭا جەڭگە قاتناشقىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇلار ئەتراپىدىكى ئەرلەرنى قانچىلىك ئۆلتۈرسىمۇ، ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئاپامنىڭ ئۆز قىزىنى ئۆلتۈرۈشىدە جەزمەن موھىم سەۋەب بولۇشى كېرەك. مەن ئۇزاق

يىللاردىن بېرى ئاپامنىڭ ئۆز قىزىنى ئۆلتۈرۈشكە يەنە بىر قېتىم شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلەرمۇ، دەپ قورقۇپلا يۈردۈم. كىملەرنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەر كېلىشىنى بىلمىسەممۇ، بىراق ئاپامنىڭ ئىلگىرىكى ۋەھشىيلىكىنى قايتا سادىر قىلماسلىقىغا جەزم قىلالمايتتىم. ئۇ ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشىم كېرەك بولسىمۇ، لېكىن بىلىشنى خالىمايتتىم. ئۇ نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەلسە بىز تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ تېشىدىن، ھويلىنىڭ سىرتىدىن كېلەتتى، ھەتتا خالىسا ئۇدۇل ھويلىمىزغا كىرەتتى. شۇڭا، مەن ئۆيدىن ئايرىلمايتتىم. ھويلىنى دائىم كۆزىتىپ تۇراتتىم. بۇنداق بولغاندا ئۇ ئىش قايتا يۈز بەرمەيتتى. ئاپامۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولمايتتى. جونېس خانىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن ئۆزۈم يالغۇز ئايرىلىپ باقمىدىم. بەزى چاغلار بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئىككى قېتىم ئاپام بىلەن بىللە باردىم. بىر قېتىم بېيبىي مومام جان قوزامنىڭ يېنىغا كۆمۈلگەندە باردىم. جان قوزام مېنىڭ ئاچام. يەنە بىر قېتىم ئاپام ئىككىمىز بىلەن بىللە پاۋۇل . D مۇ بار ئىدى. قايتىپ كېلەشىمىزدە (پاۋۇل . D كېلىپلا ئۇنى ئۆيىمىزدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن) ئۆيىمىزدە باشقا بىرى يوق، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى. ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئۇ ئاشۇ يەردە ئىكەن، جان قوزام مېنى ساقلاۋاتقانىكەن. قايتىش سەپىرى ئۇنى ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىپتۇ. مىنۇت ـ سېكۇنت نېرى كەتمەي ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنى قوغداش كېرەك ئىدى. بۇ قېتىم مەن ئاپامنى ئۇنىڭدىن يىراقلىراق قىلالىدىم. بۇنداق قىلىش بەكلا مۇشكۈل بولسىمۇ، مەن شۇنداق قىلالىدىم. پۈتۈنلەي ئۆزۈمگە تاياندىم. قاپقاراڭغۇ بىر جايدا تۇرغانىدىم. ئۇ جايدىن غەلىتە ئاۋاز چىقاتتى. ئۇنىڭ كېيىمىدىن غەلىتە بىر خىل پۇراق كېلەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. بىر قىسىم ئۇششاق ـ چۈششەك

نەرسىلەر بۆلۈكىدە بىزگە قاراپ تۇراتتى، يەنە تېخى بىزگە چېقىلاتتى. خېلىغىچە ئۇ نەرسىلەرنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. نېلسون لورد سەۋەبلىك ئۇلارنى ئەسلىيەلىدىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست يالغانلىقىنى ئاپامدىن سورىدىم، لېكىن ئاپامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم. ئەگەر باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمىسىڭىز، جونېس خانىمنىڭ يېنىغا بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمايتتى. تولىمۇ جىمجىت. بەكلا تاقەتسىزلەنگىنىمدىن، كىشىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسىگە زەن سېلىشىمغا توغرا كەلدى، ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىشكە تىرىشتىم. بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى. مۇشۇ ئالاھىدىلىكىم تۈپەيلى جان قوزام بىلەن بىللە ئوينىيالايتتىم. كارىدوردا، ئېرىق بويلىرىدا، مەخپىي ئالچۇقتا گەپ ـ سۆز قىلىشمايتتۇق. ھازىر ھەممە ئىش ماڭا باغلىنىشلىق بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ماڭا ئىشىنىشى كېرەك. مەن ھېلىقى كۈنى «ئورماندىكى بوش يەر»دە جان قوزام ئاپامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاپامنىڭ بوينىغا سۆيۈۋاتقىنىدا، ئۇنىڭغا ئاپامنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمەسلىك توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويماقچى بولدۇم. ئاپام ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب تېپىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇنى بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇم، قوغدىشىم كېرەك ئىدى.

سىس ھەر ئاخشىمى مېنىڭ بېشىمنى ئۇزەتتى. (تۆۋەندىكىلىرى دەنۋېرنىڭ خىيالى.) خوۋارد بىلەن بوگلار ماڭا ئۇنىڭ چوقۇم شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ماڭا يات ئادەمگە تىكىلگەندەك تىكىلەتتى. كۆزلىرىدە يامان غەرەز يوق ئىدى. ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. قارىماققا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزى ئىزدەۋاتقان ئادەمنى تاپقان، لېكىن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا چىدىماۋاتقاندەك قىلاتتى.

قارىماققا قول سېلىشقا چىدىمايۋاتقاندەك، لېكىن قول سالمىسا بولمايدىغاندەك، قول سالغاندا قىينىلىۋەتمەيدىغاندەك تۇراتتى. بۇ پەقەتلا قولىغا كىرىپ كەتكەن تىكەننى ئېلىۋېتىشكە، كۆزىگە كىرىپ كەتكەن تىكەننى لۆڭگە ئارقىلىق چىقىرىۋېتىشكە ئوخشاش چوڭلارلا قىلالايدىغان ئىش ئىدى. ئاپام بۇگلار بىلەن خوۋاردىنىڭ ياخشى تۇرغان - تۇرمىغانلىقىنى كۆزەتتى، ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ بوينۇمنى ھەرىدىگەندە ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ھەرىدىدى، ئاغرىتمىدى. ھەرىدەپ بولغاندىن كېيىن بىشىم چۈشكەن جايىدا بىرئاز ياتتى، ئاندىن ئۇ بىشىمنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ چېچىمنى تارىدى. مەن يىغلاپ تاشلىماسلىققا شۇنچىلىك تىرىشقان بولسامۇ، بىراق ئۇ چېچىمنى تارىغاندا بەك ئاغرىتىۋەتتى. ئۇ چېچىمنى تاراپ بولۇپ ئۆرۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى. ئۇيقۇم شۇنداق كەلگەن بولسىمۇ، بىرلا ئۇخلاپ قالسام ئويغىنالمايدىغانلىقىم ماڭا ئايان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چېچىمنى ئۆرۈۋاتقاندا ئويغاق تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇخلىيالايتتىم. ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ئۇنىڭ كىرىپ مېنى بوغۇزلىشىنى كۈتۈش بولدى. بۇ ئۆي ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىلكىدىكى ۋاقىتىدا ئۈستىدىكى بىز ئۇخلايدىغان ھۇجرا ئۇلارنىڭ خىزمەتكارىنىڭ ھۇجرىسى ئىكەنتۇق. خىزمەتكارنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدا يەنە بىر ئاشخانىسى بار ئىكەن. بېيبىي مومام كۆچۈپ كېلىپ خىزمەتكارنىڭ ئاشخانىسىنى ئەسۋابلارنى ساقلايدىغان ياغاچ ئۆي قىلىپ ئۆزگەرتىپتۇ. بېيبىي مومام ئارقا ئىشىكتىن كىرىشكە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېتىۋېتىپتۇ. بېيبىي مومام يەنە ئۆزى ياغاچ ئۆي قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن ئۆينىڭ يېنىغا ئامباردىن بىرنى سېپتۇ. بۇنداق بولغاندا 124 - نومۇرلۇق ئۆيگە كىرمەكچى بولسىڭىز، ئاشۇ ئامبارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشىڭىزگە توغرا

كېلىدىكەن. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، مومام كىشىلەرنىڭ ئۇ ئىككى قەۋەتلىك تۇرالغۇنى تاماق ئېتىدىغان لاپاسقا ئۆزگەرتىۋالىدى، دېيىشىگە پەرۋا قىلمىغانىكەن. كىشىلەر مومامغا «پۇزۇر كىيىنگەن خېرىدارلىرىڭىز ئەتراپىي ئوچۇق قويۇلغان، مېۋە شۆپۈكلىرى، ماي دېغى ۋە ئىسقا تولغان بۇنداق كەپىدە ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ» دېگەنىكەن. مومام بۇ گەپكىمۇ ئېرەن قىلماپتۇ. كېچىلىرى مومام ئىككىمىز ئۇ يەردە ناھايىتى بىخەتەر ياتاتتۇق. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ پۇشۇلداپ نەپەسلەنگەن ئاۋازىنىلا ئاڭلايتتىم. بىراق، بەزى كۈندۈزلىرى ئۆزۈمنىڭ نەپەسلىنىۋاتقان ئاۋازىمۇ ياكى يېنىمدا بىرەرسى بارمۇ، بۇنى بىلەلمەيتتىم. ئۆيىمىزدىكى ئىتىمىزنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىۋاتقان قورسىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ نەپەسلىنىشتە مەن بىلەن بەسلىشىۋاتقان ـ بەسلەشمەيۋاتقانلىقىنى كۆزىتەتتىم. مەن نەپەسلەنمەي تۇرىۋالدىم، ئاندىن ئۆزۈمنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ نەپەسلىنىشىگە يېتىشىۋالدىم. نەپەسنىڭ زادى كىمدىن ياكى نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم. مەن ئاڭلاۋاتقان ئۇ ئاۋاز بوتۇلكا ئىچىگە رىتىملىق پۇۋدەۋاتقاندا چىقىدىغان ئاۋازغا ئوخشايتتى. ئۇ ئاۋاز مەندىن چىقىۋاتامدىغاندۇ ياكى خوۋاردىنىمۇ؟ بۇ ئاۋاز زادى كىمدىن چىقىۋاتىدۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىپتىنچ ئىدى. ئۇلارنىڭ گەپ قىلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايتتىم. ئاڭلىيالماسلىقىم بىلەن پەرۋايىم پەلەك ئىدى. چۈنكى تىنچلىق ئىچىدە دادامنى تېخىمۇ ياخشى ئەسلىيەلەيتتىم. مەن بۇرۇندىن تارتىپلا ئۇنىڭ يېنىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئېتى بىرەر پېشكەللىككە يولۇقتى. دەريا سۈيى تېشىپ كەتتى. كېمە چۆكۈپ كەتتى. ئۇ قايتىدىن كېمە ياسىشى كېرەك. ئىشقىلىپ، ئۇ كېلىدىغان بولدى. بۇ بىر مەخپىيەتلىك. ئاپامنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالسامىلا، ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ھەتتا ئۇ

بېشىمنى ئۇزۇپ، چېچىمنى ئۆرۈۋاتقان ئاخشىمىمۇ مەن يەنىلا ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. دادامنىڭ بۇ يەرگە مېنى دەپ كېلىدىغانلىقىنى ئاپامغا بىلدۈرمىدىم. بېيبىي مومامۇ دادامنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە شۇنداق ھېس قىلغان بولسىمۇ، كېيىنىچە بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى. ئەمما، مەن ۋاز كەچمىدىم. ھەتتا بۇگلار ۋە خوۋارد ئىككىسى قېچىپ كەتكەن چاغدىمۇ دادامنىڭ كېلىشىدىن ۋاز كەچمىدىم. ئاندىن پاۋۇل . D پەيدا بولدى. مەن ئاستىنقى قەۋەتتە ئاۋاز چىقمۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئاپامنىڭ كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن دادام قايتىپ كەپتۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۆيىمىزگە بىرەرسىنىڭ كېلىپ باقمىغىنىغا بەك ئۇزاق بولغانىدى. ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ قارىدىم. كەلگىنى پاۋۇل . D ئىكەن. دېمەك، مېنى دەپ ئەمەس، ئاپام ئۈچۈن كەلگەنىدى. شۇنداقلىقى ئىسپاتلىنىشقا باشلىدى. كېيىن ئۇ يەنە ئاچامغا ئېرىشمەكچى بولدى. ئاچام ئۇنى بۇ يەردىن قوغلىۋەتتى. بۇنىڭدىن بەكلا خۇشال بولدۇم. ھازىر بۇ يەردە بىزلا قالدۇق. دادام كېلىپ مېنى ئاپامدىن ۋە بىزنىڭ ھويلىمىزغا كىرىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن قوغدىغۇچە، مەن ئاچامنى قوغدايمەن.

دادام شورپىلىرى ئېقىپ تۇرغان، دۇملەنگەن توخۇ تۇخۇمى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىكەن. بولكىنى تۇخۇم پوشكىلىنىڭ ئارىسىغا يۆگەپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. مومام ماڭا دادام توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. مومامنىڭ دېيىشىچە، دادام پەقەت مىلاد بايرىمىدىلا مومامغا بىر تەخسە تۇخۇم پوشكىلى پىشۇرۇپ بېرەلەيدىكەن. دادام ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن بەكلا خۇش بولغانىكەن. مومام ھەر دائىم دادامدىن تەپ تارتىپ تۇراتتىكەن. دادام بەك ئېسىل كىشى ئىكەن، دادامنىڭ ئېسىللىقى مومامنىڭ ئۇنىڭدىن تەپ تارتىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى ئىكەن. مومام دادامنى ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، دەپ ئويلايتتىكەن. مومام بىلەن دادام

ئەزەلدىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاق تەنلىكلەرمۇ دادامنى ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن. مومام دادامنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپتۇ. دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. ھايۋانلار، سايمانلار، زىرائەتلەر، ئېلىپبە جەدۋىلى قاتارلىق دادام ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر سەۋەبلىك مومام ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىغان بوپتۇ. دادام ھېسابات قىلىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. بۇنى ئۇنىڭغا غوجايىنى ئۆگەتكەن ئىكەن. غوجايىنىنىڭ باشقا يىگىتلەرگىمۇ ئۆگەتكۈسى بار ئىكەنتۇق، بىراق دادامدىن باشقا ھېچكىم ئۆگەنمەپتۇ. باشقا يىگىتلەر «ئۆگەنمەيمىز» دېيىشىپتۇ. سېكسو ھېساب ئۆگەنسە ئىدىيە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئۇنتۇپ كېتىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ، ئەسلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئېسىدە تۇتۇۋالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەپتۇ. دادام بولسا ئەگەر ساناق بىلمىسەڭ، ئۇلار سېنى ئالداپ كېتىدۇ، خەت بىلمىسەڭ بوزەك قىلىدۇ، دەپتۇ. ئۇلارغا بۇ ئىشلار بەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلۇپتۇ. مومام ھېسابات قىلىشنى ۋە خەت يېزىشنى بىلمەيدىكەن. بىراق، دادام شۇلارنى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن مومامنى ئۇلارنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىققانىكەن. مومام كىتابنى پوپلارغا ئوخشاشلا ئوقۇيالايدىغان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولۇشنىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن ئاڭلاش سېزىمىمنى يوقاتقۇچە ئىزچىل ئۆگەندىم. ئۆزۈمنىڭ نەپەسلەنگەن ئاۋازىم بىلەن بىراۋ ئۇستەل ئۇستىدىكى سۇت ئىستاكاننى ئۆرۈۋەتكەندە چىقىدىغان ئاۋازنىلا ئاڭلىيالىدىم. بۇ چاغدا ئۇستەل يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئاپام بۇگلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى. ئاندىن ھېلىقى نەرسە دەزمال سېلىنىپ قاتلانغان بارلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى مالماتاڭ قىلىۋەتتى، ئىككى قولىنى تورتقا تىقىۋەتتى. قارىغاندا مەنلا ئۇ نەرسىنىڭ كىملىكىنى دەرھاللا بىلىۋالغان بىردىنبىر ئۆي ئىگىسى

ئىكەنمەن. ئۇ قايتىپ كەلگەندىمۇ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىۋالدىم، دەرھاللا بىلىۋالالمىساممۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگەندە، بۇ ئىسمىنىڭ ئاپام ئويىمچىغا تېنىنى سېتىش بەدىلىگە قەبرە تېپىشقا ئويدۇرغان ئاشۇ ئىسىم بىلەن ئوخشاشلىقىنى بايقاپلا، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ ئاپامدىن ئاپامنىڭ ھالقىسىنى — مەن بىلمەيدىغان نەرسىنى سوروشتۇرغەن چاغدا بەك خوش بولدۇم: ئاچام ئىككىمىز دادامنى ساقلاۋاتقانىدۇق.

دادام بەك خىسلەتلىك كىشى ئىكەن. ئۇ سىزنى بىر كۆرۈپلا نەرىڭىزنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى دەپ بېرەلەيدىكەن، ئاغرىقىڭىزنى ساقايتىپ قويالايدىكەن. ئۇ بېيىبي مومامغا بىر ئىسلىغۇ ياساپ بېرىپتۇ. مومام ئەتىگىنى ئويغانغاندا ئۇنىڭغا ئىسسىلىپلا ئورنىدىن تۇرالايدىكەن. مومام دائىملا ئاق تەنلىكلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۆزىنى بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئوسال قىلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتىكەن. مومام بالىلىرىنىڭ ئالدىدا يورۇش - تۇرۇشقا، ئىش - ھەرىكەتكە ناھايىتى دىققەت قىلىدىكەن. دادامغا ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ھەربىر ئىشنى بەك مۇكەممەل قىلىدىكەن. مومام «ئوساللاشقىنىمنى بالىلىرىم كۆرسە ئاچچىقى كېلىپ كېتىدۇ» دېگەنىدى. «شېرىن ئۆي»دە ھېچكىممۇ بېيىبي مومامنى ئوسال قىلغۇدەك گەپنى ياكى ئىشنى قىلمىغانىكەن، شۇڭلاشقا دادامۇ ئۇنداق ئىشلارنى كۆرمىگەن ھەم ئاچچىقلىنىپ باقمىغانىكەن. مانا ھازىر مەن باغلىشىمەنكى، دادام بۇ يەرگە كېلىۋاتىدۇ. پاۋۇل . D كېلەلىگەن يەردە، دادامۇ كېلەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ خىسلەتلىك كىشى ئەمەسمۇ. ھەممىمىز بىللە ياشىشىمىز كېرەك: مەن، دادام يەنە جان قوزام. ئاپام بىز بىلەن قالسىمۇ مەيلى، دادم ئاپامنىڭ قېلىشىنى خالىمىسا، ئۇ ھالدا ئاپام پاۋۇل . D نىڭ كەينىدىن كەتسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مېنىڭچە، ئاپامنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە قېلىشىنى دادامنىڭ كۆڭلى كۆتۈرمەيدۇ. چۈنكى ئاپام پاۋۇل . D نى كارىۋىتىغا

چىقاردى. مومامنىڭ دېيىشىچە، ئاپام باشقا ـ باشقا ئەردىن سەككىز بالا تۇغقانلىقى ئۈچۈن، خەقلەر ئۇنى پەس كۆرىدىكەن. ئاق تەنلىكلەرمۇ، قارا تەنلىكلەرمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشى ئۈچۈن ئۇنى پەس كۆرىدىكەن. قۇل دېگەن ئۆزى خالىغانچە ھۇزۇر سۈرمەسلىكى كېرەك. لېكىن، ئۇلار غوجايىنىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن كۆپرەك بالا تۇغۇشى كېرەك ئىكەن. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا خۇشاللىق بولۇشىغىمۇ يول قويۇلمايدىكەن. مومام بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىماسلىقىم كېرەكلىكىنى، مەڭگۈ ئۆزۈمنى ئاسرىشىم ۋە جىسمىمنى سۆيۈشۈم كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى.

موموم ئۆلگەندىن كېيىن مەن ئاشۇ مەخپىي ئالچۇقا باردىم. ئانام مېنى باشقىلارنىڭ ھويلىلىرىغا كىرىشتىن، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تاماق يېيىشتىن چەكلەيتتى. بىز ئۆيدىلا ئولتۇراتتۇق. بۇنداق ياشاش بەكلا مەنىسىز ئىدى. موموم باشتىن ـ ئاياغ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي، ھېچ يەرگە بارماي، كەيپىياتى بەكلا تۆۋەن ھالەتتە ئۆز ھۇجرىسىدا رەڭلەرنى كۆزىتىپ، ئۆزىنىڭ قانداق خاتالاشقىنىنى ئويلاپ ھەسرەتلىنىپ ياتاتتى. شۇڭلاشقا، مەن بېيىبىي مومامنى ئاشۇ قېتىملىق بەزمىدىن ۋە كەلگەن مېھمانلاردىن ناھايىتى خۇش بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مومامنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ۋە ئۆزىنىڭ يەنە قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئويلىنىشى ئەخمىقانىلىك ئىدى. ئاق تەنلىكلەرمۇ كەلدى. ھويلىمىزغا كىردى. موموم ھەممە ئىشنى توغرا قىلغانىدى. بىراق، ئۇلار يەنىلا ھويلىمىزغا كىردى. موموم نېمە ئويلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەي قالدى. مومامنىڭ پەقەت سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىلا قالغانىدى. ئۇلار مومامنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ھەتتا ئىچكى ئۆرۈشمۇ مومامنى چۈچۈتۈپ ئويغىتالمىدى.

موموم ماڭا دادام توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي سۆزلەپ بەرگەنىدى. مومامنى ئازادلىققا چىقىرىش

ئۈچۈن دادام كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك كۈچىنى ساتقانىكەن. تورت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دەزمالىلانغان كىيىملەر قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاچامنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان تىۋىشىنى ئاڭلىغىنىمدىن كېيىن، شۇنداقلا مومام ئۆز كارىۋىتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مومام ئۆزۈم توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. مەن سېھرىي كۈچ ئارقىلىق قوغدالغانىكەنمەن. تۇغۇلغىنىمدىن تارتىپ كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە مەن ھەر دائىم قۇتقۇزۇۋېلىنىشقا نائىل بولۇپ تۇرۇپتىمەن. ئۆيىمىزدىكى ئەرۋاھتىن قورقۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. چۈنكى ئاپام مېنى ئېمىتكەن چاغدا مەن ئۇنىڭ قېنىنى تېتىپ باققان. مومامنىڭ دېيىشىچە، ئاپام نىيىتىدىن يانمىغاچقا، ئۇ ئەرۋاھ ئاپام بىلەنلا ئېيتىشىپتۇ. بىراق، ئەرۋاھ ماڭا مەڭگۈ زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. مەن پەقەت ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلساملا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ زىيادە مۇھەببەتكە ئېھتىياجلىق ياۋۇز ئالۋاستى. ئويلاپ باقسىڭىز، ئەرۋاھنىڭ قىلغانلىرىنىڭ بەكلا تەبىئىي ئىشلار ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. مەن ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. ئىككىمىز بىللە ئوينايمىز. مەن قاچانكى ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولسام، ئۇ شۇ ھامان يېنىمدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ جان قوزام. ئۇ مېنىڭكى.

مەن جان قوزام، ئۇ مېنىڭكى. بۇ باب جان قوزامنىڭ دىل بايانى. گۈل ئۈزۈش توغرىسىدىكى بايانلار قارا تەنلىك قۇللارنىڭ ئافرىقىدىكى تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەيدۇ؛ دوزاخقا مۇناسىۋەتلىك بايانلار قۇللارنى ئامېرىكا قىتئەسىگە توشۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ پاراخوتتا ئۇچرىغان ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. مەن ئۇنىڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن گۈل ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ئۇ ئۈزگەن گۈللىرىنى يۇمىلاق سېۋەتكە سالاتتى يوپۇرماقلار ئۇنىڭغا بېرىلمەيتتى ئۇ سېۋەتنى لىق توشقۇزدى ئوتلارنى يۇلدى مەن ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولدۇم بىراق ھەسەن - ھۈسەن توسۇۋالدى ئۆزۈم كۆرگەن رەسىمنى قانداقمۇ دەپ بېرەلەيمەن مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدىم ھېچقانداق جايدا توختىمىدىم ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن كىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەپسالاتتىم بەك ئىسسىق ئىكەن

ھەممە نەرسە مۇشۇ دەقىقىدە مەڭگۈلۈك مۇشۇ دەقىقىدە تۈگۈلۈۋالمايدىغان ۋاقتىم يوق تۈگۈلۈۋالغان كىشىلەرنى كۆزىتىمەن ھەر دائىم تۈگۈلۈۋالىمەن مېنىڭ يۈزۈمدىكى ئۇ ئەر ئۆلدى ئۇنىڭ يۈزى مېنىڭ يۈزۈم ئەمەس ئۇنىڭ ئاغزى خۇش پۇراق ئەمما كۆزى مەھكەم يۇمۇلغان بەزى كىشىلەر مەينەت ئۆزىنى يېيىشىدۇ مەن يېمەيمەن تېرىسى يوق ئەرلەر (ئاق تەنلىكلەر) سەھەرلىك سۈيدۈكىنى ئىچىشىمىز ئۈچۈن ئېلىپ

كېلىدۇ بىزنىڭ ھېچنېمىمىز يوق ئاخشىمى يۈزۈمدىكى ئاشۇ
ئۆلگەن ئەرنى كۆرەلمەيمەن مەن چوڭ ئەمەس چاشقانچاقلار
بىزنىڭ ئۇخلىشىمىزنى ساقلاپ تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى بىرى
ئۆرۈلمەكچى بولدى بىراق ئۆرۈلگۈدەكمۇ بوشلۇق يوق ئىدى
ئىچىشكە سۇ بار دېيىلسە بىزنىڭ كۆز ياشلىرىمىز بار بىز
ياشمۇ تۆكەلمىدۇق ئەتىگەنلىك سۈيدۈكمۇ چىقارمىدۇق شۇنىڭ
بىلەن تېرىسى يوق ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭكىنى ئېلىپ بىزنىڭ
ئىچىشىمىزگە بەردى بىر قېتىم ئۇلار شۈمشىمىز ئۈچۈن تاتلىق
تاشلارنى ئەكېلىپ بەردى

ھەممىمىز بەدىنىمىزنى كەينىگە تاشلىۋېتىشكە تىرىشاتتۇق
مېنىڭ يۈزۈمدىكى ئەر شۇنداق قىلدى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك
ئۆلۈمگە گىرىپتار قىلىنغىنىڭىز بەكمۇ قىيىن سىز ئازغىنا
ئۇخلىۋېلىپلا قايتىپ كەلدىڭىز دەسلىپىدە بىز قۇسالايتتۇق
ھازىر قۇسمايمىز ھازىر قۇسالمايمىز سىزنىڭ چىشىڭىز
چىقىرايلىقلىقىدىن سەدەپتەك پارقىرايتتى بىرى تىترەۋاتىدۇ مەن
شۇ يەردە تۇرۇپلا ھېس قىلىۋاتىمەن ئۇ تىترەۋاتقان كىچىك
قۇشچىلىك بەدىنىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشماقتا ئۇ تىترەش ئۈچۈن
بوش يەر بولمىغانلىقتىن ئۆلەلمىدى يۈزۈمدە ئۆلگەن ئەر
كىشىنى بىراۋ سۆرەپ كەتتى ئۇنىڭ چىرايلىق ئاقباش
چېكىتلىرىنى ئەسلەيمەن

بىز ھازىر تۇگۈلۈۋالماس بولدۇق بىز ئۆرە تۇرۇۋقلۇق بىراق
مېنىڭ پۈتۈم ئۆلگەن كىشىنىڭ كۆزىدە تۇرغاندەك قىلىدۇ بوش
يەر بولمىغانلىقتىن يىقىلاي دەپمۇ يىقىلىپ چۈشەلمەيمەن
تېرىسى يوق ئەرلەر يۇقىرى ئاۋازدا سۆرەن سالدى مەن ئۆلمىدىم
بولكا دېڭىز سۈيىنىڭ رەڭگىدە ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن
ئۇنى يېگۈدەكمۇ ماغدۇرۇم يوق قۇياش كۆزلىرىمنى يۇمدۇرۇۋەتتى
ئۆلۈشكە قۇربى يېتىدىغانلار بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالدى مەن
ئەر كىشىمنى تاپالماي قالدىم

چىشلىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئاشۇ ئەر بەك ئىسسىق
ئۆلۈكلەر دۆۋىسى بەك ئىسسىق تېرىسى يوق ئەرلەر ئۇلارنى
كالتەك بىلەن ئۇرۇپ - چۆرۈيدۇ ماڭا كېرەكلىك يۈزدەك يۈزى
بار ئايال بار

ئۇ مېنىڭ يۈزۈم ئۇلار بولىكا رەڭلىك دېڭىزغا تاشلاندى ئۇ
قۇلىقىغا ھېچنېمە تاقىمىغان ئەگەر ئۆلگەن ئەرنىڭ چىشى مەندە
بولغان بولسا ئۇنىڭ بوينىدىكى زەنجىرنى چىشلەپ ئۈزۈۋالاتتىم
چىشلەپ ئۈزۈۋالاتتىم مەن ئۇ ئايالنىڭ بوينىدىكى زەنجىرنى
ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن ھازىر تۇغۇلىدىغانغا ۋە
تۇغۇلۇۋالغان باشقا كىشىلەرنى كۆزىتىدىغانغا جاي چىقتى
ھازىرقى تۇغۇلۇش مەڭگۈلۈك

مېنىڭ يۈزۈمدەك يۈزى بار ئايال ھازىر دېڭىزنىڭ ئىچىدە بەك
ئىسسىق

دەسلەپىدە ئۇ ئايالنى كۆرەلەيتتىم بۇلۇتلار يولۇمنى
توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمىدىم دەسلەپىدە
ئۇنى كۆرەلەيتتىم ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى
كۆرەلەيتتىم ئۇ بوينىدىكى زەنجىرنى ياخشى كۆرمەيتتى بۇنى
بىلەتتىم

مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمدىلا ئۇ يولىنى بۇلۇتلارنىڭ
توسۇۋالغانلىقىنى بىلەتتى ئۇنىڭ مېنى كۆرەلمىگەنلىكىگە جەزم
قىلالايمەن ئۇنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدىم ئۇ
كۆزلىرىنى بىكارلىدى ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى ھەربىر جايدىن
كىرىپ ئۇنىڭغا ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بۇلۇتلارنىڭ مېنىڭ
بىلىشىمنى توسۇۋالغىنىنى ئېيتتىم ئۇنىڭغا ھالقىسى كېرەك
ئۇنىڭغا يۇمىلاق سېۋىتى كېرەك ماڭا ئۇنىڭ يۈزى كېرەك بەك
ئىسسىق دەسلەپتە ئەرلەر ئاياللاردىن ئاياللار ئەرلەردىن يىراق
تۇردى كۈچلۈك بوران بىزنى ئۇياقتىن - بۇياققا سۈرۈپ ئەرلەر
بىلەن ئاياللار ئايرىلىشىپ كەتتى شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۇ ئەر

كىشىنىڭ دۈمبىسىدە تۇردۇم بىراق ئۇزاققىچە ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىمدىكى بويىنىنى ۋە كەڭرى مۈرىسىنى كۆرەلمىدىم مەن بەك كىچىك ئۇنىڭ بىر ناخشىسى ئۈچۈن مەن ئۇنى سۆيىمەن ئۇ بەدىنىنى ئۆرۈپ ئۆلگەندە مەن ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان چىشلىرىنى كۆردۈم ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى ئۇ بىر ئايالنىڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن گۈللەرنى ئۈزۈپ يۇمىلاق سېۋەتكە لىق توشقۇزغانلىقىنى ناخشا قىلىپ ئېيتاتتى بۇلۇتلار يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئايال بىزگە يېقىن يەردە تۈگۈلۈۋالغاندى بىراق ئۇ ئەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ يۈزۈم ئۈستىدە ئۆلگەندىلا ئاندىن ئۇ ئايالنى كۆرەلىدىم بىز ئاشۇنداق ئىدۇق ئۇنىڭ ئاغزىدىن نەپەس چىقمايتتى نەپەس چىقىشقا تېگىشلىك يەرلىرىدىن خۇش پۇراق كېلەتتى باشقىلار ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى بىلمىدى مەن بىلدىم ئۇنىڭ ناخشىلىرى كېتىپ قالدى هازىر مەن پەقەت ئۇنىڭ چىرايلىق چىشلىرىنىلا قىزغىن سۆيەلەيمەن

بىراق ئۇ ئايالدىن يەنە ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئەر كىشىم باشتىن - ئاياغ شاۋقۇنلۇق بۇلۇتلارغا ئوخشاش توسۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى ئۇ مېنىڭ يۈزۈمدە ئۆلگەندىلا ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ يۈزىنى كۆرەلىدىم ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەيتتى شۇنداق قىلاتتى ئۇنىڭ چاقناق هالقىسى يوقىلىپ كەتتى تېرىسى يوق ئەرلەر يۇقىرى ئاۋازدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماقتا ئۇ مېنىڭ ئەر كىشىمنى دۆۋىگە قوشمىدى مېنىڭ يۈزۈمدەك يۈزى بار ئايالنى دۆۋىگە قوشمىدى بەلكى ئۇ دۆۋىگە ئۆزى قوشۇلدى دۆۋە يوق بولدى ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەيتتى شۇنداق قىلاتتى بەك ئىسسىق

ئۇلار ئەمدى تۈگۈلمىدى بىز تېخىچە تۈگۈلۈگلۈك ئىدۇق ئۇلار سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرۈشىدۇ ئۇلار دۆۋىنى پارچىلاپ ئىتتىرىشتى مەن چىرايلىق چىشلىرىمنى تاپالمىدىم مەن ماڭا

كۆلمەكچى بولغان قارا رەڭلىك يۈزلەرنى كۆردۈم مېنىڭ قارا يۈزۈم ماڭا كۈلۈمسىرىمەكچى بولدى بوينىمىزغا تۆمۈر زەنجىرلەر سېلىنغانىدى ئۇ ئايالنىڭ قۇلىقىدىكى هالقىسىمۇ يۇملاق سېۋىتىمۇ يوق بولدى مېنىڭ يۈزۈمنى ئېلىپ سۇغا كىرىپ كەتتى

شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا تۇرماقتىمەن باشقىلار ئېلىپ كېتىلدى مەن ئېلىپ كېتىلمىدىم يامغۇردەك لەيلەپ چۈشمەكتىمەن ئۇ ئەرنىڭ يېپىشلىرىگە قارىدىم يامغۇر بىلەن بىللە چۈشۈشنى خالىماي تۈگۈلمەكتىمەن

پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم ئۇ ئەر مېنىڭ ئۇخلايدىغان جايىمنى تۈگەشتۈردى ئۇ قولىنى شۇ يەرگە قوياتتى مەن يېمەكلىكلەرنى يوقىتىپ پارە ـ پارە بولدۇم ئۇلار يۈزۈمنى ئېلىپ كېتىشتى هېچكىم مېنى كېرەك قىلمىدى ئىسمىمنى ماڭا جاكارلاشتى ئۇ ئايال كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا بولغانلىقتىن مەن كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە ساقلىدىم قاراڭغۇ كېچە ئۆتۈپ كېتىپ يەنە كۈندۈز كەلدى كۈندۈز يەنە بىر كۈندۈز كېچە ـ كۈندۈز مەن كۈتتۈم بوينۇمغا تۆمۈر زەنجىر سېلىنمىدى بۇ دەريادا كېمە مېڭىپ باقمىغان تېرىسى يوق ئەرلەر هېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئەركىشىم بۇ دەريادا لەيلەپ يۈرمەيدۇ ئۇنىڭ چىشى كۆك رەڭلىك دېڭىزدا ۋە يۇمران ئوت ـ چۆپلەردە ماڭا كېرەك يۈزمۇ شۇ يەردە ئۇ يۈز ماڭا كۈلۈمسىرەيتتى شۇنداق قىلاتتى كۈندۈزدە مەرۋايىتلار ئۇ ئايال ۋە تاشپاقىلار سۇدا پەيدا بولاتتى كېچىدە مەن ۋارقىراپ ـ جارقىراشقان ۋە قاقاهلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم ئۇ ماڭا تەۋە

ئۇنىڭ قاقاهلاپ كۈلۈشى مېنىڭ كۈلكەم مەن ئۇنىڭ يۈزىنى يەنى ئۆزۈمنىڭ يۈزىنى كۆردۈم دەل مۇشۇ يۈز بىز تۈگۈلۈپ تۇرغان يەردە بىزگە كۈلۈمسىرەيتتى هازىرمۇ شۇنداق قىلىدۇ ئۇنىڭ يۈزى سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالغان بەك ئىسسىق ئۇنىڭ يۈزى

مېنىڭكى ئۇ كۆلۈمسىرىمىدى ئۇ ھازىر چاينىماقتا يۇتماقتا
مەن چوقۇم يۇزۇمگە ئېرىششىم كېرەك مەن كىردىم ئوتلار يۇلۇندى ئۇ يۇلغانىدى مەن سۇنىڭ ئىچىدە ئۇ كېلىدىغان بولدى كۆك سېۋەت يوق ئىدى تۆمۈر ھالقىلار بويۇنلارغا سېلىنمىغانىدى ئۇ ئالماس بار تەرەپكە ئۆزۈپ باردى مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم بىز ھازىر ئۇنىڭ ھالقىسىدىكى ئالماسىنىڭ ئىچىدە يۇزۇم كېلىدىغان بولدى چوقۇم ئۇنىڭغا ئېرىششىم كېرەك مەن بۇ قېتىم بىرىكىپ كېتىش پەيتىنى ئىزدەۋاتىمەن مەن يۇزۇمنى مۇشۇنداق ياخشى كۆرىمەن قارا يۇزۇم ماشا بەكلا يېقىن يەردە بىرىكىپ كەتمەكچىمەن ئۇ ئايال قولىقىمغا پىچىرلىدى بوش ئاۋازدا پىچىرلىدى قولۇمنى سوزۇپ ئۇنى تۇتتۇم ئۇ بىر تەرەپتىن چايناپ بىر تەرەپتىن يۇتۇنغاچ مېنى سىلىدى ئۇ مېنىڭ قوشۇلماقچى بولغىنىمنى بىلدى ئۇ مېنى چايناپ يۇتتى يوق بولدۇم مەن ھازىر ئۇنىڭ يۇزى ئۆزۈمنىڭ يۇزى مەندىن ئايرىلدى ئۆزۈمنىڭ سۇدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆردۇم بەك ئىسسىق تاپىنىمنى كۆردۇم مەن ئۆزۈم تەنھا مېنىڭ ئىككىمىزگە ئايلانغۇم بار مېنىڭ قوشۇلۇپ كەتكۇم بار كۆك رەڭلىك سۇنىڭ يۈزىگە چىقتىم
تاپىنىم مەندىن ئايرىلىپ ئۈزۈپ كەتكەندىن كېيىن سۇ ئۈستىدە لەيلىدىم پۇت تىققۇدەك بىر جايغا موھتاجمەن ئۆلمىدىم ئولتۇردۇم قۇياش كۆزۈمنى يۇمدۇردى كۆزلىرىمنى ئاچقاندا يوقىتىپ قويغان يۈزۈمنى كۆردۇم سېسىنىڭ يۇزى مەندىن ئايرىلىپ كەتكەن ئاشۇ يۈز ئىدى سېس مېنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىمنى كۆردى مەن بولسام كۈلۈمسىرەشنى كۆردۈم ئۇنىڭ تەبەسسۇملۇق يۈزى دەل مېنىڭ قايتىدىغان جايىم ئاخىر كۈلدى بەك ئىسسىق ئەمدى بىرلىشىپ كېتەلەيدىغان بولدۇم

مەن جان قوزام، ئۇ مېنىڭكى. سېس بىز تۇگۇلۇۋېلىشتىن ئىلگىرى كۆپكۆك يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سېرىق گۇللەرنى ئۈزگەن ئايال شۇ. گۇللەر هازىر بىز يېپىنىدىغان يوتقانىنىڭ ئۈستىدە. ئەسلىدە ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرىمەكچى ئىدى، شۇ چاغدا تېرىسى يوق ئەرلەر كېلىپ قالدى. ئۇلار بىزنى ئۆلۈكلەر بىلەن قوشۇپ قۇياش نۇرى ئاستىغا ئېلىپ باردى، ئاندىن قوپاللىق بىلەن ئۆلۈكلەرنى دېڭىزغا تاشلىدى. سېس دېڭىزغا چۈشتى. ئۇ ئېرىپ كەتتى. ئۇلار ئۇنى ئىتتەرمىگەنىدى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن چۈشتى. ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەشكە تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى، بۇ چاغدا ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ دېڭىزغا ئىتتىرىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، مېنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىمۇ دېڭىزغا بىللە چۈشتى. ئۆزۈمنىڭ يۈزىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىمۇ يوق بولدى. سېس مەن كۆۋرۈك ئاستىدىكى ئېقىن سۇدىن تېپىۋالغان، ئاندىن يوقىتىپ قويغان هېلىقى يۈز شۇ. كىرگىنىمدە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ مەن تەرەپكە لەيلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇمۇ مېنىڭ يۈزۈم ئىدى. مەن بىرلىشىپ كەتمەكچى. بىرلىشىپ كېتىشكە تىرىشتىم، ئۇ سۇ ئۈستىدىكى نۇر هالقىلىرى بار جايغا لەيلەپ بېرىپ قالدى. ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلىپ قالدىم. بىراق، ئۇ ماڭا پەس ئاۋازدا ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ ئۆينى تېپىپ بارغىنىمدا، ئۇ شۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇ ئاخىر ماڭا كۈلۈمسىرىيەلىدى. بەك ياخشى بولدى، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم كېرەك. مەن

پەقەتلا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىز تۇغۇلغان جايدىن سۇغا كىرىپ كەتكىنىنى بىلگۈم بار. ئۇ شۇ چاغدا ماڭا كۈلۈمسىرەي دەپ تۇرغانىدى، يەنە نېمە ئۈچۈن سۇغا كىرىپ كېتىدۇ؟ دېڭىزغا چۈشۈپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇۋالاي دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق جايىمدىن مىدىر - سىدىر قىلالمىدىم. ئۇ گۈل ئۈزۈۋاتقاندا ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈم بار ئىدى، قويۇق تۇمان كۆز ئالدىمنى توسۇۋالغاچقا، ئۇنى يوقىتىپ قويدۇم. ئۇنى ئۈچ قېتىم يوقىتىپ قويدۇم. بىرىنچى قېتىمدا، ئۇ گۈل ئۈزۈۋاتقاندا شاۋقۇنلۇق بۇلۇتلار سەۋەبىدىن ئۇنى يوقىتىپ قويدۇم؛ يەنە بىر قېتىم ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرىمەستىن دېڭىزغا سەكرىگەنلىكى ئۈچۈن؛ يەنە بىر قېتىم كۆۋرۈك ئاستىدا مەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئۇ مەن تەرەپكە لەيلەپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق كۈلۈمسىرىمىگەنلىكى ئۈچۈن يوقىتىپ قويدۇم. ئۇ ماڭا كۈسۈرلىغىنىچە مېنى چاينىدى، ئاندىن مەن ئۈزۈپ كەتتىم. ھازىر مەن بۇ ئۆيدىن ئۇنى تاپتىم. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلدى. كۈلگىنى ئۆزۈمنىڭ يۈزى ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ. ئۇ مېنىڭ.

ماڭا راست گەپ قىلىڭ. سىز زادى باشقا جايدىن كەلدىڭىزمۇ يوق؟

شۇنداق. مەن باشقا جايدا تۇراتتىم.

سىز مېنى دەپ كەلدىڭىزمۇ؟

ھەئە.

مېنى ئۇنتۇپ كەتمەپسىز - دە؟

شۇنداق. ئۇنتۇمىدىم.

مېنى ئەزەلدىن ئۇنتۇمىغانمىدىڭىز؟

سىزنىڭ يۈزىڭىز مېنىڭكى.

مېنى كەچۈرەلەمسىز؟ بۇ يەردە تۇرۇپ قالامسىز؟ ئەمدى بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرالايسىز.

تېرىسى يوق ئەرلەر قەيەردە؟

سىرتتا. يىراق جايدا.
ئۇلار كىرەلەمدۇ؟
بىر قېتىم كىرمەكچى بولغاندا ئۇلارنى توسۇۋالدىم. ئۇلار ئەمدى ھەرگىز كەلمەيدۇ.
مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيدە ئۇلارنىڭ بىرسى بار ئىدى، ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى.
ئۇلار ئەمدى ھەرگىز سىزگە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ.
ھالقىڭىزچۇ؟
ئۇلار ئېلىپ كەتتى.
تېرىسى يوق ئەرلەر ئېلىپ كەتتىمۇ؟
شۇنداق.
ئەسلى سىزگە ياردەم قىلماقچى ئىدىم. بۆلۈتلار يولۇمنى توسۇۋالدى.
بۇ يەردە بۆلۈت يوق.
ئەگەر ئۇلار بوينىڭىزغا تۆمۈر زەنجىر سالغان بولسا، مەن ئۇنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتەتتىم.
جان قوزام.
مەن سىزگە بىر يۇمىلاق سېۋەت توقۇپ بېرىمەن.
قايتىم كەلدىڭىز. قايتىپ كەلدىڭىز.
بىز ماڭا كۈلەمدۇق؟
كۈلۈۋاتقىنىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟
يۈزىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن.

بىز ئىلگىرى ئېرىق بويىدا ئوينىغان.
مەن سۇنىڭ ئىچىدە ئىدىم.
ئاشۇ تىمتاس كۈنلەردە بىز بىللە ئوينىغان.
بۆلۈتلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ يولۇمنى توستى.
مەن سىزگە موھتاج بولغاندا، سىز كېلىپ ماڭا ھەمراھ بولدىڭىز.
مەن ئۇنىڭ يۈزىنىڭ كۈلۈمسىرىشىگە موھتاج.
مەن پەقەت نەپەس ئاۋازىنىلا ئاڭلىيالايمەن.
نەپەسلەر يوقالدى. چىشلارلا قېپقالدى.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، سىز ماڭا زىيانكەشلىك قىلمايدىكەنسىز.
ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى.
مەن سىزنى قوغدايمەن.
ماڭا ئۇنىڭ يۈزى كېرەك.
ئۇنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمەڭ.
ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن.
ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئۇ سىزگە چۈش كۆرسىتىدۇ.
ئۇ چايناپ يۇتىدۇ.
ئۇ چىچىڭىزنى ئۆرۈپ قويۇۋاتقاندا ھەرگىز ئۇخلاپ قالماڭ.
ئۇ كۈلكە؛ مەن كۈلگۈچى.
مەن ئۆينى كۆزىتىمەن. ھويلىنى كۆزىتىمەن.
ئۇ مەندىن ئايرىلىپ كەتتى.
دادام بىزنى دەپ بۇ يەرگە كېلىدۇ.
بەك ئىسسىق.

جان قوزام
سىز مېنىڭ ئاچام
سىز مېنىڭ قىزىم
سىز مېنىڭ يۈزۈم؛ سىز مەن
سىزنى قايتا تېپىۋالدىم؛ سىز يېنىمغا قايتىپ كەلدىڭىز
سىز مېنىڭ جان قوزام
سىز مېنىڭ
سىز مېنىڭ
سىز مېنىڭ

مەندە سىزنىڭ سۈتىڭىز بار
مەندە سىزنىڭ كۈلۈمسىرىشىڭىز بار
مەن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمەن

سىز مېنىڭ يۈزۈم؛ مەن سىزنىڭ. نېمىشقا ئەسلىدە سىزنىڭ بولغان مەندىن ئايرىلىپ كېتىسىز
ئەمدى ھەرگىز سىزدىن ئايرىلمايمەن
مەندىن ھەرگىز ئايرىلىپ كەتمەڭ

مەندىن ھەرگىز ئايرىلىپ كەتمەيسىز
سۇغا كىرىپ كەتتىڭىز
مەن سىزنىڭ قېنىڭىزنى ئىچتىم
مەن سىزنىڭ سۈتىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم
سىز كۈلۈشنى ئۇنتۇدىڭىز
سىزنى سۆيىمەن
سىز ماڭا زىيانكەشلىك قىلدىڭىز
يېنىمغا قايتىپ كەلدىڭىز
مەندىن ئايرىلىپ كەتتىڭىز

ئىزچىل سىزنى كۈتتۈم
سىز مېنىڭ
سىز مېنىڭ
سىز مېنىڭ

بۇ كىچىك چىركاۋنىڭ چوڭلۇقى بايلارنىڭ مېھمانخانا ئۆيىچىلىك چىقمايدۇ، ئۇزۇن ئورۇندۇقلىرىنىڭ يۆلەنچۈكى يوق. كىشىلەر بىللە مۇناجات ئېيتىدىغان بولغاچقا، قەسىدىچىلەرگە ئايرىم ئورۇندۇق سەپلەنمىگەن. چىركاۋنىڭ بىر بۆلەك ئەزالىرى پوپنىڭ ئۆزلىرىدىن بىر نەچچە گەز ئېگىز جايدا تۇرۇشى ئۈچۈن پەشتاق ياساشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىراق، بۇ دەرھال قىلىمىسا بولمايدىغان جىددىي ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئاساسلىق قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدىغان، دۈپ ياغىچىدىن ياسالغان ئاق رەڭلىك، بەھەيۋەت كىرىست جاھازىسى تىكلىنىپ بولغان. بۇ جاي «مۇقەددەس قۇتقۇزغۇچى چىركاۋى» بولۇشتىن ئىلگىرى، يان جاھازىلىرى قۇرۇق قالغان، پەقەت ئالدى جاھازىسىغىلا ئۆرنەك تاۋارلار تىزىپ قويۇلغان، دېرىزىلىرىگە قەغەز چاپلانغان مىلىچماللار دۇكىنى ئىدى. چىركاۋ ئەزالىرى دېرىزىلەرنى سىرلىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى پەردە تارتىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندى. مەقسەت قانداق قىلغاندا چىركاۋنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش بىلەن بىللە، چىركاۋنى قۇياش نۇرىنىڭ يورۇتۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. ياز كۈنلىرى ئىشىك ئېچىپ قويۇلسا ھاۋا ئالمىشىۋېرىدۇ، قىش كۈنلىرى كارىدورنى ئىسسىتىش چىركاۋدىكى تۆمۈر مەشكىلا قاراشلىق. چىركاۋنىڭ ئالدىدا سوغۇقتىن دالدا قىلىنىغان كارىدور بار. كىشىلەر دائىم شۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ، بالىلارمۇ بۇ

يەرگە كېلىپ، بېشى شادىغا قىسىلىپ قالغان بالىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. 1 ـ ئاينىڭ شامالسىز، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ بىرى، ئەگەر مەشكە ئوت يېقىلمىسا، سىرتنىڭ چىركاۋدىن ئىسسىق بولۇشى ئېنىق. بىراق، نەم يەر ئاستى ئۆيىنى نىسبەتەن ئىسسىق دېيىشكە بولىدۇ. پەقەت يەر ئاستى ئۆينىڭ پولىغا، يۇز يۇيۇش دېسىغا ۋە ئەرلەر كىيىمىنى ئىلىپ قويىدىغان مىخقا كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىرسىن چىرىغى يەر ئاستى ئۆيىگە نىسبەتەن يوقىنىڭ ھېسابىدىكى نەرسە. شۇنداق بولغانلىقتىن، پاۋۇل . D كارىدور پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ، چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئۆزىنى ئىسسىتماقتا. ئۇ ھاراقنى ئىچىپ ئىسسىدى، كۆزلىرى قىزاردى، قوللىرىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالدى. بۇنداق قىلىش قوللىرىنىڭ تىترەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تۇتۇۋېلىشقا باشقا نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەن تاماكا قۇتىسىدىكى تاماكا تۆكۈلۈپ بولغانىدى.

پاۋۇل . D ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۇ سېكسو بىلەن بىللە ئوتقا سەكرىگەن بولسىمۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلۈشكەن بولاتتى. ئىشقىلىپ، بويسۇندۇرۇلۇش ھامىنى ئۆز بېشىغا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنى خۇشال كۈلكىسى بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟! نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ نېمىشقا ئارقىغا سۈرىدۇ؟ ئۇ ئاكىسىنى يانچۇقىغا توخۇ كاۋىپى سېلىۋالغان، كۆزلىرى ياشلانغان، ھارۋىدا خوش دەپ قول پۇلاڭلاتقان ھالەتتە كۆرگەن. دادىسى، ئاپىسى، يەنە بىرسى... ئۇنىڭ كىملىكى ئېسىدە يوق، يەنە بىرسىنى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان. پاۋۇل . D ئانا بىر ئاتا باشقا بولغان ئۈچ ئاكا ـ ئىنىسىنىڭ ئەڭ كىچىكى. ئۇلار گارنېرنىڭ «شېرىن ئۆي»گە سېتىلىپ، ئۇ يەردىن يىگىرمە

يىلغىچە بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ باقمىغان. بىر قېتىم ئۇ مارىلەندتە بىر ــ بىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقىنىغا يۈز يىل بولغان تۆت ئائىلىلىك نىگىر قۇللارنى ئۇچراتقان، ئۇلۇغ بوۋىسى، تاغىسى، نەۋرە ئىنىسى، نەۋرە سىڭلىسى، بالىسى قاتارلىقلار بىللە ياشايدىكەن. ئۇلاردىن ئاق تەنلىكلىشىپ كەتكەنلەر، ئارغۇنلار، پۈتۈنلەي قارا تەنلىك ھالىتىدىكىلەر، ئىندىيانلار بىلەن نەسەبى ئارىلىشىپ كەتكەنلەر بار ئىكەن. پاۋۇل . D ئۇلارغا ھۆرمەت ئىسلىكىدە ۋە ھەسسىتى كەلگەن ھالدا قاراپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھەربىر قېتىم قارا تەنلىكلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىنى ئۇچراتقاندا، ھەر قېتىم ئۇلارنى ئۆزلىرىنى بىر ــ بىرلەپ تونۇشتۇرۇشقا، ئۆزئارا قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتىشقا، كىم كىمنىڭ نېمىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇرلىغانىدى.

—— ئاۋۇ ياقتىكىسى مېنىڭ ھامىمام. ماۋۇ ئۇنىڭ ئوغلى. ئاۋۇ تەرەپتىكىسى دادامنىڭ نەۋرە ئىنىسى. ئاپام ئىككى قېتىم توي قىلغان، بۇ مېنىڭ ئانا بىر ئاتا باشقا ئاچام، ئاۋۇ ئىككىسى ئۇنىڭ بالىلىرى. ئەمدى، خوتۇنۇمغا كەلدى...

بۇنىڭدەك ئائىلىلەر ئەزەلدىن ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ باقمىغان. ئۇ «شېرىن ئۆي»گە كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئەسلەپمۇ باقمىدى. پاۋۇل . D نىڭ ئىككى ئاكىسى، ئىككى دوستى بار. دوستلىرىنىڭ بىرى ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان بېيبىي ساگىس، يەنە بىرى ئۇلارغا مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالىدىغان غوجايىن. يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۇلار بېيبىي ساگىس بۇ يەردىن كەتكۈچە، سىپس بۇ يەردە پەيدا بولۇپ، خاللى سىپسقا ئېرىشكۈچە ئىزچىل ھالدا ئاشۇ بۆشۈكتە ياشىدى. خاللى سىپسقا ئۆيلەندى. سىپكسومۇ پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» بىلەن توي قىلىشىنىڭ كويىدا ئىدى. پاۋۇل . D ئاكىسى بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ خوشلاشقاندا، غوجايىن ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى، ئايال

غوجايىنىڭمۇ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان، بۆشۈك ئاللىقاچان ۋەيران بولغانىدى. سىكسوننىڭ دېيىشىچە، گارنېر خانىمنى دوختۇر كېسەل قىلىپ قويغانمىش. دوختۇر پۇتى سۇنۇپ كەتسىمۇ، بىر پاي ئوق بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىشنى خالىمىغان ئاتلارغا ئەملىگەن نەرسىنى گارنېر خانىمغا ئەملىگەنمىش. ئەگەر «مۇئەللىم»نىڭ يېڭى بەلگىلىمىسى بولمىغان بولسا، سىكسو بۇ ئىشنى گارنېر خانىمغا ئېيتاتتىكەن. كۆپچىلىك سىكسونى بىر هازا مازاق قىلىشتى. سىكسوننىڭ هەربىر ئىش توغرۇلۇق چۈشەنچە ۋە هېكايىلىرى بار. ئۇ گارنېر ئەپەندىنىڭ شامال دارىپ قېلىش سەۋەبىدىنمۇ خەۋەردار. ئۇنىڭ دېيىشىچە، گارنېر ئەپەندىنىڭ كېسىلى هەسەتخور قوشنىسىنىڭ تاپانچا بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇرغانلىق سەۋەبىدىن بولغانمىش.

— قان نەدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇنىڭدىن.

قان يوق. گارنېر ئەپەندى ئۆيىگە قايتقاندا چىلىقلاپ تەرلىگىنىچە ئېتىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قالغان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، بىر تېمىمۇ قان يوق ئىدى. سىكسو غودۇڭشىدى. سىكسو گارنېر ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئانچە ئازابلىنىپ كەتمىگەن بىردىنبىر شەخس ئىدى. بىراق، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئازابنى تېتىشقا باشلىدى. هەممىسى شۇنداق بولدى.

— گارنېر خانىم نېمە ئۈچۈن ئۇنى چاقىرىپ ئەكېلىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن «مۇئەللىم»گە ئېهتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ؟ — دەپ سورىدى پاۋۇل . D.

— ئۇنىڭغا هېسابات قىلىشنى بىلىدىغان بىرسى كېرەك، — دېدى خاللى.

— سەن هېساباتنى بىلەمسەن؟

— بۇ ئوخشىمايدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، بۇرادەر، — دېدى سىكسو، — گارنېر خانىم يېنىدا يەنە بىر ئاق تەنلىكنىڭ بولۇشىغا موهتاج.

— نېمە ئۈچۈن؟
— سەنچىچۇ؟ سەنچە نېمە ئۈچۈن؟
ئىشقىلىپ شۇنداق. ھېچكىممۇ گارنېر ئەپەندىنىڭ ئۆلۈشىنى ئويلاپ باقمىغان، ھېچكىممۇ شۇنداق مۇمكىنچىلىكىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان. بۇ زادى قانداق ئىش؟ ھەممە ئىش گارنېر ھايات ۋاقتىدىكى ئىشلار ئاساسىغا قۇرۇلدى. گارنېر بولمىسا ئۆلارنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. بۇ قۇلدارلىق تۈزۈمى بولمىسا، ئۇنداقتا نېمە؟ پاۋۇل . D ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۈچتۈڭگۈر، ئەڭ ئېگىز، ئەڭ قاۋۇل ۋاقتىدا ئۆلار ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى — بارلىقىنى تارتىۋالدى. ئاۋۋال قولىدىكى مىلتىقىنى، ئاندىن ئىدىيەسىنى تارتىۋالدى. چۈنكى، «مۇئەللىم» قارا تەنلىكلەرنىڭ خاھىشىنى ئېتىبارغا ئالمايتتى. «مۇئەللىم» ئۆلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنى «ئېغىز غېرىچلاش» دەپ ئاتايتتى. ئاجايىپ - غارايىپ جازا قانۇنلىرىنى تۈزۈپ (بۇ خاتىرىلەر ئۇنىڭ خاتىرىسىگىمۇ خاتىرىلەنگەنىدى)، ئۆلارغا قايتا تەربىيە ئېلىپ باراتتى. «مۇئەللىم» ئۆلارنىڭ كۆپ يەپ، كۆپ دەم ئېلىپ، كۆپ گەپ قىلىشىنى ئەيىبلەيتتى. «مۇئەللىم» بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆلار ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىدى. «مۇئەللىم» ئاز تاماق يەيتتى، ئاز گەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پەقەتلا ئارام ئالمايتتى. بىر كۈنى ئۆلار قارغا ئېلىش ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. «مۇئەللىم» بۇنى كۆرۈپ چىرايىدا شۇنداق غەزەپلىك ھالەت پەيدا بولدىكى، بۇنىڭدىن پاۋۇل . D كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ كەتتى. «مۇئەللىم» ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ قاتتىق قول ئىدى. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا جازا قانۇنى يۈرگۈزمەيتتى، خالاس.
كۆپ يىللاردىن بېرى پاۋۇل . D شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، «مۇئەللىم» گارنېر ئەپەندى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئەركەكلەرنى ئۆلارنىڭ بالىلىق ھالىتىگە قايتۇرۇۋەتتى. ئۆلار دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بىر - بىرلەپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىپ

كېتىشتى. ئەمدىلىكتە پاۋۇل . D نى تاماكا قۇتىسىنىڭ ئىچىدىكى نەرسە قىينىماقتا. ئۇ «مۇئەللىم» كېلىشتىن ئىلگىرىكى كۈنلەر بىلەن كەلگەندىن كېيىنكى كۈنلەر ئارىسىدا زادى قانچىلىك پەرق بارلىقى توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلىدى. گارنېر ئەپەندى ئۇلارنى ئەركەكلەر دەپ ئېلان قىلغان ۋە شۇنداق ئاتىغانىدى. لېكىن، ئۇلار «شېرىن ئۆي»دىلا ۋە گارنېر ئەپەندىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئەركەك ئاتالدى. گارنېر ئەپەندى ئۆزى كۆرگەن رېئاللىق سەۋەبلىك ئۇلارنى شۇنداق ئاتىغان بولغىيمىدى ياكى شۇنداق ئاتاشنى يالغاندىن توقۇپ چىققان بولغىيمىدى؟ مانا بۇ سىكسو بىلەن خاللىنىڭ گۇمانى ئىدى. گارنېر ئەركەكلەر دېسۇن - دېمىسۇن، ئۇ ئىككىيلەننىڭ ھەقىقىي ئەركەك ئىكەنلىكى پاۋۇل . D غا بەكمۇ ئايان ئىدى. بىراق، ئۇنى بىئارام قىلىدىغىنى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركەكلىكى توغرۇلۇق ئويلىغىنىدا، ئۆزىدىن پەقەتلا رازى بولمايتتى. ھە، توغرا، ئۇ ئەركەكلەرچە ئىش قىلىپ باققان. ئۇنىڭ شۇ ئەركەكلىكى گارنېرنىڭ ئىلتىپاتى سەۋەبىدىن بولغانمىدۇ ياكى ئۆز خاھىشى بويىچىمۇ؟ ئۇ «شېرىن ئۆي»گە كېلىشتىن ئىلگىرى ئەگەر گارنېر ئەپەندى بولمىغان بولسا نېمە كۈنلەرنى كۆرەر بولغىيتتى؟ ئەگەر سىكسونىڭ يۇرتىدا ياشىغان بولسا ياكى ئاپىسىنىڭ يېنىدا تۇرىۋەرگەن بولسا قانداق بولار بولغىيتتى؟ ياكى بولمىسا كېمىگە چىققان بولسىچۇ؟ بىر ئاق تەنلىكنىڭ سۆزى سەۋەبلىك تەقدىرى پۈتۈنلۈۋېتەرمىدى؟ ياكى گارنېر بىر كۈنى ئەتىگىنى ئويغىنىپ، ئۇنىڭ تۇتقان يولىنى ئۆزگەرتكەن بولسىچۇ؟ ئىلگىرىكى گېپىدىن يېنىۋالسا، ئۇلار يەنە قېچىپ كېتەرمىدى؟ ئەگەر سۆزىدىن يېنىۋالمىسا، پاۋۇل . D لار شۇ يەردە بىر ئۆمۈر ياشارمىدى؟ ئاكا - ئىنى نېمە ئۈچۈن سىكسو بىلەن بىللە قېچىش - قاچماسلىق توغرۇلۇق پۈتۈن بىر كېچە قارار چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ بىر چىرايلىق يالغان گەپكە

ئەسىر بولۇپ ياشىغانلىقىدىن بولدى. بېيىبي ساگىسىنىڭ «شېرىن ئۆي»گە كېلىشتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنى ئۇلارنىڭ كاج تەلىيى سەۋەبىدىن كۆرۈپ، هازىرقى هاياتىنى شۇ هاياتىدىن مىڭ ئەۋزەل كۆرگەنلىكىدىن، سېكسونىڭ ئەخمەقلەرچە هېكايىلىرى سەۋەبلىك ئېلىشىپ كەتكەنلىكىدىن، قوغدىلىش ئاستىدا ئۆزىنى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە دەپ قارىغانلىقىدىن بولدى. جورجىيەنىڭ ئالفېرد رايونىدىكى هاياتى توغرۇلۇق ئۇنىڭدا يۇقىرىقىدەك سوئاللار تۇغۇلۇپ باقمىغانىدى.

جورجىيەنىڭ ئالفېرد رايونىدا بىر تۇپ ئاق تېرەك بار. ئۇنىڭ كىچىكلىكىدىن ئۇنى دەرەخ دەپ ئاتىغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئاق تېرەكنىڭ ئۇنىڭ بىلىگىمۇ كەلمەيدىغان بىرلا يۇمران شېخى بار. بۇ شاخنى كىمشىلەر سۇندۇرۇپ ئېتىنى قامچىلاشقا ئىشلىتىدۇ. قاتىللىق ناخشىسى ۋە ئاق تېرەك. پاۋۇل . D قاتىللىق ناخشىسىنى ئېيتىپ، بىر تۇپ ئاق تېرەكنىڭ گۇۋاهچى بولۇشى ئۈچۈن ياشىماقتا. تاكى يامغۇر ياغقۇچە شۇنداق بولدى. كېيىن چېركىيلا ئۇنىڭغا يولنى دەپ بەردى، ئۇنى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈلزارلىقتىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇمۇ يولنى ئاۋۇتۇشىلا ئويلاپ، توختىماستىن ماڭاتتى. ئەتىسى يەنە باشقا بىر جايغا بېرىپ قالاتتى. ئاندىن ئۆزىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانسىز تۇرمۇشقا بەخشەندە قىلاتتى. ئۇ تاكى سېسىنى تاپقۇچە شۇنداق قىلدى.

كېيىن هېلىقى ئايال ئۇنى قوغلىۋەتتى. ئەندىشە، ئۆچمەنلىك ۋە جاۋابى تېپىلمايدىغان سوئاللار توزغاقتەك توزىغان، ئۆزىنىڭ ياشاپ كېتىدىغانلىقىغا قەلبىدە تولۇق ئىشەنچ پەيدا بولغان بىر دەقىقىدە، قېپقالغۇسى بار جايدىن پاۋۇل . D نى قوغلىۋەتتى. ئۇنى لاتا قونچاقنى سۆر ـ توقاي قىلغاندەك ئۆيدىن ـ ئۆيگە قوغلىدى.

چېركاۋ كارىدورىنىڭ پەشتىقىدا هاراق ئىچىپ ئولتۇرغان پاۋۇل . D يۇقىرىقىدەك خىياللارنى قىلىپ چىقتى. كېيىن

«ئۇنداق بولغان بولسا، بۇنداق بولغان بولسا» دېگەن خىياللارغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ خىياللىرى ساپلا ئەر كىشىگە خاس بولمىغان بولار ـ بولماس خىياللار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككى تىزى ئارىسىدىكى بېغىشلىرىنى مەھكەم قىستى. پاۋۇل . D ھېلىقى ئايالنىڭ تۇرمۇشىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ۋە ئۇنىڭمۇ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ قالالمىغانىدى. پۈتۈن ـــ سۆرۈك بىر ئايال بىلەن كېيىنكى ئۆمرىنى بىللە ئۆتكۈزمەكچى بولۇش ھەقىقەتەن بىر يېڭىلىق ئىش. بۇ خىل ھېسسىياتتىن مەھرۇم قېلىش ئۇنىڭغا يىغا ئۇلاشتۇرىۋەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىغا تايىنى يوق، ئەخمىقانە خىياللارنى كەلتۈردى. ئۇ ھەر جايدا سەرگەردان بولۇپ، بىر ۋاق غىزاغا ۋە بىردەملىك ئۇيقۇغا زار بولۇپ يۈرگەندە، بارلىقىنى مەيدىسىگە تۈگۈپ يۈرگىنىمدە ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئەسلا ھېس قىلمىغان، ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشمەيۋاتقىنىنى تونۇپ يەتمىگەنىدى. ئىشلىرىدا ئازراقلا ئۆزگىرىشنى سەزسە شۇنى غەلىبە ھېسابلايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ زادى قايسى ئەزاسىدىن مەسىلە چىققانلىقى توغرۇلۇق ئويلانمىدى. ئاشۇ پىلان باشلانغاندا ھەممە ئىش غەلىبە بىلىنەتتى. بۇمۇ بىر ياخشى پىلان ئىدى. ئەمدىلىكتە پاۋۇل . D ھەربىر قەدەمنى توغرا بېسىشقا تىرىشتى. خاتالىق چىقىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھەرقانداق ئىشتا ھوشيار تۇردى.

سېكسو ئاتنى باغلاپ قويۇپ يەنە ئىنگلىزچە سۆزلەشكە چۈشتى. ئۇ «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خاللىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ قىز تۇرغان جايدىكى يەتتە قارا تەنلىك باشقا ئىككى كىشىگە ئەگىشىپ شىمالغا بارماقچى ئىكەن. قوناقلار ئېگىز ئۆسكەن چاغدا قوناقلىقتا ئۇلارنى ساقلايدىكەن. بىر كېچە بىر كۈندۈز ساقلاپ، ئۇلار كەلگەندە ھارۋا ئەترىتىدىكىلەرگە ئۇچراشتۇرۇپ قويىدىكەن. سېكسو ۋە ئۇنىڭ لايىقى، خاللى ۋە ئۇنىڭ

ئائىلىسىدىكى بارلىق كىشىلەر شۇ يەرگە بېرىشقا پۈتۈشتى. ئىككى پاۋۇل قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئويلىنىۋېلىشقا ۋاقىت بېرىشنى ئېيتتى. نەگە بارىدۇ؛ قانداق كۈن ئالىدۇ؛ قايسى ئائىلە ئۇلارنى ئېلىپ قالىدۇ؛ ئۇلار بېرىپ پاۋۇل . F نى ئىزدىشى كېرەكمۇ؟ بۇلارنى ئويلىشىۋالمىسا بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، پاۋۇل . D نىڭ غوجايىنى «ئىز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايدا تۇراتتى. ئۇلار ساق بىر كېچە مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن قارار چىقاردى.

ئۇلار باھار چىقىپ كەتكۈچە ساقلىشى، قوناقلارنىڭ ئېگىز ئۆسۈشىنى ۋە ئاينىڭ تولۇشىنى كۈتۈشى كېرەك ئىدى.

يەنە بىر پىلان بار. ئىشنى ياخشى باشلاش ئۈچۈن كېچىسى يولغا چىقىش كېرەكمۇ ياكى يولنى پەرق ئېتىپ مېڭىش ئۈچۈن تاڭ يورۇغاندا يولغا چىقىش كېرەكمۇ؟ سىكسو كېيىنكى پىلاندىن ۋاز كەچتى. كېچىدە ماڭسا تېخىمۇ بىخەتەر بولىدۇ. سىكسو ئۇلارنىڭ قورقىدىغانلىقىنى سورىمىدى. سىكسو كېچىدە قوناقلىققا بېرىپ بىرنەچچە قېتىم بېرىپ كۆرۈپ باقتى، بىرنەچچە ئەدىيال بىلەن ئىككى پىچاقنى ئۆستەڭ بويىغا يوشۇرۇپ قويدى. «سىز ئۆستەڭدىن ئۈزۈپ ئۆتەلەرمۇ؟» دەپ سورىدى ئۇلار ئۇنىڭدىن. «قوناق ئېگىزلەپ كەتكەندە ئۆستەڭ قۇرۇپ كېتىدۇ» دېدى ئۇ. سىز مېڭىشتىن ئىلگىرى بىر قۇتا ھەسەل ياكى شېكەر قىيامىدەك بىر نەرسە تەييارلىۋالماقچى بولدى. يەنە بىرئاز بولكىمۇ بار ئىدى.

ئۇلار «مۇئەللىم»نى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. ئۇلارنىڭ قانداق چاغدا قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى، گارنېر خانىمنىڭ كېچىدە ئۇيقۇسى قېچىپ ئويغىنىپ كېتىدىغان ـ كەتمەيدىغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆزەتتى. بەزى كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار ۋە «مۇئەللىم» ناشتىغىچە ئۆگىنىش قىلىدۇ. ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ناشتىمۇ قىلماستىن، ئون ئىنگلىز مىل يولنى بېسىپ چېركاۋغا بارىدۇ. قايتىشىدا ئۇلارنى

ئېسىل تاماق كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. «مۇئەللىم» ھەر ئاخشىمى خاتىرىسىگە بىر نېمىلەرنى يازىدۇ، ئوقۇغۇچىلار كىر يۇيۇش، رېمونتچىلىق قىلىش ياكى ئۇسكۇنىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىدۇ. سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشى بەكلا تۇراقسىز. گارنېر خانىم كېچىنىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا، ئاغرىقى بەك كۈچىيىپ كەتكەندە، ئاجىزلىشىپ كەتكەندە ياكى يېتىمسىرىغاندا ئۇنى چاقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، سىكسو ۋە ئاكا ـ ئۇكا پاۋۇللار كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز»نى ساقلىماقچى بولۇشتى. خاللى تاڭ سەھەردە سىس ۋە ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ كۆن چىقىشتىن، موردىن ئىس كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۆستەڭ بويىدا ياكى شۇنىڭغا يېقىن يەردە ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندىلا، گارنېر خانىم سىسنى كېچىدە چاقىرىپ قالسا، سىس ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالايتتى.

سىس كۈتۈلمىگەندە ئىغىرئاياغ بولۇپ قالدى. 8 ـ ئايغىچە قورساقتىكى بالا يوغىناپ، ئۇنىڭ بەدىنى كېلەڭسىزلىشىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ ئەرلەرگە يېتىشىپ ماڭالمايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇلار بالىلارنى يۈدۈۋالغان بىلەن، سىسنى يۈدۈۋالالمايدۇ ـ دە.

بىراق، گارنېر ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن ئازار يېگەن قوشنىلارنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، شېرىن ئۆيىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ قالسا، بۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ پىلانى دەخلىگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

سىسنىڭ بالىلىرى ئاز ـ تولا چوڭ بولۇۋالسا، سىسنىڭ يېنىدا ــ ئاشخانىدا ئوينىمايدۇ. بۇ ھالدا سىس ئاشخانا بىلەن بالىلىرى ئويناۋاتقان جاينىڭ ئارىسىدا تولا قاتراپ، ھارغىن ۋە قايغۇلۇق ھالدا بالىلىرىغا نەزەر تاشلىشى مۇمكىن. ئۇلار بەكلا كىچىك، ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلالمايدۇ. كىچىك قىزى تېخى ئەمدى توققۇز ئايلىق بولدى. گارنېر خانىم ياردەم

قىلمىسا، «مۇئەللىم» ئۇنىڭغا يەنە ئىش يۈكلەپ، خىزمەت بېسىمىنى ئاشۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

ئاشۇ قېتىمقى چوشقا كۆچۈكى ۋەقەسىدىن كېيىن سىپكسو كېچىلىرى ئات ئېغىلىنىڭ بادرىسىغا باغلاپ قويۇلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەخلەت ساندۇقى، ئېغىل، ياغاچ كەپە، توخۇ كاتىكى، يېمەكلىك جاھازىسى ۋە ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئىشىكلىرىگىمۇ قۇلۇپ سېلىنىدىغان بولدى. پاناھلىنىدىغان، يېغىلىدىغان جايلار قالمىدى. سىپكسو ئاغزىغا تۇمۇر سېلىۋېلىپ، پەيتى كەلگەندە ئۇ ئارقىلىق ئۆزى باغلانغان ئارغامچىنى كەسمەكچى بولدى.

بىراق، خاللى «شېرىن ئۆي»دە نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭ «مۇئەللىم» كۆرسىتىپ بەرگەن يەرلەردىن باشقا ھەرقانداق يەردە ئىشلىشىگە يول قويۇلمايدىغان بولدى. ھەر كېچىسى چىقىپ كېتىپ لايىقى بىلەن كۆرۈشىدىغان سىپكسو، كۆپ يىللاردىن بېرى سىرتتا ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان خاللى «شېرىن ئۆي»نىڭ سىرتىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى، «شېرىن ئۆي» دىن قانداق چىقىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمدىلەتىن بىلىشكە باشلىغانىدى.

بۇ بىر ياخشى پىلان. بۇ پىلان سەزگۈر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىشقا ئاشىدۇ.

بىراق، ئۇلار پىلانغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىسە بولمايتتى. ئۇلار ئاۋۋال يولغا چىقىش پىلانىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار خاللىنىڭ ئۆزگە يول باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. سىپكسو بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاتلارنى چۆچۈتۈۋەتمەستىن ئىشىكىنى ئېچىشنى، كېيىنرەك يولغا چىقىپ، «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئېلىپ ئېرىق بويىدا كۆپچىلىك بىلەن ئۇچرىشىشنى پىلانلىدى. تۆتەيلەننىڭ ھەممىسى ئۇدۇل قوناقلىق تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. سېس بىلەن خاللى كۆپرەك ۋاقىتقا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، تاڭ يورۇشىنى كۈتمەستىنلا

باللىرنى ئېلىپ يولغا چىقىشنى، ئۇدۇل ئۆستەڭ بويىغا ئەمەس، قوناقلىققا يوگورەشنى قارار قىلدى. قوناقلار ئۇلارنىڭ موررىسىنىڭ ئېگىزلىكىدە ئۆسكەن، ئاي تولغانىدى. ئۇلار دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئورما ئوراتتى، ئوتون ياراتتى، يەر تېرىيتتى، گول ئۈزەتتى، يوك كۆتۈرەتتى. قولاقلىرىنى سوزوشوپ قوشتىنمو، يىلاندىنمو چىقمايدىغان «غارت ـ غارت» قىلغان ئاۋازنى كوتەتتى. ئاقىۋەتتە، ئۇلار كونلەرنىڭ بىرىدە ئاخىر ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى. خاللى بونى ئاڭلاپ باشقىلارغا يەتكوزدى: «هوش...هوش... بىرسى مىنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىۋاتىدو. ئاھ، خودا، چاتاق بولدى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟!»

خاللى چوشلوك ئارام ئېلىش ۋاقتىدا ئېتىزلىقتىن ئايرىلدى. ئۇ سىسقا چوقوم مەخپىي بەلگىنى ئاڭلىغانلىقىنى يەتكوزوشى كېرەك. سىس ئۇدا ئىككى كىچە گارنىر خانىمغا هەمراھ بولدى. ئۇ ئەمدىكى كېچىدە ئونىڭغا هەمراھ بولالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدو. خاللى بو ئىشنى سىسقا بىلدوروپ، خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. پاۋول ئاكا ـ ئۇكىلار خاللىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇلار «قىرىنداش دەرەخ» نىڭ سايىسىدە قوناق بولكىسى يېگەچ، خاللىنىڭ ئۆزى يالغوز مېڭىشىغا قاراپ توردى. بولكا بەك تەمسىز ئىدى. ئۇلار لەۋلىرىگە سىرغىپ چوشكەن تەرلىرىنى يالاپ، بولكىنىڭ توزىنى ئازراق بولسىمو تەڭشەشكە تىرىشتى. «موئەللىم» ئوقوغوچىلار بىلەن بىللە ئۆيىدە چوشلوك تاماق يەۋاتاتتى. خاللى ئۆزى يالغوز ماڭماقتا. ئۇ بو نۆۋەت ناخشا ئېيتمىدى.

نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئىنىس ـ جىن بىلمەيدو. ئۇلار پەقەت سوت قوچوش ماشىنىسى توغرىسىدىكى ئىشتىنلا خەۋەردار. ئو باشقىلارنىڭ خاللىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆروشى ئىدى. پاۋول. D پەقەت خاللىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىنىلا بىلىدو. ئو بو توغرولوق سىسقا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئارقىدىنلا ئو خاللىنىڭ قايماقلار ئارىسىدا تىزلىنىپ ئولتورغىنىنى كۆردى.

بەلكىم خاللى دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ سېپسنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغاندا، «مۇئەللىم» ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى جىددىيلىكنى نورمالسىز ھېس قىلىپ، ھەر زامان بەتلەكلىك تۇرغان مىلتىقىنى قولىغا ئالغان بولۇشى ياكى ئۇنىڭ سېپسنى «خوتۇنۇم» دېيىشى «مۇئەللىم»نىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. سېپس تاپانچا ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى، بىراق ئۇ كۈنى خاللى ئۆلتۈرۈلمىدى، زەخىمگىمۇ ئۇچرىمىدى. چۈنكى پاۋۇل . D سېپس ئۆزى يالغۇز قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، قېچىپ كەتكىنىدىن كېيىن خاللىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە قايماق سۈركەلگەن، ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. بەلكىم «مۇئەللىم» ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق چىقىرىپ، ئۇنىڭ قائىدىگە خىلاپ ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم خاللى ئېغىلغا كىرىپ مۆكۈۋالغان، كېيىن ئېغىلدىكى ھايۋانلار بىلەن بىر قاتاردا سولىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، ھەرقانداق بىر ئىش يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. خاللى يوقىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئادەم ئۆزىگە تايىنىدىغان بولدى.

پاۋۇل . A چۈشلۈك تاماقتىن ياغاچ يۆتكىدى. ئۇلار ئەسلىدە كەچلىك تاماق ۋاقتىدا تۇرالغۇدا كۆرۈشمەكچى بولغانىدى. لېكىن، ئۇ غايىب بولدى. پاۋۇل . D تۇرالغۇدىن دەل ۋاقتىدا ئايرىلىپ، پاۋۇل . A نىڭ ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ بولغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ھالدا ئۆستەڭ بويىغا يۈگۈردى. «مۇئەللىم» نىڭ بىرنېمىنى بايقاپ قالغان بولۇشى چوقۇم. پاۋۇل . D ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ بارغاندا، سېكسو ئىلگىرى ئېيتقاندەك، ئۆستەڭدە سۇ يوق ئىدى. پاۋۇل. D شۇ جايدا «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» بىلەن بىللە سېكسو ۋە پاۋۇل . A نىڭ كېلىشىنى ساقلىدى. پاۋۇل . A كېلەلمىدى. سېكسو بېغىشلىرىدىن قان ئاققان، لەۋلىرىنى يالىغان ھالدا كەلگەنىدى.

— پاۋۇل · A نى كۆردۈڭمۇ؟
— ياق.
— خالىسىنچۇ؟
— ياق.
— ئۇلاردىن بىرەر شەپە بارمۇ؟
— يوق. تۇرالغۇدا بالىلاردىن باشقا ھېچكىم يوق.
— سېسچۇ؟
— ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇخلاۋاتقان. ئۇ چوقۇم ئاشۇ يەردە.
— پاۋۇل · A بولمىسا مەن ماڭالمايمەن.
— مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن.
— قايتىپ بېرىپ ئۇلارنى ئىزدىشىم كېرەكمۇ؟
— ساڭا ياردەم بېرەلمەيمەن.
— سېنىڭچىچۇ؟
— مېنىڭچە، ئۇلار ئۇدۇل قوناقلىققا كەتتى.
سېكسو شۇ گەپلەردىن كېيىن «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» تەرەپكە بۇرالدى. سېكسو قىز بىلەن قۇچاقلاشتى، كۇسۇرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن چىقىۋاتقان يالقۇن تەپتىدىن سېكسوغا ئوت تۇتىشىشقا باشلىدى. بايا ئۇ پاۋۇل · D بىلەن بىللە ئۇستەڭدىكى شېغىلغا تىزلانغاندا، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا ھاسىراپ نەپەس ئېلىۋاتقان تەندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.
سېكسو ئۆمىلىگىنىچە بېرىپ ئۆزى كۆمۈپ قويغان پىچاقنى ئىزدەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ قۇلاق سېلىپ تۇرۇۋىدى، ھېچ ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇ پىچاق بىلەن كارى بولماستىن دەرھال ماڭدى. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ قىرىغا يامىشىپ چىقىپ، «مۇئەللىم»، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە باشقا تۆت ئاق تەنلىكنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قوللىرىدا پانۇس كۆتۈرۈۋالغانىدى. سېكسو «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» نى كەينىگە ئىتتەردى. قىز قۇرۇق ئۆستەڭدە يۈگۈرگىنىچە يىراقلاپ كەتتى. پاۋۇل · D بىلەن سېكسو كەينىگە

بۇرىلىپ ئورمان تەرەپكە قاچتى. لېكىن، ئىككىلىسى قولغان چۇشۇپ چەمبەرچاس باغلاندى.

بۇ چاغدا ھاۋا تاتلىقلىشىپ كەتتى. ھەرىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئۇ نەرسىلەر تاتلىقلىشىپ كەتتى. قېچىرغا ئوخشاش باغلانغان پاۋۇل . D يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنىڭ كىشىگە بەكمۇ ئارامبەخش تۇيغۇ بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. سېكسو شاققىدە بۇرىلىپ ئۆزىگە تەڭلىنىپ تۇرغان مىلتىق ئىستوۋۇلىنى تۇتۇۋالغاندا، پاۋۇل. D پاۋۇل . A نىڭ نەدىلىكى توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. باشقا ئىككىسى پاۋۇل. D نى ئاپىرىپ دەرەخكە باغلىۋەتتى. «مۇئەللىم»: «ئۆلتۈرمەڭلار، ئۆلتۈرمەڭلار، ماڭا ئۇنىڭ تىرىكى كېرەك» دېدى. سېكسو مىلتىقنى قالايمىقان شىلتىپ يۇرۇپ بىرىنىڭ قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى، بىراق قالغان ئىككىسى ئۇنىڭغا ئېتىلدى. سېكسو مىلتىقنىڭ بېشىنى بۇرىيالماي، مىلتىقنى باشقا ئۇسۇلدا ئىشلەتتى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆتۈشىگە توغرا كەلدى. ئۇ ناخشىسىنى ئوقۇپ بولغۇچە كۆتەرمۇ؟ ئۇلار ناخشا تىڭشىدى. بەش مىلتىق بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭغا توغرىلاندى. ئاخىرىدا ئاق تەنلىكلەردىن بىرى مىلتىق بىلەن سېكسونىڭ بېشىغا ئۇردى. سېكسو ھوشىغا كەلگەندە، كۆز ئالدىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى، ئۆزى بولسا دەرەخكە باغلانغاندى. «مۇئەللىم» كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ: «بۇ ھەرگىزمۇ ماس كەلمىگۈدەك» دېدى. بەلكىم ئاشۇ ناخشا ئۇنى قايىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئوت ئۆچۈپ قالغاندا، ئاق تەنلىكلەر بۇنداق كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەر ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىق قىلىۋالمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرگىلى ئەمەس، ئادەم تۇتقىلى كەلگەنىدى. ئۇلار تېرىپ كەلگەن ئوتۇنلار قوناق پىشۇرۇشقا ئاران يەتتى. يۇمران ئوت ـ چۆپلەرمۇ شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كەتكەن يەردە قۇرۇق ئوتۇنلارنى تاپماق قىيىن ئىدى، ئەلۋەتتە.

قوناق پىشۇرۇلۇۋاتقان ئوتنىڭ شولىسىدا سىكسو قەددىنى رۇسلىدى. ئۇنىڭ ناخشىسى تۈگىگەنىدى. ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ چاغدا سۇ دولقۇنىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز سىپسىنىڭ بالىلىرىنىڭ قورۇق ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە يۇمىلاۋاتقان ياكى يامغۇر سۈيىگە كىچىۋاتقان ئاۋازىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ پۇتى كاۋاپ بولۇشقا، ئىشتىنىدىن ئىس چىقىشقا باشلىدى. ئۇ قاقاھلاپ كۈلەتتى. قارىماققا، چوقۇم ناھايىتى كۈلكىلىك بىر نەرسە باردەك قىلىدۇ. پاۋۇل D . ئۇ كۈلكىلىك نەرسىنىڭ زادى نېمىلىكى توغرۇلۇق ئويلاندى. سىكسو كۈلكىسىنى توختىتىپ، يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى: «ياشىسۇن! ياشىسۇن!»

ئوت گۈركىرەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇلار «ۋاڭ» قىلىپ ملتىق ئېتىپ سىكسونىڭ ئاغزىنى يۇمدۇردى. ئۇنىڭ ئۇنى بېسىقتى. بولار ئىش بولدى.

پاۋۇل D . ئۆزىگە سىلىنغان ئىشكەلنى سۆرىگىنىچە، ھەسەل ھەرىلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ تاتلىق نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئەرلەرنىڭ گەپ قىلىشقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ باھاسىنى تونجى قېتىم بىلدى. ئۆز كۈچى ئارقىلىق دېھقانچىلىق مەيدانىغا پۇل تېپىپ بېرىدىغان بىر ئەمگەك كۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ باھاسى ئەزەلدىن ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆز باھاسىنى بىلدى، يەنى ئۆز قىممىتىنى، ئېغىرلىقىنى، بۇرنىنى، مېڭىسىنى، جىنسىي ئەزاسىنى ۋە كەلگۈسىدە پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ ھېسابلىنىدىغان باھاسىنى بىلىۋالدى.

ئاق تەنلىكلەر ئاتلىرىنى باغلىغان جايغا بېرىپ ئېتىغا مىنىشتى. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆزلىرى دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشتى. مەسىلىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى «مۇئەللىم»گە بۇ ئالاھىدە قۇللارنىڭ گارنېرنىڭ قولىدا خورىكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنى

ئەسلەتتى. گارنېرنىڭ قارا تەنلىك قۇللارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ۋاقىتنى ئىجارىگە بېرىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئازادلىقىغا شەرت قويۇشى قانۇنغا خىلاپ ئىدى. گارنېر ھەتتا ئۇلارغا قورال بەردى. سىز گارنېر ئەپەندى بۇ قارا ئالۋاستىلارنى جۇپلەشتۈرۈپ ئۆزى ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ نېگىر كۈچۈكلىرىنى ئاۋۇتماقچى، دەپ ئويلامسىز؟ نەدە شۇنداق ئىش بولسۇن. نېمىدېگەن ھاماقەتلىك! «مۇئەللىم» بىر ئۇھ تارتىپ شۇنداق دېدى: ئەجەبا ئۇ بۇلارنى چۈشەنمەمدۇ؟ ئۇ بۇ يەرنى گۈللەندۈرگەنىدى. ئىككى قۇلدىن، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئىككى قۇلدىن ئايرىلغىنىمىز ئۇچۇن ھازىر دېھقانچىلىق مەيدانى گارنېر ئۆلگەن چاغدىكىدىنمۇ بەك ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇچىدىن ئايرىلغان بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن. چۈنكى، خاللى دېگەننى تاپالىشىمغا ئىشەنچ قىلالمايمەن. يەڭگەم بەك ئاجىزلاپ كەتتى، ھېچ ئىشقا ئەسقاتمايدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ قۇلنى توققۇز يۈز دوللارغا ساتىدۇ. ئاندىن ئۆيگە بېرىپ ھېلىقى توختىماي تۇغىدىغان قۇل بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىنى مەھكەم مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئەگەر تاپالىسا، يەنە بىرسىنىمۇ ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇنى ساتقان پۇلغا ئون بەش ياش ياكى يىگىرمە ياشلىق قۇلدىن ئىككىنى سېتىۋالالايدۇ. يەنە ھېلىقى تۇغۇمچان قارا قۇلنى ۋە ئۇنىڭ ئۇچ بالىسىنى قوشقاندا، يەنە ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ قىز ياكى ئوغۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «مۇئەللىم» ۋە ئۇنىڭ ئىككى جىيەنىنىڭ يەتتە قۇلى بار بولىدۇ، دېگەن گەپ. «شېرىن ئۆي» نىڭ ئۇنىڭغا بۇنچىۋالا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنى ئەمدى يېتەر.

— ئۇنىڭ قېيىنسىڭلىسىنى ئالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇمۇ بەك ئاجىزمۇ؟

— ئاززاق. ئۇ قىزىتمىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

— ھە، سەن بۇنداق بويتاق يۈرىۋەرسەڭ بولمايدۇ.

— مېنىڭ ئويلىشىۋاتقىنىم «شېرىن ئۆي.»

— ئۇ يەرنىڭ ياخشى جاي ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ.

ئۇلار پاۋۇل . D غا ئۈچ قات بويۇنتۇرۇق سالدى. شۇڭلاشقا ئۇ ياتالمايتتى. يەنە ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر - بىرىگە چاتتى. ئۇنىڭ قولىقىغا ئاڭلانغان سان شۇ هامان مېڭىسىگە مەهكەم ئورنىدى. ئىككى. ئىككى؟ ئىككى زەڭگى يوق بولدى؟ پاۋۇل. D يۈرىكىنىڭ دەهشەتلىك دۈپۈلدەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ پاۋۇل. A نى ئەمەس، خاللىنى ئىزدىگىلى بارماقچى ئىدى. ئۇلار چوقۇم پاۋۇل . A نى تېپىۋالىدۇ. ئاق تەنلىكتىن بىرەرسى سىزنى ئىزدىسە، بۇ سىزنىڭ تۈگەشكەنلىكىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

«مۇئەللىم» بالىخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىشتىن ئىلگىرى پاۋۇل . D غا بىر هازا تىكىلىپ تۇردى، بەكمۇ سەپسېلىپ قارىدى. پاۋۇل . D ئۇنىڭغا قارىمىدى. بۇ چاغدا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. ئاۋغۇست ئېيىدىكى بۇ مەسخىرىلىك يامغۇر نۇرغۇنلىغان ئەمەلگە ئاشماس ئارزۇلارنى ئاپىرىدە قىلاتتى. پاۋۇل . D بايا بىللە ناخشا ئېيتقان بولسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى هېس قىلدى. بايا سېكسونىڭ ناخشىسىغا مەلۇم بىر مۇڭلۇق رىتىم جور بولغانىدى. بىراق، ئۇ ناخشا تېكىستىنى چۈشەنمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، چۈشىنىشنىڭمۇ هاجىتى يوق ئىدى.

ئىللىق سىم - سىم يامغۇر بىردەم يېغىپ، بىردەم توختايتتى. پاۋۇل . D گارنېر خانىمنىڭ پەرياد ئۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدەك قىلدى. بەلكىم ئۇ باشقا نەرسىدۇر ياكى باشقا بىرىدۇر ۋە ياكى چىشى مۈشۈكنىڭ هېسسىياتى قوزغالغاندىكى ئاۋازىدۇر. پاۋۇل . D نىڭ بوينى تېلىپ كەتتى. ئۇ ئېڭىكىنى بويۇنتۇرۇققا قويۇپ ئارام ئالدۇرغاچ، ئوچاقنىڭ يېنىغا پۇتىنى سۆرەپ قانداق بېرىشنى، قانداق قىلىپ ئازراق سۇ قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق يەيدىغان نەرسە سېلىشنى ئويلىدى. سېس كىرگەندە ئۇ مۇشۇ كويدا ئىدى. سېسنىڭ ئۇستىبېشى چىلىق - چىلىق هۆل بولۇپ كەتكەنىدى. سېس يوغان قورسىقىنى

پوسكايتىپ، قېچىپ كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. سىس تېخى بايىلا بالىلىرىنى قوناقلىقتا يوشۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەلگەنىدى. ئەتراپتا ئاق تەنلىكلەر يوق ئىدى. سىس خالىنى تاپالمىدى. كىملەر تۇتۇلۇپ قالدى؟ سىكسو قېچىپ كېتەلىدىمۇ؟ پاۋۇل . A چۇ؟

پاۋۇل . D ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى سىسقا ئېيتىپ بەردى: سىكسو ئۆلدى؛ «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» قېچىپ كەتتى. ئۇ پاۋۇل . A بىلەن خاللىغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيتتى.

— ئۇ نەدە بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپ سورىدى سىس. پاۋۇل. D غا بېشىنى چايقاش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— سىكسونىڭ ئۆلگىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە جەزم قىلالامسىز؟

— ھەئە.

— ئۇ ئىش يوز بەرگەندە سىكسو ئويغاقمىدى؟ ئۆلۈمنىڭ ئۆزىگە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرغانمىتى؟

— ئۇ ئويغاق ئىدى. تېخى قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇردى.

— سىكسو قاقاھلاپ كۈلدى؟

— ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىشىڭىز كېرەك ئىدى، سىس.

پاۋۇل . D سۇ قاينىتىش ئۇچۇن ياققان ئوتنىڭ تەپتىدە سىسنىڭ كۆڭلىكىدىن ھور ئۆرلەشكە باشلىدى. پاۋۇل . D نىڭ پۇتلىرى كىشەنلەنگەنلىكتىن تەسلىكتە مىدىرلايتتى. ئۇنىڭ بوينىدىكى «زىننەت بۇيۇمى» سىسنىڭ ئالدىدا ئۇنى خىجالەتچىلىكتە قويدى. ئۇ خىجالەت ئىلكىدە سىسقا قاراشتىن ئۆزىنى تارتقان بولسىمۇ، سىسنىڭ ئېقى يوقىلىپ كەتكەن كۆز قارىچۇقىنى كۆردى. سىس ئۆزىنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، پاۋۇل. D ئۇنىڭ چوڭ دەرۋازىنىڭ نېرىسىغىمۇ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى توسمىدى. پاۋۇل. D ئۆزىنىڭ سىسنى ئىككىنچىلەپ

كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى. شۇ دەقىقىدە، دەل شۇ جايدا پاۋۇل . D نىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار سېنى ئېغىلىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، خەۋەر يەتكۈزگىلى كەتكەن بولۇشى چوقۇم. سېس ھەقىقىي ئەھۋالنى گارنېر خانىمغا يەتكۈزگەن چاغدا، ئۇلار كالا تېرىسىدىن ئېشلىگەن قامچىسىنى قولىغا ئالغانىمدى. ئۇنىڭ قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كىم ئىشەنگەن دەيسىز؟ ئۇلار سېسنىڭ ئاشۇ يوغان قورسىقىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھېچ يەرگە قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. پاۋۇل . D نىڭ ئاڭلىشىچە، ئۇلار سېسقا ئەگىشىپ سىنىسىنىناتىغىچە بارغانىكەن. پاۋۇل. D نىڭ ئويىچە، سېس ھەقىسىز يېڭى قوللارنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ باھاسى پاۋۇل . D دىن يۇقىرى ئىكەن.

«مۇئەللىم» ئۇنى ساتماقچى بولغاندا، پاۋۇل . D ئۆز باھاسىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، سېسنىڭ باھاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى. بېيبىي ساگسىنىڭ باھاسىچۇ؟ خاللى سىرتتا ئىشلەپ تاپقان پۇلنى چىقىرىۋەتكەندە ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك قەرزى بار؟ گارنېر خانىم پاۋۇل . F نى قانچە پۇلغا ساتتى؟ ئون دوللار؟ يىگىرمە دوللار؟ «مۇئەللىم» بۇنى چوقۇم بىلىدۇ. ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ باھاسىنى بىلىدۇ. ئۇ سېكسونى ئەمدى ئىشقا يارىمايدۇ، دەپ جار سالغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا ئەلەملىك چىققانىدى. كىممۇ ئەمدى ھەم ناخشا ئېيتالايدىغان، ھەم قورال بولىيالايدىغان قارا تەنلىك قۇلنى سېتىۋالسۇن؟ «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز» سېكسونىڭ تېرىغان ئۇرۇقنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. سېكسو ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇرۇقى ئۈچۈن «ياشىسۇن! ياشىسۇن!» دەپ تووۋلىغان، شۇ ھالەتتە قاقاھلاپ كۈلگەن. سېكسو ئۆزىنى شۇنچىلىك يېنىك ھېس قىلىپ، شاد ـ خۇراملىق بىلەن كۈلەلىدى، ئاشۇ كۈلكە ئۇنىنى ئۆچۈردى. ئۇلار پاۋۇل . D نى ئات هارۋىسىغا سالغان چاغدا، ئۇ

ئۆز ئاغزىدىكى ئېغىزدۇرۇقنى ئەمەس، سېكسونىڭ كۆلكىسىنى ئەسلەۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ خاللىنى كۆردى، خورازنىمۇ كۆردى. خوراز كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى، قارىماققا ئۇ خوراز «سەن ھېچنېمىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنسەن. بىر خوراز جورجىيەنىڭ ئالفېرد رايونىنى قانداق بىلسۇن؟» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ياخشىمۇسەن؟

سىتەمپ پېيد هېلىقى يىپەك لېنتا بىلەن تېخىچە هەپىلىشىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشتان يانچۇقى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاپ كەتتى.

پاۋۇل · D بېشىنى كۆتۈرۈپ، سىتەمپ پېيدنىڭ يان يانچۇقىنىڭ غەلىتە تۇرقىغا قاراپ غودۇڭشىدى:

— مەن خەت تونۇمايمەن. ماڭا يەنە قانچىلىك گېزىت بەرسەڭمۇ بىكار.

سىتەمپ پېيد يىپەك لېنتىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، پەشتاققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ياق. بۇ باشقا نەرسە، — ئۇ يىپەك شايىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىلىدى، — بۇ باشقا نەرسە.

پاۋۇل · D هېچنېمە دېمىدى. ئىككى ئەر كىشى گەپ ـ سۆز قىلماستىن بىر هازا ئولتۇردى.

— بۇ ئىش مېنى بەك هالسىراتتى، — دېدى سىتەمپ پېيد، — بىراق مەن پۈتكۈزمىگۈچە بولدى قىلمايمەن. ساڭا ئىككى ئىشنى دېمەكچىمەن. ئاۋۋال ئاسانراقىنى دەي.

پاۋۇل · D قاهاقلاپ كۈلدى:

— ساڭا تەس بىلىنگەن ئىش، مېنىڭ جېنىمنى ئالىدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن.

— ياق. ياق. ئۇنداق ئىش يوق. سېنى ئىزدەپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى سەندىن كەچۈرۈم سوراش.

— نېمە ئۈچۈن؟ — پاۋۇل . D چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىكى هاراق شىششىسىنى ئىزدىدى.

— سەن ئۆزۈڭ خالىغان ئۆيدىن بىرنى تاللىغىن، قارا تەنلىكلەر تۇرۇۋاتقان ئۆيلەردىن قايسىبىرىدە تۇرۇشنى خالىساڭ شۇ يەردە تۇرساڭ بولىدۇ. خالىغىنىڭچە تاللىغىن، ئۇ ئۆيلەرنىڭ هەممىسى سېنىڭ كېلىشىڭنى قارشى ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ سېنى ئۆز ئۆيىگە كېلىپ تۇرۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن سەندىن كەچۈرۈم سورىماقچىمەن. سەن كىمنىڭلا ئۆيىگە بارغىن، هەرقاچان قارشى ئېلىنىسەن. مېنىڭ ئۆيۈم سېنىڭ ئۆيۈڭ. جون ۋە ئېللانىڭ، خانقىزنىڭ، ئەيمىل ۋۇدرافنىڭ، ۋىللى پايكنىڭ ئۆيلىرىدىن قايسىبىرىنى خالىساڭ، شۇ يەردە تۇرساڭ بولىدۇ. يەر ئاستى ئۆيدە تۇرساڭ بولمايدۇ. يەر ئاستى ئۆيدە تۇرغان هەربىر كېچەڭ ئۈچۈن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن. پوپنىڭ قانداق بولۇپ سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭغا رۇخسەت قىلىپ قالغىنىنى بىلمىدىم. ئۇنى بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا تونۇيمەن.

— ۋوي ستەمپ، ئۇ ئۆزى مېنى بۇ يەردە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان.

— هە؟ شۇنداقمۇ؟

— هەئە. ئولتۇرسام ـ قوپسام ئۆزۈمگە تەئەللۇق بىر تۇرالغۇنىڭ بولۇشىنىلا ئويلايمەن. پوپ مېنى تەكلىپ قىلغان. هەر قېتىم ئۇنى كۆرسەم ئۇ يەنە قايتىدىن تەكلىپ قىلىدۇ.

— ئۇنداقتا ياخشى بوپتۇغۇ. هەممە خەقنى نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالدىمىكىن، دەپ يۈرگەنىدىم تېخى.

پاۋۇل . D بېشىنى چايقىدى:

— ئۇنداق بولغان كىشى دەل مەن.

— سەن بىرەر پىلان تۈزۈۋاتامسەن؟

— ئەلۋەتتە. مېنىڭ چوڭ پىلانلىرىم بار، — ئۇ هاراق شىشىسىنى كۆتۈرۈپ هاراقتىن ئىككى يۇتۇم ئىچتى.
هاراق شىشىسىدىكى ھەرقانداق پىلانلار ئەمەلگە ئاشمايدۇ، دەپ ئويلىدى ستەمپ پىيد. بىراق، ستەمپ پىيدنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، هاراقكەشكە هاراق ئىچمەسلىك توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىشنىڭ قىلچە ئەهمىيىتى يوق. ستەمپ پىيد بۇرنىنى كوچىلىغاچ، پاۋۇل . D غا ئىككىنچى ئىشنى قانداق دېيىش توغرۇلۇق ئويلاندى. بۇگۈن سىرتتا ئادەم بەكلا ئاز ئىدى. قانالنى مۇز تۇتۇپ كەتكەنلىكتىن، قاتناشمۇ توختاپ قالغانىدى. ئۇلار بىر ئاتنىڭ «تاق ـ تاق ـ تاق» ئاۋاز چىقىرىپ ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى سەزدى. ئاتقا مىنگەن كىشى شەرقىي قىسىمدا ئىشلىتىلىدىغان ناھايىتى ئېگىز ئېگەرگە مىنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىيىنىشى ئوخشىمۇ جىلغىسىدىكىلەرنىڭ كىيىنىشى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئاتلىق كىشى پاۋۇل . D بىلەن ستەمپ پىيدكە قارىدى، ئاندىن ئېتىنى قامچىلاپ چېركاۋنىڭ كىچىك يولى تەرەپكە قايرىلدى. ئۇ قەددىنى ئالدىغا ئېگىۋالغانىدى.
— ھەي، — دەپ چاقىردى ھېلىقى ئاتلىق كىشى.
ستەمپ پىيد يېپەك لېنتىنى يانچۇقىغا سالدى.
— نېمە ئىش، ئەپەندى؟
— مەن قۇشخانىدا ئىشلەيدىغان جۇدى ئىسىملىك بىر قىزنى ئىزدەيتتىم.
— ئۇنداق بىرىنى ئاڭلاپ باقمىغان، تونۇمايدىكەنمەن، ئەپەندى.
— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ پلەنك كوچىسىدا تۇرىدىكەن.
— ھە، پلەنك كوچىسى، ئۇ تەرەپ شىمالدىراق، ئەپەندى. تەخمىنەن بىر ئىنگلىز مىل يىراقلىقتا.
— سەن ئۇنى تونۇمامسەن؟ قۇشخانىدا ئىشلەيدۇ، ئىسمى جۇدى.
— ياق، تونۇمايدىكەنمەن، ئەپەندى، بىراق مەن پلەنك يولىنى

بىلىمەن، شىمال تەرەپتە، تەخمىنەن بىر ئىنگلىز مىل يىراقلىقتا.

پاۋۇل . D ھاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچتى. ئاتلىق كىشى ئاۋۋال پاۋۇل . D غا، ئاندىن ستەمپ پېيدقا قارىدى، ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۇڭ تەرەپكە تارتىپ، چوڭ يول تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئاندىن خىيالىنى ئۆزگەرتىپ يەنە قايتىپ كەلدى.

— گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى ئۇ پاۋۇل . D غا، — ئۇستى تەرەپتە كىرىېست بەلگىسى بار ئىكەن. شۇڭا مەن بۇ يەرنى چېركاۋمىكىن، دەپ پەرەز قىلدىم. ئىلگىرى چېركاۋ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ جاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغىنىڭ ياخشى. گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، ئەپەندى، — دېدى ستەمپ پېيد ئۇنىڭغا، — ناھايىتى توغرا دېدىڭىز. مەنمۇ ئۇنىڭغا دەل مۇشۇ ئىشنى دېگىلى كەلگەن.

ئاتلىق كىشى ئاغزىنى چاكىلدىتىپ قويۇپ، ئېتىغا قامچا ئۇرغان پېتى كېتىپ قالدى. ستەمپ پېيد ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن سول قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئىككى يۇمىلاق چەمبىرەك سىزدى.

— تاللاش ساڭا قالدى، — دېدى ستەمپ پېيد، — خالىغىنىڭچە تاللىغىن، مەيلى كىمنىڭكىگە بار، ئۇلار ئوخشاشلا سېنى قارشى ئالىدۇ. مېنىڭ، ئېبللانىڭ، ۋىللى پايكنىڭ ... ھەممە ئۆيلەر قارشى ئالىدۇ. ئۆي جايلىرىمىز ئانچە كەڭرى بولمىغىنى بىلەن، قانچىلىك ئادەم كىرسىمۇ سىغدۇرىدۇ. ئەگەر، چىقمىنالىساڭ ئازراق بىر نەرسە بېرىپ قويساڭ بولىدۇ، چىقمىنالمىساڭ ھېچقىسى يوق. ئويلىشىپ باققىن، سەن بىر قۇرامىغا يەتكەن ئەر. ئەلۋەتتە، سېنى سەن خالىمايدىغان ئىشقا زورلىمايمەن. شۇنداقتىمۇ ئويلىشىپ باققىن.

پاۋۇل . D ھېچنېمە دېمىدى.

— ئەگەر ساڭا زىيانكەشلىك قىلغان بولسام، شۇ قېتىمقى

خاتالىقىمنى تۈزەتكىلى كەلدىم.

— ھاجىتى يوق، قىلچە ھاجىتى يوق.

بىر ئايال تۆت بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىنىڭ ئۇ يېقىدا كېتىۋاتىدۇ. ئۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە قولىنى پۇلاڭشىتتى.

— ھەي، ئالدىراپ قالدىم. مەجلىستە كۆرۈشەيلى.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى ستەمپ پېيد ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋابەن، — يەنە بىر ئادەم، — ئۇ بەدىنىنى بۇراپ پاۋۇل . D غا شۇنداق دېدى، — سىكىرىپۇر ۋۇدراف، ئېيلىبىنىڭ سىڭلىسى، چوتكا زاۋۇتىدا، يەنە ماي زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ. سەن ئۇلارنى تونۇيسەن. بۇ ئەتراپتا ياشاۋاتقىنىغا ئۇزاق زامان بولدى. بۇ كىشىلەر بۇ يەردىكى نېگىرلار ئارىسىدىكى ئەڭ دوستانە كىشىلەردۇر. مەغرۇرلۇق ئۇلارنى بىئارام قىلىدۇ. ئۇلار بىرەرسىنىڭ مەغرۇرلۇق قىلغىنىنى ھېس قىلسا، يۈزلىرى پۈرۈشۈپ كېتىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇلار ياخشى كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى سېنى ئېلىپ قېلىشقا رازى.

— جۇدىچۇ؟ ئۇمۇ مېنى قارشى ئالامدۇ؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

— جۇدىنى تونۇمسەن؟

— جۇدى. مەن ھەممە كىشىلەرنى تونۇيمەن.

— پلەنك كوچىسىدا تۇرامدۇ؟

— مەن ھەممىسىنى تونۇيمەن.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇ مېنى قارشى ئالامدۇ؟

ستەمپ بېلىنى ئېگىپ ئايىغىنى يەشتى. ئاياغنىڭ چەمدە ئون ئىككى مونەكچە، ئاياغ ئۈستىدە تۆت جۈپ كۆز بار ئىدى. ستەمپ ئاياغ بوغقۇچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاياغنىڭ تىلىنى ئوڭشىدى، ئاندىن بوغقۇچنى قايتا كىرگۈزدى. ئۇ بوغقۇچنى ئاياغنىڭ كۆزىگە كىرگۈزۈشتىن ئاۋۋال، بوغقۇچنىڭ ئۇچىنى تىلى بىلەن نەمدەپ قويدى.

— ئىسمىمنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، —

دېدى ستەمپ پېيد ئاياغ بوغقۇچىنى مەھكەم چىگكەچ، — ئۇلار مېنى جوشۇئا دەپ ئاتىشاتتى. مەن ئۆزۈمگە يېڭىدىن بىر ئىسىم قويدۇم، ساڭا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمنى سۆزلەپ بېرەي، — شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋاشتى توغرۇلۇق سۆزلەشكە چۈشتى، — ئۇ چاغلاردا مەن ئۇ ئايالغا ئەزەلدىن چېقىلىپ باقمىغانىدىم، بىر قېتىممۇ چېقىلىپ باقمىغان. بىر يىل شۇنداق ئۆتتى. ئۇ ئىش باشلانغاندا بىز ئۇرۇق تېرىۋاتاتتۇق. ئىش ئاخىرلاشقاندا زىرائەتلەرنى ئاللىقاچان ئورۇپ بولغانىدىم. ۋاقىتنىڭ ئاستىراق ئۆتۈشىنى خالايتتۇق. ئەسلىدە ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىم كېرەك ئىدى. ئۇ ئايال ئۇنداق قىلماسلىقىمنى ئۆتۈندى. بىراق، ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىم كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ھازىرقىدەك سەۋرچان ئەمەس ئىدىم. ئۇ چاغدا باشقىلارنىمۇ، ئۇ ئەرنىڭ خوتۇنىنىمۇ شۇنداق سەۋرسىز تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭ مەندىنمۇ بەك سەۋرچان ياكى ئەمەسلىكىنى سىنىدىم. ۋاشتى كۈندۈزلىرى ئېتىزدا مەن بىلەن بىللە ئىشلەيتتى. ئۇ بەزى ـ بەزىدە پۈتۈن بىر كېچە يوقىلىپ كېتەتتى. مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭغا چېقىلمىدىم. بىر كۈن ئىچىدە ئۇنىڭغا قىلغان گېپىم ئۈچ ئېغىزدىن ئاشمايتتى. مەن چوڭ تۇرالغۇغا يېقىنلىشىدىغان پۇرسەت تاپسىملا، كىچىك غوجايىنىنىڭ خوتۇنىنى كۆرگىلى باراتتىم. كىچىك غوجايىن ياش ئىدى. بەلكىم ئون يەتتە ياكى يىگىرمە ياشلاردا بولسا كېرەك. مەن ئاخىر ئۇ ئايال بىلەن كۆرۈشتۇم. ئارقا ھويلىدىكى چىتلاقنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان سۇ بەردىم. ئۇ سۇنى ئىچكەچ ھويلىنىڭ سىرتىغا قارايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئازراق ئارىلىق ساقلاپ شىلەپەمنى ئالدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم: «كەچۇرۇڭ، خانىم، كەچۇرۇڭ، — ئۇ ماڭا بۇرىلىپ قارىدى، مەن كۈلدۈم، — كەچۇرۇڭ، ۋاشتىنى كۆردىڭىزمۇ؟ مېنىڭ خوتۇنۇم ۋاشتىنى؟» ئۇنىڭ جۇغى كىچىك ئىدى. چاچلىرى قارا، يۈزى مېنىڭ يوغان ئالىقىنىمچىلىكمۇ كەلمەيتتى. ئۇ: «نېمە؟

ۋاشتى؟» دېدى. مەن: «شۇنداق، خانىم، ۋاشتى. ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ. ئۇ سىلەرگە ئازراق تۇخۇم قەرز بولۇپ قالغىنىنى ئېيتقان. ئۇ تۇخۇملارنى ئەكېلىپ بەردىمۇ؟ سىز ئۇنى كۆرسىڭىزلا تونۇۋالىسىز. ئۇنىڭ بويىنىغا قارا رەڭلىك يىپەك لېنتا چىگىلگەن، — شۇ گەپنى ئېيتقىنىمدا ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گېپىمنىڭ تېگىگە يەتكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ لېنتىنى ھېلىقى ئەر ۋاشتىغا بەرگەنىدى. لېنتىغا قۇلۇلە قېپى چىگىلگەنىدى. ۋاشتى ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا ئاشۇ يىپەك لېنتىنى بويىنىغا تاقىۋالاتتى. مەن شىلەپەمنى كىيدىم، — ئۇنى كۆرسىڭىز مېنىڭ ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويۇڭ. رەھمەت سىزگە، رەھمەت سىزگە، خانىم، — مەن شۇنداق دەپ، ئۇ ئېغىز ئېچىشتىن بۇرۇن كەينىمگە بۇرۇلۇپ ماڭدىم. بىرنەچچە تۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا بارغۇچە كەينىمگە قارىمىدىم. دەرەخلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ كەينىمگە قارىغىنىمدا، ئۇ مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ماڭغان چاغدىكىدەكلا قولىدىكى ئىستاكانغا تىكىلىپ تۇراتتى. مەن بۇ ھالدىن تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ بەك رازى بولدۇم. مەن ۋاشتىنى تۇختاپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۇنداق بولمىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ كىرىپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. يەكشەنبە كۈنى ئۆز ھويلىمىزدا ئىشلەيتتۇق. ئۇ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ سىرتقا قارىدى، «مەن قايتىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ، — مەن قايتىپ كەلدىم، جوش.» مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ بويىنى بەك ئىنچىكە ئىدى. ئۇنىڭ بويىنىنى سۇندۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدىم. سەن بۇنى بىلىسەن، دەرەخ شېخىنى سۇندۇرغاندەكلا قاراس قىلىپ سۇندۇراتتىم. بىراق، بۇنداق قىلىشقا ئىزچىل تاۋىم يوق ئىدى. ئاشۇ قېتىم تېخىمۇ شۇنداق بولدۇم.

— راست شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ قاراس قىلىپ سۇندۇردۇڭمۇ؟

— ياق، ئىسمىنى ئۆزگەرتتىم.

— سەن ئۇ يەردىن قانداق چىقتىڭ؟ بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟

— كېمە بىلەن كەلدىم. مىسسىسسىپى دەرياسىدا تەتۈر يۆنىلىشتە مېڭىپ مېمفىسقا كەلدىم. مېمفىستىن كامبىرلەندگە پىيادە كەلدىم.

— ۋاشتىمۇ كەلدىمۇ؟

— ياق. ئۇ ئۆلدى.

— ئوھوي، بۇرادەر، يەنە بىر ئايىغىڭنىڭ بوغقۇچىنى چەگكىن.

— نېمە؟

— يەنە بىر ئۆلگۈر ئايىغىڭنىڭ بوغقۇچىنى چىگىۋالغىن! ئۇ ئالدىڭدىلا تۇرىدۇ! چىگىۋالغىن!

— شۇ چاغدا خېلى ياخشى ھېس قىلغان بولغىيتتىڭ؟

— ياق، — پاۋۇل . D قولىدىكى شېشىنى يەرگە تاشلىدى. شېشىگە چاپلانغان ماركىدىكى ئالتۇن رەڭلىك ئۇرۇش ھارۋىسىنىڭ رەسىمىگە تىكىلىپ ئولتۇردى. ھارۋا ئاتقا قېتىلمىغانىدى. ئۇ پەقەتلا كۆك رەڭلىك بايراق قادالغان ئالتۇن رەڭلىك ئۇرۇش ھارۋىسى ئىدى.

— ساڭا ئىككى ئىشنى دېمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. بايا بىرىنى ئېيتتىم. ئەمدى ساڭا يەنە بىرىنى ئېيتىشىم كېرەك.

— ئاڭلىغۇم يوق. ھېچنېمىنى ئاڭلىغۇم يوق. ماڭا جۇدىنىڭ زادى مېنى قوبۇل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقىن.

— مەن شۇ يەردە ئىدىم، پاۋۇل . D.

— قەيەردە؟

— ئاشۇ ھويلىدا. ئۇ قول سالغان چاغدا.

— جۇدىنى دەمسەن؟

— سېنى دەۋاتىمەن.

— ئاھ، خۇدا.

— ئىش سەن ئويلىغاندەك ئەمەس.
— مېنىڭ قانداق ئويلىغىنىمنى بىلمەيسەن.
— ئۇ ساراڭ بولۇپ قالمىغان. ئۇ بالىلىرىنى سۆيىدۇ. ئاشۇ زالىم ئەبلەخلەردىن ھەسسىلەپ تۆلىتىۋالماقچى بولغان.
— قالايمىقان سۆزلىمە.
— ئۇنىڭ ئۇستىگە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېسىدە.
— ستەمپ، مېنى كەچۈرگىن. ئۇنى كىچىك قىز چېغىدىن باشلاپ تونۇيمەن. ئۇ مېنى قورقۇتۇپ قويدى. ئۇنى قىز چېغىدىن باشلاپلا تونۇيمەن.
— سەن سېستىن قورقمايسەن. بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن.
— سېس مېنى قورقۇتتى. مېنى قورقۇتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئاشۇ قىز مېنى قورقۇتتى.
— ئۇ قىز كىم؟ ئۇ نەدىن كەلگەن؟
— بىلمەيمەن. بىر كۈنى دەرەخ ئاستىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدى.
— ھە، قارىغاندا ئىككىمىز ئۇنى 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ سىرتىدا كۆرگەنىكەنمىز.
— ئۇ ھېچ يەرگە بارمايتتى. سەن ئۇنى نەدە كۆرگەن؟
— ئۇ ئاشخانا ئۆينىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقاندا مەن دېرىزىدىن ئوغرىلىقچە مارىلىغانىدىم.
— مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇم كەلمىگەن. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى غەلىتىلا.
پاۋۇل D . بارماقلىرىنى پوسمىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ چېكىسىنى قاشلىدى.
— ئۇ ماڭا بىر نەرسىنى ئەسلەتكەن. مەن ئۇنتۇپ قالغان بىر نەرسىنى ئەسلەتكەن.
— ئۇ ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگىنىنى، ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى ئەزەلدىن دەپ باقمىدىمۇ؟

— ئۇ بىلمەيمەن دېگەن، بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. مەن پەقەت ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ كىيىم ئوغرىلىغىنىنى ۋە بىر كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان.

— قانداق كۆۋرۈك ئىكەن؟

— كىمدىن سوراۋاتىسەن؟

— بۇ ئەتراپتىكى كۆرۈكلەردىن مېنىڭ بىلمەيدىغىنىم يوق. بىراق، كۆۋرۈك ئۈستىدە ياشايدىغان بىرەرسىمۇ يوق. كۆۋرۈك ئاستىدىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ سېس بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقىنىغا قانچىلىك بولدى؟

— ئۇ بۇلتۇر ئاۋغۇستتا، كارنىۋال بايرىمى مەزگىلىدە پەيدا بولغان.

— بۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇمۇ كارنىۋال بايرىمىغا قاتنىشىپتىكەنمۇ؟

— ياق. بىز قايتىپ كەلگەندە ئۇ بىر توپ دەرەخ ئاستىدا ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇچىسىدا شايى كۆڭلەك، پۇتىدا يېڭى قارا ئاياغ بار ئىكەن.

— بۇرۇنراق دېسەڭ بولماسمىدى؟ ھەي. ئۇ دىر ئېرىقى بويىدا ياشايدىغان بىر ئاق تەنلىك ئەر تەرىپىدىن ئۆيگە سولاپ قويۇلغان قىز. بۇلتۇر بىرەيلەن ئۇ ئاق تەنلىكنىڭ ئۆلگىنىنى، قىزنىڭ غايىب بولغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ دەل ئاشۇ قىز بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ قىزچاقنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاشۇ ئۆيگە سولانغانلىقىنى دېيىشىپ يۈرەتتى.

— ھە، ھازىر ئۇ بىر قانجۇق ئىتقا ئايلىنىپ بولدى.

— ئاشۇ قىز سېنى قوغلىۋەتتىمۇ؟ سېنى ئۇ يەردىن كەتكۈزۈۋەتكىنى سېسنىڭ ئىشىنى ساڭا ئېيتقىنىم، شۇنداقمۇ؟

پاۋۋل . D نىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كىرىدىغان ئاچچىق شامال دەستىدىن تىزلىرىنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇ بۇنداق بولۇشى تەمى سېسىق ۋىسكى، يەر ئاستى ئۆيىدە ياشاش، چوشقا قىزىتمىسى، ئېغىزدۇرۇق، كولۇمىسىرىگەن

خوراز، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن بىر جۈپ پۇت، قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۆلگەن ئادەم، شالدۇر ـ شۇلدۇر ئاۋاز چىقىرىدىغان چۆپلۈك، يامغۇر سۈيى، ئالما چېچىكى، مارجان، قۇشخانىدىكى جۇدى، پۈتۈن بەدىنى قايماققا بويالغان خاللى، ئالۋاستىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئاق رەڭلىك پەلەمپەي، قۇرۇپ قالغان شاپتۇل دەرىخى، قولۇلە قېپى ئىلغۇچى، ئاق تېرەك، پاۋۇل . A نىڭ يۈزى، كولباسا قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ياكى بىر پارچە قىپقىزىل يۈرىكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

ــ ئېيتقىنە، ستەمپ، ــ پاۋۇل . D نىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەشتى، ــ مۇشۇ بىر ئىشنىلا ماڭا دەپ بەرگىن. بىر قارا تەنلىك زادى قانچىلىك خورلۇق تارتىشى كېرەك؟ ماڭا ئېيتىپ بەر، زادى قانچىلىك؟

ــ قانچىلىك خورلۇق تارتالىسا شۇنچىلىك تارتىدۇ، ــ دېدى ستەمپ، ــ قانچىلىك خورلۇق تارتالىسا شۇنچىلىك تارتىدۇ.

ــ نېمىگە ئاساسەن؟ نېمىگە ئاساسەن؟ نېمىگە ئاساسەن؟ نېمىگە ئاساسەن؟ نېمىگە ئاساسەن؟

# ئۈچىنچى بۆلۈم

124 ـ نومۇرلۇق ئۆي تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. دەنۋېر
گەرچە ئۆزىنى ھەرقانداق شەكىلدىكى جىمجىتلىق بىلەن تونۇش
دەپ ئويلىسىمۇ، بىراق ئۇ ئاچلىقنىڭ كىشىنى جىمىتىپ،
ماغدۇرسىزلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە تونۇپ
يەتتى. مەيلى سېس بولسۇن ياكى جان قوزام بولسۇن، ئىشنى
قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى، شۇنداقلا
بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمايتتى. ئۇلار ۋاقىتنى ئۆزئارا
ئۇرۇشۇشقا سەرپ قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. شۇنداق
بولغانلىقتىن، ھەممە ئىش دەنۋېرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.
دەنۋېر چوقۇم دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىگە بېرىپ ئۆلۈشى كېرەك
ئىدى. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇچەيلەن بىللە تۈگىشىدۇ.
دەنۋېرنىڭ ئاپىسىنىڭ باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ
بارمىقىنىڭ ئارىسىدىكى تېرىسى جۇڭگو يىپىكىدەكلا نېپىز
بولغاچقا، ئۆيدىكى كىيىملەرنىڭ ھەرقانداقى ئۇنىڭغا كىچىك
كەلمەيتتى. جان قوزام بېشىنى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ،
نەگە بارسا شۇ يەردە ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ،
ۋايىغا يېتىۋاتتى، يېمەكلىك تەلەپ قىلىپ ئىڭرايتتى. تۇخۇم
كاكىلدايدىغان ئىككى مېكىياندىن باشقا ھېچنېمە
قالمىغانلىقتىن، بىر تال تۇخۇم پىشۇرۇش ياخشىمۇ ياكى
توخۇنىڭ ئىككىلىسىنى كاۋاپ قىلىش كېرەكمۇ، دېگەن
مەسىلىدە قارار قىلىش ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئۇلار

قانچە ئېچىرقىغانسېرى شۇنچە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى؛ قانچە ئاجىزلىغانسېرى شۇنچە جىمىپ كېتىۋاتاتتى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تالاش ـ تارتىش قىلىشلارغا، تامغا ئېتىلغان لاخشىگىرگە، ئۇچى بىللە خۇشال ـ خۇرام ئوينىغان بىرىنچى ئايدىن كېيىنكى قىيا ـ چىيالار ۋە يىغا ئاۋازلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ جىمجىتلىقى كۆچەيگەنىدى. دەنۋېرمۇ ئويۇنغا قاتناشقانىدى. گەرچە شۇ چاغلار ئۇنىڭ ئەڭ خۇشال ۋاقىتلىرى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كۆنگەن خۇيى سەۋەبلىك ئۇلاردىن مۇئەييەن ئارىلىق ساقلىغانىدى. ناۋادا سېس تاتۇق ئىزىنى — جان قوزام ھەر قېتىم كىيىمنى سالغاندا دەنۋېر ئۇنىڭ ئېڭىكى ئاستىدا كۆرۈنىدىغان، كۆلۈمسىرەۋاتقان كۆلەڭگىدەك كۆرۈنىدىغان تاتۇقنى كۆرگەن ھامان تاتۇق ئىزىنى سىلاپ بېقىپ، ئاندىن بىر ھازا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرغاندىن كېيىن، سېس ۋە جان قوزام ئىككىسى دەنۋېرنى ئويۇندىن قوغلاپ چىقىراتتى. تاماق ئېتىش ئويۇنى، كىيىم تىكىش ئويۇنى، چاچ تاراش ۋە ياسىنىش ئويۇنى. ئاپىسى بۇ ئويۇنلارنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقتىن، كۈندىن ـ كۈنگەن ئىشقا كېچىكىپ بارىدىغان بولۇۋالدى. ئاقىۋەتتە، پەرەز قىلىغان ئىش يۈز بەردى: سەۋيېر ئۇنىڭغا ئەمدى ئىشقا كەلمەسلىكنى ئېيتتى. سېس باشقا خىزمەت ئىزدىمىدى. ئەكسىچە، جان قوزام بىلەن تېخىمۇ بەك بېرىلىپ ئوينايدىغان بولۇپ كەتتى. جان قوزام بولسا ھەممە نەرسىگە — ئەللەي ناخشىسىغا، يىڭنە سانجىشقا، تورتنىڭ تېگىگە، سۈتنىڭ قايمىقىغا قانمايتتى. ناۋادا مېكىيان ئىككى تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇمنىڭ ئىككىلىسى ئۇنىڭ بولاتتى. ئاپىسى ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان ئادەمدەك، بېيبىي مومىسىغا ئوخشاش ھېچ ئىش قىلماستىن شاپتۇل چېچىكى رەڭگىگە قاراش بىلەن بەند بولاتتى. بىراق، ئاپىسىنىڭ بېيبىي مومىسىغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ دەنۋېرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. ھەتتا ئىلگىرى دەنۋېرغىلا ئېيتىپ بېرىدىغان ناخشىنى ئەمدىلىكتە

يالغۇز جان قوزامغىلا ئېيتىپ بېرەتتى: «ئۇزۇنتۇرا جوننى، گەۋدىلىك جوننى، يېنىمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىغىن، جوننى.»

ئۇلار دەسلەپتە ساق بىر ئاي بىللە ئويۇن ئوينىدى. يۇلتۇزلار ئاستىدا مۇز تېيىلىپ قايتىپ كېلىپ، ئوچاق يېنىدا سۈت ئىچكەن ئاشۇ ئاخشامدىن باشلاپ، سېس كۈن نۇرى ئاستىدا ئۇلارغا ئارغامچا تاقلاش ئويۇننى ئۆگىتىپ قويغاندىن باشلاپ، گۇگۇم چۈشكەن مەزگىلدىكى غۇۋا كۆرۈنىدىغان مەنزىرىدىن باشلاپ سېس ھەممە نەرسىنى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قىشنىڭ جاق - جاق سوغۇقىدا ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماستىن، كۆزىدىن نۇر چاچقان ھالدا بىر ئېتىز كۆكتات ۋە گۈلنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، قانداق قىلغاندا ھويلىنى رەڭگارەڭ قىلىۋەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق توختىماستىن سۆزلەيتتى. سېس جان قوزامنىڭ چېچىنى تاراپ، سېكىلەك ئايرىپ ئۆرۈيتتى، ئاندىن ئۇنىڭ چېچىنى مايلايتتى. بۇنىڭدىن دەنۋېرنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار بەزىدە ياتىدىغان جايلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ياتسا، بەزىدە بىر - بىرىنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ كىيەتتى، ماڭسا بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭاتتى. ھەرقاچان بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىشەتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئۇلار ئارقا ھويلىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ھويلىسىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلايتتى. سېس بىر ئۆمۈر يىغقان ئوتتۇز يەتتە دوللار پۇلىنى ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىك ئېلىپ يېيىش ۋە تاۋار رەختلەرنى ئېلىپ ئۆزىنى ياساشقا سەرپ قىلدى. سېس سىرتقا چىقىدىغان جىددىي ئىشى باردەك، رەختلەرنى ئالدىراپ كېسىپ، ئالدىراشلىق بىلەن كىيىم تىكەتتى، نەتىجىدە كۆك رەڭلىك زىغزىق تۇتۇلغان رەڭگارەڭ مودا كىيىملەر پۈتۈپ چىقاتتى. سېس تۆت ئىنگلىز مىل يول يۈرۈپ، جون شىلتوننىڭ دۇكىنىدىن سېرىق رەڭلىك يىپەك لېنتا، پارقىراق تۈگمە ۋە كىچىك بىر پارچە قارا رەڭلىك

گۈللۈك رەخت سېتىۋالدى. مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇلار بارغانچە بىكار تەلەپ كارنىۋال بايرىمى خېنىملىرىغا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى. سىپس ۋە جان قوزام بىر ـ بىرىگە بەكلا ئىچەكىشىپ، ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتكەندە، دەنۋېر ئۆيۈنلاردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، جان قوزامغا زىيان يەتكۈزۈش خەۋپى بولغان ھەرقانداق خېيىم خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر ياقتا سەزگۈرلۈك بىلەن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇردى. دەنۋېر ئاخىر ھېچقانداق خەتەر ـ چىقمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، ئاپىسىنىڭ شادىمانلىق بىلەن كۈلۈپ، قاش ـ قاپاقلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرگەندىلا، بىرەر ئىش چىقىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇردى. دەل شۇ چاغدا ئىش چىقتى. دەنۋېر بىرىنچى بولۇپ دۇچ كەلگەن مەسىلە، گۈناھنى كىمگە قويۇش مەسىلىسى بولدى. ئۇ ئاپىسىدىن بىر دەقىقىمۇ كۆزىنى ئۈزمەيتتى. شۇ ھالەتتە ئاپىسىنىڭ جىسمىدىكى ئاشۇ نەرسىنىڭ بەلگە بېرىشىنى، ئاپىسىنىڭ قايتىدىن قاتىللىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىنى كۈتەتتى. ھالبۇكى، جان قوزامنىڭ ھەرقانداق تەلىپى بەجا كەلتۈرۈلەتتى. نېمىگە ئېھتىياجى چۈشسە شۇنىڭغا ئېرىشەتتى. سىپس ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنى بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغاندىلا، جان قوزامنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى يېڭىچە تۈس ئالدى. جان قوزام سىپستىن ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئاشۇ قوڭۇر رەڭ يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستەڭ ئاستىدىن ئۆزلىرىگە قول سۇنۇشىغا قاراپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. دەل شۇ جايدا دەنۋېر جان قوزام بىللە بىللە ئوينىغانىدى. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە ئويۇن ئوينايدىغان ئادەم ئالماشقانىدى. ئۆستەڭ تامامەن مۇز تۇتقاندا جان قوزام ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆزىنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى. يۈزىنىڭ دولقۇنلاشلىرىنى، پۇرلىشىش ۋە كېڭىيىشلىرىنى، ئۆستەڭ تېگىدىكى يوپۇرماقلار ئارىسىدا يوقىلىشلىرىنى كۆزەتتى. ئۇ يەردە دۈم يېتىپ، ئۆز يۈزىنى سۇ

ئىچىدە دولقۇنلاپ تۇرغان يۈزى بىلەن ئۇچراشتۇرماقچى بولدى، كىيىملىرى مەينەت بولۇپ كەتتى. ئۇ سىېنىڭ كۆڭلىكىنى كىيدى، ئالىقىنى بىلەن بەدىنىنى سىلىدى. ئۇ ھەرقاچان سىېنى تەقلىد قىلاتتى — سىېسقا ئوخشاش گەپ قىلاتتى، سىېستەك كۈلەتتى، ھەتتا يول مېڭىش، قول ئىشارىسى، نەپەسلىنىش، باشلىرىنى تىك تۇتۇشلىرىدىن تارتىپ، ھەممە ئىشىغىچە سىېسقا ئوخشاش ئىدى. دەنۋېر بەزىدە ئۇلارنىڭ ئەر ـ ئاياللارنىڭ شەكلىدە پېچىنە ياساۋاتقىنىنى ئۇچراتسا ياكى توم يىڭنە بىلەن بېيىبى مومىسىنىڭ يوتقىنىغا ياماق سىلىۋاتقىنىنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ سىېس، قايسىسىنىڭ جان قوزام ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي قالاتتى.

شۇ مەزگىلدىن كېيىن كەيپىياتلار ئۆزگىرىپ، ئارقىدىن جاڭجال باشلاندى. جاڭجال باشلىنىشىدا ناھايىتى ئاستا ئىدى، جان قوزام بىر ئېغىز ئاغرىنسا، سىېس بىر ئېغىز كەچۈرۈم سورايتتى. يېشى چوڭايغان بۇ ئايالنىڭ ئاجايىپ تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كەلگەن خۇشاللىقلار بارا ـ بارا ئازىيىشقا باشلىدى. سىرتتا تۇرسا توڭلاپ كەتمەمدۇ؟ جان قوزام يۈزىنى چىمدىپ قويدى، بۇنىڭ مەنىسى «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ يورۇقلۇق بەك ئاجىز، يىڭنە ئىشى قىلىش تەس، ئۇخلايدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟» دېگەنلىك ئىدى. جان قوزام مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن: «ئۆز ئىشىڭىز بىلەن بولۇڭ» دېدى. سىېس جىمىپ قالدى. جان قوزام ھەرقانداق ياخشى نەرسىگە ئاۋۋال ئىگە بولاتتى — ئەڭ چىرايلىق ئورۇندۇقتا، يېمەكلىكنىڭ ئەڭ جىقىغا، ئەڭ چىرايلىق تەخسىگە، ئەڭ چىرايلىق چاچ لېنتىسىغا ئېرىشەتتى. جان قوزامنىڭ تەلىپى كۆپەيگەنسېرى، سىېسمۇ بارغانچە باللىرى ئۇچۇن كۆپلىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى، ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدا بوۋىقىنى چىۋىندىن قوغدىغانلىقى، ئۆملىگىنىچە تاشلاندۇق كەپىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنى جان قوزامغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى.

ھالبۇكى، بۇ گەپلەر ھېچكىمگە تەسىر قىلمايتتى. جان قوزام سېنىڭ ئۆزىگە قارىمىغانلىقىدىن، ياخشى مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدىن، ئۆزىگە كۈلۈمسىرىمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىدى. سېس ئۆزى بىلەن جان قوزامنىڭ ئوخشاشلىقىنى، يۈزىنىڭمۇ ئوخشاشلىقىنى، شۇنداق بولغىنىكەن، قانداقسىغا جان قوزامغا ياخشى قارىماسلىقىنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن يىغلىدى، سېس جان قوزامغا ياخشى قارىماي باقمىغانلىقىنى، شۇنداق ئىشنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ باقمىغىنىنى چۈشەندۈردى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ چوقۇم ئۇ ئىككىسىنى ئاچچىقىپ كېتىشكە تىرىشقانلىقىنى، بالىلىرى ئۈچۈن ھەرقاچان سۈتى تەييار ئىكەنلىكىنى، ئىزچىل ھالدا ئۇلارنى ئېلىپ باشقا جايغا كېتىپ، مەڭگۈ بىللە ياشاشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى ئېيتتى. جان قوزام بۇلارغا كۆڭۈلشىمىدى. ئۇ ئۆزى يىغلىغان چاغدا ئۇ جايدا ئادەم يوقلۇقىنى، ئۆلگەن ئەرلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى، يەيدىغانغا ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى، تېرىسى يوق ئەرلەر بارماقلىرىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە تىقىپ، قاراڭغۇدا ئۇنى جان قوزام دەپ، يورۇقلۇقتا بولسا قانجۇق ئىت، دەپ ئاتىغانلىقىنى ئېيتتى. سېس ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى: ئۆزىگە نىسبەتەن جان قوزامنىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقىنى، جان قوزامنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىزلىكىنى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئورنىنى ئالماشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى، ئۆز ھاياتى بەدىلىگە، ھاياتىدىكى ھەربىر سائەت، ھەربىر دەقىقىنى جان قوزامنىڭ يىغىسىنى توختىتىشقا سەرپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. جان قوزام بوۋاق ۋاقتىدا پاشا چاققاندا، بۇنىڭدىن سېنىڭ قانچىلىك بىئارام بولغانلىقىنى ئۇ بىلەمدۇ؟ جان قوزامنى يەرگە قويۇپ ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىشتا سېنىڭ جان قوزامنىڭ يېنىغا تېزرەك قايتىپ كېلىش ئۈچۈن قانچىلىك ئالدىرىغانلىقىنى ئۇ بىلەمدۇ؟ ئۇ «شېرىن ئۆي»دە ئاخشاملىرى سېنىڭ مەيدىسىگە چاپلىشىپ ئەمەس، دۈمبىسىگە

يېپىشىپ ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ جان قوزام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى. ئۇنىڭچە، سىپس ئەزەلدىن ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىگەن، ئەزەلدىن ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ باقمىغان، ئەزەلدىن كۈلۈپ باقمىغانىكەن. ئەڭ غەزەپلىنەرلىكى، سىپس ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەندە، ئۇنىڭغا خوش دەپ قولىنى پۇلاڭلاتمىغان، ھەتتا جان قوزام تەرەپكە قاراپمۇ قويمىغانىكەن.

سىپس ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن دېگەن گەپلىرىنىڭ قانۇن ئىكەنلىكى، قايسى ئىشنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق چىڭ تۇرۇشقا تىرىشتى. جان قوزام بولسا نەرسە - كېرەكلەرنى ئۇرۇپ - چېقىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى تەخسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىيرىپ سۈپۈرۈۋەتتى، تۇزنى پولغا تۆكۈپ، يەنە تېخى دېرىزە كۆزنىكىدىن بىرنى چېقىۋەتتى.

ئۇ ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ بەكلا ئۆز بېشىمچى. بىراق، ھېچكىممۇ بۇ يەردىن يوقىلىڭ، قىزچاق، كالللىڭىز سەگىگەندە ئاندىن قايتىپ كېلىڭ، دېمىدى. ھېچكىممۇ سىز ماڭا قول سېلىشقا پېتىنىدىڭىز، سىزنى كېلەر ھەپتىگىچە دۇمبالايمەن. دەرەخنىڭ غولىنى كېسىۋەتسە، شاخلىرىمۇ ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ، سىزنى ئىشكىنىڭ تۇتقۇچىغا باغلايمەن، ھالىڭىزدىن ھېچكىم خەۋەر ئالمايدۇ. زورلۇق - زومبۇلۇقنى خۇدامۇ ياقتۇرمايدۇ، دېمىدى.

ياق، ياق. ئۇلار چېقىلغان تەخسىلەرنى يەملەپ، چېچىلىپ ياتقان تۇزلارنى سۈپۈردى. دەنۋېرغا بارغانچە شۇنىسى ئايان بولدىكى، سىپس بىر ئەتىگىنى ئويغىنىپلا قولىغا پىچاقنى ئالسا، جان قوزاممۇ شۇنداق قىلاتتى. دەنۋېر ئىلگىرى ئاپىسىنىڭ بەدىنىدىن ئاشۇ نەرسىنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن قورقۇپ جان - ئىمانى قالمىغانغا ئوخشاش، ئەمدىلىكتە ئاپىسىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭدېمەتلىك بىر قىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىنىدىن نومۇس ھېس قىلماقتا. دەنۋېر جان قوزامنىڭ كېچىلىك سۈيدۈك قاچىسىنى ئاپىسىنىڭ كۆتۈرۈۋالغىنىنى كۆرسە، بېرىپ ئۇنىڭغا

ياردەملىشەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن مەزگىللەردە، دەنۋېر ئاپىسىنىڭ يېمەي ـ ئىچمەي يۈرگىنىنى كۆرۈپ، يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كېتەتتى. بۇ چاغلاردا ئۇ ئۇستەلنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى ۋە مەشىنىڭ ئۇستىدىكى پارچە ـ پۇرات نەرسىلەرنى تېرىپ يەيتتى. قازاندا قېپقالغان ئۇماچنىڭ قالدۇقىنى، بولكا ئۇۋۇقىنى، مېۋە شۆپۈكى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۇۋاقلىرىنى يەيتتى. بىر قېتىم ئۇ ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى قۇرۇق مۇراببا قۇتىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، بارمىقىنى قۇتىنىڭ ئىچكى گىرۋەكلىرىگە بىر نەچچە رەت سۈركىۋېتىپ، ئاندىن قۇتىنى يۈيۈشقا كىرىشكەنلىكىنى كۆرگەنىدى.

ئۇلارنى هارغىنلىق چىرمىۋالدى. ھەتتا بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقان جان قوزامىنىڭمۇ قارىماققا ئۇلارغا ئوخشاشلا ماجالى قالمىغانىدى. 124 ـ نومۇرلۇق ئۆي جىمىپ كەتتى. دەنۋېر بىر ياقتىن ئۇيقۇسى كەلگەن، بىر ياقتىن قورسىقى ئېچىپ روھسىزلانغان ھالدا ئاپىسىنىڭ باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئارىسىدىكى رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىۋاتقان تېرىسىگە قارىدى. ئاپىسىنىڭ پارقىراپ، بىراق ئۆلۈك؛ سەزگۈر، بىراق قۇرۇق كۆزلىرىگە، جان قوزامغا ئائىت ھەرقانداق نەرسىگە ـــ ئۇنىڭ سىيدام ئالىقانلىرىغا، پېشانىسىگە، ئېغىزىدىكى ئاستىدىكى ھەم ئەگرى ـ بۈگرى، ھەم ئۇزۇن كۆلۈمسىرىشىگە، ئۇنىڭ يۇمىلاق قورسىقىدىن باشقا ھەممە نەرسىگە دىققەت بىلەن قارايدىغان كۆزلىرىگە نەزەر سالدى. دەنۋېر يەنە كارنىۋال بايرىمىلىق كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنىڭ بارماقلىرىنى توسۇپ تۇرغىنىنى، ئىلگىرى تاپىنىغا كېلىدىغان پەشلىرىنىڭ ھازىر يەردە سۆرىلىپ يۈرگىنىنى كۆردى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۇچىسىغا چىقسا ئوشۇقىغىچە كېلىدىغان كۆڭلەك ئەمدى يەرگە سۆرىلىپ تۇراتتى. دەنۋېرنىڭ جان قوزامنى ئاپىسىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاشتەك ئەمدىلەتىن باشلانغان قوغدىغۇچىلىق خىزمىتى ئەمدىلىكتە ئاپىسىنى جان قوزامنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداشقا

ئۆزگەرگەنىدى. ھازىر ناھايىتى ئېنىقكى، ئاپىسى مۇشۇنداق كېتىۋەرسە چوقۇم ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا جان قوزام قانداق قىلىدۇ؟ نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئۇچىلا بىللە ياشىشى كېرەك. ئۇلاردىن بىرى يوق بولسا بولمايدۇ. سېس بىلەن جان قوزام ئىككىسى ئەتە نېمە ئىش يۈز بېرىشىگە پەرۋايى پەلەك بولغانلىقتىن (جان قوزام خۇشال بولسا، سېسمۇ خۇشال بولىدۇ؛ جان قوزام ماچىلدىتىپ قايماق يېگەندەك، ئۇنىڭ قۇربان بېرىشىگە ئېرىشكەن)، دەنۋېر بارلىق مەجبۇرىيەتنىڭ ئۆز زىممىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ بۇ ھويلىدىن چىقىپ دۇنيانىڭ باشقا يېقىغا كېتىشى، ئۇ ئىككىسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ باشقىلاردىن ياردەم سورىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ كىم بولۇشى مۇمكىن؟ دەنۋېر مومىسىدىن ۋە ئاپىسىدىن ئاڭلىغان بىرنەچچە ئادەمنى بىلەتتى. ئۇ يەنە ئۆزى تونۇشقان ئىككى كىشىنى بىلەتتى. ئۇلاردىن بىرى ئاق چاچلىق ستەمپ پېيد بوۋاي، يەنە بىرى جونېس خانىم ئىدى. ھە راست، يەنە پاۋۇل D مۇ بار. يەنە ئۆزىگە سېسىنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ئوغۇل بالىمۇ بار. بىراق، بۇ ئىككىسى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. دەنۋېرنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. گېلى قىچىشىپ كەتكەنلىكتىن غۇرت قىلىپ يۇتۇندى. ئۇ ھەتتا قايسى يولدىن مېڭىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەينى چاغدا سېس ئاشپۇزۇلدا چىنە يۇيىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۈلى بار ۋاقىتتا، ئۇ ئۇڭغا بۇرۇلۇپ ماڭاتتى. ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى، دەنۋېر جونېس خانىمنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، دەنۋېر سول تەرەپكە ماڭاتتى.

ھاۋا ئوچۇق، ناھايىتى ياخشى كۈن بولدى. ئاپرېل كىرىپ، بارچە مەۋجۇدات قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغاندى. دەنۋېر چېچى ۋە مورىلىرىنى ئورىۋالغانىدى. ئۇ كارنىۋال بايرىمىدا كىيگەن

چىرايلىق كۆڭلىكىنى ۋە بىر جۈپ ناتونۇش ئاياغنى كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئىشىك سىرتىدىكى دۇنياغا قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ كارىدورىدا تۇراتتى. سىرتتا كىچىك بىر نەرسە تۆشۈك تېشىۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە سىزگە چېقىلىشى مۇمكىن. سىرتتا بىرسىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىدىنلا قۇلىقىڭىز ئېتىلىپ قالىدۇ. سىرت گۇناھ بىلەن تولغان جاي. سىز ئۇ يەرگە يېقىنلاشقىنىڭىزدا بارلىق رەزىللىكلەر قايتىدىن باش كۆتۈرىدۇ. «شېرىن ئۆي»نى مىسالغا ئالساق، ئۇ يەردە ۋاقىت توختاپ قالغان، سېس ئېيتقىنىدەك، بەختسىزلىك ئۇنى ساقلاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەرلەرنى دەنۋېر قانداق بىلسۇن؟ سىرتتىكى نەرسىلەر شۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. سىرتتا يەنە ئاق تەنلىكلەر بار. سىز ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟ سېسنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنى بىلىشتە ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراش بىلەن بىللە، بەزى چاغدا قولىغىمۇ قاراش كېرەك ئىكەن.

— ئۇلار مېنى تۈرمىدىن ئاچىقتى، — دېگەنىدى سېس بىر كۈنى بېيبىي ساگسقا.

— سىزنى تۈرمىگە سولىغانلارمۇ شۇلار، — دېدى بېيبىي ساگس.

— ئۇلار سىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى.

— ئوغلۇمنىڭ دۈمبىسىدە.

— ئۇلار سىزگە بۇ ئۆينى بەردى.

— هېچكىم ماڭا بىر نەرسە بېرىپ باقمىدى.

— مەن ئۇلار تەرەپتىن بىر خىزمەتكە ئېرىشتىم.

— ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىر مۇلازىم قىزچاققا ئېرىشتى.

— هە، ئۇلاردىن بەزىلىرى بىز بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ.

— بىراق، هەر قېتىم سىزنى قورقۇتۇۋېتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— سىز ئىلگىرى بۇنداق گەپ قىلمايتتىڭىز.

— مەن بىلەن ئۇرۇشمەن دېمەڭ. ئۇلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدىن بىرمۇنچىسىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى. قىلمىچىڭىزنى تاشلاڭ. بۇ جەڭ ئەمەس، بەلكى مەغلۇبىيەت.

دەنۋېر شۇ گەپلەرنى ئەسلەش بىلەن بىللە، مومىسىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى نەسىھەتىنى ئەسلەپ قالدى. دەنۋېر كۆن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان كارىدوردىن چىقىپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ بوغۇزى ئېچىشىپ، يۈرىكى تېپچەكلىدى. ئاندىن بېيبى ساگس تولىمۇ زىل ئاۋازدا كۈلدى.

— كارولىن توغرۇلۇق ماڭا ھېچنېمە سۆزلەپ بەرمىدىڭىز دەمسەن؟ داداڭغىمۇ سۆزلەپ بەرمىدىمۇ؟ پۇتۇمنىڭ قانداق بولۇپ ھازىرقىدەك بولۇپ قالغانلىقى ئازراقمۇ ئېسىڭدە يوقمۇ؟ ئاپاڭنىڭ دۇمبىسىنى دېمەي تۇرايلى، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ قانداق بولغىنىمۇ ئېسىڭدە يوقمۇ؟ مۇشۇنىڭ ئۇچۇن پەشتاقتىن چۈشەلمەي قېلىۋاتامسەن؟ ئاھ، خۇدا.

بىراق، سىز ساقلىنىش تەس، دېگەنىدىڭىز.

— ئەلۋەتتە.

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئۇنى ئېسىڭدە تۇت، ئاندىن ھويلىدىن چىقىپ كەتكىن.

قايتىپ كەلدى. يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئۇ يول يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇلۇغ تەرەپكە بىر - بىرىگە ياندىاش قىلىپ قاتىرىسىغا تۆت ئېغىز ئۆي سېلىنغانىدى. بىرىنچى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىككى پەشتاق بار، پېشايۋان ئاستىغا بىرنەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان؛ ئىككىنچى ئۆينىڭ ئالدىدا ئۈچ باسقۇچلۇق پەلەمپەي بار، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە بىر سۇپۇرگە ئېسىلغان. تۈۋرۈك يېنىدا ئىككى كونا ئورۇندۇق ۋە بىر باغلام قارىدان بار. ئۇدۇل تامدا دېرىزە يوق، بىر ئوغۇل بالا يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ بىر تال تاياقنى غاجىلىماقتا. ئۈچىنچى ئۆينىڭ ئىككى دېرىزىسىنىڭ كۆزنىكى سېرىق رەڭلىك، ئىشىك ئالدىغا گۈل - گىياھلار ئۆستۈرۈلگەن تەشتەكلەر قويۇلغانىدى. دەنۋېر توخۇنىڭ

چىلىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بىر سىنىڭ كونا ئىشكىنى چىكىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. تۆتىنچى ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن بىر توپ چىنار دەرىخىنىڭ گۈللىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن هويلىنى يېشىلزارلىققا چۆمكىگەنىدى. بىر ئايال ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، سالاملىشىش ئۈچۈن قولىنى پۇلاڭلاتتى. دەنۋېر تېزدىن بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى، جىددىيلەشكىنىدىن ياغلىق ئىچىدىكى بېشىدىن تەر ئېقىشقا باشلىدى. يىراقتىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاناتتى. دەنۋېر ھەربىر قەدەم ئالسا، ئاۋاز چىققان جايغا بىر قەدەم يېقىنلاشماقتا. دەنۋېر ئۇلارنىڭ ئاق تەنلىك بولۇپ قېلىشىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بىرەر گەپ سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ماڭماقتا. ئەگەر ئۇلار ئۇنى تونۇۋالسا قانداق قىلغۇلۇق. ئاۋاز يېقىنلىدى. بەلكىم ئۇ دەرھال بۇ تاشيولنى كېسىپ ئۆتۈشى كېرەكتۇ. ئۇنىڭغا بىر ھازاغىچە قول پۇلاڭلاتقان ھېلىقى ئايال تېخىچە ئىشىك ئالدىدىمۇ؟ ئۇ دەنۋېرنى قۇتقۇزغىلى كېلەرمۇ؟ ياكى ئۇ دەنۋېرنىڭ سالام قايتۇرمىغانلىقىدىن ئاچچىقلاپ قالغانمىدۇ. ئۇ كۆرگەنلا ئادەمگە قول پۇلاڭلىتىۋېرەمدىغاندۇ؟ بەلكىم كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولىنى پۇلاڭلاتقان ئايالنىڭ هويلىسىغا يېقىنراق بېرىۋېلىش دەنۋېر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. دەنۋېر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرىمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەكلا كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەر كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئاق تەنلىك، ئىككىسى قارا تەنلىك ئىدى. دەنۋېر خاتىرجەم بولۇپ پۈششىدە تىندى. ئىككى كىشى شىلەپىسىنى كۆتۈرۈپ «خەيرلىك سەھەر» دەپ سالام بەردى. دەنۋېر كۆزلىرى ئارقىلىق سالامنى ئىلىك ئالغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن سالامغا ئاغزاكى جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ سول تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ قېتىملىق ئازادە ئۇچرىشىشتىن دەنۋېرنىڭ روهى كۆتۈرۈلۈپ، جاسارىتى ئاشتى، سۈرئىتى تېزلەشتى. ئۇ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرگە نەزەر سېلىشقا باشلىدى، شۇنچىۋالا

يوغان دەپ ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ تولىمۇ كىچىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ هاڭ ـ تاڭ قالدى: ئۇ ئىلگىرى كەينى تەرىپىنى كۆرەلمەيدىغان يول بويىدىكى يوغان قورام تاش ئەمەلىيەتتە پۇتنى قويۇپ ئارام ئالىدىغان بىر پارچە كىچىك تاش ئىدى؛ ئۆي تەرەپكە سوزۇلىدىغان چىغىر يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەقەتلا بىرنەچچە چاقىرىم كېلەتتى؛ ئىتلارنىڭ ئېگىزلىكى ئۇنىڭ تىزىغىمۇ يەتمەيتتى؛ بەھەيۋەت كىشىلەر تەرىپىدىن بوك دەرىخى ۋە كاۋچۇك دەرىخىگە ئويۇلغان خەتلەر ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئېگىزلىكىدە ئىدى.

ئۇ بارغان جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇيالىدى. تۇۋرۇك ۋە پارچە ـ پۇرات تاختايلاردىن ياسالغان قورشاۋ تام هازىر ئاق ئەمەس، كۈل رەڭ بولسىمۇ، ئۇ بارغانلىكى جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇيالىدى. ھەر دائىم ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قورشىلىپ تۇرىدىغان تاش پېشايۋان، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن سېرىق رەڭلىك پەردە؛ ياغاچ ئۆينىڭ ئارقا دېرىزىلىرىدىن ئىلگىرى ئۇ ئوغرىلىقچە مارىلىغانىدى. دەنۋېر بۇ قېتىم يەنە شۇنداق قىلىشنى ئويلىدى. بىراق، دەرھاللا ئۆزىنىڭ جونېس خانىمنىڭ دېرىزىسىدىن مارىغانلىقى يەنە سېزىلىپ قالسا، بۇنىڭ نەقەدەر كۈلكىلىك ئىش بولىدىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ ئۆينى ئۇچرىتىپ قالغان چاغدىكى خۇشاللىقى ناهايىتى تېزلا غايىب بولدى. ئەگەر جونېس خانىم هازىر بۇ ئۆيدە تۇرمايدىغان بولسا ياكى ئارىدىن ناهايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەنلىكتىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىسىنى تونۇماي قالسا، ئۇ هالدا ئۇنىڭغا نېمە دېيىش كېرەك؟ دەنۋېرنىڭ يۈرىكى ئويدى، پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ ئىشىكنى چەكتى.

جونېس خانىم ئىشىكنى ئېچىپ، كىشمىش ئۈزۈمنى ئېلىش ئۈچۈن ماڭدى. ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلگەن ئاۋازى ئۇنىڭغا بىر كىچىك بالا ئاپىسى ئەۋەتكەن كىشمىش ئۈزۈمنى ئەكەلگەندەك

بىلىنگەنىدى. بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ بىر ۋاقلىق ئوپچە تاماق ئۈچۈن بۇنچىلىك ئاۋارە بولۇشى ئەرزىيدىغاندەك تۇراتتى. تاماقتا ئادەتتە تورت ۋە بەرەڭگى پۆرىسى بولاتتى. ئۇ تاماقتا ئۈستىلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، كىشمىش ئۈزۈم يوقلۇقىنى ئېسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، رەئىس كىشمىش ئۈزۈمنى بىراۋنىڭ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ باھانىسى ئاقمىدى. جونېس خانىم ھۇرۇنلۇق قىلىپ تۇخۇمدا ئۇماچ ئەتتى. ئۇ ئىزچىل بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇنىڭ دۇخوپكىسى پۈتۈن بىر ھەپتە مۇزدەك تۇردى. دۇخوپكىنىڭ نورمال تېمپېراتۇرىغا كېلىشى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. جونېس خانىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتتى. ئۆينىڭ غوجىلىق ئىشلىرى بىلەن جونېس خانىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇ ئىشىك چېكىلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئەكېلىنگەن كىشمىش ئۈزۈمنىڭ يۇيۇۋېتىلگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

دەنۋېر چوپچوڭلا بولۇپ قالغان، يەنە كېلىپ كوچا قىزلىرىدەك كىيىنىۋالغان بولسىمۇ، بىراق جونېس خانىم ئۇنى دەرھاللا تونۇۋالدى. ئۇنىڭ يۈزى تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى: بەش سېنتلىق تەڭگە پۇل چوڭلۇقىدىكى كۆزلىرى قورقماس، ئەمما گۇمانخور؛ يوغان، بېجىرىم چىشلىرى ئۈستىدىكى قارا لەۋلىرى چىشلىرىنى يېپىپ تۇرالمايتتى؛ قاڭشىرى ۋە مەڭزلىرىدىن ئاجىزلىق بىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇستىخانلىرى ئۈستىگە دەللا كەلگەن تېرىلىرى بەكلا گۈزەل ئىدى. دەنۋېر ھازىر ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلاردا بولۇشى مۇمكىن. جونېس خانىم ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قارىماققا ئون ئىككى ياشلىق قىزچاقلارنىڭ يۈزىدەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. قويۇق قاشلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئۇنىڭغا خويمۇ ياراشقان، ئەمما چىرايىدىكى باللارچە سەبىيلىك ئاز ـ تولا ئىش ئۇققاندىن كېيىن تەبىئىيلا يوق بولغانىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۆزىڭىزگە بىر قارىڭە، دەنۋېر، — دېدى جونېس خانىم.

جونېس خانىم دەنۋېرگە ئوچۇق چىراي ئېچىپ، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئۆيىگە باشلاپ كىردى. باشقىلار دەنۋېرنى بەكلا ئادەتتىكى قىزچاق دەپ قارىسىمۇ، جونېس خانىم ئۇنداق قارىمايتتى. جونېس خانىم ئۇنى تەربىيەلىگەنىدى. ئۇنىڭ كىتابتىن بىرەر بەت ۋاراقلىغىنىدىن تارتىپ بىرەر ھەرپ، بىرەر تەگلىمىنى يېزىشىغىچە قاراپ تۇراتتى. شۇ ۋەجىدىن جونېس خانىم دەنۋېرنى ياخشى چۈشىنەتتى. دەنۋېرنىڭ تۇيۇقسىزلا ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشىنى جونېس خانىم ئاشۇ بەش سىنتنى تۆلىيەلمىگەنلىكتىن دەپ چۈشىنەتتى. بىر كۈنى جونېس خانىم ئاتايىتەن دەنۋېرنىڭ ئاياغ يامايدىغان، ئورماندا ۋەز ئېيتىدىغان ساۋاتسىز پوپ مومىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، دەنۋېرنىڭ پۇل قەرز ئېلىپ بولسىمۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشىنى ئېيتتى. موماي ئۇنىڭغا مەسىلىنىڭ پۇلدا ئەمەس، ئۇنىڭ گاس بولۇپ قالغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇڭلاشقا، جونېس خانىم دەنۋېرنى ھازىرمۇ گاس دەپ ئويلايتتى. ئۇ دەنۋېرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندا، دەنۋېر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى.

— مېنى يوقلاپ كېلىپ بەك ياخشى قىپسىز، سىزنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

دەنۋېر جاۋاب قايتۇرمىدى.

— بوپتۇ. ئۆيۈمگە كەلگەنلىكى ئادەملەرنىڭ مەلۇم سەۋەب بىلەن كەلگەن بولۇشى ناتايىن. ئىككىمىزگە چاي دەملەي.

جونېس خانىم ئارغۇن ئايال. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆل رەڭ، چېچى سېرىق. ئۇ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ قارا بىرىگە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەرخىل رەڭلىك بەش بالا تۇغقانىدى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەش بالىسىغا ۋە بالىلىرىنىڭ ياتاق ئۆيىدە تۇرىدىغان باشقا بالىلارغا ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، بالىلىرىنى ۋىلبىلفورسقا ئەۋەتىۋەتكەنىدى.

ئۇنىڭ پارقىراق تېرىسى ئۇنى پېنىسىلوۋانىيەدىكى بىر نېگىر قىزلار مەكتىپىگە قوبۇل قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنالماي قالغان ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب قايتۇرۇش نىيىتىدە ئۇلارغا دەرس ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى توپىدا ئۆمىلەپ چوڭ بولغان، ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىنلا ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە چۈشۈپ كەتكەن باللار ئىدى. سېنىسىنىناتىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىككى زاراتگاھلىق ۋە ئالتە چېركاۋدىن تەركىب تاپقان. بىراق، مەكتەپ بىلەن دوختۇرخانىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئۆگىنىپ، يەنە شۇ ئۆيلىرىدە ئۆلۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئېرىدىن باشقا بارلىق كىشى ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزىنىڭ چېچىنى مازاق قىلىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنەتتى. جونېس خانىم بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا بىر توپ نېگىر باللار بىلەن بىللە تۇرىدىغان چاغدا باشقىلارنىڭ ھەمىشە «ئاشۇ سېرىق چاچلار زايە كەتتى ـ دە» دېيىشكىنىنى ياكى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «ئاق نېگىر» دەپ ئاتىۋېلىشقىنىنى ئاڭلايتتى. جونېس ئۆز چېچىنى ئۆچ كۆرگەندەك، ئۇلارمۇ جونېسنىڭ چېچىنى ئۆچ كۆرگەچكە، جونېسنىڭ ئۇلار بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى. ئۇ مائارىپ تەربىيەسى ئالغاندىن كېيىن بارلىق ئۆچمەنلىكلىرى بېسىقىپ، سىلىق ـ سىپايىلىشىپ كەتتى. ئۇ مۇھەببىتىنى سىنسىنناتىدىكى ئاشۇ ئوقۇشسىز قالغان باللارغا بېغىشلىدى. شۇ باللارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ھازىر جونېس خانىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. جونېس خانىمنىڭ بۇ سابىق ئوقۇغۇچىسىنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى ئالدىدا ئۆزى ئولتۇرغان يۇمشاق ئورۇندۇقنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلغان رىغىزىقمۇ شۇنچىلىك رەڭسىز كۆرىنىدۇ.

— شېكەر سالىمەنمۇ؟

— ھەئە، رەھمەت، — دەنۋېر چاينى بىر كۆتۈرۈپلا

ئىچمۇەتتى.

— يەنە قوْيۇپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، خانىم.

— يەنە ئازراق ئىچىڭ.

— بولىدۇ، خانىم.

— ئۆيىڭىزدىكىلەر قانداقراق، قەدىرلىكىم؟

دەنۋېر چايىنى ئىچمىۋاتقان ھالەتتە توختاپ قالدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشكە ئاجىز ئىدى. شۇڭا، كاللىسىدىكى ئويىنى ئۇدۇللا ئېيتتى.

— مېنىڭ ئىشلىگۈم بار، خانىم.

— ئىشلەيمەن؟

— شۇنداق، خانىم. قانداق ئىش بولسا بولىۋېرىدۇ.

جونېس خانىم كۈلدى.

— سىز نېمە ئىش قىلالايسىز؟

— ھېچ ئىشنى قىلالمايمەن. بىراق، سىزدە ئازراق ئارتۇق نەرسە بولسا، بىرەر ئىش قىلىشنى ئۆگىنىۋالايمەن.

— ئارتۇق نەرسە؟

— يەيدىغان نەرسە. ئاپامغا لازىم ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى يوق.

— ۋاي، قوزام، — جونېس خانىم شۇنداق دەپ كەتتى، — ۋاي قوزام.

دەنۋېر جونېس خانىمغا قارىدى. دەنۋېر بۇ چاغدا ھېس قىلالمىدى، بىراق سىپايىلىك ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتىلغان «قوزام» دېگەن بىر ئېغىز سۆز دەنۋېرنىڭ دۇنيادا ئايالچە ياشىشىنىڭ مۇشۇنىڭدىن باشلانغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرغانىدى. ئاشۇ شېرىن، ئەمما تىكەنلىك جاي (بۇ دەنۋېرنىڭ زۇمرەت ئالچۇقىنى كۆرسىتىدۇ) غا باشقىلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەزلەرنى ياتقۇزۇش ئارقىلىق يول ھاسىل قىلىنغانىدى. جونېس خانىم دەنۋېرگە ئازراق گۈرۈچ، تۆت تال تۇخۇم ۋە بىر ئاز چاي دېگەندەك نەرسىلەرنى بەردى. دەنۋېر ئاپىسىنىڭ ئەھۋالى

ناچار بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ئۆيدىن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىشا بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەتىگەنلىرى ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرسە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. جونېس خانىم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ، ئۆزى تونۇيدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆي ئىشى قىلىپ بەرگەن ھېچكىمگە ھەق بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويدى:

— مەن بارىدىغان چېركاۋدا بىر كومىتېت بار، ئۇ يەردىكىلەر مەخسۇس باشقىلارنىڭ ئاچ قالماسلىقىغا مەسئۇل.

بۇ گەپ جونېس خانىمنىڭ مېھمىنىنى بەكلا بىئارام قىلىۋەتتى. دەنۋېر ئالدىراپ ـ سالدىراپ «ياق، ياق، ياق» دەپ كەتتى. ناتونۇش كىشىلەردىن ياردەم كۈتۈش ئاچلىقتىنمۇ يامان ئىش ئىدى. جونېس خانىم دەنۋېر بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئۇنىڭغا «قاچانلا كەلسىڭىز ئىشىكىم ئوچۇق» دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن دەنۋېر ئۆز ئۆيىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا تۇرۇپ، ھويلىنىڭ يېنىدىكى دەرەخكە بىر نەرسە ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ دەرەخنىڭ يېنىغا باردى. دەرەخكە ئېسىپ قويۇلغىنى بىر خالتا ئاق پۇرچاق ئىدى. يەنە بىر قېتىم دەرەخكە ئېسىپ قويۇلغان نەرسە خام توشقان گۆشىگە ئالماشتى. باشقا بىر كۈنى ئەتىگىنى دەرەخكە بىر سېۋەت تۇخۇم ئېسىپ قويۇلدى. ئۇ سېۋەتنى ئېلىشىغا، بىر ۋاراق قەغەز يەرگە چۈشتى. ئۇ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. قەغەزگە «م . لۇسسېر ۋىللىيامىس» دېگەن خەت يېزىلغان، قەغەز ئۇندا ياسالغان شىلىم بىلەن چاپلانغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ دەنۋېر ئىككىنچى قېتىم كارىدورنىڭ سىرتىدىكى دۇنياغا قەدەم باسقاندا، مەيلى دەرەخكە ئىلىنغان سېۋەتنى ئالغاندا بولسۇن ياكى ئۇنى جايىغا ئىلغاندا بولسۇن، «رەھمەت» دەيدىغان بولدى.

«تۇزۇت قىلماڭ» دېدى م . لۇسسېر ۋىللىيامىس.

پۈتۈن بىر باھاردا ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن

يېمەكلىكلەرگە يېقىن يەردە ياكى يېمەكلىكلەر قاچىلانغان نەرسىلەردە ھەر دائىم بىراۋنىڭ ئىسمى يېزىلغان بولاتتى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت سايلىق قازان، تەخسە ياكى سېۋەتلەرنىڭ ئېگىسىگە قايتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا كىمنىڭ يېمەكلىك ئىئانە قىلغانلىقىنى دەنۋېرغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. بەزى يېمەكلىكلەر قەغەز قاپلارغا سېلىنغانىدى. گەرچە ئۇ قەغەز قاپلار ئىگىسىگە قايتۇرۇلمايدىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىسىم يېزىپ قويۇلغانىدى. بۇ خەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە « X» ھەرپى بار بولاتتى. جونىس خانىم تەخسە، قازان ياكى ئۇستىگە لۆڭگە يېپىلغان يېمەكلىكلەرنى كىملەرنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى تېپىشقا تىرىشاتتى. ئۇ بەزىدە قالايمىقان پەرەز قىلاتتى، دەنۋېر بولسا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ پەرەز قىلغان كىشىلەرگە مەيلى ئۇلار رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك كىشى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رەھمەت ئېيتىشقا باراتتى. بەزىدە ئۇ رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك ئادەمنى خاتا تېپىپ قالغاندا، خاتا تونۇلغۇچى ئۇنىڭغا «ياق، قەدىرلىكىم. بۇ چىنە مېنىڭ ئەمەس. مېنىڭ چىنەمنىڭ چۆرىسىدە كۆك گۈلى بار» دەيتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر دەملىك پاراڭلىشىشلار بولۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەنۋېرنىڭ مومىسىنى تونۇيتتى، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنىڭ مومىسىغا ئەگىشىپ «ئورماندىكى بوش يەر»دە ئۇسسۇل ئوينىغانىدى. كىشىلەر 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئەينى چاغدا خەۋەر بازىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە يىغىلىپ خەۋەر ئاڭلاپ، كالا قۇيرۇقى شورپىسى ئىچىدىغانلىقىنى، بالىلىرىنى كۆڭلەك تىكتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئەسلەيتتى. يەنە بىرسىنىڭ تۇغقىنىنىڭ شۇ يەردە دورا ئىچىپ ساقايغانلىقى ئېسىدە ئىدى. يەنە بىرەيلەن دەنۋېرغا كۆك رەڭلىك، زىغزىق تۇتقۇلغان بىر ياستۇق قېپىنى كۆرسەتتى. بۇ ياستۇق قېپى بېيبىي ساگسىنىڭ ئاشخانىسىدىكى كىرسىن چىرىغى ئاستىدا بىر تەرەپتىن كېلىشىم پۈلى تۇغرۇلۇق

مۇنازىرىلەشكەچ، بىر تەرەپتىن فىرانسىيە يېپىدا كەشتىلىنىپ پۈتۈپ چىققانىدى. ئۇن ئىككى توخۇ ۋە بىر داس بۆلجۈرگەن قىيامى تەييار قىلىنغان ئاشۇ قېتىملىق زىياپەت ئۇلارنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى دەنۋېرنى ئۇ تۇغۇلۇپ بىر كۈن بولغاندا قۇچىقىغا ئالغانلىقىنى ئېيتتى. بەلكىم ئۇلار ئۆزلىرىنى دەنۋېرغا ۋە سېىسقا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلغاندۇ ۋە ياكى نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئۇلارنى پەس كۆرۈپ، ئەيىبلەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتقاندۇ.

دەنۋېر ئاز دېگەندىمۇ جونېس خانىمنىڭ ئۆيىگە ھەپتىدە بىر قېتىم بارىدىغان بولدى. جونېس خانىم تاتلىق ـ تۈرۈملارغا بەك ئامراق بولغانلىقتىن، ئەمدىلىكتە خېلىلا قىزغىنلىق بىلەن دەنۋېرغا كىشمىش ئۈزۈم بولكىسى ئېتىپ بېرىدىغان بولدى. جونېس خانىم دەنۋېرگە «مۇناجاتلار توپلىمى» دىن بىرنى بېرىپ، دەنۋېرنىڭ كىتابتىكى مۇناجاتلارنى پىچىرلاپ ئوقۇشىغا ۋە يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشىغا قۇلاق سالدى. 6 ـ ئايغا كەلگەندە دەنۋېر توپلامدىن ئەللىك ئىككى بەت يادلاپ بولدى. ئۇ يادلىغان ھەربىر بەت بىر يىل ئىچىدىكى بىر ھەپتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

دەنۋېرنىڭ سىرتتىكى كۆنلىرى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇز ئۆيىدىكى تۇرمۇشى يامانلىشىپ كەتتى. ئەگەر سىنسىنناتىدىكى ئاق تەنلىكلەر بۇ يەردىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىشقا يول قويغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار جەزمەن 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن داۋالىنىشقا تېگىشلىك بىمارنى تاپقان بولاتتى. سېس بىلەن جان قوزام ئىئانە قىلىغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ماغدۇرىغا كەلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يېمەكلىكلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىمايتتى. جان قوزام دائىملا بىكار ئولتۇراتتى، بىر كارىۋاتتىن يەنە بىر كارىۋاتقا يۆتكىلەتتى، توختىماستىن بىر نەرسە يەيتتى. بەزىدە ئۇ «يامغۇرا! يامغۇر !» دەپ چىرقىرايتتى. ئارقىدىن جان ـ جەھلى بىلەن

ئۆزىنىڭ گېلىنى سىقاتتى — قان ئېتىلىپ چىققۇچە، كېچىدەك قاپقارا تېرىلىرى تېخىمۇ جۇلالانغۇچە سىقاتتى. بۇ چاغدا سېس «ياق !» دەپ ۋارقىراپ ئورۇندۇقلارنى قالايمىقان ئاتقىنىچە جان قوزامغا تاشلىنىپ، قانلارنى سۈرتەتتى. جان قوزام بەزى چاغلاردا قوللىرىنى تىزىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ دۈپدۈگىلەك تۈگۈلۈۋېلىپ، سائەت ـ سائەتلەپ ياتاتتى ياكى بولمىسا ئۆستەڭگە بېرىپ سۇ يوتىسىغا كەلگۈچە سۇغا كېچەتتى. ئاندىن سېسنى ئىزدەپ تاپاتتى، ئۇ ئايالنىڭ چىشلىرىنى بارماقلىرى بىلەن سىلىغىنىچە، يوغان ۋە قارا كۆزلىرىدىن شۇرقىراپ ياش تۆكەتتى. بۇ چاغدا دەنۋېر ئىشلارنى ئاخىرلاشتى دەپ قارايتتى: جان قوزام خۇددى ئانىلارغا ئوخشاش سېسقا ئېگىلەتتى، سېس بولسا ئەمدىلا چىشى چىققان بوۋاقتەك، جان قوزامنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشمىسىلا، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ ياتقىنى ياتقاندى. جان قوزام چوڭايغانسېرى، سېس تۈگۈلگەن ھالدا تېخىمۇ كىچىكلەيتتى. جان قوزامنىڭ كۆزلىرى قانچە نۇرلانغانسېرى، ئەزەلدىن يانچە قارىمايدىغان ئاشۇ كۆزلەر ئۆيقۇسىزلىقتىن قىسىلىپ، ئىككى سىزىقتەك بولۇپ قالاتتى. سېس چېچىنى تارىماس، يۈزلىرىنى يۇماس بولۇۋالدى. ئۇ تاياق يېگەن كىچىك بالىدەك لەۋلىرىنى يالىغىنىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جان قوزام بولسا سېسنىڭ ھاياتىنى يالماپ يۇتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭايتىپ، تېخىمۇ ئېگىزلىتىۋاتاتتى. يېشى چوڭىيىپ قالغان سېس غىڭ قىلماستىن ئۆز ھاياتىنى تاپشۇرماقتا ئىدى.

دەنۋېر ھەر ئىككىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇ كىر يۇيۇپ، تاماق ئېتەتتى، دائىم دېگۈدەك ئاپىسىغا تاماق يېگۈزۈپ قوياتتى، كۈچىنىڭ يېتىشىچە تاتلىق ـ تۈرۈملار ئارقىلىق جان قوزامنى تىنچلاندۇراتتى. جان قوزامنىڭ شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەقىقىدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى

بىلىش دەنۋېر ئۈچۈن بەسىي مۈشكۈل ئىدى. جان قوزام مەش قىزغاندا يالىڭاچ بولۇپ ياكى كىرلىك بىلەن ئۆزىنى ئوراپ، قورسىقىنى ھەددىدىن زىيادە يوغىناپ كەتكەن تاۋۇزدەك يۇسكايتىپ، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

دەنۋېر ئاپىسى بىلەن جان قوزام ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىمەن، دەپ ئويلايتتى. سېس ئاشۇ قول ھەرىسىگە چېتىشلىق گۇناھىنى يۇيۇش نىيىتىدە ئىدى؛ جان قوزام سېسىنى تۆلەپ بېرىشكە قىستايتتى. بىراق، بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقمايتتى. دەنۋېر ئاپىسىنىڭ تۈگۈلگەنسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن ھەم نومۇس قىلاتتى ۋە ئاچچىقلىناتتى. دەنۋېر ئاپىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەندىشىسى جان قوزامنىڭ كېتىپ قېلىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. سېس جان قوزامغا ئۇنىڭ بېشىنى ئېگىكىنىڭ ئاستىدىنلا ھەرىدىگەنلىكىنى، بوۋاقنىڭ قىپقىزىل قېنى قوللىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىققانلىقىنى؛ بوۋاقنىڭ بېشىنىڭ مۇقىم تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغان ھالدا، بۇدرۇق، تاتلىق، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۆلۈم ئالدىدىكى بالىسىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشتىن ئىلگىرى جان قوزام كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. جان قوزام سېسىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ناچار، بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ھېسابلىنىدىغان — بېبىي ساگىسىنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدىكى، ئېلىلا بىلىدىغان، سەتەمپ پېيد كۆرگەن، پاۋۇل D . نى تىترىتىۋەتكەن ئىشنى ئۆزىگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى كۈتمەستىنلا كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر ئاق تەنلىك كاللىسىدا يالت قىلىپ چاقنىغان مەلۇم ئوي - خىيال سەۋەبلىك، ئۆزلۈكىڭىزنى تارتىۋالالايدۇ، سىزنى قۇل قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سىزنى ئۆلتۈرۈپ ياكى مېيىپ قىلىپ تاشلايدۇ. يەنە تېخى

سىزنى بۇلغايدۇ، سىزنى شۇنداق بۇلغىۋېتىدۇكى، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئىككىنچىلەپ ياخشى كۆرگۈزمەس قىلىۋېتىدۇ؛ شۇنچىلىك بۇلغىۋېتىدۇكى، سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، كىملىكىڭىزنى ئىككىنچىلەپ ئەسلىيەلمەس قىلىۋېتىدۇ. گەرچە سىز ۋە باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇلغىنىشنى يېڭىپ مۇشۇ كۈنگە ئۇلىشالىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ شۇ بۇلغىنىشنىڭ ئۆز بالىلىرى ئۈستىدە يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە دەل ئۇنىڭ بالىلىرى. ئاق تەنلىكلەر ئۇنى بۇلغىۋەتكىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ خىسلەتلىك، ئەڭ پاك نەرسىسى بولغان بالىلىرىنى بۇلغاشنى خام خىيال قىلمىسۇن. دەرەخكە ئېسىلغان، پۈتىمۇ، بېشىمۇ يوق ئاشۇ جەسەت ئۇنىڭ ئېرىمۇ ياكى پاۋۇل . A مۇ؛ ۋەتەنپەرۋەرلەر قارا تەنلىكلەر مەكتىپىگە ئوت قويۇۋەتكەندە كۆيۈپ يارىلانغان قىزلار ئىچىدە ئۇنىڭ قىزى بارمۇ، يوق؛ بىر ئۈچۈم ئاق تەنلىكلەر ئۇنىڭ قىزىنىڭ نومۇسلۇق جايىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ھارۋىدىن تاشلىۋەتتىمۇ، يوق. بۇنداق چىدىغۇسىز قاباھەتلىك چۈشلەرگە ئۇ ئەمدى يول قويمايدۇ. سىز قۇشخانا قورۇسىدا مەجبۇرلانسا ھېچ گەپ يوق، بىراق ئۇنىڭ قىزلىرى بۇنداق كۈنگە قالماسلىقى كېرەك.

شۇنداقلا ھېچكىم، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئادەم سىزنىڭ قىزلىرىڭىزنىڭ تەبىقىسىنى قەغەزدىكى ھايۋانلار تەبىقىسى تەرەپكە تىزىشقا ئىككىنچىلەپ پېتىنالمايدۇ. ياق. ھېچكىم ئۇنداق قىلالمايدۇ. بەلكىم بېيىبىي ساگىس بۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، سىز بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى تا بۈگۈنگىچە ئۇزۇل ـ كېسىل رەت قىلىپ كەلدى.

دەنۋېر سىزنىڭ جان قوزامىغا بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن قېتىم سۆزلىگىنىنى ئاڭلىغانىدى، سىز جان قوزامنى قايىل

قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم، دەپ تونۇيتتى. سىپسىنىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشى توغرا ئىدى، چۈنكى ئۇ چىن مۇھەببەتنى سەۋەبلىك شۇنداق قىلغانىدى.

جان قوزام بۇدرۇق ۋە يۇمران پۇتلىرىنى ئورۇندۇق ئۇستىدە تىكلەپ، ئالىقىنىدا سىزىقى يوق بىر جۈپ قولىنى قورسىقىغا قويغان ھالدا سىپسقا قارىدى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى، پەقەتلا سىپسىنىڭ ئۆزىنىڭ يۈزىنى ئېلىۋالغان، ئۇنى قاپقاراڭغۇ جايغا تاشلاپ قويۇپ ئۆزى تۇگۈلۈۋالغان، كۇلۇمسىرەشنى ئۇنتۇغان ئاشۇ ئايال ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

دەنۋېر ھامان دادىسىنىڭ قىزى. ئۇ قىلمىش زۆرۈر بولغان ئاشۇ ئىشلارنى قىلىشقا، كىشىلەرنىڭ نەرسىلەرنى دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويىدىغان ياخشى كۆڭلىگە تايىنىۋالماسلىققا بەل باغلىدى. ئۇ ئۆزىنى ياللايدىغان جاي تېپىشى كېرەك ئىدى. ئۇ سىپس بىلەن جان قوزامنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويسا، ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىسىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇش - تۇرماسلىقىنىڭ ئۇلار قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئۇلار نەرە تارتقۇسى كەلسە نەرە تارتاتتى، ئاچچىقلىناتتى، خىلمۇخىل تەلەپلەرنى قوياتتى، تەكەببۇرلۇق قىلاتتى، قورققىنىدىن تۇگۈلۈۋالاتتى، ھۆكۈرەپ يىغلايتتى. دەنۋېر جان قوزام جىممىقىپ، ئۆز ھالى بىلەن قالغاندا، سىپسىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقىغا، پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى چۈشەندۇرىدىغانلىقىغا، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقى ۋە قانداق قىلىپ ئاشۇ ئىشنى قىلغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۇرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. قارىماققا سىپس كەچۈرۈمگە ئېرىشىشنى ئويلىماستىن، رەت قىلىنىشقا ئېرىشكۈسى باردەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە، جان قوزامۇ قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي ئولتۇرمايتتى.

چوقۇم بىرەر كىمنى قۇتقۇزۇش كېرەك ئىدى. بىراق،

دەنۋېربېرەر ئىش تاپمىغۇچە ھېچكىمنى قۇتقۇزۇشى مۇمكىن بولمايتتى. ئۇلاردىن ھېچقايسىسى بىراۋنىڭ ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا موھتاج بولمىغىنىدا، دەنۋېرمۇ مەۋجۇت بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆتۈشكە، ساقلىۋېلىشىغا تېگىشلىك ئۆزلۈكى بار ئىدى. بۇ بىر يېڭى پىكىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەگەر دەنۋېر يېرىم تال قاتلىما ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشقا بارغان چاغدا، مومىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان نېلسون لوردقا ئۇچراپ قالمىغان بولسا، ئۇنىڭدا بۇنداق يېڭى ئوي پەيدا بولمىغان بولاتتى. نېلسون لورد ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا «ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، دەنۋېر» دېگەندە، ئۇنىڭ ھېس قىلغىنى بۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ يۈزەكى مەنىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. نېلسون لورد ئالدىنقى قېتىم دەنۋېرغا گەپ قىلغاندا دەنۋېرنىڭ قۇلىقى پاك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ قېتىم دەنۋېرنىڭ كاللىسىنى ئاچتى. دەنۋېر بىر تەرەپتىن ھويلىدىكى ئوتلارنى ئوتاپ، كۆكتات ئۈزۈپ، تاماق ئېتىپ، كىر يۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن نېمە قىلىش ۋە قانداق قىلىش توغرۇلۇق پىلان تۈزدى. بودۋېن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ياردەم بېرىش ئېھتىماللىقى ھەممىدىن يۇقىرى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرىمۇ ئىككى قېتىم ياردەم قولىنى سۇنغانىدى. بىر قېتىم بېبىي ساگس ئۈچۈن، بىر قېتىم سېس ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنغان ئۇ كىشىلەر قانداقسىگە ئۈچىنچى قېتىملىق ياردىمىنى ئايىسۇن؟

دەنۋېر كۆن چىقىشتىن ئىلگىرى يولغا چىققىنىغا قارىماي، سىنسىنناتى كوچىلىرىدا قايتا ـ قايتا ئېزىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، مەنزىلگە يېتىپ بارغان ۋاقتىدا چىڭقىچۈش بولۇپ كەتتى. پىيادىلەر يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان بۇ ئۆينىڭ يوغان دېرىزىسى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق ئاۋات كوچىغا قارايتتى. ئىشىك ئېچىش ئۈچۈن چىققان قارا تەنلىك ئايال ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتى:

— ئىشىڭىز بارمىدى؟

— كىرسەم بولامدۇ؟

— سىزگە نېمە لازىم؟

— بودۋېن ئەپەندى ۋە بودۋېن خانىم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم.

— بودۋېن خانقىز دەڭ. ئۇلار ئاكا ـ سىڭىل.

— ھە.

— ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدىغان نېمە ئىشىڭىز بار؟

— ئىش ئىزدەۋاتقانىدىم. ئۇلارنى بۇ توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىدۇ دەپ ئويلايمەن.

— سىز بېيىبىي ساگىسىنىڭ تۇغقىنى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خانىم.

— ئۇنداقتا ئۆيگە كىرىڭ. چىۋىنلەرنى ئۆيگە توشقۇزۇۋەتمىگىز، — ئۇ دەنۋېرنى ئاشخانا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ شۇنداق دېدى، — سىز ئالدى بىلەن قايسى ئىشنى چېكىش كېرەكلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك، — دەنۋېر ھەم يۇمشاق، ھەم كۆك بىر نەرسىگە دەسسىۋالغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ يېرىمىنىلا ئاڭلىيالىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى ھەم كۆك، ھەم يۇمشاق ئىدى. ئەينەك قۇتا ئىچىگە يالتىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان بىر نەرسە قاچىلانغان ئۇستەل ۋە جاھازىلار كىتاب بىلەن تولغانىدى. مەرۋايىت ئۇستەل چىرىغى ئالتۇن تەگلىكنى بېسىپ تۇراتتى. بۇ يەردىن ئۇ ئىلگىرى زۇمرەت ئالچۇققا چاچقان ئەتىرنىڭ غەلىتە پۇرىقى كېلەتتى. بۇ ئەتىرنىڭ پۇرىقى ئۇ ئىلگىرى ئىشلەتكەن ئەتىرنىڭكىدىن ياخشىراقتەك قىلاتتى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئايال ئۇنىڭغا، — مېنىڭ ئىسمىمنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن، خانىم.

— جېنىنى ۋاگون.

— ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟

— قەدىر ئەھۋال. ئاڭلىسام ئاپىڭىز ئاغرىپ قاپتۇ، بۇ راستمۇ؟

— راست، خانىم.

— ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ.

— مەن. مەن ئىش تېپىشىم كېرەك.

جېنىنى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— بىلەمسىز، مەن ئون تۆت ياش ۋاقتىمدىلا بۇ يەرگە كەلگەن، ئەينى چاغدا بېيىبىي ساگىس بۇ يەرگە كەلگەندە دەل سىز ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئىش تۇنۇگۈنكىدەكلا يادىمدا. ئۇنى بىر ئاق تەنلىك كىشى ئەكىرگەن، شۇنداق قىلىپ ئۇ سىلەر تۇرۇۋاتقان ئۆيگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشكەن.

— شۇنداق، خانىم.

— سېسقا نېمە بولدى؟ — ئۇ چىنە - قاچا يۇيۇش كۆلچىكىگە يۆلەنگىنىچە بىلەكلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇردى.

ئازراقلا بەدەل تۆلەشكە تېگىشلىك بۇ ئىش دەنۋېر ئۇچۇن ناھايىتى چوڭ ئىشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇ بولغان ئىشلارنى سۆزلىمىسە، ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيتتى. ئۇ ھالدا جېنىنى ئېنىقلا ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيتتى، ئۇنى بودۋېن ئاكا - سىڭىللار بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، دەنۋېر بۇ ناتونۇش ئايالغا جونېس خانىمغا ئېيتىپ بەرمىگەن ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. چۇنكى ئۇ بودۋېن ئاكا - سىڭىللارنى ياردەمچىگە موھتاج دەپ ئويلايتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى يارەدمچىگە موھتاج دەپ قارىمايتتى. ھازىر بۇ يەردە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانغا جېنىنىلا بار ئىدى. جېنىنىنىڭ غوجايىنلىرى قېرىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىشى ئېغىرلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە جېنىنىدىن كېچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا يېتىشىنى تەلەپ قىلماقتا. جېنىنى دەنۋېرنىڭ كېچىدە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى توغرۇلۇق بودۋېن ئاكا - سىڭىللارنى قايىل قىلالىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، دەنۋېر

كۆندۈزلىرى سىپسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، كەچلىرى ئىشلەپ ئاز ـ تولا پۇل تاپالايدۇ.

دەنۋېرنىڭ جېنىنىغا ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئاپىسىنى قىيناۋاتقان ئۇنىڭ نەۋرە ئاچىسىمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ، دەنۋېر بىلەن ئاپىسى ئىككىسىنى بەكلا ئەنسىرەتكىلى تۇرۇپتۇ. قارىماققا جېننى سىپسىنىڭ ئەھۋالىغا بەك قىزىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. جېننى دەنۋېرنىڭ سىپس توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىپسىنىڭ ئەقلىدىن كەتكەنلىكىگە جەزم قىلدى. بۇ ھالەتتىكى سىپس ھەرگىزمۇ جېنىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى سىپس ئەمەس ئىدى. سىپس كاللىسىدىن كېتىپتۇ. جېننى بۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ـــ كىم ئۇنى ھالىنى ئۇستۇن قىلىپ، ئۆزى يالغۇز ياشىسۇن دەپتۇ. دەنۋېر تەشۋىشلەنگىنىدىن تولا قىمىرلاپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئەيىبلىنىشىدىن بىئارام بولغان ھالدا چىنە ـ قاچا يۇيۇش كۆلچىكىگە تىكىلىپ ئولتۇردى. جېننى تەكەببۇرانە ھالەتتە سۆزلەيتتى. ئۇ بېيىمى ساگىس توغرۇلۇق گەپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ماختاپ مۇنداق دېدى:

ـــ مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئورماندا ئۆتكۈزگەن مۇناجات مۇراسىمىغا قاتنىشىپ باقمىغان. بىراق، ئۇ ماڭا باشتىن ـ ئاخىر ياخشى مۇئامىلە قىلغانىدى. ھازىر ئۇنىڭدەك ساپ دىل بىرىنى ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ.

ـــ مەنمۇ ئۇنى سېغىنىدىم، ـــ دېدى دەنۋېر.

ـــ شۇنداق، ھەممە ئادەم ئۇنى سېغىنىدۇ. ئۇ بەكلا ياخشى ئايال ئىدى.

دەنۋېر باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىدى. جېننى ئۇنىڭ چىرايىغا بىر ھازا تىكىلىپ قارىۋېتىپ شۇنداق دېدى:

ـــ ئىككى ئاكىڭىز چىقىپ كەتكەن پېتى بىرەرسىمۇ قايتىپ كەلمىدىمۇ؟

— كەلمىدى، خانىم.
— ئۇلاردىن خەت كەلدىمۇ؟
— ياق، خانىم، ھېچنېمە كەلمىدى.
— ئۇلارنىڭ ئۇ ئۆيدە كۆپ جاپا تارتقانلىقى ئېنىق. ئۆيىڭىزدىكى ئاچىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ. ئۇنىڭ ئالىقىنىدا سىزىقچىلار بارمۇ؟
— يوق.
— ياخشى، — دېدى جېيىنى، — مەن ھەممە ئىشقا تەگرى بار دەپ ئويلايمەن.
يۇزتۇرا ئىمتىھان ئاياغلاشتى. جېيىنى دەنۋېرغا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىشنى ئېيتتى. ئەمدى جېيىنى ئۆز غوجايىنلىرىغا ئۇلارنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكى، جېيىنىنىڭ ئۆزىمۇ كەچلىك ياردەمچىگە موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا كەچتە قارايدىغان ئادەم كېرەكلىكى توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈشى كېرەك. «بۇ ئىككىيلەننى تاشلىۋەتسەم بولمايدۇ. بىراق ئۇلار مېنىڭ ھەم كۈندۈزلۈك، ھەم كېچىلىك ۋاقتىمنى ئىگىلىۋالسا بولمايدۇ — دە.»
دەنۋېر كەچلىرى نېمە ئىشلارنى قىلىشى كېرەك؟
«مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ. ناۋادا...»
نېمە ناۋادا؟
جېيىنى دولىسىنى چىقىرىپ قويدى. «تاسادىپىي ئۆيگە ئوت كېتىپ قالسا، — ئۇ بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ياكى يول پاتقاق بولۇپ كېتىپ، بۇ يەرگە ۋاقتىدا كېلىشىمگە توسقۇنلۇق قىلسا. تاسادىپىي كەچ قايتقان مېھمان خىزمەتكارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، ئاندىن ئۆيلەرنى تازىلاشقا توغرا كەلسە. ئىشقىلىپ، ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئاق تەنلىكلەرنىڭ كېچىلىرى نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى مەندىن سورىماڭ.»
«ئۇلار ئەسلىدە ناھايىتى ياخشى ئاق تەنلىكلەردىن ئىدى.»

«شۇنداق. ئۇلار ياخشى كىشىلەر. ئۇلارنى ناچار دېيىشكە بولمايدۇ. سىزگە دېسەم، مەن ئۇلارنى باشقا ئىككى ئاق تەنلىككە ھەرگىز تېگىشكۈم يوق.»

دەنۋېر ئاشۇ ۋەدىلەرنى ئالغاندىن كېيىن مېڭىش ئۈچۈن تەمشەلدى. بىراق، دەنۋېر قايتىشىدا ئارقا ئىشىكنىڭ يېنىدىكى جاھازىغا تىزىلغان ئاغزىغا لىققىدە پۇل قىستۇرۇلغان بىر قارا تەنلىك بالىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بېشى ئارقىسىغا قايرىلغان، قوللىرى يانچۇقىغا سېلىنغان ھالەتتە ئىدى. يوغان ئېچىلغان قىپقىزىل ئاغزىدىن سىرت، يۈزىدە پۇلتىيىپ چىققان ئىككى كۆزىدىن بۆلەك نەرسە يوق ئىدى، چېچى شالاڭ قېقىلغان مىختا ئوخشاش تىك تۇراتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە تىزلاندۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئاغزى بىر قېتىملىق مال يەتكۈزۈپ بېرىش پۇلى ياكى باشقا مۇلازىمەت پۇلى پاتقۇدەك ھالدا يوغان ئېچىلغانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا يەنە تۈگمە، ئىلغۇچ ياكى مۇراببا دېگەندەك نەرسىلەرمۇ پاتاتتى. ئۇ بىر سېلىنچىغا ئولتۇرغۇزۇلغان، سېلىنچىغا «بۇيرۇقىڭىزغا تەييارمەن» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

جېنىنى دەنۋېردىن ئاڭلىغانلىرىنى باشقا قارا تەنلىك ئاياللارغا يېيىۋەتتى. سېسىنىڭ ئۆلگەن قىزى — سېس ئۆز قولى بىلەن گېلىدىن بوغۇزلىۋەتكەن قىزى ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن قايتىپ كەپتۇ؛ سېس ھالىدىن كېتىپ ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا يېرىم جان بولۇپ قاپتۇ، كاللىسىدىن كېتىپ، مەجنۇنلىشىپ، ئىلگىرىكى ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ؛ ئۇنىڭ تىرىلىپ قوپقان قىزى ئۇنى ئۇرۇپتۇ، كارىۋاتقا باغلاپ قويۇپ، چاچلىرىنى پاك - پاكىز يۇلۇپ تۈگىتىپتۇ، دېگەندەك گەپ - سۆزلەر تارقالدى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن سەرپ قىلىپ، سېس توغرىسىدىكى ھېكايىنى تازا كۆپتۈردى. ئۇلار ئۆزلىرى تارقاتقان خەۋەردىن ئۆزلىرى راسا غەزەپلىنىپ، ئاندىن بېسىقتى، ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى پەرەز قىلىشتى. ئۇلار ئۈچكە بۆلۈندى. بىر تۈركۈمى شۇ توغرىسىدىكى ئەڭ يامان خەۋەرلەرگە

ئىشەندى. يەنە بىر تۇركۈمى بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىشەنمىدى. يەنە بەزىلەر، مەسىلەن، ئېللا قاتارلىقلار ئىككىلىنىپ قېلىشتى.

— ئېللا، مەن سىس توغرۇلۇق ئاڭلىغان خەۋەرلەر زادى قانداق ئىش؟

— ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىۋېتىپتۇ. بىلىدىغىنىم مۇشۇلا، خالاس.

— ئاشۇ قىز بىلەنمۇ؟ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئاشۇ قىزى بىلەنمۇ؟

— ئۇلار ماڭا شۇنداق دېگەن.

— ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ بوۋاق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىپتۇ؟

— ئۇ سىسنىڭ ئۆيىدە ئىكەن، ئۇخلايدىكەن، تاماق يەيدىكەن، ئالەمنى مالەم قىلىدىكەن. ھەر كۈنى سىسنى ئۇرىدىكەن.

— ئاھ، خۇدا. بىر بوۋاق شۇنداق قىلامدىكەن؟

— ياق. ئۇ چوڭ بوپتۇ. تىرىك بولۇپ قانچە ياشقا كىرگەن بولسا، ھازىرمۇ شۇنچە ياشقا كىرىپتۇ.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز، ئۇ بىزگە ئوخشاش ئادەممىكەن؟

— مەن شۇنداق دەۋاتمايمەنمۇ.

— ئۇنى ئۇرامدىكەن؟

— ئۇنىڭغا سالجىدەكلا چاپلىشىۋالىدىكەن.

— بەلكىم، ئۇنى سىس ئۆزى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن گەپ.

— ئۇنى كىممۇ تەكلىپ قىلىدۇ دەيسىز.

— بىراق، ئېللا...

— نېمىگە بىراق دەيسىز. ئادالەتلىك دەپ قارالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى توپتوغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

— بالىڭىزنى ئۆلتۈرىمەن دەپلا ئۆلتۈرەلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

— راست دەيسىز. بىراق، بالىمۇ ئاپىسىنى ئۆلتۈرىمەن دەپلا

ئۆلتۇرەلمەيدۇ.

كۆپچىلىكنى قايىل قىلىشقا ئېللا ھەممىدىن بەك كۈچىدى: ئادەم قۇتقۇزۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. ئېللا بىر ئەمەلىيەتچىل ئايال. ئۇ ھەرقانداق كىشىلىك شىپاسى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. خىيالغا پېتىپ ئولتۇرماي، كېسەلدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى قىلىش كېرەك. ھېچكىممۇ ئېللانى سۆيۈپ باقمىغان، سۆيگەن تەقدىردىمۇ ئېللانىڭ خۇشال بولۇشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى، ئېللا سۆيگۈنى ئەڭ چوڭ ئىقتىدارسىزلىق، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ياشلىق باھارى بىر ئاتا ۋە ئۇنىڭ بالىسىنىڭ بۆلۈشۈۋېلىشى ئاستىدا تۈگىگەن. ئۇ ئاتا ـ بالىلارنى «ئەڭ پېسەندى مەخلۇقلار» دەپ ئاتايتتى. «ئەڭ پېسەندى مەخلۇقلار» ئېللا ئارقىلىق شەھۋىتىنى قاندۇرۇپ، ئۇنى بۇنداق ئىشتىن بەكلا يىرگىنىدىغان قىلىۋەتكەنىدى. ئېللا ھەرقانداق رەزىل قىلمىشلارنى ئاشۇ «ئەڭ پېسەندى مەخلۇقلار» ئارقىلىق دەڭسەيتتى. قاتىللىق، تۇتقۇن قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلمىشتەك رەزىل ئىشلار بولسۇن ياكى باشقا رەزىللىكلەر بولسۇن، ئۇ بۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىسا پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپلا قويۇاتتى. «ئەڭ پېسەندى مەخلۇقلار»نىڭ رەزىللىكى ھەرقانداق رەزىللىكنى بېسىپ چۈشەتتى. ئېللا سېسىنىڭ كەپە ئۆيدىكى يىگىرمە يىل بۇرۇنقى غەزىپىنى چۈشەنسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ شۇ سەۋەبلىك قىلىپ سالغان ئىشىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى. ئېللا ئۇنىڭ شۇ قىلمىشىنى تەكەببۇرلۇق، خاتالىق، دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، سېس بەكلا مۇرەككەپ ئايال ئىدى. سېس تۇرمىگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن، ھېچكىم بىلەن سالام ـ سەھەت قىلماستىن، ئۆز ئالدىغا يالغۇز ياشىدى. شۇنداق قىلىپ، ئېللا ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماس، ھەتتا سائەتنىڭ نەچچە بولغىنىنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتماس بولغانىدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، دەنۋېر ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان قىزدەك تۇراتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ چىقىپلا

ئۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ياردەمنى سورىدى، قىلىدىغان ئىش ئىزدىدى. ئېللانىڭ ئاڭلىشىچە، 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە سېسنى ئۇرىدىغان بىر نەرسە پەيدا بوپتۇ. بۇ ئىش ئېللانى غەزەپلەندۇرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا كىمنىڭ «ئەڭ پېسەندى مەخلۇقلار» بىلەن بىر قاتاردا ئىكەنلىكىنى دىتلايدىغانغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ غەزەپلىنىشىدە يەنە چەكتىن ئاشقان شەخسىي ئامىل مەۋجۇت ئىدى. سېس ئىلگىرى نېمە قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېللا «ئىلگىرىكى خاتالىق مەڭگۈ تەسىرىنى يوقاتمايدۇ» دېگەن كۆز قاراشتىن يىرگىنەتتى. سېسنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتەتتى. ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى ھەتتا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى بېسىپ چۈشەتتى. بىراق، ئۇ ئەمدىلىكتە ئۇنداق گۇناھلارنىڭ ئۇ ئۆيدە داۋاملىق ھەددىدىن ئېشىپ، ھە دېسىلا خىرىس قىلىپ تۇرۇشىغا يول قويسا بولمايدۇ. كۆندىلىك تۇرمۇش ئۇنىڭ بارلىقىنى ئىگىلىگەنىدى. كەلگۈسى دېمەك گۆگۈم پەيتىدىن ئىبارەت. ئۆتمۈشنى كەينىگە تاشلاش كېرەك. ئەگەر ئۆتمۈش كەينىگە تاشلىنىشقا ئۇنىمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنى مەجبۇرىي تېپىپ چىقىرىش كېرەك. قۇللارنىڭ ھەربىر كۈنى سىناقتىن، ھەربىر دەقىقىسى ئىمتىھاندىن ئىبارەت. دۇنيادا قىيىن سوئاللارنىڭ جاۋابى تەل، ئەمما يەنىلا تېپىشماقلار ئۈزۈلمەيدۇ. مەسىلىلەر ئىلگىرىكىدەكلا تۈرلۈك ـ تۈمەن، شۇڭلاشقا ھېچ نەرسىگە ئۈمىد باغلىماڭ. «بۈگۈنكى ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بۈگۈنگە ئاساسەن ھەل قىلىش ئۇسۇلى بار.» ھېچكىممۇ تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا موھتاج ئەمەس، ھېچكىمنىڭمۇ چوڭ بولۇپ قالغان بىر شەيتاننىڭ غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇشىنى كۆرگۈسى يوق. ئەگەر ئۇ شەيتان پەقەت ئۆز ئۆۋىسىدىلا تىقىلىپ قالايمىقانچىلىق تېرىسا — نەرسىلەرنى تەۋرەتسە، يىغلىسا ۋە ئۇرۇشسا، ئۇ ھالدا ئېللا ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. بىراق، ئۇ شەيتان سەمرىپ، ئەت ئالغان ھالدا ئۇنىڭ دۇنياسىدا پەيدا بولسا

بۇ باشقا گەپ. ئۇ ئىككى خىل دۇنيانىڭ ئاز ـ تولا ئالاقە باغلىشىغا قارشى ئەمەس. بىراق، بۇ قېتىمقىسى ئېنىقلا تاجاۋۇزچىلىق.

—— بىز چوقۇم دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ —— دەپ سوراشتى ئاياللار.

—— ھىم، دەسلەپتە شۇنداق قىلىپ، ئاندىن ھەرىكىتىمىزنى باشلايمىز، —— دېدى ئېللا.

دەنۆېر بىرىنچى قېتىم بودۋېن ئائىلىسىدە كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئاشۇ كۈنى بودۋېن ئەپەندىنىڭ شەھەردە قىلىدىغان ئىشى چىقىپ قالغاچقا، جېنىنىغا يېڭى كەلمەكچى بولغان قىزنى كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى ئەكېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دەنۆېر بوغچىسىنى تىزىغا قويۇپ پەلەمپەيدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كارنىۋال بايرىمىلىق كۆڭلىكىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، تېخىمۇ ئىللىق رەڭدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن رەڭگىگە كىرگەنىدى. ئۇ ئوڭ تەرەپكە —— بودۋېن ئەپەندى كېلىدىغان تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغانلىقتىن، ئايالارنىڭ ئۇچتىن ـ تۆتتىن بولۇپ سول تەرەپتىن ئۆزى تەرەپكە بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەي قالدى. دەنۆېر ئوڭ تەرەپكە قاراپ ئولتۇرماقتا. ئۇ بودۋېن ئاكا ـ سىڭىللارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىش ـ چىقالماسلىقىنى، ئۇلارنى رازى قىلىش ـ قىلالماسلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن، كۆڭلى بىر ئاز دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ تېخى بايىلا يۇگۈرۈش ئايىغى توغرىسىدىكى چۈشتىن يىغلاپ ئويغانغانلىقى ئۈچۈن، ئانچە ئەركىن ئەمەس ئىدى، چۈشىنىڭ بىئارامچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆي ئىشلىرىنى ئالدىراش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىسسىپ كەتكىنىدىن نەپىسى يېتىشمەي قالغانىدى. ھەقىقەتەن بەكلا سەھەر ئىدى، دەنۆېر بىر قۇر كېچىلىك كىيىمى ۋە بىر تارغاقنى بوغچىغا سالدى. ئۇ بوغچىنىڭ تۈگۈچى بىلەن ھەپىلەشكەچ، ھە دەپ ئوڭ يانغا

قارايتتى.
بەزى ئاياللار ئەكپلەلىگۈدەكلا نەرسىلىرىنى، كېرەك بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىغان نەرسىلەرنى كۆتۈلىكىنىڭ يانچۇقىغا سالغان، بويىنىغا ئارتقان هالدا ئەكەلدى. يەنە بەزىلەر دىندارلارغا خاس سەممىيەتنى قىلىچ بىلەن قالقان هېسابلاپ ئەكەلگەن، كۆپ ساندىكىلەر بۇ ئىككى خىل نەرسىنى بىللە ئەكەلگەنىدى. ئۇلار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەككىلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتى. ئۇلار پەقەت ئۆيلىرىدىن چىقىپ، بىلۇستون كوچىسىدا كېلىشىپ قويغان ۋاقىتتا يىغىلدى. چوقۇم كېلىشى كېرەك بولغان بىرنەچچە ئايال قاتتىق ئىسسىق سەۋەبلىك ئۆيلىرىدىن چىقالماي قالدى. سۆز - چۆچەكلەرگە ئىشەنگەن يەنە بەزى كىشىلەر قارشى تۇرۇش هەرىكىتىدە هەرقانداق رول ئېلىشنى خالىمىغانلىقتىن، هاۋانىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، هەرگىز كەلمەيتتى. جونېس خانىمغا ئوخشاش يەنە بەزى كىشىلەر سۆز - چۆچەكلەرگە ئىشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سۆز - چۆچەكلەرگە ئىشەنگەنلەرنىڭ نادانلىقىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇز ئايال بىر توپ بولۇپ، 124 - نومۇرلۇق ئۆيگە ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى.
بۇ بىر جۇمە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغان مەزگىل ئىدى، هاۋا نەم هەم ئىسسىق ئىدى. سىنسىنناتىدىن تارقالغان سېسىق پۇراق سەهرالارنىمۇ بىر ئالغانىدى: بۇ سېسىق پۇراق قانالاردىن، ئېسىپ قويۇلغان چوشقا گۆشىدىن ۋە مۇرابىا قۇتىلىرىدا ئېچىپ كەتكەن نەرسىلەردىن؛ ئېتىزلاردا، يەر ئاستى ئەۋرەز يوللىرىدا ۋە زاۋۇتلاردا ئۆلگەن كىچىك هايۋانلاردىن كېلەتتى. سېسىقچىلىق، قاتتىق ئىسسىق ۋە نەملىك... جەزمەن ئەرۋاھ هەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇنداق بولمىسا، بۇگۈنمۇ باشقا كۈنلەرگە ئوخشاش بولغان بولاتتى. ئۇلار ئەسلىدە دارىلئېتامدا ياكى ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا كىيىم يۇيۇشى، تۇگمەندە شال ئاقلىشى، بېلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشى، هايۋانلارنىڭ ئىچ -

باغىرلىرىنى تازىلىشى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ بالىلىرىنى ئۇخلىتىشى ياكى قاۋاقخانىنىڭ ئاشخانىسىغا سولاپ قويۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق بولغاندا، ئاق تەنلىكلەر ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا قاراپ تۇرۇشقا ھاجىتى قالمايتتى.

بىراق بۈگۈن ئوخشىمايدۇ.

ئوتتۇز ئايال 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، تۈنجى بولۇپ كۆرگىنى پەلەمپەيدە ئولتۇرغان دەنۋېر بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆزى بولدى. ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ قاۋۇل، ھەتتا ئوتلاق ئۈستىدە ئۇخلايدىغان ياش قىزلارغا ئوخشايدىغان ھالەتتە كۆردى. سوم بېلىقلىرى قازاندىكى مايدا ۋاراقلاپ قايناۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تەخسىلەرگە نېمىسچە سالات تەييارلاۋاتقان ھالەتتە كۆردى. مېۋە سالاتتىن ئېقىپ چىققان بىنەپشە رەڭ شىرنە ئۇلارنىڭ چىشلىرىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار پېشايۋاندا ئولتۇردى، ئېرىققا چۈشۈۋېلىپ ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، كاسىلىرىنى لىغىلدىتىپ بالىلىرىنى كۆتۈرۈۋالدى. ياكى ئۇلار كىچىك بالىدەك قېرىلارنىڭ بويىنىغا مىنىۋالاتتى، قېرىلار بولسا ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تۇتقىنىچە ئاتقا مىنگۈزەتتى. بېيبىي ساگىس ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاقاھلاپ كۈلگەن، ئاقسىغان ھالدا ئۇياققا ـ بۇياققا مېڭىپ، ئۇلارنى يۇقىرىقىدەك ئويۇنلارنى يەنە بىر قېتىم بىللە ئويناشقا سەپەرۋەر قىلاتتى. ئالىقاچان دۇنيادىن كېتىپ بولغان ئانىلار ئېغىز گارمونىدىن چىقىۋاتقان سادالارغا ماسلاشتۇرۇپ مۈرىلىرىنى تەۋرىتەتتى. ئىلگىرى ئۇلار يۆلىنىدىغان، ئۈستىدىن ئارتىلىدىغان چىتلاقلار ئاللىقاچان يوق بولغانىدى. ئاشۇ كۆل رەڭ ياغاچ دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا يەلپۈگۈچكە ئوخشاش چاك كەتكەنىدى. بىراق، بۇ دەل ئاشۇ ئاياللار. ئۇلار ياشارغان ھالدا بېيبىي ساگىسنىڭ ھويلىسىدا شادىمانلىق بىلەن ئويىنىدى. ئەتە يامرايدىغان ھەسەت ئوتىنى ھېس قىلالمىدى.

دەۋىر گۈدۈڭشىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ سول تەرەپكە قارىدى. ئاياللارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاياللار بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئۆزئارا كۇسۇرلىشىۋاتاتتى، بىراق ھويلىغا قەدەم باسمىغانىدى. دەۋىر ئۇلارغا قولىنى پۇلاڭشىتتى. ئۇلاردىن بىرنەچچىسى دەۋىرگە قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭشىتقان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ھويلىغا كىرمىدى. دەۋىر ئورنىدا قايتا ئولتۇرۇپ، بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئويلاندى. ئاياللاردىن بىرسى تىزلانغانىدى، قالغانلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تىزلاندى. ئۇلار باشلىرىنى تۆۋەن سالدى. بىراق، ئۇ ئۇلارنىڭ باشلامچىسىنىڭ نېمىدەپ مۇناجات قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالماستىن، پەقەت ئەگەشكۈچى ئايالارنىڭ «شۇنداق، شۇنداق، شۇنداق، ھەئە، شۇنداق. تىلىكىمنى ئاڭلىغىن، تىلىكىمنى ئاڭلىغىن. قول سالغىن. ئەي پەرۋەردىگار، قول سالغىن. شۇنداق» دەۋاتقىنىنىلا ئاڭلىدى. تىزلانمىغان ئايالار 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئېللا كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ قورغان تامدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىشىكنىڭ ئىچىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقىنىنى بىلىش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. ئۆلۈپ كەتكەن قىزچاق راستىلا قايتىپ كەلدىمۇ ياكى بۇ بىر ئالدامچىلىقمۇ؟ ئۇ يەنە تېخى سېسنى ئۇرامدۇ؟ ئېللا ھەرخىل ئۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىگەن، بىراق تاياقتىن يىقىلىپ قېلىپ باقمىغانىدى. ھارۋىغا ئۇرۇلۇپ چۈشۈپ چىشلىرى، بېلىدىكى ھارۋا قوڭغۇرىقىدىن قالغان ئارغامچا تومۇقىدىكى جاراھەت ئىزى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە. ئۇ سېرىق تۈك بىرنېمىنى تۇغقان، بىراق ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېمىشىنى رەت قىلغانىدى. بالىنىڭ دادىسى «ئەڭ پېسەندى مەخلۇق» ئىدى. سېرىق تۈك بەش كۈن ئۆمۈر كۆرگەن، بىر قېتىممۇ ئىڭەلەپ باقمىغانىدى. ئۇ سېسنىڭ ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك شۈمتىكىنىڭ جىنغا ئۆزگىرىپ سېسنى ئۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئېڭەكلىرى جاقىلداپ كەتتى،

شۇنىڭ بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆرە تۇرغان ۋە تىزلىنىقلىق ئاياللارمۇ بىللە ۋارقىرىدى. ئۇلار مۇناجاتلىرىنى توختىتىپ، كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىپ، باشلىنىشقا قايتتى. دەسلەپتە تىل ئىشلىتىلمىگەنىدى. دەسلەپتە پەقەت ئاۋازلا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلاپ باققانىدى.

ئېدۋارد بودۋېن بىر يوغان ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ بىلۇستون كوچىسىدا پەيدا بولدى. گەۋدىسى يادەك ئېگىلگەن، ئىككى قولى بىلەن بوجىنى مەھكەم تۇتۇپ ھارۋىدا ئولتۇرغان بودۋېن ئەپەندىنىڭ بۇ ھالىتى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يېشىغا ماس كەلگەنىدى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ تەلىپى بويىچە يېڭى كەلمەكچى بولغان بىر قىزچاقنى ئالغىلى كېتىۋاتىدۇ. ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ ئۆيگە كېتىۋاتقان بولغاچقا، يولنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ئۇچقۇر يىللارنىڭ تولىمۇ تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇ ئۆيىنى كۆرمىگىنىگە ئوتتۇز يىل بوپتۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۆل رەڭ ياغاچ دەرىخنى، ئۆينىڭ كەينىدىكى ئۆستەڭنى، ئۆي بىلەن ئۆستەڭ ئارىلىقىدىكى ئېتىزلىقنى كۆرۈپ باقمىدى، ھەتتا يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چىملىقنىمۇ كۆرۈپ باقمىدى. ئۇ ئۇچ يېشىدا شەھەرگە كۆچۈپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۆينىڭ مەنزىرىسىنى پەقەتلا ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ پەقەت تاماقنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە ئېتىلىدىغانلىقى، قۇدۇق يېنىدا ئويناشقا بولمايدىغانلىقى، نورغۇنلىغان ئاياللار ــــ ئاپىسى، مومىسى، ھاممىسى ۋە ئۆزى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئاچىسىنىڭ شۇ ئۆيدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىلا ئەسلىيەلەيتتى. ئەرلەر (دادىسى بىلەن بوۋىسى) ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسىنى ئېلىپ، ئاتمىش يەتتە يىل ئىلگىرى كورت كوچىسىغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. ئەلۋەتتە، يولنىڭ ئىككى يېقىدا سەكسەن مو ئېتىز بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە بولغان

ھېسسىياتى تېخىمۇ تاتلىق، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ بۇ ئۆينى ئىجارىگە بېرىۋەتتى. بۇنداق بولغاندا، ئازراق كىرىمگە ئېرىشكىلى بولاتتى. كىرىمنى ئويلىمىغاندىمۇ، ئۆيدە ئادەم تۇرسا ئۆي بۇزۇلۇپ كەتمەيتتى.

ئات سوكۇلداپ چاپماقتا. ئېدۋارد بودۋېن ئۆزىنىڭ يارىشىملىق بۇرۇتىنى پۇۋلەپ قويدى. بۇ ئەتراپتىكى ئاياللار شۇنداق بىر ئورتاق تونۇشقا كەلگەنىدىكى، قولى ۋە بۇرتى ئېدۋاردنىڭ جەلپكارلىق دەسمايىسى ئىدى. قاپقارا، قويۇق بۇرۇتىغا خۇيمۇ ماس كەلگەن سىيدام ئېڭەكلىرى ئۇنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى. بىراق، ئۇنىڭ چېچى ئاپپاق، سىڭلىسىنىڭمۇ شۇنداق. ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئاق ئىدى. بۇ ھال ئۇنى ئۆزى قاتناشقان ھەرقانداق زىياپەتتە ناھايىتى كۆزگە چېلىقىشلىق، ئەڭ ئاسان ئېسىدە تۇتۇۋېلىنىدىغان كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ھەجۋىي رەسىم سىزغۇچىلار شۇ دەۋردىكى سىياسىي توقۇنۇشنى تەسۋىرلىمەكچى بولغانلىرىدا ھەمىشە ئۇنىڭ چېچىغا ۋە قويۇق بۇرۇتىغا تىكىلىپ قاراشنى ياخشى كۆرەتتى. يىگىرمە يىل ئىلگىرى بۇ جەمئىيەتتە قۇللۇق تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ چېچىنىڭ رەڭگى تەبىئىيلا ھەرىكەتنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەتتى. دۈشمەنلەر ئۇنى «ئاقارتىلغان نېگىر» دەپ ئاتىۋېلىشتى. ئاركانساس ئىشتاتىغا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىدە، قارا تەنلىكلەرنىڭ كېمىلىرىگە ئەشەددىي ئۆچمەنلىك قىلىدىغان بىر قىسىم مىسسىسىپى سۇ ئىشچىلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئاياغ مېيىنى ئۇنىڭ يۈزى ۋە چاچلىرىغا سۈركىۋەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنداق قىيىن كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، قېلىپ قالغىنى يامان غەرەزلەر، بەربات بولغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر ۋە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلار بولدى. بۇنى قانداقسىغا تىنچ، خاتىرجەم جۇمھۇرىيەت دېگىلى بولسۇن؟ ھىم، ئۇنىڭ بۇ ئۆمرىدە

ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى.
ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەتتا ھاۋا رايىمۇ بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ بىر بولسا ئوتتەك قىزىپ، بىر بولسا مۇزلاپ ـ قېتىپ قالغۇدەك بولاتتى. بۈگۈن ھەقىقەتەن بەكمۇ ئىسسىق بولدى. ئۇ بوينىنىڭ كۈچلۈك ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شىلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيدى. راست، ئادەمنىڭ بوينى ئاپتاپتا ئاسان قارىداپ كېتىدۇ. ئۇ دائىم چۈشكە كىرىدىغان ئىلگىرىكى ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى، ۋاقىتنىڭ قانداق تەرزدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى شۇنچە روشەن ھېس قىلدى. ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەن، بىراق ئۆزى قاتناشمىغان جەڭلەرگە (مىئامىلىقلار بىلەن بولغان جەڭ، ئىسپانىيەلىكلەر بىلەن بولغان جەڭ، بۆلۈنۈپ چىقىش تەرەپدارلىرى بىلەن بولغان جەڭ قاتارلىقلار) نەزەر سالغىنىدا، ۋاقىتنىڭ بەكلا ئاستا ئۆتكىنىنى ھېس قىلىدۇ. بىراق، ئاشۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆمۈپ قويغان ئاشۇ نەرسە كېرەكلەرنى كۆمۈپ قويغان چاغدىن باشلاپ ئەسلىگىنىدە، ھەممە ئىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەندەك بىلىنىدۇ. ئېدۋارد بودۋېن دادىسىنى كۆپ جەھەتلەردە بەكلا غەلىتە ئادەم دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ناھايىتى روشەن بىر ھايات مىزانى بار بولۇپ، ئۇ «كىشىلەرنىڭ ھاياتى مۇقەددەس يارىتىلغان، ھەممە ھاياتلىق مۇقەددەس» دەپ قارايتتى. گەرچە بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ پاكىتلىرى يېتەرسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا قىلچە شەك كەلتۈرمەستىن ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئىلگىرىكى كۈنلەردىكى خەت ـ ئالاقىلىرى، ئارزۇ ـ ئىستەكلەر، مەجلىسلەر، مۇنازىرىلەر، يېغىلىقلار، تالاش ـ تارتىش، قۇتقۇزۇش قاتارلىق كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىشلاردىن ئەمدىلىكتە قىلچىمۇ ئەسەر قالمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مىزانى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆز رولىنى كۆرسەتتى. بۇ مىزان ئاقماي قالغاندا، ئۇ سىڭلىسى

بىلەن مەيدانغا چىقىپ، پېشكەلچىلىكلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايتتى. مەسىلەن، بىر قېتىم قېيىنئانىسى بىلەن بىللە تۇرىدىغان بىر قۇل قېچىپ كېتىپ ئىش تېرىغاندا، ئۇلار ياردەمگە ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئادەم دىققىتىنى بوۋىقىنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى ۋە ياۋايىلارنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشلىرىدىن باشقا ياققا ئاغدۇردى.

يول جەينەك شەكلىدە بۇرىلىش ياسىدى. بودۇېن ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ئاۋۋال ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئاندىن ئاياللارنى كۆردى. ئاياللار ھويلىنىڭ ئالدىدا تۇرغان، سېپىس پېشايۋان ئالدىدا بىر پارچە مۇزنى چېقىۋاتاتتى. ئۇ مۇز چوقۇغۇچنى يانچۇقىغا، مۇز ئۇۋاقلىرىنى داستىكى سۇغا سالدى. ناخشا ئاۋازى دېرىزىلەردىن كىرىۋاتقاندا، ئۇ نەمدەلگەن لۆڭگىنى جان قوزامنىڭ پېشانىسىگە قويدى. شۇرقىراپ تەرلەۋاتقان جان قوزام قولىدا بىر كاللەك تاشتۇز، ھۇجرا ئۆيدە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. جان قوزام بىلەن سېپىس ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى. ناخشا ئاۋازى كۈچەيدى. جان قوزام ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى تۇزنى يالىغىنىچە چوڭ ھۇجرىغا كىردى. سېپىس بىلەن جان قوزام بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، دېرىزە كۆزنىكىگە يېقىنلاشتى. ئۇلار پەشتاقتا ئولتۇرغان دەنۋېرنى، ھويلا بىلەن چوڭ يول قوشۇلغان جايدا قاراپ تۇرغان ئوتتۇز ئايال قوشنىسىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان، بەزىلىرى بۇلۇتسىز، ئىسسىق ئاسمانغا قاراپ تۇرۇشقانىدى. سېپىس ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن جان قوزامنىڭ قولىدىن تۇتتى. ئىككىسى بىللە ئىشىك ئالدىغا چىقتى. سېپىسقا «ئورمانىدىكى بوش يەر» ئۆزىنىڭ ھەممە ئىسسىقىنى ۋە يەلپۈنۈپ تۇرغان يوپۇرماقلىرىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغاندەك بىلىندى. ئاياللارنىڭ ناخشىسى ئۆزىگە جور بولىدىغان بىر ئاۋازنى ئىزدەيتتى. ئۇلار شۇنچە كۆپ ئاۋازلار ئىچىدىن ئاخىر ماس ئاۋازنى تېپىۋالدى، ئەمما بۇ ئاۋاز شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ ۋە

ياخراق ئىدىكى، ئۇنىڭ تەسىرىدە كاشتان دەرىخىدىكى مېۋىلەرمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى. بۇ هال سىپسىنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتتى.
ناخشا ئېيتقان ئاياللار سىپسىنى تونۇدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىپسىنىڭ يېنىدا تۇرغان قىزنى كۆرۈپ قىلچىمۇ قورقۇنچ هېس قىلمىغانلىقىدىن بەكمۇ هەيران بولدى. ئۇ ئەرۋاھ قىز بەك ئەقىللىك، شۇنداقلا چىرايلىق ئىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇلار. ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنى چۈشتىن كېيىنكى قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتى ئاستىدا يالتىرايتتى؛ قاپقارا، جەزبىدار پاچاقلىرى تۈز ۋە ئۇزۇن؛ قورسىقى چوڭ هەم چىڭ ئىدى. قۇندۇزدەك چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەلپۈنۈپ تۇراتتى؛ كۆلۈمسىرىشىدىن ئەتراپ نۇرلىنىپ كېتەتتى.
سىپس كۆزلىرىنىڭ قادىلىپ كەتكىنىنى هېس قىلدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئارام ئالدۇرۇشنى ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا نەزەر سالدى. دەرەخلەرنىڭ كۆپكۆك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئۆلۈم كۆلەڭگىسىدىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇ نەزىرىنى يەنە يۆتكەپ، بۇ يېڭى چىرايلارغا قايتىدىن كۆز يۈگۈرتتى. توساتتىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئۇ»نى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىر بايتالنى يېتىلىگىنىچە ئاستا كېلىۋاتاتتى. قارا شىلەپىسىنىڭ كەڭرى جىيەكلىرى ئۇنىڭ چىرايىنى توسۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن غەرىزىنى يوشۇرالمىغانىدى. ئۇ سىپسىنىڭ هويلىسىغا، سىپسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. سىپس هەرىقۇشنىڭ قانات قاققان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. هەرىقۇش غوڭۇلدىغىنىچە كېلىپ تۇمشۇقىنى سىپسىنىڭ ياغلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بېشىنى چوقۇۋالدى. ئەگەر سىپسنى باشقىچە ئويدا بولدى، دېگەن تەقدىردە، ياق، دېيىش كېرەك. ياق، ياق، ياق. سىپس ئۇچۇشقا باشلىدى. مۇز چوقۇغۇچ ئۇنىڭ قولىدا ئەمەس؛ ئۇ ئىنىقلا ئۇنىڭ قولى ئىدى.
جان قوزام كۈلۈمسىرىگەن هالدا پېشايۋاندا ئۆرە تۇراتتى. بىراق، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدا هېچنېمە يوق ئىدى. سىپس ئۇنى

تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى. جان قوزام باشتىن ـ ئاياغ سېسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان قوللىرىنىڭ بوش قالغىنىنى ھېس قىلدى. ئەمدىلىكتە سېس جان قوزامنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئالدىدىكىلەرگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى. يەنە بىر قېتىملىق تەنھالىق. ئارقىدىن دەنۋېرمۇ جان قوزامدىن ئايرىلىپ توپ ئارىسىغا قوشۇلدى. ئۇلار بىر تۈپلىكنى — ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان قارا تەنلىكلەر تۈپلىكنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ھەممەيلەننىڭ ئۈستىدە تېرىسى يوق ھېلىقى ئەرلەردىن بىرى قولىدا قامچا، ئولتۇرغان جايىدىن ئۆرە بولۇپ قارىدى. تېرىسى يوق ئەر ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى.

يالىڭاچ پۇت، ئانتىمىس،
ئايغىمنى سال، شىلەپەمنى سال.
يالىڭاچ پۇت، ئانتىمىس
ئايغىمنى بەر، شىلەپەمنى بەر.

بىشىمنى بەرەڭگى خالتىسىغا قويۇپ ئۇخلايمەن،
ئالۋاستى يامىشىپ چىقتى دۇمبەمگە.
هور ماشىنىسى تەنهالىقتىن بوقۇلدار،
تائەبەدكە سۆي ئۇنى، قىلما پۇشايمان.

تائەبەدكە، مەڭگۈگە.
«شىرىن ئۆي»لۈك قىزچاق قەلبىگىنى ئوۋلار.

پاۋۇل . D نىڭ كەلگەن يولى بىلەن چىقىپ كەتكەن يولى قارىمۇقارشى ئىدى. ئۇ كارىۋىتىغا چىقىش ئۇچۇن ئاۋۋال سوغۇق ساقلاش ئۆيىدىن، قازناقتىن، ئاندىن ئاشخانىدىن ئۆتەتتى. ئىت بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەن، خورۇم چاپانىنىڭ ھەممە يېرىگە ياماق چوشۇپ كەتكەنىدى. بىراق، ئىت سۇ تورۇبىسىنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ ياتاتتى. پاۋۇل . D بۇنى كۆرۈپ جان قوزامىنىڭ راستىلا كېتىپ قالغىنىغا جەزم قىلدى. بەزىلەر ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا بىر پارتلا يوقىلىپ كەتتى، دېيىشىدۇ. بىراق، ئىللا بۇنداق بولغانلىقىغا جەزم قىلالمايدۇ. «بەلكىم شۇنداقتۇ، بەلكىم

ئورمانغا يوشۇرۇنۇپ پۇرسەت كۈتۈۋاتقاندۇ» دېدى ئېللا. پاۋۇل. D يوق دېگەندىمۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن قېرى ئىتنى كۆرۈپ، جان قوزامنىڭ ئىككىنچىلەپ 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە پەيدا بولمايدىغانلىقىغا جەزم قىلدى. بىراق ئۇ جان قوزامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايمەن، دېگەن مەقسەتتە سوغۇق ساقلاش ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى يېرىم ئېچىپ قويدى. «مېنى سىلاڭ، مېنى سىلاڭ، ئىچىمگە كىرىپ سىلاڭ، ئىسمىمنى چاقىرىڭ.»

پاخال سېلىنچىلىق كارىۋات بۇرۇنقى جايىدا، چاشقانلار غاجىلىۋەتكەن گېزىت پارچىلىرى تېخىچە كارىۋات ئۈستىدە. چوشقا گۆشى كونسېرۋاسى، بەرەڭگى خالتىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان، بەرەڭگىلەر يەر يۈزىنى بىر ئالغان. پاۋۇل . D كۈن نۇرى ئاستىدا ئاي نۇرىنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاراچىلاردىن ئۆيگە چۈشۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ھېسسىياتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قوزغالغانلىقىنى، ئۇنى ئۆزىنى راھەتلەندۈرۈشكە مەجبۇر قىلغىنىنى، بەئەينى دېڭىز يۈزىدىكى ساپ ھاۋادەك ئۇ قىزنىڭ ئىچىگە كىرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشىنىڭ قىلچە مەنىسى يوق. ھەر قېتىم جان قوزام كېلىپ كۆڭلىكىنى كۆتۈرگەندە، بىر خىل دەھشەتلىك ئېچىرقاش پاۋۇل . D نى تەسلىم قىلاتتى. ئۆپكىنىڭ يىغىلىپ ـ كېڭىيىشىنى كونترول قىلغىلى بولمىغىنىدەك، بۇ خىل ئېچىرقاشنى كونترول قىلغىلى بولمايتتى. ئىشتىن كېيىن ئۇ قوملۇقتا ئۇچۇرۇپ ئاپىرىۋېتىلگەندەك قاتتىق ھاسىراپ كېتەتتى. ئۇ بىزارلىق ۋە نومۇس ھېس قىلاتتى، بىراق مىننەتدارلىق تۇيغۇسىغىمۇ چۆمۈلەتتى.

تەۋرىنىپ تۇرغان كۈن نۇرى كىشىنىڭ خاتىرىسىنى يالماپ يۇتۇپ، ئۇنى كۈن نۇرىدا لەيلەپ يۈرىدىغان توزانلارغا ئايلاندۇرىدۇ. پاۋۇل . D ئىشىكنى ياپتى، ئاندىن ئۆي ئىچىگە نەزەر تاشلىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە كارى بولمايۋاتقىنىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقىدى. 124 ـ نومۇرلۇق

ئۆي ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يامغۇر - يېشىن زەربىسىدىن رېمونت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان بىر ئۆيگە، ستەمپ پېيد ئېيتقاندەك، جىمجىت، باشقىچە بىر ئۆيگە ئايلىنىپ قالغاندى.

— ئۇ يەرنىڭ ئەتراپى ئەسلىدە ناھايىتى قايناق ئىدى، ئەمدىلىكتە تىمتاسلىققا چۆمۈپ كېتىپتۇ، — دېگەنىدى ستەمپ پېيد، — بۇ يەردىن نەچچە قېتىم ئۆتتۇم، بىراق ھېچقانداق شەپىنى ئاڭلىمىدىم. قىزىق ئىش. مېنىڭچە، بودۋېن ئەپەندى ئۇ ئۆينى سېتىۋېتىمەن، دېگەن بولسا، شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن.

— بودۋېن دېگەن ئۇ پىچاق تىغماقچى بولغان ئاشۇ كىشىنىڭ ئىسمىمۇ؟ ئاشۇ كىشى شۇمۇ؟

— شۇنداق. ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۇ ئۆينى كېلىشمەسلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن، دېگەنىدى. ئۇ جېنىنىڭغا ئۇ ئۆينى قولدىن چىقىرىۋېتىشنى تاپىلاپتۇ.

— ئاكىسى قوشۇلامدىكەن؟

— جېنىنىنىڭ دېيىشىچە، ئاكىسى ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تۇرماپتۇ.

— ئۇلار شەھەر سىرتىدىكى بۇ ئۆينى كىممۇ لازىم قىلسۇن، دەپ ئويلايدۇ. پۇلى بار ئادەملەرمۇ ئۇ يەردە تۇرۇشنى خالىمايدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ. مېنىڭچە، بۇ ئۆي قولدىن چىقىرىلماي تۇرۇپلا تىلتۇمارغا ئايلىنىدۇ.

— ئاكىسى سېنى سوتقا تارتىشنى ئويلاشماپتىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەستەك. جېنىنىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ پەقەت پېشايۋان ئاستىدا تۇرغان يالىڭاچ ئايالنىڭ كىملىكىنى بىلىشنىلا ئويلىغانىكەن. ئۇ يالىڭاچ ئايالغا قاراش بىلەن بولۇپ كېتىپ، سېنىڭ نېمە خىيالدا بولۇۋاتقىنىڭغا دىققەت قىلماپتۇ. ئۇ پەقەت بىرنەچچە قارا تەنلىك ئايالنىڭ ئۇرۇشقىنىنىلا كۆرۈپتۇ. جېنىنىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سېنى ئاياللاردىن بىرىنى

قوغلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

— جېنىنى ئۇنىڭدا بىرەر غەيرىي ئەھۋال بارلىقىنى ئېيتتىمۇ؟

— ياق. جېنىنى غوجايىنىنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگىنىدىن بەك خۇش بولغىنىنى، ئەگەر ئېللا تۇتۇۋالمىغان بولسا، سېنىڭ قول سالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئۆز غوجايىنىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىدىن جېنىنى بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، جېنىنى بىلەن دەنۋېر ئىككىسى باشقا ئىش تېپىشى كېرەك ئىكەن.

— جېنىنى ئۇنىڭغا ئۇ يالىڭاچ ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتتىمۇ؟

— جېنىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

— سەن ئۇلارنى كۆردى دەپ ئويلامسەن؟

— ھەئە. ئىشقىلىپ، ئۇلار بىر نەرسىنى كۆردى. مەن ئېللاغا ئىشىنىمەن. ئېللا يالىڭاچ ئايالنىڭ كۆزنەكە تىكىلىپ قارىغانلىقىنى ئېيتتى. يالىڭاچ ئايال سېنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ تەسۋىرلىگىنى مېنىڭ كۆرگىنىم بىلەن ئوخشاش چىقمىدى. مەن كۆرگەن ئۇ قىز بەك ئورۇق ئىدى. ئۇ ئۇنى بەك سېمىز ئىكەن، دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، سېس بىلەن ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. سېس ئۇنىڭ يېنىدا قارىماققا قىز بالىدەكلا كۆرۈنۈپتۇ.

— قولىدا مۇز چانىغۇچ تۇتقان قىزچاق. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بودۇېنغا قانچىلىك يېقىنلىشىپتۇ؟

— ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بودۇېنغا ئېتىلىپتۇ، دەنۋېر بىلەن باشقا ئاياللار ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. يەنە تېخى ئېللا ئۇنى بىر مۇشت سايپتۇ.

— بودۇېن سېنىڭ تاقابىل تۇرماقچى بولغىنى دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇر. بۇنى مەن بىلمەيمەن. بودۇېن بۇنى

ئويلاپ يېتەلىگەن بولسا، مېنىڭچە ئۇ مەقسەتلىك ھالدا مىدىر ـ سىدىر قىلمىغان بولاتتى. ئۇ كۆپچىلىكنى ئۇمىدسىزلەندۈرىدىغان ئادەم ئەمەس، تاغدەك مۇستەھكەم كىشى. ساڭا دېسەم، ئەگەر ئۇ بودۋېنغا يېتىشىۋالغان بولسا، بۇ ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولغان بولاتتى. بىلەمسەن، ئەينى چاغدا سېس ئۇنى دەپ دار ئۈستىگە چىقمىدى.

— شۇنداق. ھۇ ئاناڭنى ! ئۇ ئايال سارالڭ بوپتۇ. راستلا سارالڭ بوپتۇ.

— راست دەيسەن. ھەي، بىز ھەممىمىز شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. دەسلىپىدە پىخىلداپ كۈلدى، بارا ـ بارا يۇقىرى ئاۋازدا كۈلدى. قاتتىق كۈلگىنىدىن ستەمپ پېيىد يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ چاناقلىرىدىكى يېشىنى سۈرتتى. پاۋۇل . D ئۇنىڭ ئالىقىنىنى كۇچەپ سىقىمدىدى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن مەنزىرە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندا، ئۇلار جىددىيلىك ۋە خىجىللىقتىن بولۇشىغا كۈلدى.

— سېس ئىشىكى ئالدىغا ئاق تەنلىك كەلسىلا ئۆلتۈرىۋېرەمدىكەن؟

— ئۇ بودۋېننىڭ ئۆي ئىجارىسىنى ئالغىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىنچىلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار ئاشۇ خىل ئۇسۇلدا پوچتىدىن ئەۋەتمەپتۇ.

— ھەممەيلەن خەت تاپشۇرۇۋېلىشنى ھاجەتسىز دەپ ئويلىغان.

— پوچتىكەشتىن باشقىسىغا.

— ئۇ بەك قىيىن ۋەزىپە.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى.

ئۇلار قاقاھلاپ كۈلدى، ھاسىرىنىچە باشلىرىنى چايقىدى.

— بودۋېن ئەمدى يەنە دەنۋېرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە كېچىنى

ئۆتكۈزۈشكە يول قويارمۇ ـ ھە؟
— دەنۋېرنى ئېغىزىڭغا ئالمىغىن، پاۋۋل . D. ئۇ مېنىڭ جانجىگىرىم. مەن ئۇ قىزدىن پەخىرلىنىمەن. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئاپىسىنى يىقىتقان قىز. ئۇ چاغدا كۆپچىلىك بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى.
— ئۇنداقتا، ئۇنى بودۋېننىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالدى دېيىشكە بولىدىكەن ـ دە؟
— شۇنداق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، — ستەمپ پېيد توساتتىن ئاشۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئويلاپ قالدى. ستەمپ پېيد سېيسنى پۇتون كوچى توتۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ سېرىق توك بوۋاقنى قۇتقۇزۇۋالغانىدى. ستەمپ پېيد سەللا كېچىككەن بولسا، بوۋاقنىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بولاتتى، — مەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن. ئۇ بەك ياخشى قىپتۇ، راستىلا ياخشى قىپتۇ.
بۇ راست گەپ. ئەتىسى ئەتىگىنى پاۋۋل . D ئىشقا كېتىۋېتىپ دەنۋېرنى ئۇچرىتىپ قالدى. دەنۋېر ئەمدىلا ئىشتىن چۈشكەنىدى. دەنۋېر خېلىلا ئورۇقلاپ قالغان، كۆزلىرى تېخىمۇ تىنىقلىشىپ، چىرايى بارغانچە خالىلىغا ئوخشاپ قالغانىدى.
دەنۋېر كۈلۈمسىرىگىنىچە ئالدى بىلەن سالام بەردى:
— خەيرلىك سەھەر، ئەپەندى.
— ھە، خەيرلىك سەھەر، — دەنۋېرنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن پاۋۋل . D ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىگە ئاق كۆڭۈللۈك يوشۇرۇنغان، شۇنداقلا سېسىنىڭ ئاغزىدىكى ئاشۇ قەيسەرلىك قوشۇلغانىدى، — قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟
— يامان ئەمەس.
— ئۆيىڭىزگە ماڭدىڭىزمۇ؟
— ياق، — دېدى دەنۋېر.
دەنۋېر كۆڭلەك تىكىش زاۋۇتىدا چۈشتىن كېيىنلىك خىزمەت

بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ بودۋېن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتتىن سىرت يەنە بىر يېڭى خىزمەت تېپىپ، ئاپىسىغا ياردەم بېرىش ئارزۇسىدا ئىدى. پاۋۇل . D دەنۋېردىن سېپىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتقان ـ ئالالمايۋاتقىنىنى سورىدى. ئۇ ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتقىنىنى، بودۋېن خانقىز ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئۈگىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. پاۋۇل . D نېمە ئۆگەتكىنىنى سورىغانىدى، ئۇ كولۇپ تۇرۇپ، كىتابىي بىلىملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى:

— بودۋېن خانقىز مېنىڭ ئوبېرلىن ئىنستىتۇتىغا بارالايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئۇ ھازىر ماڭا تەجرىبە ئىشلەۋاتىدۇ.

پاۋۇل . D ئۇنىڭغا «دىققەت قىلىڭ، دۇنيادا ئاق تەنلىك ئوقۇتقۇچىدىنمۇ خەتەرلىك نەرسە يوق» دېمەستىن، ئەكسىچە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئاندىن ئۆزى سورىماقچى بولغان سوئالغا ئۆتتى.

— ئاپىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟

— ياق. ياخشى ئەمەس، ئازراقمۇ ياخشى ئەمەس.

— مېنى ئاپىڭىزنى يوقلىشى كېرەك، دەپ قارامسىز؟ ئۇ مېنى قارشى ئالارمۇ؟

— بىلمەيمەن. مەن ئاپامنى چۈشىنىپ بولالمىدىم، پاۋۇل. D.

ئۇلار ئىككىسى بىرپەس سۈكۈتكە چۆمدى. ئاندىن پاۋۇل . D ئېغىز ئاچتى:

— ھە راست، ھېلىقى قىز، سىز ئۇنى بىلىسىز. جان قوزامچۇ؟

— نېمە؟

— سىز ئۇنى ئاچام دەپ جەزملەشتۈرەمسىز؟

دەنۋېر يۈتىنىڭ ئۇچىغا قارىدى:

— بەزىدە شۇنداق. بەزىدە ئۇنى... ئىشقىلىپ، گەپ جىق، — ئۇ كۆڭلىكىدىكى داغنى ئۇۋۇلىغىنىچە توساتتىن بېشىنى

كۆتۈرۈپ پاۋۇل . D غا تىكىلدى، ــــ كىم سىزدىن ياخشىراق بىلىدۇ، پاۋۇل . D غا دېمەكچىمەنكى، سىز ئۇنى چوقۇم چۈشىنىسىز.

پاۋۇل . D لېۋىنى يالاپ قويدى:

ــــ شۇنداق، ئەگەر سىزگە مېنىڭ كۆز قارىشىم زۆرۈر بولسا...

ــــ كېرەك ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ چۈشەنچىسى بار.

ــــ سىز چوڭ بوپسىز.

ــــ شۇنداق، ئەپەندى.

ــــ ئۇنداقتا ياخشى. كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

ــــ رەھمەت سىزگە. ھە راست، پاۋۇل . D ، ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، بىراق ئاپامغا گەپ قىلغاندا ئېھتىيات قىلىڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

ــــ خاتىرجەم بولۇڭ، ــــ پاۋۇل . D شۇنداق دەپ دەنۋېردىن ئايرىلدى. دەنۋېرنى پاۋۇل . D دىن ئايرىلدى، دېيىشكىمۇ بولاتتى. چۈنكى بۇ چاغدا بىر كىشى دەنۋېر تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلگەچ شۇنداق دېدى:

ــــ ھوي، دەنۋېر خانقىز، توختاپ تۇرۇڭ.

دەنۋېر بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. دەنۋېرنىڭ يۈزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى.

پاۋۇل . D دەنۋېردىن قىيماسلىق ئىچىدە ئايرىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دەنۋېرغا دەيدىغان گەپلىرى تۈگىمىگەندى، ئۇنىڭدىن ئۇنى ئىشقا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئاق تەنلىكنى سېسىنىڭ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئىشىنى ئېنىقلىۋالغۇسى بار ئىدى. كىچىك ئەرۋاھ ياۋۇزلىشىپ بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلدى، ئاندىن سېسىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈشتىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئاشۇ ئەر كىشىگە سېسىنى تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، دەسلەپتە ئۇلار ئەرۋاھنى كۆرەلەيتتى، كېيىن

كۆرەلمەس بولدى. ئۇلار سېسنى بېسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى مۇز چانىغۇچنى تارتىۋالدى. ئاندىن ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆي تەرەپكە قارىغاندا، ئەرۋاھ ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. كېيىن بىر كىچىك بالا 124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ كەينىدە بىلىقنىڭ يېمىنى ئىزدەپ يۈرگەندە، چېچى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەن، بىلىقسىمان يالىڭاچ بىر ئايالنىڭ ئورماندىن كېسىپ ئۆتكىنىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەمەلىيەتتە، پاۋۇل . D جان قوزامىنىڭ قانداق كەتكەنلىكىگە قىزىقمايدۇ، نېمە ئۈچۈن كەتكەنلىكىگىمۇ قىزىقمايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قانداق كەتكەنلىكى ۋە نېمە ئۈچۈن كەتكەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ئۆزىنى گارنېرنىڭ كۆزىدە بىر خىل ھالەتتە، سېس بىلەن سېكسونىڭ كۆزىدە يەنە بىر خىل ھالەتتە كۆردى. ئۇ بىر تۇرۇپ ئۆزىنى دۇرۇس ھېس قىلسا، يەنە بىر تۇرۇپ شەرمەندە ھېس قىلدى. مەسىلەن، پاۋۇل . D ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىنى ئىككىلى تەرەپكە ساتقانىدى. ئۇ «شىمالىي قۇتۇپ شىركىتى» ۋە تۆمۈريول شىركىتىدىن قېچىپ، تېنىنىستىكى قارا تەنلىكلەر 44 ـ پولكىغا كىردى. پاۋۇل . D ئۇ يەردە تۆت ھەپتە تۇردى. بۇ پولكتىكى ئەسكەرلەرگە قورال تارقىتىپ بېرىش كېرەكمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنىپ بولۇشتىن ئىلگىرىلا پولك تارقىلىپ كەتتى. قورال تارقىتىپ بېرىلمەسلىك قارار قىلىنغانىدى. ئاشۇ ئاق تەنلىك قوماندان ئەسكەرلىرىگە ئاق تەنلىكلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك ۋە نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىشنى ئويلىشىۋېلىشى زۆرۈر ئىدى. بىر تۈمەن ئادەمنىڭ بەزىلىرى ئۇ يەردە قېلىپ تازىلاش، يۈك توشۇش، ئۆي ياساش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى؛ بەزىلىرى باشقا پولكقا كېتىپ قالدى. كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت ئازاب ـ ئوقۇبەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارى بويىچە بۇ ئىشتىن ۋاز كەچتى. پاۋۇل . D نېمە قىلىش توغرۇلۇق باش

قېتىنچىلىقىدا تۇرغاندا، «شىمالىي قۇتۇپ شىركىتى»نىڭ بىر ۋەكىلى ئۇنى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ دىلاۋېيىرغا قايتۇرۇپ ئەكەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دېلاۋېيىردا يەنە بىر يىل قول بولدى. ئاندىن «شىمالىي قۇتۇپ شىركىتى» ئۇنى ئۈچ يۈز دوللار پايدىسىغا ئالاباما جېڭىگە سالدى. پاۋۇل . D ئۇ يەردە ساتقۇن جەنۇب ئارمىيەسىگە ياللىنىپ ئاۋۋال ئۆلۈكلەرنى تۇرگە ئايرىدى، ئاندىن پولات تاۋلاشقا قاتناشتى. پاۋۇل . D بىر توپ كىشىلەر بىلەن جەڭ مەيدانىنى تازىلاۋاتقاندا، يارىلانغان بىرلەشمە ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆلگەنلەر ئىچىدىن ئايرىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا، دەيتتى ئوفىتسېرلار. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغۇچىلار ئارىسىدا قارا تەنلىكلەرمۇ، ئاق تەنلىكلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار يۈز قىسمىنىڭ كۆزدىن باشقا يېرىنى ئوراپ، قولىدا پانۇس كۆتۈرۈپ، چىملىق ئۈستىدە ئۆمىلىگىنىچە ئىلگىرىلەيتتى. ئۆلۈكلەرگە قارا سۇركەپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلمەي قالغان، نالە ـ پەرياد چېكىۋاتقان يارىدارلارنى ئايرىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ياش يىگىتلەر، يەنە بىر قىسمى بالىلار بولۇپ چىقاتتى. پاۋۇل . D بالىلارنى جورجىيەنىڭ ئالفېرد رايونىدىكى كۆزەتچىلەرنىڭ بالىلىرى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇلارغا بىرئاز ھېسداشلىق قىلدى.

پاۋۇل . D بەش قېتىم سىناپ باققان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق قېچىشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۆزى يالغۇز، نىقابسىز، تېرىسى ۋە بېشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەرسى تەرىپىدىن قوغدىلىپ تۇرمىغان پاۋۇل . D باشتىن ـ ئاياغ تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قۇتۇلالماي كەلدى. قېچىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغىنى ئۇنىڭ بىر توپ جىنايەتچىلەر بىلەن بىللە قېچىشى بولدى. ئاندىن چېروكىلىقلار بىلەن بىر مەزگىل بىللە ياشىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېلاۋېيىرنىڭ ۋېلمىڭتون رايونىدا بىر توقۇمىچى

ئايال بىلەن ساق ئۈچ يىل بىللە ياشىدى. ئۇ ھەر قېتىم قاچقاندا، ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان بۇ زېمىنلارنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەللىكىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقايتتى. گۈزەل زېمىنىنىڭ باغرىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇنىڭ تۇپرىقى ئارىسىدىن يېمەكلىك ئىزدەيتتى، دەريا قىرغىقىدا زىلال سۇنى دۇم يېتىپ غۇرتۇلدىتىپ ئىچەتتى. پاۋۇل D . شۇنداقتىمۇ شۇ زېمىنلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى. كېچىلىرى ئاسمان ئۇنىڭغا يالغۇزلا تەئەللۇق بولاتتى. يۇلتۇزلارنىڭ بېسىشى ۋە ئاجىزلىقى سەۋەبلىك، ئۇ يۇلتۇزلارنى ياخشى كۆرۈپ قالماسلىققا تىرىشاتتى. ئۇ زېمىندىكى قەبرىستانلىقلارنى، چوڭقۇرلۇقلاردا ئاقىدىغان دەريالارنى، دۇب دەرىخىنىڭ يېنىغا جايلاشقان تەنھا ئۆينى، نوختا سېلىنغان خېچىرنى، ئۇستىبېشىغا چۈشكەن سۇزۇك نۇرلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. ھەرقانداق بىر ئىش ـ ھادىسە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى. ھالبۇكى، ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن جان ـ جەھلى بىلەن ئۆزىنى تارتاتتى.

پاۋۇل D . ئالاباما ئۇرۇش مەيدانىدا بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن باشقا ئۈچ يۈز نېگىر بىلەن بىللە سېلمادىكى قۇيمىچىلىق زاۋۇتىغا يالاپ ئاپىرىلدى. پاۋۇل D . سېلمادىكى چاغدا ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ھۆرلۇككە ئېرىشكەنلىكى ئۇقتۇرۇلسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئالابامادىن كېتەلىشىدە گەپ يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سېلما قۇيمىچىلىق زاۋۇتىدىن چوڭ يولنى بويلاپ مېڭىپ، فىلادېلفىيەگە بارالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. پويىزدا بارماقچى بولسا پويىزدا بارسا بولاتتى، كېمىگە چۈشسىمۇ بولاتتى. بىراق، ئىش ئويلىغاندەك بولمىدى. ئۇ ئىككى نېگىر ئەسكەر بىلەن بىللە سېلمادىن موبىلغا پىيادە باردى. ئۇلار يولنىڭ دەسلەپكى ئون سەككىز ئىنگلىز مىللىق بۆلىكىدە ئون ئىككى قارا تەنلىكنىڭ جەسىتىنى ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى ئايال، تۆت

ئوغۇل بالا بار ئىدى. پاۋۇل . D بۇ قېتىملىق سەپەرنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزۇن ۋە بىنورمال سەپەر دەپ ئويلىدى. ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان شىماللىقلار جەنۇبلۇق ساتقۇن قوشۇننى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇلار موبىل رايونىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەردىكى قارا تەنلىكلەر بىرلەشمە ئارمىيە ئۈچۈن يول ياسىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ جايدىكى قارا تەنلىكلەر ساتقۇن قوشۇن ئۈچۈن بۇ يولنى بۇزغانىدى. پاۋۇل . D بىلەن بىللە ماڭغان ئىككى ئەسكەردىن بىرسىنىڭ ئىسمى كىن بولۇپ، ئىلگىرى ماسساچۇسېتتس 54 ـ پولكىدا تۇرغانىكەن. ئۇ پاۋۇل . D غا ئاق تەنلىك ئەسكەرلەرگە قارىغاندا پۇلنى ئاز تاپقانلىقىنى ئېيتتى. ئېغىزىدىن چىقارسا ئۇنىڭغا ئەلەم بولىدۇ: ماسساچۇسېتتس ئىشتاتى تەمىنات جەھەتتىكى تەڭسىزلىك ئۈچۈن ئاز ـ تولا تولۇقلىما بېرىشكە قوشۇلغانىدى، بىراق ئۇلار بۇنى بىردەك رەت قىلدى. جەڭ قىلىپمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان پاۋۇل . D بۇ ئەسكەرگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قالدى.

كىن ۋە ئۇنىڭ دوستى سېرژانت روستېر كاتېردىن بىرنى قولغا كەلتۈردى، ئۇلار ئۈچى بۇ كاتېر بىلەن موبىل قولتۇقىغا كىردى. كىن بۇ يەردە تۇرۇپ بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ توپچى پاراخوتىنى يۇقىرى ئاۋازدا چاقىرغانىدى، توپچى پاراخوت ئۈچەيلەننى ئېلىپ كەتتى. كىن بىلەن روستېر ئۆز قوماندانىنى ئىزدەش ئۈچۈن مېمفىس قىرغىقىدا چۈشۈپ قالدى. توپچى پاراخوت باشلىقى پاۋۇل . D نىڭ پاراخوت بىلەن غەربىي ۋىرگىنىيەنىڭ خىلىك رايونىغا بېرىۋېلىشىغا قوشۇلدى. ئاندىن ئۇ ئۆزى يالغۇز يېڭى جېرسىي ئىشتاتىغا باردى.

ئۇ موبىلغا بارغۇچە كۆرگەن جەسەتلەر تىرىكلەردىنمۇ كۆپ ئىدى. بىراق، ئۇ تېرىنتوغا بېرىپلا مىغ ـ مىغ ئادەملەر توپىنى ئۇچراتتى. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئىزىغا چۈشمەيتتى ھەم قوغلانمايتتى. پاۋۇل . D بۇنىڭدىن ھۆر كىشىلەرنىڭ نەقەدەر

بەختلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئاق تەنلىكلەر مىغىلداپ يۈرگەن سودا كوچىسىدىن ئۆتتى. بىراق، بۇ ئاق تەنلىكلەر ئۇنىڭ بۇ يەردە يۈرۈشىدىن، مەينەت كىيىملىرىدىن ۋە كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرىدىغان چېچىدىن قىلچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىدى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمىدى. ئاندىن مۆجىزە يۈز بەردى، ئۇ كېسەك بىلەن سېلىنغان رەت ـ رەت ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ئاق تەنلىكنىڭ «ھوي! بۇياققا كەلگىنە!» دەپ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئاق تەنلىك ئۇنى ئۆزىگە ياردەملىشىپ ئىككى خۇرۇم چامادانىنى كىرا ھارۋىسىدىن چۈشۈرۈپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئىشتىن كېيىن ئاق تەنلىك ئۇنىڭغا بىر تەڭگە بەردى. پاۋۇل. D بۇ پۇلنى قانداق خەجلەشنى بىلەلمەي، بىرھازا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. (بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك ئېلىش كېرەكمۇ؟ بىر ۋاق تاماقمۇ ياكى بىر ئاتمۇ؟) ئۇ كىمنىڭ ئۆزىگە نەرسە سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئات ھارۋىسىدا كۆكتات سېتىۋاتقان بىر تىجارەتچىنى ئۇچراتتى. پاۋۇل . D بىر باغلام تۇرۇپنى كۆرسەتتى. كۆكتاتچى ئۇنىڭغا كۆكتاتنى بېرىپ، ئۇ بەرگەن پۇلنى ئالدى، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە ئازراق پۇل قايتۇرۇپ بەردى. پاۋۇل . D بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ كەينىگە بۇرالدى، ئەتراپقا نەزەر سالدى. ھېچكىممۇ بۇ «خاتالىق»قا ياكى پاۋۇل . D غا قىزىقىپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پاۋۇل . D خۇشال ھالدا تۇرۇپنى كاراسلىتىپ چاينىغاچ يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن پەقەت يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرنەچچە ئاياللا سەل بىزار بولدى. تۇنجى قېتىم تاپقان پۇلىغا سېتىۋالغان تۇرۇپلىرى ئۇنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتكەنلىكتىن، يەۋاتقىنىنىڭ سولىشىپ كەتكەن تۇرۇپ ئىكەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلمىدى. بۇ چاغدا ئۇ ھەر جايدا مۇساپىر بولۇپ، خالىغانچە يەپ ـ ئىچىپ، ئۇيقۇسى كەلسە، ئۇخلاپ ياشاشنىڭلا ھەقىقىي گۈزەل تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. پاۋۇل . D مۇشۇ ھالەتتە

ئىلگىرى تونۇيدىغان بىر موماي ۋە بىر قىزچاقنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، جەنۇبىي ئوخىئو ئىشتاتىغا بارغۇچە، شۇ جايدا يەتتە يىل تۇرۇپ قالدى.

پاۋۇل . D شۇ تاپتا كەلگەن ۋە قايتىدىغان يولىدىن باشقا بىر يول بىلەن ماڭماقتا. ئۇ ئاۋۋال ئۆينىڭ كەينىدە — سوغۇق ساقلاش ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇردى. ئىلگىرى كەرەپشە تېرىلغان يەردە چىنىگۈل، ھەشقىپىچەك قاتارلىق گۈل - گىياھلارنىڭ بۇك - باراقسان ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان قاچا - قومۇچلار ۋە سولىشىشقا باشلىغان گۈللەر شۇ يەرگە توپلانغانلىقتىن، گۈل - غۇنچىلىرى ئاغرىپ كېتىشتىن قورقۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆلۈپ قالغان پىچەككۈللەر پۇرچاق جاھازلىرى ۋە ئىشىك تۇتقۇچىغىچە چىرمىشىپ كەتكەن، گېزىتلەردىن قىيىۋېلىنغان، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن رەسىملەر ھاجەتخانا ۋە دەل - دەرەخلەرگە چاپلانغانىدى. ئارغامچا تاقلىغۇچىلىكلا ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ئارغامچا چوڭ داسىنىڭ يېنىغا تاشلانغان، ئۆلگەن قۇرتلار دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆي بىر بالىنىڭ — ئېگىز بويلۇق بىر بالىنىڭ ئۆيىدەك تۇراتتى.

پاۋۇل . D بېرىپ ئالدى ئىشىكنى تارتتى. گۆرىستاندەك جىمجىتلىق. ھەسرەتلىك قىزىل نۇر ئۇنى ئورىۋالغان ئاشۇ جاي ئەمدىلىكتە تىمتاسلىقا غەرق بولغانىدى. ئۇ يەر تاشلىنىپ قالغان مۇز پارچىسىدەك قۇپقۇرۇق ھالەتتە تۇراتتى. بۇ ھال يەنە بىر نەرسىنىڭ ياكى بىركىمنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بەرسىمۇ، پاۋۇل . D بۇ خىل يوقلۇقتا چىدىيالايتتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا سېپىقا ئىشىنىپ، تەۋرىنىپ تۇرغان قىزىل نۇر ئارىسىدىن ئىشەنچ بىلەن ئۆتكەن چاغدىكىدەك، بۇ خىل يوقلۇقتا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ئۇ نۇر چاقنىتىپ تۇرغان ئاق پەلەمپەيگە لەپپىدە قاردى. پەلەمپەي تۇتقۇچىنى يىپەك لېنتا، ئۆمۇچۈك تورى ۋە گۈل تىكەنلىرى بىر ئالغانىدى. پاۋۇل . D ياتاق ئۆيگە قاراپ

ماڭدى. ئۇ سىرتتىن ئەكىرگەن مەيىن شامال شايى لىپىتىلارنى يەلپۈپ ئۆتتى. ئۇ پەلەمپەيگە ئالدىرىماستىن ئېھتىيات بىلەن قەدەم باستى. پاۋۋل . D سىپسىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى. سىپس ئۆيدە يوق ئىدى. ئۆيدىكى كارىۋات بەكلا كىچىك ئىدى. پاۋۋل . D بۇ كىچىك كارىۋاتتا سىپس بىلەن بىللە ياتالىغانلىقىغا ھەيران قالدى. كىرلىكمۇ ھىچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. تورۇستىكى ھاۋدان ئېتىك بولغانلىقتىن، ئۆي ئىچى بەكلا دىمىقلىشىپ كەتكەنىدى. رەڭگارەڭ كىيىملەر پول ئۈستىدە چېچىلىپ ياتاتتى. تامدىكى مىختا ئۇ جان قوزامىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە، ئۇچىسىغا كىيىۋالغان كۆڭلەك ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى سېۋەتتە بىر جۈپ كانكى تۇراتتى. پاۋۋل . D نەزىرىنى كارىۋاتقا يۆتكەپ، ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردە پەقەتلا تۇرۇپ باقمىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ پۈتۈن بەدىنى چىپ ـ چىپ تەرلىگەن، سىپسىنىڭ ئۈستىدە ياتقاندىكى ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىردىنلا روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پاۋۋل . D باشقا بىر ھۇجرىغا كىردى. دەنۋېر يېتىپ قوپىدىغان بۇ ھۇجرا سىپسىنىڭ ياتىقىغا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە پاكىز ھەم رەتلىك ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ ھۇجرىدىنمۇ سىپسنى ئۇچرىتالمىدى. بەلكىم ئۇ دەنۋېر بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ پاراڭلاشقان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ سىپسىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ قېلىپ، ئىشقا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. پاۋۋل . D پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ تار كارىۋاتتا مەلەخ ـ مەلەخ بولۇپ ياتقان ھالىتىنى ئويلاشتىن دىققىتىنى يۆتكىدى. ئۇ ئاشخانىدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. 124 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە ئۆي ئىچىدە تۇرغان ئادەمدىنمۇ چوڭ بىرنەرسە كەمدەك تۇراتتى — جان قوزامدىنمۇ، قىزىل نۇردىنمۇ چوڭ بىرنەرسە كەمدەك تۇراتتى. ئۇ زادى نېمىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

پاۋۋل . D نىڭ قۇلىقىغا ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئوڭ تەرەپتىكى ھۇجرا ئۆيدىن ئىڭشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بىرسى پەس

ئاۋازدا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاندىن يەنە بىر ناخشا ئاڭلاندى. «ئېگىز جونىي، بودەك جونىي، چىنىگۈل پەسكە ئېگىلدى.» دەل ئۆزى، دەپ ئويلىدى پاۋۇل . D. ئۇ دەل سىپس تۇرغان جاي، سىپس چوقۇم شۇ يەردە رەڭگارەڭ يوتقانغا چۇمكىلىپ ياتماقتا. سىپسنىڭ چېچى قىممەتلىك ئۈسۈملۈكنىڭ نەپىس، قاپقارا يىلتىزىغا ئوخشاش ياستۇق ئۈستىدە بۇدۇر چىقىرىپ تاشلىنىپ ياتاتتى، كۆزى ھېسسىياتسىز ھالدا دېرىزىگە تىكىلگەنىدى.

— قولۇڭنى كۆتۈر، ياۋا ئوت، — سىپس ناخشا ئېيتماقتا، — قوي يۈڭلىرى مۇرەمنى ئورىۋالدى، يۇڭ ۋە ئۇچقۇلاقلار ئۇچماقتا، — ئۇ ناخشا ئېيتقاچ بىر تال ئۇزۇن چاچ بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى.

پاۋۇل . D گېلىنى قىرىپ، ئۇنى ناخشىدىن توختاتتى:

— سىپس؟

سىپس بېشىنى بۇرىدى:

— پاۋۇل . D؟

— بۇ مەن، سىپس.

— ئۇ مەن ياسىغان سىياھ، پاۋۇل . D. ئەگەر سىياھ ياسىمىغان بولسام، «مۇئەللىم» ئۇنداق قىلالمايتتى.

— نېمە سىياھ؟ كىم؟

— ساقىلىڭىزنى ئېلىۋېتىپسىزغۇ.

— شۇنداق. بەك غەلىتە بولۇپ قاپتىمەنمۇ؟

— ياق. بىر ئوبدان بولۇپ قاپسىز.

— خويمۇ ئەنسىرەتتىڭىز. سىزنى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى دەپ ئاڭلىدىم، نېمە بولدىڭىز؟

سىپس كۈلۈپ قويدى. چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقالغاندا ئۇنىڭ نەزىرى يەنە دېرىزىگە يۆتكەلدى.

— سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم بار.

سىپستىن سادا چىقمىدى.

— مەن دەنۋېرنى ئۇچراتقانىدىم. ئۇ بۇنى سىزگە دېدىمۇ؟

— دەنۋېر كۇندۇزدە قايتىپ كېلىدۇ. دەنۋېر، ئۇ باشتىن - ئاياغ ماڭا ھەمراھ بولدى. مېنىڭ دەنۋېرىم.

— سىز تۇرۇپ كېتىشىڭىز كېرەك، قىزچاق، — پاۋۇل . D بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتى. بۇ ھال بىر ئىشنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى.

— ھاردىم، بەكلا چارچاپ كەتتىم. ئارام ئېلىشىم كېرەك، پاۋۇل . D.

بۇ چاغدا پاۋۇل . D ئۆزىنىڭ نېمىنى ئېسىگە ئالغىنىنى چۈشەندى، ئاندىن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— ھەرقانچە بولسىمۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئۆلمەسسىز! بۇ بېيبي ساگىسىنىڭ كارىۋىتى ! سىز شۇ قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟ — پاۋۇل . D غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى، لېكىن دەنۋېرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئەسلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئاخىرىدا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى، — سىز قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز، سېس؟

— ئۇھ، ھېچنېمە قىلماقچى ئەمەس، ھېچ ئىش قىلىشنى ئويلاشمىدىم.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، دەنۋېر كۇندۇزى ئۆيدە بولۇپ، كېچىسى ئىشلىسە، مەن كېچىسى كېلىپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ھازىردىن باشلاپ شۇنداق بولىدۇ. ئاجىزلاپ كەتكەندەك تۇرىسىز. جايىڭىزدا جىم يېتىپ تۇرۇڭ، مىدىرلىماڭ. مەن سۇ قاينىتاي، — پاۋۇل . D تۇرۇپ قالدى، — بولامدۇ، سېس، سۇ قايناتسام بولامدۇ، سېس؟

— پۇتۇمنى سانامسىز؟

پاۋۇل . D بىرنەچچە قەدەم يېقىنلاشتى:

— پۇتىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قويىمەن.

سېس كۆزى ۋە لەۋلىرىنى مەھكەم يۇمدى. ئۇ شۇنداق ئويلىماقتا: ياق. ماڭا پەقەت دېرىزە يېنىدىكى مۇشۇ كىچىككىنە

جايلا كېرەك. يەنە تېخى ئارام ئېلىشىم كېرەك. ئەمدىلىكتە ئۇۋۇلىغۇدەك ھېچنېمە يوق. ئۇۋۇلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ھەتتا پاۋۋل . D يۈيۈپ قويۇشنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، يۇغۇدەك ھېچنېمە يوق. ئۇ بىر ـ بىرلەپ يۇيارمۇ؟ ئاۋۋال ئۇنىڭ يۈزىنى، ئاندىن قولىنى، يوتىسىنى، پۇتىنى، دۈمبىسىنى، ئەڭ ئاخىرىدا چارچاپ كەتكەن كۆكسىنى يۇيارمۇ؟ ئۇ بىر ـ بىرلەپ يۇسا، سىسنىڭ ئاشۇ ئەزالىرى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ سىس پاۋۋل . D غا قاراشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. سىس ئاخىر پاۋۋل . D غا قارىدى. تەشنالىقا تولغان كۆزلەر ئارىسىدىكى قورۇق. سىس پاۋۋل . D نىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇقەددەس ھارارەتنى، مېھرىنى ھېس قىلدى. ئاشۇ ھارارەت پاۋۋل . D نى بىرەر ئۆيگە كىرىپلا، ئايالالارنى يىغلىتىۋېتىدىغان ئەرگە ئايلاندۇرغانىدى. چۈنكى، ئايالالار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا يىغلاپ كېتىشەتتى. ئۇلار يىغلىغان چاغلىرىدا پەقەت بىر ـ بىرىگە دەپ بېرىدىغان مەخپىيەتلىكلىرىنى پاۋۋل . D غا ئېيتىپ بېرەتتى: ۋاقتىنىڭ توختىماستىن ئۆتۈۋەرگەنلىكىنى؛ ئۇ شۇنچە چاقىرغان بولسىمۇ، تۆمۈريولنى بويلاپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان خوۋارد بىلەن بۇگلارنىڭ ئاڭلىمىغانلىقىنى؛ پۇتى بەك سەت، دۈمبىسى كۆرۈمسىز بولغانلىقتىن، ئەيمىي قورقۇپ ئۆزى بىللە بىللە تۇرمىغانلىقىنى؛ ئاپىسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە دەرد ـ ئەلەم سالغانلىقىنى؛ شىلەپىسىنى ھېچ يەردىن تاپالمىغانلىقىنى، يەنە...

ـــ پاۋۋل . D؟

ـــ نېمە ئىش، سۆيۈملۈكۈم؟

ـــ ئۇ مېنى تاشلاپ كەتتى.

ـــ بولدى، يىغلىماڭ.

ـــ ئۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم، جان قوزام ئىدى.

پاۋۋل . D تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كارىۋات ئۈستىگە يېيىلغان، ياماق سېلىنغان يوتقانغا سەپسالدى. ئىككى قولىنى

جانسىز ھالدا تىزلىرى ئارىسىغا قىستى. بۇ ئايالنىڭ كىشىلەر ھېس قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەرىپى بار. پاۋۇل · D نىڭ بېشى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتتى. تۇساتتىن ئۇ سېكسونىڭ «ئوتتۇز چاقىرىملىق قىز»غا بولغان ھېسسىياتىنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئەسلەپ قالدى. «ئۇ مېنىڭ دىلكەش دوستۇم. ئۇ مېنى پۈتۈنلىگەن، بۇرادەر. مەن چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئىدىم. ئۇ مېنى مۇكەممەل ھالدا قۇراشتۇرۇپ، ئاندىن ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەردى. بەك ياخشى بولدى. بىلەمسەن، سېنىڭمۇ بىر دىلكەش خوتۇنۇڭ بولسا، سەنمۇ شۇنداق ھېس قىلغان بولاتتىڭ.»

ئۇ يوتقانغا تىكىلىپ، سېسنىڭ تۆمۈردەك بولۇپ كەتكەن دۈمبىسىنى، چىرايلىق ئېغىزىنى خىيال قىلىپ ئولتۇردى. سېس ئېللادىن ئاغزىغا مۈشت يېگەنلىكى ئۈچۈن، جاۋغايلىرى تېخىچە ئىششىق ئىدى. كىشىنى جەلپ قىلىدىغان بىر جۈپ كۆز. مەشىنىڭ ئالدىدىكى ھورى ئۆرلەپ تۇرغان كۆڭلەك!

سېس پاۋۇل · D نىڭ بوينىدىكى مارجانغا قارىمىدى، ئۇ توغرۇلۇقمۇ ھېچنېمە سورىمىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، پاۋۇل · D ھايۋانغا سېلىنىدىغان يۈگەننى ئەسلىدىغان زىننەت بۇيۇمى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ ئولتۇرمىدى. ئايالlardىن پەقەت سېسلا ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تەگمەيتتى. پاۋۇل · D ئۆز ھېكايىلىرىنى سېس بىلەن بىللە ئېيتىشنى ئويلايتتى.

— سېس، ئىككىمىز بىللە ياشىغان چاغلار ھەرقانداق جۈپلەرنىڭكىدىن ئۇزاق. بىز يېڭى بىر كېلەچەككە موھتاج.

پاۋۇل · D ئېگىلىپ تۇرۇپ سېسنىڭ قولىنى تۇتتى، يەنە بىر قولى بىلەن سېسنىڭ مەڭزىنى سىلىدى:

— قىممەتلىك بولغىنى دەل سىز، سېس، ئۇ دەل سىز، — ئۇ سېسنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

— مەن؟ مەن؟

تەۋرەتكىلى بولىدىغان بىر خىل غېرىبلىق. بىلەكلەر چىرمىشىدۇ، تىزلار ئېگىلىدۇ؛ مىدىر - سىدىر قىلماستىن قۇچاقلىشىدۇ. بۇ ھەرىكەت يەلكەنلىك كېمىنىڭ چايقىلىشىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ كىشىنى تىنچلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭ تەۋرەتكۈچىگە ھاجىتى يوق. ئۇ بىر خىل روھىي غېرىبلىق — بىر تېرە ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر خىل غېرىبلىق ھەر جايدا سەرگەردان. ئۇ ھەممە يەرگە يامرىغان قۇرغاق نەرسە. ئۆزىنىڭ ئاياغ تىۋىشىمۇ ناھايىتى يىراق جايدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىدۇ.

بارچە كىشى ئۇنى نېمە دەپ چاقىرىشنى بىلسىمۇ، بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدۇ. ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بىراق ئۇ مەڭگۈ يوقىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ھېچكىم ئۇنى ئىزدىمەيدۇ. بىرەرسى ئۇنى ئىزدىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان تۇرسا، ئۇنى قانداق چاقىرىدۇ؟ گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھاجىتى بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ. يېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن پۈركەنگەن جايدا، مۇھەببەتنى ۋە بەرگەن قەرزىنى قايتۇرۇۋېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاشۇ قىز ئۇيەر - بۇيەردىن يېرىلىپ، ئاشۇ ئەسەبىي كۆلكىگە ئاسانلا ئۆزىنى يۇتقۇزۇۋېتىدۇ.

ئۇ ھەرگىزمۇ داۋاملىشىدىغان ھېكايە ئەمەس.

ئۇلار بىر قاباھەتلىك چۈشنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، سىسنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. ئۇنىڭ پېشايۋان ئالدىدا پەيدا بولغىنىنى كۆرگەن كىشىلەر ئاۋۋال ھېكايە توقۇپ، ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى، ئاندىن تېزدىنلا سىسنى قەستەن ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغان، ئۇنى سۆيگەن كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلار سىس دېگەن گەپلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئەسلىمەسلىك ۋە ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەكرارلىماسلىق كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە دېمىگەنلىكىگە، ئۆزلىرىنىڭ يوق يەردىن پۈتاق چىقارغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. نىھايەت، ئۇلار ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئەسلىمىلەر قارىماققا ئاقىلانە ئەمەستەك تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ياكى نېمە ئۈچۈن تۇگۇلۇۋالىدىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنى شۇنچە ئىنتىزار قىلغان سۇنىڭ تېگىدىكى ئاشۇ چىرايىنىڭ زادى كىملىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئېڭىكى ئاستىدىكى كۈلۈمسىرەش ھەققىدىكى ئەسلىمە ساقلىنىپ قېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن قىلچە ئىزناسى قالمىغان. ئۇ يەرنىڭ ئىشىك تاقاقلىرى مەھكەم ئېتىلگەن، يېشىل مۇخلار ئالما يېشىلى غۇنچىلىرىنى تۆمۈر كىشەنلەرگە تولدۇرغانىدى. سىس يامغۇردا بەربات بولغان كىشەننى تىرنىقى بىلەن ئاچقىنىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟

ئۇ ھەرگىزمۇ قايتىلىغىلى بولىدىغان ھېكايە ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خۇددى بىسەرەمجان ئۇخلىغاندا كۆرىدىغان قاباھەتلىك چۈشنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، سىسنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. بىراق، ئۇلار ئويغانغىنىدا، بىر كۆڭلەكنىڭ

شىلدىرلاپ ئۆتكەن ئاۋازىنى ئاندا ـ ساندا ئاڭلايدۇ، چۈشىدە مەڭزلىرىنى سىيپاپ ئۆتكەن بارماقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ بارماقلىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. بەزىدە دىلكەش دوستلارنىڭ سۈرىتىمۇ تازا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن ئۆزگىرىدۇ ۋە قارىغان كىشىگە سۈرەتتىكى ئادەمدىنمۇ تونۇش بىرنەرسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇلار خالىسا ئۇ سۈرەتنى سىلىيالايدۇ. بىراق، ھەرگىز سىلىماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇ سۈرەتكە تەگسىلا، بارلىق ئىشلار ئۇڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ تارقىلىپ يۈرسە بولىدىغان ھېكايە ئەمەس.

124 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ كەينىدىكى ئېرىق بويىدا جان قوزامنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغان قەدەم ئىزى بار. قەدەم ئىزلىرى بەكمۇ تونۇشلۇق. مەيلى باللار بولسۇن ياكى چوڭلار بولسۇن، ئېرىق بويىدىكى قەدەم ئىزىغا پۇتىنى قويسا، قەدەم ئىزى شۇ پۇتلارغا ئوخشاشلا ماس كېلىۋېرىدۇ. پۇتىنى تارتقاندا قەدەم ئىزلىرى ئۇ يەردىن ھېچقاچان ئادەم مېڭىپ باقمىغاندەكلا غايىب بولىدۇ.

بارلىق ئىزلار ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. ئۇنتۇلغىنى قەدەم ئىزى بولۇپلا قالماستىن، ئېرىق سۈيى ۋە سۇ ئاستىدىكى نەرسىلەر بولدى. پەقەت ھاۋالا ساقلىنىپ قالدى. ئۇنتۇپ كېتىلگەن، ئارقا كۆرۈنۈشى نائېنىق بىرىنىڭ نەپەسلىنىشى ئەمەس، بەلكى لەمپە ئاستىدىكى ئىللىق شامال ياكى باھاردا ئېرىپ تۆكۈلگەن مۇز پارچىلىرى قېلىپ قالدى. پەقەت ھاۋالا قېلىپ قالدى. ئەمدىلىكتە ھېچكىم بىر قېتىملىق سۈيۈش ئۈچۈن ئىككىنچىلەپ جاڭجال چىقارمايدۇ، ئەلۋەتتە.

جان قوزام.

بۇ كىتاب نەنخەي نەشرىيات شىركىتىنىڭ 2006 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي 4 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据海南出版公司2006年9月第1版，2013年6月第4次印刷本翻译出版。

# جان قوزام

ئاپتورى: تونى موررىسون (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار بارات ئۆزباش
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۇل كېرەم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: *شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى*
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.5
نەشرى: 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2016 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3001–6000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 17834 - 6
باھاسى: 40.00 يۈەن

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



جان قوزام

ISBN 978-7-228-17834-6

9 787228 178346

定价：40.00元